# ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش



شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى



بولمىسا شېخىڭدا بۇلبۇل سەرۋى قامەت مەنىسىز،
كۈلمىسە يېنىڭدا جانان. بەختۇ-ئامەت مەنىسىز.
زېھنۇ-كارىڭنى ئەگەر ئەل بەختىگە بەخش ئەتمىسەڭ،
ئۆز غېمىڭ ئۈستىدە قىلغان ئىستىقامەت مەنىسىز.

— ئا. مۇھەممەتئىمىن

# ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ماقالىلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەببۇللا تۇرسۇن ئۇيغار

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

**ئابدۇكېرىم رەھمان**
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، فولكلورشۇناس)

گۇمانىتار پەنلەر ئۇستازى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرى، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تەركىب تاپقان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم. خىزمەتداش بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى توغرىسىدىكى تەسىراتىم ناھايىتى چوڭقۇر. مەن ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2005 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە پىكىر بايان قىلىپ: «ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى مىللەتلەر ئىچىدە مەدەنىيەت تارىخى ئۇزۇن ھەم ئۇستۇن مىللەت ھېسابلىنىدۇ. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئۈچ قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرى بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىرىنچى قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرى قاراخانىيلار خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ نامايەندىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي؛ ئىككىنچى قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرى 15 — 16 - ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ نامايەندىسى نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي؛ ئۈچىنچى قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرى 20 - ئەسىردە شەكىل-

لەنگەن بولۇپ، زامانىۋىلىقنى روشەن ئالاھىدىلىك قىلغان بۇ دەۋر مەدەنىيىتىمىزنىڭ نامايەندىسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى» دېگەن ئىدىم. بۇ مېنىڭ كۆپ قىرلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ھەققىدىكى ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپ تونۇشۇم ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىگە بېغىشلانغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەرخىل ئىلىم ساھەلىرىگە چېتىلىدىغانلىقى، كۆپلىگەن تەتقىقاتچى ۋە ئىزدەنگۈچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى مېنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمنىڭ ئىلمىي ھەم ئوبيېكتىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى دەپ چۈشىنىمەن. 20 ـ ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ بىر يۈكسەك چوققا. ئۇنى قانچىلىك تەرىپلىسەك ۋە تەتقىق قىلساق ئەرزىيدۇ. مەن بۇ توپلامنى كۆرۈپ، بىزدە «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ بىر تەخىرسىز خىزمەت. مېنىڭچە، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىمىز خېلىلا كېچىكتى.

«ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»كە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ھەر خىل بولغىنىدەك، سەۋىيەسىمۇ پەرقلىق. بەزى ماقالىلەرنىڭ يېزىلىشى تەتقىقات ماقالىلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپكە ئۇيغۇن بولسىمۇ، بەزىلىرى بۇ تەلەپتىن خېلىلا يىراق. بۇ تەتقىقات سۈپىتىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يېزىش جەھەتتە تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشىمىز زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن بۇ توپلامنى تۈزگۈچى ماگىستىر ئاسپىرانت ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. زۆرۈر ئىلمىي خىزمەتلەر مۇشۇنداق پىداكار ئوغلانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا روياپقا چىقمىقى تەس.

2016 ـ يىلى، نورۇز

# مۇندەرىجە


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى.....
........................... ئازات سۇلتان 1
21 ـ ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپ............ يالقۇن روزى 15
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىزدىنىش يولى ۋە مۇۋەپپەقىيەت-
تى........... كۆرەش مەھمۇتجان، شېرىن قۇربان 80
ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش......... مىڭ چىبېي، لو لۇلۇ 116
ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ كارۋان بېشى ..........
............................. ئابدۇۋەلى ئەلى 189
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك
مەسىلىلەر................................ ئابدۇقادىر جالالىدىن 202
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە ئىز-
دىنىش.......................... ئوسمان ئىسمائىل تارىم 209
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى
تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى....... غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر 223
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ بەزى ئالا-
ھىدىلىكلىرى.......................... مەتتۇرسۇن ئېلى 233
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ..........
................................ يالقۇن روزى 250
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇيغۇرلاردا ئېستېتىكا قورۇلۇ-
شى........................ ئىقبال تۇرسۇن 268
فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ مەشئەلچىسى.... بەختىگۈل ئىمام 282

«رۇبائىيات» ــــ ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى.......................
......................................... نۇرمۇھەممەت ئېركى 301
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ پېشۋاسى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-
ئىمىن......................................... قەييۇم قۇربان 336
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىل تەتقىقاتى توغرىسىدا..........
......................... مۇھەممەدتۇرسۇن داۋۇت پاختەكلى 359
«شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» توغرى-
سىدا................................... خۇ يى، ئابدۇسالام ئابلىز 388
بولغاچ ئىلىم پەرۋانىسى، ئۆچمەس ئىجاد يادنامىسى..............
................................................. مەتتۇرسۇن ئېلى 401
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى تارىخ ۋە تارىخشۇناس-
لىق...................................... ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار 410
يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورىغا كىرىش ۋە ئابدۇشۇكۇر مۇ-
ھەممەتئىمىن ............................ ئوبۇل مۇھەممەتئېلى 423
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە «يىپەك
يولى ئىقتىساد بەلبېغى» ھەققىدە مۇھاكىمە..........................
............................................. ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن 451
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھەققىدە
ئىزدىنىش............................ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 467
قەلبىمدىكى ھەقىقىي ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن.........
................................................. مەتتۇرسۇن ئېلى 478
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپە-
قىيىتى..... ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە، بۇئايشەمگۈل ھاجى 494
ئۇيغۇر سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ مۇنەۋۋەر جارچىسى ............
................................................ مۇھەممەد چاۋار 510
«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»نىڭ تىل ۋە شەكىل گۈزەللىكى
ئۈستىدە ئىزدىنىش......................... مېھرىئاي تۇداخۇن 520

سەنئەت تەتقىقاتىمىزدىكى يول ئاچقۇچى..... ئاينۇرە ھېمىت 537
ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ روھىنى يادلاپ.......
.......................................... ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 549
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا بىر نەزەر.................
.......................................... ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار 560

قوشۇمچە:

ئۆمۈر تەلقىنلىرى............... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 575

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى

ئازات سۇلتان

**ئاپتور ھەققىدە:** ئازات سۇلتان پىروفېسسور، دوكتور يېتەك- چىسى، ئەدەبىياتشۇناس، قابىل رەھبەر. ئۇ 1950 - يىلى ئۈرۈم- چىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1982 - يىلى نەنكەي ئۇ- نىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئىلگىرى - كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەك- تەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچى، فاكۇلتېت مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر، شىنجاڭ پې- داگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇدىر بولغان. ھازىر ئاپتونوم رايون- لۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئازات سۇلتاننىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە»، «بۈگۈنكى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان) قا- تارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلەر ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىنىپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى 2016 - يىلى ئۇنىڭ 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى خەن- زۇچە كىتابىنى نەشر قىلغان. جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى 2016 - يىلى ئۇنىڭ 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسى-

دىكى خەنزۇچە كىتابىنى نەشر قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلى-
رىدىن: داڭلىق يازغۇچى مۇپاسساننىڭ «چىرايلىق دوست» رومانى
قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئالاقى-
دار نەچچە ئون پارچە ماقالە ـ ئوبزورلىرى بار. پىروفېسسور
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئون نەچچە يىل بىر فاكۇل-
تېتتا خىزمەتداش بولۇپ ئىشلىگەن ئازات سۇلتان ئەپەندىنىڭ بۇ
ماقالىسى 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈل-
گەن، «ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقى-
نى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

*　　　*　　　*

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، زامانىمىزنىڭ
تونۇلغان ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپات بولغىلى 10
يىل بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2003 ـ يىلى 12 ـ
ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئۆتكۈ-
زۈپ، بۇ مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىنى مەخسۇس
مۇھاكىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەرىپەت
ئوچىقى، ئىلىم ـ ئېرپان باغچىسى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىق توينى كۈتۈۋېلىش ھارپىسى-
دا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرى، مائارىپ-
چىلار، مۇتەخەسسىسلەر بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىدا تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىققان بۇ مەرىپەت باغۇ-
نىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ھەققىدە كەڭ ـ
كۇشادە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما ناھايىتى ئەھمىيەتلىك
ھاياتىغا يۇقىرى باھا بېرىشتى. مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە قا-
رىتا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئالىمنىڭ ئىجادىيەت روھى ۋە
ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىش، قانداق ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدى-
كى كۆزقاراشلارنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. بارلىق يىغىن ئەھلى،

بولۇپمۇ ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قەدىردان ئۇستازىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئەتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئىلمىي پائالىيەتتە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن كەيپىيات ۋە ھېسسىيات شەك ـ شۈبھىسىزكى، خەلقىمىزنىڭ بۇگۈنكى رايىنى ئەكس ئەتتۈردى. چۈنكى ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ كىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، نېمىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى تەدرىجىي ھېس قىلماقتا ئىدى. دېمەك، بىز ئويلىنىش ئىچىدە مۆھتەرەم ئۇستازىمىزنى چوڭقۇر سېغىنماقتىمىز.

ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. مەيلى ئۇ ئۆمۈر چولپىنى بولۇپ، باشقىلاردىن ئۇزۇنراق ياشىسۇن، بەرىبىر يەنىلا ئۆلىدۇ. ئۆلۈمنىڭ ھايات كىشىلەرنىڭ قىممەت تارازىسىدىكى سالمىقى ئەسلا ئوخشاشمايدۇ. بەزىلەر ئۆلۈپ لەھەتكە كىرە ـ كىرمەيلا تىرىكلەرنىڭ ئارىسىدا نامى ـ نىشانى ئۆچۈپ تۈگەيدۇ. بەزىلەرنىڭ جىسمى كېپەنلىنىپ كەتسىمۇ، ھەتتا جىسمى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نام ـ يۇلتۇزى ئۆچمەيدۇ، ئىز ـ تەسىرى يىتمەيدۇ، تۆھپە ـ ئەمگىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ. بۇنداق ئۆلۈملەرگە ھازىدارلار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلارلا ئەمەس، پۈتكۈل جامائەت، پۈتۈن ئەل زار ـ زار يىغلايدۇ. خۇددى پارسلارنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇرەھمان جامى:

يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان،
ھەممە كۈلگەنىدى، سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

دەپ تەسۋىرلىگەن شېئىرىي مەنزىرە رېئاللىقتا زاھىر بولىدۇ. ئا-

لىم ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى سىما چيەننىڭ: «ئادەم بەربىر ئۆلىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تې-غىدىنمۇ قەدىرلىك، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىت پېيىدىنمۇ قە-دىرسىز بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈمى بىزنىڭ يادىمىزدىن يەنە بىر قېتىم كەچتى. شۇنداق، دەرھەقىقەت، بەزىلەر ئۆلىدۇ — توگەي-دۇ، بەزىلەر ئۆلىدۇ — مەڭگۈ ياشايدۇ.

بىزگە مەلۇم، توغرا باھا ۋە ئادىل ھۆكۈم ئەمەلىيەتنىڭ سى-ناقلىرىنى شەرت قىلىدۇ. بېتەرلىك تارىخىي مەزگىل دولغ-لاتقىلارنى ئۆز ئۇيقىسىدا تىنىدۇرۇپ، نۇرانە سىيمالارنى روشەن-لىككە ئىگە قىلىدۇ. قىيقاس - چۇقان بىلەن بىر مەھەل شەھەر ئالغان زامان مەككارلىرى بىلەن زامان زوراۋانلىرىنىڭ ئىزىنىقۇ سۇ-پەت ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلىرى تامام پارغا ئايلىنىپ، ئەبەدىيلىككە ئىگە ماھىيەتلىك چىنلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان سوكۇتلۇك چىرايلار تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئالىم ۋاپاتىدىن كېيىنكى بۇ ئاي، بۇ يىللار بىزنى مانا شۇنداق چۆكتۈرمە جەريانى بىلەن تەمىنلىدى.

ئالىم ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-تېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى «غايە - ئىزدىنىش - مۇۋەپپەقىيەت» سەرلەۋھىسىدە بىر پارچە ماقالە يېزىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان-دى. ئۇنىڭدا ئالىمنىڭ بىر قاتار ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى، ما-ئارىپ، ئىلمىي تەتقىقات، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ساھە-لىرىدىكى چېلىقارلىق ھەم بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت-لىرى، بولۇپمۇ ئالىمنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى ئۆزگىچىلىك-لىرى، ئىلىم ساھەسىدىكى ئورنى، كېيىنكىلەرگە ۋە ئەتراپتى-كىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلار مۇھاكىمىلىق بايان قى-لىنغانىدى. بۇ ماقالە كەڭ جامائەتنىڭ ئالىمنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

مەزكۇر ماقالىدە ئالدى بىلەن تونۇشتۇرۇلغاندەك، مۇئەللىم-

لەرنىڭ (شاگىرتلارنىڭ) كۆڭۈل تۆرىدىكى بۇ پىشقەدەم ئۇستار ئوقۇش تارىخى يۇقىرى، بىلىم ئاساسى پۇختا، ئۆز تىلىدىن باشقا خەنزۇچە، رۇسچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان (خەنزۇچىنى قەدىمىي تىلغىچە پىششىق بىلىدۇ. ئۇنىڭ خەنزۇچە يازغان پاساھەتلىك شېئىرلىرى بار)، قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، پارس تىلى قاتارلىقلاردىمۇ بەلگىلىك مەلۇماتقا ۋە پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. نۇرغۇن يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلغان، ئىلمىي تەتقىقاتتىكى زور نەتىجىلىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇتۇشنى ئۇتۇقلۇق تەشكىللىگەن «يېتىلگەن مائارىپچى»، «تۆھپىكار باغۋەن» ئىدى. بولۇپمۇ ئالىي مائارىپتا ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى - يېڭى تەلەپلەرنى ئاللىبۇرۇن تەلتۆكۈس هازىرلىغان نەمۇنىلىك مۇئەللىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپنىڭ ئىزباسار مۇئەللىملىرى، بولۇپمۇ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردىكى بىر تۈركۈم ئۇستازلار بىلەن خىزمەتداش بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان، سۆيۈنىدىغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش مۇئەللىملىرى ئۇستازنى سېغىنىشنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭدەك ئىشلەشتە ۋە ياشاشتا مەركەزلىك ئىپادىلىشى كېرەك. چۈنكى 80 يىللىق شەۋكەتلىك تارىخقا ئىگە بۇ ئىلىم باغچىسى ئۆز گۈللىنىشىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك باغۋەنلەرنىڭ بولۇشىغا موھتاج. بۇ مۆھتەرەم ئۇستازىمىزمۇ ئۆزى ئىخلاس قىلىپ ئېگىز كۆتۈرگەن ۋە نۇرلاندۇرغان مەرىپەت مەشئىلىنىڭ يەنە ئۇزۇنغىچە ئىزباسارسىز قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ماقالىسىدە ئۆز شاگىرتلىرىغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

«مەن تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن كۆرە تىرىك مىللەتكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى، مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە خىمىيەلىك ئانالىزلارغىلا ئەمەس، بولۇپمۇ رېئال تۇرمۇشقا

قىزغىن خەيرخاھلىق قىلىشىنى، يازغۇچى، شائىر، ئەنزارچىلى-
رىمىزنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى چاتمىسىغا يوشۇرۇنغان
ئەسىر- ئەسىرلىك چىنلىق قاتلىمىغا چۆكۈشىنى، زېمىن باغرى-
دىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى،
بېيىمۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولىغا كىرگۈزگىنى پاخال، قولدىن
بېرىپ قويغىنى جاۋاھىرات بولۇپ قالماسلىقنى پايدا - زىيان
مىزانى قىلىشلىرىنى؛ ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئاشلىق،
پولات ۋە نېفىت مەھسۇلاتى ھەققىدە باش قاتۇرۇش بىلەن بىللە
مىللەتنىڭ ئۇرۇقى، سۆڭەك، قوۋۇرغىسى، قەلبى ۋە قېنى ئۈس-
تىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى؛ ئىللەت پاتقىقىغا چۈشۈپ
قالغان ياش نوتا ۋە گۇل - گىياھلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ،
مىللەت كېلەچىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇ-
رۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»، «ئۆزى ئويغانماي تۇرۇپ، خەلقنى سۆ-
يىمەن دېمەكلىك بىر قۇرۇق داۋراڭ، خالاس!» مانا بۇلار كۆپنى
كۆرگەن، كۆرگىنىدىنمۇ كۆپرەكنى ئويلىيالايدىغان بۇ مۇتەپەك-
كۇرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ھەممە ئەزا-
لىرىغا تەڭ كېلىۋاتقان پۇرسەت ۋە خىرىسقا باتۇرلارچە يۈزلى-
نىپ، ئۆز ئىقبالىنى تېپىشىغا تىلەكداشلىق قىلىپ ئېيتقان
كۆڭۈل ئىزھارىدۇر. ئالىمنىڭ بۇ سەمىمىي تىلەكلىرىنى قايتا
ئەسلەش — نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ياش قۇرامىغا
يەتمىگەنلەرنى ئەخلاقىي، مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەشكە كۆڭۈل
بۆلۈش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئى-
گە، ئەلۋەتتە.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىر ئۆمۈر مۇئەللىم بولغان-
لىقى ھەممىگە ئايان. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ مۇئەللىملىك سوپەت.
ساپاسى ھەققىدە سەل تەپسىلىيرەك توختالدۇق. تۆۋەندە بىز ئۇ-
نىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئالدى

بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن يەنى شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشلان-
غان بولۇپ، 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 1950 ـ يىللارنىڭ بې-
شىدا ئۆزىنىڭ ياشلىق تەلپۈنۈشلىرىنى، ھۆرلۈك، ئازادلىققا تەش-
نا قەلبىنى شېئىرىي مىسرالىرىدا ئىزھار قىلغانىدى. 1956 ـ
يىلى مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ
ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»[1] ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 23
ياشلىق بۇ ئىلىم ساھىبىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە تاشلى-
غان تۇنجى قەدىمى، مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى تۇنجى مې-
ۋىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھازەل
40 يىللىق ئىلمىي ھاياتىدا ئالدى ـ كەينى بولۇپ، «شىنجاڭنىڭ
تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك
مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»،
«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قاتلاملىق ئېستېتى-
كا»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنى-
سى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «يې-
پەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيى-
تى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئائىلە»، «سەۋدالىق تەئەج-
جۇپنامىسى»، «چۇغلۇق»، «رۇبائىيات»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى»،
«ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى
يورۇقلۇققا چىقاردى. 150 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى مەم-
لىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئۇي-
غۇر، خەنزۇ، ياپون، ئىنگلىز ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا ئېلان قىلىن-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە
مەخسۇس ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىشنى، ئېلان قىلىنىشنى كۈتۈپ
تۇرماقتا. بىرمۇنچە قول يازمىلىرى ئارگىنال ھالەتتە ئۆيىدە
ساقلانماقتا. ئۇنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت، تونۇشتۇرۇش
خاراكتېرلىك 44 پارچە ماقالىسى ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللار-
دا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، نەشر قىلىنغان، ئېلان قىلىنغان تەر-

جىمە ئەسەرلىرىمۇ، ئەدەبىي تەرجىمىلىرىمۇ، ئىلمىي ئەسەر ۋە ماقالىلەرنىڭ تەرجىمىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-ئىمىن يەنە قەلىمى پىشقان ئەدىب بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھەرخىل ژانىردا نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇلار توقـقۇز پارچە شېئىر ۋە غەزەللەر توپلىمى، ئىككى پارچە نەسرلەر توپلىمى، ئىككى پارچە كىنو سىنارىيەسى، ئىككى پارچە ئەسلىمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىندى، يەنە بىر قىسمى قول يازما ھالەتتە ساقلانماقتا. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، رەڭدار، نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىدۇ. نۇرغۇن ساھەلەرگە تۇتىشىدۇ. ئەستايىدىل كۆزەتسەك بۇ ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ بىر نۇقتىنى مەركەز قىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىلمىي ماقالىسىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى ئاساسلىق مەقسەتلىك ھالدا تەتقىقاتنىڭ مانا مۇشۇ چوڭ تېمىسىغا بېغىشلىغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم، پەلسەپە، ئېستېتىكا قاتارلىق پەنلەردىكى نەتىجىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقات ئاساسىنى، تەجرىبىلىرىنى، جۇغلانمىسىنى، تەتقىقات ئۇسۇلىنى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئىشلىتىپ كىرگەن. ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملىرىدىكى تارىخ، تىل ــ ئەدەبىيات، سەنئەت، فولكلور، دىن، ئېتىقاد، ئارخېئولوگىيە، ئېكولوگىيە قاتارلىق كۆپ خىل تەركىبلىرىنى باشتىن ــ ئاياغ ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش ھەم ئۇسۇل بىلەن كۆزدىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، ئۇ قولىغا ئالغان ھەربىر كونكرېت تەتقىقات تېمىسىنى تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېپ-

سىشكەن نۇقتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلغان. تەتقىقاتىنىڭ ئاددىي، تۈز، يۈزە بولۇشىدىن ساقلىنىپ، چوڭقۇرلۇقنى، ئىلمىيلىكنى، چىنلىقنى كۆزلىگەن. شۇنداق بول-غانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ سۈپەت - ساپاسى، يەتكەن سەۋىيەسى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى زامانداشلىرى-نىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى-رىنىڭ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ سۈپەت - ساپاسى، قىممىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مەخسۇس توختىلىش زۆرۈر، دەپ قارايمىز (بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپىيىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىمىز).

يۇقىرىدا بىز ئالىمنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ساناپ ئۆت-تۇق. بۇ سان - مىقدارلار كۆپلۈكى بىلەن بىزنىڭ قايىللىقىمىز-نى، ھۆرمىتىمىزنى قوزغىشى تەبىئىي. چۈنكى ئاكادېمىيەلەرنىڭ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس تەتقىقاتچى خادىملىرى ئۈچۈن، ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلار (قەلەم ئىگى-لىرى) ئۈچۈن، تەرجىمان ۋە ئەدىبلەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، پۈتۈن ئۆمرىنى، بارلىق ئەقىل - پاراسەت، زېھىن كۈچىنى بېغىشلاپمۇ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان ياكى خېلى تەستە ئورۇنلايدىغان بۇ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ھەق دا-ئىمىغا يەتكۈزۈپ كەلگەن بىر مۇئەللىم قولىغا كەلتۈرگەن تۇرسا، بىز ئۇنىڭغا قايىل بولمايمىزمۇ؟ بىز ئۇنىڭ غايە يولىدا ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئىزدىنىدىغان، تىرىشىدىغان قەيسەرلىكىگە، بىلىمگە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدىغان پىداكارلىقىغا، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئىشچانلىقىغا ھۆرمەت ئەيلىمەيمىزمۇ؟

نۇرغۇن رىيازەت چەككەن بۇ ئالىم ۋەتەن ئاسمىنىنى بىر مە-ھەل قاپلىغان قارا بۇلۇتلار قوغلىنىپ، ئىلىم - پەننىڭ باھارى يېتىپ كەلگەن قىممەتلىك چاغلارنى تۈتىيا بىلىپ ئىشلىدى. ئۇ-نىڭ قەلىمى بىرەر كۈنمۇ، ھەتتا ئاغرىق چاغلىرىدىمۇ توختاپ

قالغىنى يوق. بالىنىستىتا ياتقان چاغلىرىدا، ھەتتا ئوپېراتسىيەدىن
چىقىپ ناركوزنىڭ كۈچى كېتەر ـ كەتمەيلا ئىشلەشنى باشلىۋەت-
كەنلىرى دوختۇرلانى خاپا قىلغان ۋە تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئىشلەش ۋە ئىجادىيەت ھۇزۇر، دەم ئېلىش ئىدى. باش-
قىلاردەك ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ دەم ئالىدىغان ئىش ئۇنىڭدا يوق
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ نۇرغۇن چاي، بەزمىلەرگە، توي ـ تۆ-
كۈن، زىياپەتلەرگە بارالمايتتى. ئامالسىزلىقتىن بارسىمۇ بىر
كۈنلۈك ئىشىنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ، ئېچى-
لىپ ئولتۇرالمايتتى. دوست ـ ئاغىنە، خىزمەتداش، ئەل ـ جاما-
ئەتنى كۆپ يوقلىيالمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ «ئادەمگەر-
چىلىكى»نىڭ سۈسلىقىدىن رەنجىگەن، بۇنى قوبۇل قىلالمىغان
بۇرادەرلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئالىمنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىش قىلغان-
لىقىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنسە باشقىچە تەسىراتقا كېلىدىغان-
لىقى چوقۇم. بىزدە ئىش ئۈستىدە قازا قىلىدىغانلار يوق ئەمەس.
لېكىن ئالىمغا ئوخشاش يېزىۋېتىپ، ئىشلەۋېتىپ، قولىدا قەلەم
تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلار ئاز ئۇچرىسا كېرەك. بىر ئو-
قۇتقۇچى ئۈچۈن، بىر تەتقىقاتچى ئۈچۈن ئۆز ئىشىغا مۇشۇ دەرى-
جىدە بېرىلگەننى قەھرىمانلىق، پىداكارلىق، دەپ سۈپەتلىسەك
ئاشۇرۇۋەتكەن بولماسمىز؟
1996 ـ يىلى يېزىلغان «غايە ـ ئىزدىنىش ـ مۇۋەپپەقىيەت»
ناملىق ماقالە ئالىمنىڭ ئىزدىنىش، تەتقىقات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلى-
رىنى خېلى تولۇق تونۇشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى-
نىڭ بەزىلىرىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ،
ئۆز ساھەسىدىكى بەلگىلىك بوشلۇقلارنى تولدۇرغانلىقىنى، نۇر-
غۇن يېشىلمىگەن تۈگۈنلەرنى يېشىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، شۇ سا-
ھەلەردىكى تەتقىقاتنى بىر بالداق كۆتۈرگەنلىكىنى مۇھاكىمىلىق
بايان قىلغانىدى. بىز بۇلارنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. لې-
كىن ئالىمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان بەزى

مۇھىم ئەسەرلىرى، ماقالىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتـ
مەكچىمىز.
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىـ
رىدىن باشلاپ «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـــ مىللەتنى گۈللەندۈ-
رۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك
خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىسـ
تىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىـ
دۇ»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر
چوڭ ئىللەت»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «ئارىفنامە» قاـ
تارلىق بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئارقا ـ
ئارقىدىن ئېلان قىلدى. بۇ خىل ماقالىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى
ئالىمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ رېئال، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تېخىمۇ
كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
1992 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۇرۇمچىدە خەلقئارالىق يەرمەنكىـ
سىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، ياۋروپا ـ ئاسىيا تۆمۈر يولىنىڭ پۈتـ
كەنلىكى قاتارلىق خەلقئارادىكى ۋە ئېلىمىزدىكى چوڭ ئىشلار ئاـ
لىمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، يېڭى قاراش، يېڭى پىكىر-
لىرىنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ تەپەككۇرى جاھان مەدەنىيەت تارىخىدىكى
شانلىق نامايەندە ـــ يىپەك يولىنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنىگە مەركەز-
لەشتى، ئۇ ئەجدادلاردىن قالغان ھېكمەتلەر ئىچىگە شۇڭغۇدى.
يېڭى تاڭدىن دېرەك بېرىۋاتقان پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەر ئالىمـ
گە پەرۋاز قىلدى.
«ھەئە، شۇنداق! نەچچە ئەسىر ‹ئەسھابۇلكەھف›دەك ئۇخلىغان
‹يىپەك يولى› روھى ئويغاندى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ياۋروپاـ
ئاسىيا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلغان ‹يىپەك يولى› سۇمۇرغى قايتا
قانات قاقتى. تارىخ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئېراسىغا قەدەم قويدى!»
دەپ يازىدۇ. ئالىم شادلىقتىن تەنتەنە قىلىپ، «جۇڭگونىڭ ئىـ
شىكىنى سىرتقا چوڭ ئېچىۋېتىش، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن
بولغان ئالاقىنى تەخىرسىز يولغا قويۇش سىياسىتىگە ئۇل سالغان

هازىرقى زامان ئېنگى شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولى
ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇز قاتلىمىنى ئېرىتمۇەتتى.
زامانىۋى تاشيول، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىككىنچى تۆمۈر يولىنىڭ پا-
ئالىيەتكە كىرىشى، هاۋا قاتنىشى كېلىشىملىرى بىلەن تېلېگراف
ئالاقىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىشى، قوم بارخانلىرى ئىچىگە غەرق
بولغان قەدىمكى يىپەك يولى خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى يىپەك
يولىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى! ئالەم زۆرۈرىيەت-
لىرى شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تارىخىي
يۈزلىنىشنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس!»[1] ئىنسانىيەت مەدەنى-
يىتىنىڭ سۈمۈرغ كەبى قانات قاققانلىقىدىن شادلانغان ئالىم
ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ هاياتىدا، تۇر-
مۇشىدا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار پۇرسەتلەرنى، رىقابەتلەر-
نى، ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن كۆرىدۇ. مىللەتتە يېڭى باشلىنىۋاتقان
ئېراغا كىرىشتىكى روهىي تەييارلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر
هېس قىلىدۇ. خەلقىمىز ئۆز تارىخىدا ياراتقان پارلاق مەدەنىيىتى-
نى بىلىشى كېرەك، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىمىز لازىم، دەپ قا-
رايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تىندۇرمىسى-
دا، جۇغلانمىسىدا «مايقۇرتتەك» لۆمۈلدەپ يۈرگەن ئىللەتلەرنىمۇ
كۆرۈشى، تونۇشى ۋە ئۇنى تازىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ.
«قەدىرلىك قېرىندىشىم! بىز ‹يىپەك يولىدىكى تۇققۇز هېك-
مەت› بىلەن ‹يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت›نى بىرلەشتۇ-
رۇپ، ئالدىنقىسىنىڭ ئىپتىخارى ئىلهامىدا كېيىنكىسىنىڭ نو-
مۇس ئىللىتىنى سۆكۈشىمىز، تازىلىشىمىز لازىم، هەقىقىي ‹ئا-
رىفلىق، (ئويغاقلىق) هەقىقىي ‹ئاشىقلىق، (كۆيگەنلىك)تۇر!»[2]
هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! سىز كۈچلۈك مۇهەببەتتىن تۇغۇلغان
ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە ئەندىكىش هېسسىياتىغا چۆمگەن بۇ
ئەسەرلەرنى ئوقۇغانمۇ؟ ئەگەر ئوقۇمىغان بولسىڭىز ئوقۇڭ. ئو-
قۇغان بولسىڭىز قايتا ئوقۇڭ. چۈنكى بۇلار ئالىمنىڭ مۇتەپەك-
كۇرانە تەپەككۇرلىرىنىڭ جەۋهەرلىرى، خەلقىگە بولغان مۇهەب-

بەتلىك كۆڭلىنىڭ سەممىمي ئىزھارىدۇر. بۇلارنى ئانچىكىم بىر پارچە ماقالىغۇ، دەپلا تاشلاپ قويساق بولمايدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەربىر قۇر، ھەربىر سۆز ۋە جۈملىسىگە يوشۇرۇنغان مەنىنى، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە كېلەچىكىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. بىز ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزغا زەن سېلىپ باقايلى، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئا- لىم قىياس قىلغان ئىشلارغا دۇچ كېلىۋاتىمىزغۇ! كۆچلۈك رىقا- بەت ۋە رەھىمسىز شاللاش بىزگە يېڭىلىق ئەمەس بولۇپ قالدى. ئالىم 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا مىللەتكە ھەر جەھەتتىن ئېتىبار قىلىش ياخشى سىياسەت. بىراق بىز ئېتىبارغا يۆلىنى- ۋالساق ئىشىمىز چاتاق، ھورۇنلىشىپ كېتىمىز، شاللىنىپ كې- تىمىز، مىللەتنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، دېگەنىدى. ئەندى- كىش بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئەينى چاغدا قۇلاقتا خۇشياق- مىغانىدى. مۇشۇنداق ۋە باشقا ئالدىن كۆرەر پىكىرلىرى تۈپەيلى- دىن ئۇنى يەكلىگەن چاغلىرىمىزمۇ بولغانىدى. مانا ھازىر ئالىمي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئېتىبار قىلىش سىيا- ستى يىلسېرى تەڭشىلىۋاتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى بىزگە پۇرسەت- نىمۇ، خىرىسنىمۇ تەڭلا ئېلىپ كەلدى، مىللەتنىڭ ساپاسى ھەق- قىدە جىددىي ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالدۇق. مانا مۇشۇ تاپتا بىز ئالىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر سېغىنماقتىمىز. ئۇنىڭ- دىن سورايدىغان سوئاللىرىمىز، مەسلىھەتلىرىمىز بار ئىدى. ئېھ، قەدىرلىك ئۇستاز! سىزنىڭ قەدرىڭىز خېلى ئۆتۈلمىدىغان ئوخشاي- دۇ.

ئالىم ۋاپات بولغىلى 10 يىل بولاي دەپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى مۇشۇ 10 يىلدىن بېرى تەدرى- جىي تونۇدى، بارغانسېرى چۈشەندى. ئۇنى ئىلگىرىمۇ تونۇيدى- غانلار تېخىمۇ چوڭقۇرراق ۋە تېخىمۇ دورۇسراق تونۇدى. بىز تو- نۇغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيت-

قاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئالىم. زامانىمىزدا ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلەلىگەن ئۇيغۇر ئالىمى. بىراق ئۇ ئەۋلىيا ئەمەس، يەنىلا بىر ئىنسان. ئىنسانغا خاس روھ ۋە پەزىلەتلەرگە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانغا خاس چەكلىمىلىك ۋە سەۋەنلىكلىرى بار ئاددىي بىر ئىنسان. بىز بۇ 10 يىلدا ئىنساننى ئىنسانىي تارازىغا سېلىپ باھالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، بىزدىكى ئىجادكارلانىڭ قىممىتى بىلەن قىسمىتىنىڭ ئوڭ تاناسىپ بولالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۇق. خەلقىمىزنىڭ ئىلىم مەيدانىدىكى بۇ تالانتلىق ۋە ھارماس باتۇرىنى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەنلىكىدۇر. دېمەك، خەلقىمىزدە ئۆز باتۇرلىرىنى تونۇيالىغۇدەك يۈرەك بار. كۆرەلىگۇدەك ئەقىل كۆزى بار.

بۇ 10 يىلدا مەرھۇمنىڭ ئارگىنال ھالەتتە قالغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. بۇنى ئەلۋەتتە ھۆكۈمىتىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتلىرىدىن، مەرھۇمنىڭ سەپداش، شاگىرتلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە ئوخشاش تۆھپىكارلارغا موھتاج. يەنە شۇنىڭدەك ۋارىسلىق قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان سەپداش، شاگىرتلارغا ھەم بېغىشلاش روھىغا ئىگە پىداكارلارغىمۇ موھتاج.

**مەنبە ۋە ئىزاھات:**

① بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ، 1956 - يىللىق ئۇيغۇرچە 3 - سانىدا، خەنزۇچە 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدىكى تۇققۇز ھېكمەت» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

# 20 ـ ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپ

**يالقۇن روزى**

**ئاپتور ھەققىدە:** يالقۇن روزى 1966 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما»، «مەمتىلى ئەپەندى»، «مەن نېمىشقا ئوبزور يازدىمەن»، «لاي قەلئەنىڭ سىرى»، «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى» قاتارلىق كىتابلىرى، «بەخت ئىلكىڭىزدە»، «ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئىلمىيسىزلىك»، «بىزگە قانداق ئوقۇتقۇچى كېرەك» ناملىق ئاۋازلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

يالقۇن روزى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان ھەم ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئالىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋارىسلىق قىلغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قازا قىلغاندا، ئۇ «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى» ناملىق ئۆتكۈر ماقالىسىنى يازغان؛ ئالىم ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاتاپ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى يازغان؛ بۇ قېتىم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى مۇ-

ناسىۋنتى بىلەن «20 ـ ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپ» ناملىق ئىدىيەۋى تەرجىمال ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

*　　　*　　　*

پەلسەپە — چېتىلىش دائىرىسى كەڭ ئىلىم، ئۇنى ئۆگىنىش ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭى تۇسكە كىرگۈزىدۇ. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر پەلسەپە ئۆگىنىشكە قىزىقسىمۇ، ئەمما قىزىقىش ئىدىيەۋى مەنزىلدىن تولىمۇ يىراق ھالەت. شۇڭا، قىزىقىش بىلەنلا پەيلاسوپ بولغىلى بولمايدۇ.

ھەقىقىي مەنىدىكى پەيلاسوپ بولۇش تولىمۇ مۇشكۇل. پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەت ئۈستىدە تەۋرەنمەي ئىزدىنىدىغان جاسارەت ۋە ماھىيەتنى كۆرەلەيدىغان پاراسەت بولۇش، شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە ۋە پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇش، بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ ھەم ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇش، مۇلاھىزە كۈچى كۈچلۈك ھەم لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش قابىلىيىتى ئۈستۈن بولۇش شەرت. پەيلاسوپلۇق گەپدانلىق ئەمەس، پەيلاسوپلۇق جۆيلۈمچىلىك ئەمەس، پەيلاسوپلۇق قۇرۇق نوپۇز ئەمەس! پەيلاسوپلۇق ھەقىقەتكە بولغان تەشنالىق ئاساسىدىكى ئىدراكىي يۈكسەكلىك. شۇڭا، ئامېرىكىلىق مورتىمېر ئادلېر «ھەقىقىي پەيلاسوپ كەم تېپىلىدىغان گۆھەر» دەيدۇ. تەلىيىمىزگە، دەل مۇشۇنداق كەم تېپىلىدىغان گۆھەردىن بىرى خەلقىمىزگە نېسىپ بولدى. ئۇ بولسىمۇ 20 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىردىنبىر پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندۇر.

2015 ـ يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتىغا 20 يىل بولدى. بۇ 20 يىل مابەينىدە خەلقىمىزنىڭ بۇ مۇتەپەككۇر ئۇستاز ھەققىدىكى تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، سېغىنىشى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىمۇ

بارغانسېرى ئاشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش، قېتىرقى- نىپ ئوقۇش، قاراشلىرىنى نەقىل ئېلىش، ھېكمەتلىك سۆزلىرد- نى ئىستېمال قىلىش، ئۇنى خاتىرىلەش مەقسىتىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش يىلسېرى كۆپەيدى. قارىماققا خەلقى- مىز بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمىنىڭ قەدرىگە بارا - بارا يېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھاياتىدا كۆپ زەربىلەرنى يېگەن، ئېتىبارسىز مۇئامىلى- گە ئۇچرىغان، چەتكە قېقىلغان، يېتىم قالدۇرۇلغان بىر ئالىمنىڭ بۇگۈنكىدەك قەدىرلىنىشىنى ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان بىر ئىجابىي خىسلەت، ئۆزلۈكنى تونۇش يولىدىكى بىر يۈكسىلىش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بىز بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلىرىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىشتە يەنىلا يېتەرسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز. شۇ مەنىدىن، ئۇنى تەرىپلىگەندە، ئۇنىڭ پەيلاسوپلۇقتىن ئىبارەت خاس ئالاھى- دىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتىمىز. ئەلۋەتتە، ئۇ ھايات چې- غىدا، ئاجايىپ مول نەتىجە - ئۇتۇقلىرى بىلەن زاماندىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ھۆرمەت، ھەۋەس ۋە ئالقىشقا خېلىلا سازاۋەر بولغان. بىراق، ئۇنىڭ مول تالانتىنى ۋە ئۇ ياراتقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي پەللىلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش جەھەتتە تېخىچە يۇ- زەكىيلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىمىز. مەسىلەن، مەن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردا كىمنىڭ تۇنجى بولۇپ رومان يازغانلىقى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلىق سۆھبەتلىرىنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئەمما، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن روياپقا چىقارغان تۇنجى ئىل- مىي ۋە ئەدەبىي كىتابلار ھەققىدىكى سۆھبەتلەرنى ئاڭلاپ باقمى- دىم. ئەمەلىيەتتە، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە مۇنداق تۇنجى 10 تۈرلۈك ئەمگەكنىڭ ساھىبى.

1. ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى توغرىسىدىكى تۈنجى كىتابنىڭ ئاپتورى.

2. مۇقام ھەققىدىكى تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.

3. فارابى ھەققىدىكى تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.

4. ئېستېتىكا ھەققىدىكى تۈنجى كىتابنىڭ ئاپتورى.

5. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق تۈنجى پەلسەپىۋى نەسر توپلىمىنىڭ ئاپتورى.

6. تۈنجى رۇبائىي توپلىمىنىڭ ئاپتورى.

7. «ئائىلە» ناملىق تۈنجى ئېتىكا كىتابىنىڭ ئاپتورى.

8. مىڭئۆي سەنئىتى بىر پۈتۈن تەتقىق قىلىنغان تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.

9. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىر پۈتۈن تەتقىق قىلىنغان تۈنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى.

10. قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى تۈنجى كىتابنىڭ ئاپتورى[1].

مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىر - بىرىدىن قىممەتلىك بۇ 10 تۈرلۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان پەللە باشقىلار تەرد-

① ئالىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى ھەققىدىمۇ تۈنجى بولۇپ كىتاب يازغانىدى. بۇ تەتقىقات كىتابىنىڭ نامى «شىنجاڭدا 1944 — 1949 - يىللاردا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب» بولۇپ، بۇ كىتابنى ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ۋە ئارخىپلارنى تەتقىق قىلىپ 22 —23 ياشلىرىدا يېزىپ چىققان. كىتابتا تەبىئىي ھالدا 1950 - يىللاردىكى سىياسىي مۇھىتنىڭ تەسىرى گەۋدىلىك بولسىمۇ، 1957 - يىلى باشلانغان سولچىللىق سەۋەبىدىن بۇ كىتاب نەشر قىلىنماي، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن «قارا ساندۇق»قا سولىۋېتىلگەن. 1978 - يىلى ئالىمنىڭ «ئوكچى» قالپىقى ئېلىنغاندا ئاندىن قولىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن. 1980 - يىللاردا بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلغان بولسىمۇ، تەلەپچان ئالىم 1960 - يىللارنىڭ بېشىدا يازغان بىرنەچچە تارىخىي درامىسىنى نەشر قىلىشنى خالىمىغانغا ئوخشاش، بۇ كىتابنى نەشرىياتلارغا سۇنماي ساقلاپ قويغان. بۇ كىتاب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى ھەققىدىكى تۈنجى تەتقىقات بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا قىممەتلىك.

پىدىن ھازىرغىچە يېزىلىنغىنى، ھېچبولمىغاندا سەۋىيە جەھەتتىن
يېقىنلاشقىنى يوق. بىز ئالىمنىڭ بۇ ئۇتۇقلىرىنى يەنىلا مۇشۇ
ساھە ۋە مۇشۇ ژانىرلار بويىچە يۇقىرى ئىلمىي ۋە بەدىئىي «رې-
كورت» ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئېيتالايمىز. ئەمما، بىز پات ـ
پات گېپىنى قىلىدىغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى تۇنجى
رومانىنى كېيىنكى رومان يازغۇچىلار كۆپ جەھەتتىن يېزىلىۋەت-
تى، بۇ ھەممىگە ئايان!

دېمەك، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە
ئالاھىدە ھېسسىيات بىلەن قەدىرلەش جەھەتتە بىز يەنىلا يۇزە دەپ
ئېيتىشقا بولىدۇ.

مەن زىيالىيلىرىمىز ئىچىدە گۇمانىتار پەنلەر ئۇستازى، دەپ
تەرىپلەشكە مۇناسىپ كېلىدىغان بۇ كۆپ قىرلىق ئالىمنىڭ ۋاپا-
تىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەندە، ئۇنىڭ
قىسمەتكە باي ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىنى ۋە مۇشۇ مول
كەچۈرمىشلەرگە ئىگە ھايات مۇساپىسىدە ئىپادىلىگەن پەيلاسوپقا
خاس ساپاسىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلدىم.

باشتا تىلغا ئالغىنىمدەك، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەن-
دى 20 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىردىنبىر پەيلاسوپ. بۇ
ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئېيتىلغان ھۆكۈم ئەمەس. 20 ـ ئەسىر تا-
رىخىمىزدا پەقەت ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭلا خاس پەلسەپە
ئەسەرلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئەدەبىي ئەسەرلىرى بار. مەسىلەن، خاس
پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»،
«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق
ئېستېتىكا»، «ئائىلە» ناملىق بەش پارچە كىتابى؛ پەلسەپىۋى ئە-
دەبىي ئەسەرلىرىدىن «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، «رۇبائىيات»،
«ئارىفنامە» ناملىق ئۈچ پارچە كىتابى ۋە «فارابى پەلسەپە سىستې-
مىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «كوماراجىۋانىڭ پەلسەپە ئىدىيە-

سى»، «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى»، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تېزىسلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك،نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيەسى»، «كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆت زات قارىشى»، «قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىق قاراشلىرى»، «قاتلام نەزەرىيەسى ۋە ئۇنىڭ مېتودولوگىيەلىك قىممىتى» قاتارلىق ماقالىلىرى بار. مانا بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇ شۇبھىسىز هالدا، پەيلاسوپ دېگەن شەرەپكە مۇناسىپ. 20 ـ ئەسىر تارىخىمىزغا ھەرقانچە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالساقمۇ بۇ شان ـ شەرەپكە مۇناسىپ كېلىدىغان يەنە بىر ئادەمنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيمىز. كەلتۈردۇق دېگەندىمۇ، تەتقىقات كۆچىدىن خالىي پەلسەپە ئوقۇتقۇچىلىرىنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇلارنىڭ نەشر قىلىنغان خاس ئەسەرلىرى يوق، بولسا پەقەت ئۆمرى قىسقا كونسپېكتلىرىلا بار. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ پەلسەپە توغرىسىدا خاس ئەسەرلىرى بولغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام نەزەرىيەسى مېتودولوگىيەسى ۋە قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى بار. بۇ ھەرگىزمۇ قارىسىغا ئاشۇرۇپ ئېيتىلغان گەپ ئەمەس. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام نەزەرىيەسى مېتودولوگىيەسى تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت هادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئەسلىي زاتلىق قاتلاملىققا ئىگە، شۇڭا ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ بىلىش نەزەرىيەسى جەھەتتىن قاتلام مېتودولوگىيەسى پىرىنسىپىنى قورال قىلىشى لازىم، دېگەن قاراشنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى گۈزەللىكنى تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۇجەسسەم قاراشتا ئىزاھلاشتىن پەرقلىق هالدا گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك هادىسىلىرىنى ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي گۈزەللىك نەزەردە تۇتۇلـ

دۇ)، بىلىش نەزەرىيەسى (ئېستېتىكىلىق بىلىش نەزەردە تۇتۇلى-
دۇ)، سەنئەت گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللى-
كى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماقلارغا ئاجرىتىپ، ئۆز سۈپىتى ۋە
ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلايدىغان ئىلمىي سىستېما.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام
نەزەرىيەسىنى «ئىلمىي، توغرا مېتودولوگىيە» دەپ ئىشەنچ بىلەن
ئېيتقان ھەم ئۆز تەتقىقات ئەمەلىيىتى جەريانىدا جانلىق تەتبىق-
لىغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى، تاشكېمىر سەنئىتى
تەتقىقاتى، پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى ھەققىدىكى خاس ئەسەرلىرىنى
مۇشۇ مېتودولوگىيەنى قورال قىلىپ تەتقىق قىلغان. ئۇ «ئۇيغۇر
پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا قاتلام نەزەرىيەسى توغرۇلۇق
«مېنىڭچە سىستېما نەزەرىيەسى، ئېنفورماتسىيە نەزەرىيەسى،
كونترول نەزەرىيەسىگە ئوخشاشلا قاتلام نەزەرىيەسى مۇھىم ئىل-
مىي مېتودولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى لازىم.» «قاتلام نە-
زەرىيەسى مۇھىم مېتودولوگىيەلىك ئۇنۇملۇك تەتقىقات ئۇسۇلى
ۋە بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، تۈگۈنلەرنى يې-
شىش، سىرلارنى ئېچىش، ھەقىقەتنى تېپىشتىكى ئۇنۇملۇك تە-
پەككۇر قورالىدىن ئىبارەت. بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، جەمئىيەت
ھادىسىلىرىنى يورۇتۇشتا ئۆزىنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق
مېتودولوگىيە ئىقتىدارىنى داۋاملىق كۆرسىتىدۇ. قاتلام نەزەرد-
يەسىدىن ئىبارەت بۇ مېتودولوگىيەلىك قورالسىز ئوتتۇرا ۋە
مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيەسىنى، مىللەتلىك
تەركىبىنى، ئېتنىك مەنبەلىرى ۋە ئارىلاشما تەركىبىنى، تىل ۋە
ئېتنىك تۈركۈم جەريانىنى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئەنئە-
نە ۋە سىنكرېتىك ھادىسىسىنى، پەلسەپە ئىدىيەلەر تارىخىنىڭ
باسقۇچلىرىنى روشەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.» (11 ـ ۋە 12 ـ
بەت)

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ بايانى ئۆزىنى چاغلىماي ئېتىلغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، بەلكى بىزنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە ئۈندەپ ئېيتىلغان ئىلمىي چاقىرىق ئىدى.

بىز بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پەقەت ئىككىلا زاتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي سىستېمىسى بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ بىرى، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ـ ئىسلام پەلسەپە تارىخىدا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز دەپ تەرىپلەنگەن ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ناتۇرال پانتېزىملىق پەلسەپە سىستېمىسى؛ يەنە بىرى، 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى. كۇماراجىۋا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق بۈيۈكلىرىمىزنىڭمۇ ئىلمىي سىستېمىسى يوق، پەقەت پەلسەپە ئىدىيەسى ۋە پەلسەپە قاراشلىرىلا بار. ئىدىيە، قاراش، تەلىمات، ئىلمىي سىستېما دېگەن ئۇقۇملار لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە ئىلمىي ۋەزنى جەھەتتىن پەرقلىق ئۇقۇملاردۇر.

پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان پەلسەپە ساھەسىگە غەلىبىلىك كىرىشىگە ئاساس سالغان. ئۇ پەلسەپە توغرىسىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېچىلغان دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىنغان، ئەنخۇيدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنىڭ ئاساسلىق ئاپتورى ۋە باش مۇھەررىرى بولغان. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەندە مەشھۇر پەيلاسوپ يۇ گۇاڭيۈەننىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، كۆڭرى خەلقئارا ئىـ

لىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا راست كۇڭفۇزىدىن يالغان (راۋاجلان-
دۇرۇلغان) كۇڭفۇزى ئۇستۇن تۇرىدۇ، دەپ سۆزلىگەندە چەت ئەل-
لىك ئالىملار ئالقىش ياغدۇرغان. نەتىجىدە، «جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى
زامانىدىكى 20 مۇنەۋۋەر پەيلاسوپىنىڭ بىرى» («يارقىن ئەسلىمى-
لەر» 191 ـ بەت) دەپ قارالغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ
ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ
پەلسەپە، ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابىنىڭ ئاساس-
لىق ئاپتورى ئىكەنلىكى ئۇنى شىنجاڭدىكى قازاق، ئۆزبېك، قىر-
غىز، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە
قىلغان. چۈنكى، بۇ كىتابىنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىر-
غىز پەلسەپە، ئىدىيە تارىخىنى ئۇ يازغان.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن پەلسەپە كەسپىدە مۇن-
تىزىم تەربىيە ئالغان پەيلاسوپ ئەمەس. ئۇ 17 يېشىدا شىنجاڭ
ئىنستىتۇتىنىڭ بىيوخىمىيە كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئىككى
يىل ئىنتايىن ئەلا ئوقۇغان. ئۇ ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا
خەنزۇ تىلىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. «ھاياتلىق ماددىلىرىنىڭ كې-
لىپچىقىشى»، «ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى» ناملىق
ئىككى بىراشورا يازغان. شۇ جەرياندا پەلسەپىگە قىزىقىپ قالغان.
ئۇ ئاۋال پاۋلوفنىڭ نېرۋالوگىيە تەلىماتى، لېبېشىنكايانىڭ ھۈجەي-
رە توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئورلوفنىڭ قۇياش سىستېمىسىنىڭ
شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرى، 20 ـ ئەسىر فىزىكلە-
رىنىڭ يېڭىچە يادرو فىزىكىسى قاراشلىرى ئارقىلىق گېرمانىيە-
نىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرى كانت ۋە گېگېل تەلىماتى بىلەن تو-
نۇشۇشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ تەبىئەت پەلسەپىسىگە بولغان
قىزىقىشى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيەت جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئوقۇشى تۈگىمەيلا مەكتەپ تەر-
ىپىدىن ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەنگەن. ئۇ شۇ يىللىرى نيۇتوننىڭ

«تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئاساسى»، ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت»، ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» قاتارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرغان. ئوقۇتقۇچى بولۇپ بىرەر يىل بولغاندا شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيەسىگە بېرىپ بىر يىل ئوقۇغان.

دېمەك، ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ماھىر بۇ ياش ئالىم پەلسەپىدىن ئىبارەت تۈرلۈك پەنلەرگە چېتىلىدىغان بۇ ئىلىم ساھەسىدە مول بىلىم ۋە يۇقىرى تەتقىقات قابىلىيىتى ھازىرلاپ، ئاخىرى 20 ـ ئەسىردە خەلقىمىزدىن چىققان بىردىنبىر پەيلاسوپ دېگەن بۈيۈك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پەيلاسوپقا خاس پىكىر قۇۋۋىتى ۋە تەتقىقات كۈچى بىلەن پەلسەپە تارىخىمىزنى ئۇنتۇلماس خاس ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن بېزىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەنە پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ، تۈرلۈك ژانىرلاردا، ئوخشاشمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مول ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىلمىي قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى «تەييار داپقا پېرىخونلۇق قىلىشنى خالىمىدىم» دەپ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقان. ئۇ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىمۇ، مۇشۇ ئىلمىي پەزىلىتىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىنى يازغاندا ئۇنى تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ئادەتتىكى بايانىغا ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ۋە شەخسلەرنى بايان قىلغاندا ئىمكانقەدەر مىللىي ھاياتىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان چوڭقۇر

پەلسەپۋى مەنىلەرنى بېغىشلىغان. تارىخىي ئوبزور ۋە قايتا ئويۇ-لىنىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلىرىدە ئۆتكۈر ھەم ئەتراپلىق مۇ-ھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى 60 يېشىدا يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتقىنىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ پەلسەپە ھەققىدىكى پىكىرلىرىم ھەمىشە بىر قاتمال ھالەتتە تۇرمىغانلىقىدىن پەخىر-لىنىمەن. بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەر-لىرىم بىلەن ‹ئارىفنامە›دىن كۆرۈش مۇمكىن»، «مەن تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگۈچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىكىر نۇسخىلىرىنى تەكرارلاپ ئۆتكۈچىلەر بىلەن ئۇنى يەڭگىلتەكلىك رەۋىشتە ئىنكار قىلغۇ-چىلاردىن پەرقلىنىشنى خالىدىم.»

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بوشلۇق خا-راكتېرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چېلىقارلىق ئوتتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم ۋە پەيلاسوپ، تالانتلىق ئەدىب ۋە تۆھپىكار مائا-رىپچى. بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇشەققەتلىك ھايات مۇساپىسىدە ئىپادىلىگەن ئىلمىي روھى ۋە ئىلمىي، ئەدەبىي ئە-سەرلىرىدىكى پەلسەپۋى قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ پەيلاسوپلارچە پا-راستى ۋە جاسارىتىنى كۆرەلەيمىز.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئوخشاشمىغان مۇددىئادىكى ھەر-بىي ۋە سىياسىي كۈچلەر شىنجاڭنى گويا قايناۋاتقان قازاندەك قىلىۋەتكەن يىلى، يەنى 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئا-ئىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەتئى-مىن، ئانىسىنىڭ ئىسمى ھەمراخان ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يې-

گانە پەرزەنتى بولغان بۇ ئوغۇلغا «شۇكرۇللا» دەپ ئات قويۇلغان.
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ دادا تەرەپ بوۋىسى ئىبراھىم ھاجىم 1910 ـ يىللىرى ئائىلىسى بىلەن ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل بويىدىكى قاراقول شەھىرىگە چىقىپ دادىسى مەتىمىن ھاجىمدىن قالغان خۇرۇم كارخانىسىنى باشقۇرغان. ئۇ مەزگىلدە قاراقولدا ئاتۇش ۋە قەشقەردىن چىقىپ قورۇ ـ جاي ئىگىلەپ ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت قىلىۋاتقان بايلار كۆپ ئىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش شەكىللەندۇرۇش باسقۇچىدىكى يىگىت بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئۈستۈنلۈك قازانغان كوممۇنىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان.
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئانىسى ھەمرا خانىم ئاتۇش تۆكۈللۈك خوجا قاسىم دېگەن باينىڭ يەتتىنچى پەرزەنتى، شۇنداقلا بىردىنبىر قىزى ئىدى. خوجا قاسىم باي ئائىلىسى ئەينى يىللىرى ئەنجان شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1920 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى بىر ھېيت ھارپىسىدا خوجا قاسىمباي ئايالى ۋە باللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، قىزى ھەمراخانغا ناس خالتىسىنى تۇتقۇزۇپ يېقىن ئەتراپتىكى ناس ساتقۇچىنىڭ ئۆيىدىن ناس ئەكېلىشكە بۇيرۇغان. شۇ ئارىدا ئەنجان ـ قوقان قىشلاقلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان تۆرەجان باسمىچىلىرى خوجا قاسىمباينىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ خوجا قاسىمباينى ئايالى ۋە ئالتە ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئوققا تۇتۇپ چىقىپ كەتكەن. بۇ قانلىق پاجىئەدە پەقەت ناس سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەن نارەسىدە قىز ھەمراخانلا ئامان قالغان.
قاراقولدا تۇرۇپ بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ھاجىم

توغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا قارا يېتىم بولۇپ قالغان بۇ
يالغۇز قىزنى ئەنجاندىن قاراقولدىكى ئائىلىسىگە ياندۇرۇپ كېلىپ
پاناھىغا ئېلىپ چوڭ قىلغان ھەم مەكتەپتە ئوقۇتقان. كېيىنچە
ئوغلى مۇھەممەتئىمىن بىلەن بىر نەۋرە بولغان ھەمراخاننى بىر ـ
بىرىگە نىكاھلاپ قويغان. 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئىستالىن-
نىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ، بۇرژۇ-
ئازلار ۋە بايلار خەۋپ ھېس قىلىشقا باشلىغان. كولخوزلاشتۇرۇش
سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، بايلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى دۆلەت ئىگە-
لىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش شامىلى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋەھىمىلىك مۇ-
ھىت سەۋەبىدىن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى
كۆپلىگەن ئۇيغۇر بايلىرى ھەم بولشېۋىزمغا باشقىچە قاراشتىكى
كىشىلەر غۇلجا، چۆچەك، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، ئاتۇشلارغا ئارقا ـ
ئارقىدىن قايتىپ كەلگەن ياكى قېچىپ كەلگەن. ئەنە شۇ دولقۇن-
دا، 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئىبراھىم ھاجىم ئائىلىسى ئا-
تۇشقا قايتىپ كەلگەن. مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىلەن ھەمرا خا-
نىممۇ چوڭلارغا ئەگىشىپ بىللە قايتىپ كەلگەن. 1933 ـ يىلى
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تۇغۇلغان. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى
ۋە 1934 ـ يىلىنىڭ باشلىرى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ
بېرىلغان سىياسىي، ھەربىي كۈچلەرنىڭ قانلىق كۈرەشلىرى
ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ غوجىنىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەينى
كېلىشتۈرۈشى نەتىجىسىدە ئاخىرلاشقان. نەتىجىدە 1934 ـ يىلى
يازدىن باشلاپ مەھمۇد شىجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي گارنىزو-
نىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ليۇ بىن باش قوماندانى سالاھىيىتى
بىلەن قەشقەرگە قاراشلىق شەھەر، ناھىيەلەرنى باشقۇرۇشقا باش-
لىغان. ئەنە شۇ چاغدا شۈكرۇللانىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن
ئىبراھىم قونجىراپ ئېغىزىدا تاموژنا باشلىقى بولغان. گەرچە،
1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنى-

تىلغانلىقى جاكارلانغان بولسىمۇ، قەشقەر ۋەزىيىتى يەنىلا مۇ-
رەككەپ ئىدى. مەھمۇد شىجاڭ ۋە ئۇ ھىمايىسىگە ئالغان غوللۇق
شەخسلەر ئىستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى-
نىڭ كۆزىگە سىغمايتتى. بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش تۈرلۈك ئا-
ماللار بىلەن مەھمۇد شىجاڭنى ۋە ئۇ ھىمايىسىگە ئالغان غوللۇق
كىشىلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ھەم يوقىتىش كويىدا ئىدى. دې-
مەك، ئىككى تەرەپ ئوخشاش بولمىغان ئىشلاردا بىر - بىرى بى-
لەن گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن تىركىشىپ تۇراتتى. بولشېۋىزم-
لىق مەۋقەگە ئىگە مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى قونجىراپ تاموژنى-
سىدا ئىشلەش جەريانىدا بولشېۋىزمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدى-
غان مەھمۇد مۇھىتىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ 1935 - يىلى ئايالى ھەمرا خانىم ۋە ئىككى ياشلىق ئوغلى
ئابدۇشۈكۈر(شۈكرۇللا)نى ئېلىپ لىيۇ بىننىڭ ياردىمىدە قارا ما-
شىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىققان. بۇ ئەر - خوتۇنلار بىر
مەزگىل ئۈرۈمچى «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»دا سانايىنەپىسە خىزمى-
تىگە قاتنىشىپ ئىشلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەتئىمىن ئىب-
راھىم ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدە جۇ بىڭ (ماۋ زېمىن)نىڭ يې-
نىدا مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن. 1937 - يىللىرى چۆچەك ما-
لىيە ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئابدۇشۈ-
كۈر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى ھەمراخانىم بىلەن غۇلجا «بوينى
كېسىك» مەھەللىسىدىكى تاغىسى شاھ ھاجىمنىڭكىدە بىر مەز-
گىل تۇرغان. كېيىن چۆچەككە دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ كاتتا
باي پالتابايېفنىڭ قورۇسىدا بىر يىلدەك تۇرغان. 1939 - يىلى
دادىسىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندە ئاتا - ئانىسى بىلەن
ئۈرۈمچىگە كەلگەن. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى «غەربىي زال»دىكى يى-
غىنغا قاتناشقان دېگەن باھانە بىلەن دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئە-
پەندى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان.

ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى بىلەن دەسلەپ خوتەن مەسچىتى ئۇدۇلىدىكى بىر قورۇدا ئولتۇرغان ھەمدە خوتەن مەسچىتى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە، كېيىن ئاق مەسچىت قورۇسىدىكى دىنىي مەكتەپتە تەربىيە ئالغان، ئاندىن بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان. ئانىسى ھەمراخانىم بۇ قىيىن كۈنلەردە تىككۈچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامدىغان.

1944 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىركۈنى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەن. شېڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان ئالاھىدە سىياسىي مۇھىتتىكى ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ئىسمىداش يەنە بىر سىياسىي مەھبۇسنىڭ ئورنىدا خاتا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلگەن بۇ كىشى شۇ كۈنلا ئۆي - بىساتىنى سېتىپ، خوتۇن - بالىسىنى ئېلىپ پەيزاۋاتقا تەۋە قوشئاۋاتلىق روزى ئاخۇن دېگەن ھارۋىكەشنىڭ ئۇستى كىگىز بىلەن يېپىلغان ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ، كېچىلەپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

بۇ قېتىمقى 95 كۈنلۈك سەپەر، ئۆسمۈر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتى، تارىم ۋادىسىنىڭ چۆل ۋە بوستانلىقلىرى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشۇش پۇرسىتى بولغان. ئەينى چاغدىكى قەشقەر - ئۈرۈمچى يولى ھازىرقىدەك كۆپ قىسمى تاغ بويلاپ قۇپقۇرۇق چۆل - باياۋاندا ماڭىدىغان يول بولماستىن، كۆپىنچە جايلىرى يۇرت - بوستانلىق ئارىلاپ ماڭىدىغان ئاۋات يول ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار يۇرت - يۇرتلاردا ھەپتىلىك سەييارە بازارلارنى كۆرۈپ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ ماڭغان. بۇ كۆزىتىشلەر ئالىمنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا

قىممەتلىك بايلىق بولۇپ قالغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇل قالغان چوڭ ئانىسى ئانارخان قەشقەر «جانقورغان»دىكى بىر قورۇدا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇدۇل پەيزاۋات ئارقىلىق قەشقەرگە بېرىپ شۇ يەرگە چۈشكەن. شىڭ شىسەينىڭ «تەخت»تىن چۈشۈش، ۋۇ جۇڭشىننىڭ ھوقۇق ئۆتكۈزۈۋېلىش پەيتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى راستتىنلا خاتا قويۇپ بېرىلگەن مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا قولغا ئېلىنغان. ئانىسى ھەمرا خانىم ھېيتگاھ جامەسى يېنىدىكى ئىنايىتۇللا ئەپەندىنىڭ دورىخانىسىدا دورا ياساش خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان. ھەمرا خانىم 11 ياشلىق ئوغلى ئابدۇشۈكۈرنى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ مۇدەررىسى دوك قارىيھاجىمنىڭ شاگىرتى ئابدۇرۇسۇل قارىيغا دىنىي تەلىم ئېلىشقا بەرگەن.

1946 ـ يىلى يازدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەت ئارقىلىق ئىمزالىغان «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن قويۇۋېتىلگەن سىياسىي مەھبۇسلار قاتارىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسىمۇ قەشقەردىكى تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىككى يىلغا يېقىن دىنىي تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھىرىگە يېقىن نەزەرباغ يېزىسىدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا تۆت يىل ئوقۇغان.

1949 ـ يىلى، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئورنىتىلغان. پۈتكۈل جەمئىيەتتە كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسى يېتەكچى ئىدېئولوگىيەگە ئايلانغان. 16 ياشلاردىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دۇنيا قارىشى شەكىللىنىش باسقۇچىدا دەل كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسى بىلەن ئۇچراشقان.

1950 ـ يىلى، ئۇ غەربىي شىمال ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن تاللانغان ئىككى ئوقۇغۇچى ۋەكىلىنىڭ بىرى بولۇپ قاتناشقان. يىغىندىن كېيىن شىئەن، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغان. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىيوخىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1952 ـ يىلى ئوقۇشى پۈتمەي تۇرۇپلا مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلىنىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ماركسىزم ـ لېنىنىزم كافېدراسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولغان. خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگەنگەچكە مەكتەپتە بىر تەرەپتىن «ئۆسۈملۈكلەر فىزىيولوگىيەسى»، «ئۆسۈملۈكلەر پاتالوگىيەسى»، «ھاشاراتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرگە تەرجىمان ئوقۇتقۇچى بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن فىزىكا، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، خىمىيە ۋە ئاگرانومىيە سىنىپلىرىغا «ماركسىزم ئاساسلىرى»، «پەلسەپە» دەرسلىرىنى ئۆتكەن. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆگىنىش قىلغانلىقى ھەم دەرس سائىتى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن چارچاپ ئاغرىپ قالغان. نەتىجىدە، قەشقەرگە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا داۋالانغىلى بېرىپ ئاتۇش بىلەن قىرغىزىستان چېگراسىدىكى گۈزەل تويۇن يايلىقىدا ئۈچ ئاي ئارام ئالغان. بۇ جەرياندا ئالتۇن ئىسىملىك شوخ بىر قىرغىز قىزى ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان. مۇشۇ تەسىر ئاساسىدا كېيىن «ئالتۇنقىز» ناملىق ھېكايىسىنى يازغان.

1953 ـ يىلى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيەسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ بىر يىل چامىسىدا ئوقۇغان. ئاسپىرانتورىيەدىكى بىر يىللىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ئانا مەكتىپىگە قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزم كافېدراسىدا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بىرنەچچە خىل دەرس ئۆتكەن ۋە بۇ دەرس-لەرنىڭ دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىققان. 1955 ـ يىلى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نەشر قىلىنغاندا ئۇيغۇرچە نەش-رىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەتقى-قات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردا رەسمىي باشلانغان. ئىككى تىلدا ياز-غان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى بۈيۈك ئالىمى» يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە سانىدا ئېلان قى-لىنغان. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئىدى.

1950 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئۇنىڭ داڭقى ھەم-مىدىن مەشھۇر ئىدى. ئەمدىلا 20 ياشتىن ھالقىغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ئۇتۇقلىرى، پەيلاسوپلارچە مىجەز ـ خاراكتېرى، مەنتىقلىقى كۈچلۈك پىكىر ـ بايانلىرى، مول بىلى-مى، خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازالايدىغان يۇقىرى تىل ـ ئىبارە سە-ۋىيەسى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. ھەممەيلەن ئۇنى «ياش ماركس» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشى، يول يۈرگەندە قەددىنى تىك قىلىپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۆزىنى توختاتقان ئادەملەردەك سالماق مېڭىشى، لېكسىيە سۆزلىگەندە تەمكىن ھەم ۋەزىنلىك سۆزلىشى، شېئىر ئوقۇغاندا سۆزلەرنى دانە ـ دانە قىلىپ لەرزان دېكلامات-سىيە قىلىشى قاتارلىقلار باشقىلار ئۈچۈن مودا بولغانىدى. كىشى-لەر بۇ خىل كەيپىيات ۋە تەسىرنى «ئابدۇشۈكۈر قىزغىنلىقى» دەپ ئاتاشقان.

1957 ـ يىلى، جۇڭگو مىقياسىدا «ئىستىل تۈزىتىش ھەرى-كىتى» باشلانغان. بۇ ھەرىكەت باشلىنىش بىلەن تەڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «يېزا تۇرمۇشىنى كۆرمىگەن ياش ماركسىزمچى»

دېگەن باھانە بىلەن باشلانغۇچ كوپېراتىپلارنى ئالىي كوپېراتىپقا
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغان كادىرلار تۈركۈمىدە ما-
رالبېشى ناھىيەسىنىڭ سىرىقبۇيا يېزىسىدىكى شاكالئاۋات كەن-
تىگە ئەۋەتىلىپ مەسئۇل كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. يېرىم يىلدىن
كېيىن، تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان. ئۇ ئۈرۈمچىگە قاي-
تىپ كېلىپ بۇ شەھەردە سىياسىي كەيپىياتنىڭ بەكلا جىددىي-
لىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ «ئوڭغا ما-
يىل» دەپ قارىلىپ كۈرەش قىلىنغان. سولچىللىق كېسىلىگە نا-
ھايىتى ئاسان گىرىپتار بولىدىغان بىر قىسىم مەسئۇل كىشىلەر
ئۇنىڭغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان، ھەتتا
ياش رەسساملارغا ئۇنىڭ پورترېتىنى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزى،
شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇ-
چىسى رەنا مەخسۇتنىڭ پورترېتى بىلەن قوشۇپ ھەجۋىي رەسىم
قىلىپ سىزدۇرۇپ قىزىل بىناغا چاپلىغان.

ھەقىقەتەنمۇ 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «ئىستىل تۈزى-
تىش»تىن ئىبارەت كېڭەيتىۋېتىلگەن سىياسىي ھەرىكەت غايەت
ئېغىر ئىجتىمائىي بوھران پەيدا قىلغان. دەسلەپتىكى سىياسىي
ئاكتىپلىق بارغانسېرى ئومۇمىي جەمئىيەت ئەسەبىيلىكىگە ئاي-
لىنىپ كەتكەن. «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» جۇڭگو مىقياسى-
دا پەيدا قىلغان پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى مۇتەپەككۇرانە نەزەر بى-
لەن كۆزەتكەن ، بۇ توغرۇلۇق چوڭقۇر تارىخىي تەھلىل يۈرگۈز-
گەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 2013 ـ يىلى نەشر قىلىنغان
«يارقىن ئەسلىمىلەر — مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» ناملىق كىتابى-
نىڭ 224 ـ بېتىگە قاراڭ

بۇ يىللاردا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىڭ سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقىغا 1950 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى كۆچۈپ كەتكەن
ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، 1958 ـ يىلى
ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن. لېكىن ئابدۇشۇكۇر



ئاتا - بالا (1958 - يىلى)

مۇھەممەتئىمىن «بۇ كۈنلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلپىگە قو- شۇلمىغان. ئاتا - ئانىسى ئىلاجسىز قايتىپ كەتكەن. 1959 - يىلى ئۇنىڭغا «ئوڭ- چى» قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ، پارتىيەدىن ۋە خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، «ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش» دەپ ئاتال- غان جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلگەن. پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتى ئاچارچىلىق قەھەتچىلىكى قى- يامىتىدە قىينىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئۇ ئىككى يېرىم يىلنى ئۈرۈمچىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يۇقىرىسىدىكى غەربىي گوبى چۆللۈكىدە ۋە كۈنەس ناھىيەسىدىكى قارا بۇغرا دالاسىدا ئېغىر ئەمگەك، جاپا - مۇشەق- قەت، دەرد - ئەلەم ۋە ئاچ - زارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن.

يېشى تېخى 30 غا توشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھايات قانۇنى- يەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بۇ ياش پەيلاسوپ يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە ۋە ئۆزى دۇچ كېلىۋات- قان ئىجتىمائىي قىسمەتلەرگە مۇتەپەككۇرلارغا خاس پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنمەكتە ئىدى.

بۇ قىيىن كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ياتاقتا، ئىش مەيدانلىرىدا، يىغىن - ئۆگىنىشلەردە، سەپەر جەريانلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قورساق كۆپۈكى- نى چىقىرىدىغان گەپ - سۆزلەر بىلەن ئاغزى بېسىقماي سۆز-

لەيتتى. بىر قىسىملىرى بولسا، بىھۇدە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا ئاھ ئۇرۇشۇپ كۈندىن ـ كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ياش پەيلاسوپ بولسا «سۇكۇنات شەكلىدىكى تەپەككۇر تۇرمۇشى»غا بېرىلگىنىچە تارىخ، رېئاللىق، مەدەنىيەت، هايات، كېلەچەك ھەققىدە تىنىمسىز پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلىناتتى. قولى ئىشتىن بوشىغاندا شېئىر ـ غەزەللەرنى يېزىشنى، رۇس تىلى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدىن تامامەن دېگۈدەك بىخەۋەر ئىدى. ئەمما، توختىماي كۈندىلىك خاتىرە يېزىشى ۋە رۇس تىلى ئۆگىنىشىگە قاراپ ھەيران بولاتتى.

شۈبھىسىزكى، بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھايات ھەقىقىدىكى تونۇشى، ئۆزىنى چۈشىنىشى ئۇلارنىڭ غايە ـ ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە ھېسسىيات ـ پوزىتسىيەسىگە باغلىق بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا بەزىلەر ئۆزىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ باش پېرسوناژى دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ يارىدەمچى پېرسوناژى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ مېھمىنى دەپ قارايدۇ. ئەمما، تەقدىرگە ئاسانلىقچە باش ئەگمەيدىغان كۈچلۈكلەر بولسا ئۆزىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ غوجايىنى دەپ قارايدۇ. بۇ ياش پەيلاسوپ ئۆزىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ غوجايىنى دەپ قارايدىغان بولغاچقا، ئۆزلۈكىگە يۈزلىنىپ ئۆزىنى تەھلىل قىلىش، تەكشۈرۈش، تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ بۇ ئېغىر كۈنلەردە تونۇشقان دوستى ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ھەيرەت بولۇپ:

— ئابدۇشۈكۈر، ھەممە كىشى بۇ يەردە ئاچ ـ زارلىق، ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن جان قايغۇسىدا يۈرسە، سەن نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسەن؟ — دەپ سورىغان.

بۇ ياش پەيلاسوپ ئادىتى بويىچە ئالدىرىماي، تەمكىن ھالەتتە

سۇس كۇلۇمسىرىگىنىچە سۆزلەپ:

— كېرىم، بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزى ئۆزىنى قايىل قىلغانلىق ئەقىلنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى، ئۆزى ئۆزىدىن تەسىر-لەنگەنلىك قەلبنىڭ يۈكسىلىشى، ئۆزى ئۆزىنى تىزگىنلىگەنلىك پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، ئۆزد-نى قايىل قىلغان، تەسىرلەندۈرگەن، تىزگىنلىگەن ئادەم ھەرقاند-داق ئوڭۇشسىزلىق، ئازاب – ئوقۇبەت ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئۈس-تىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. تەقدىر – قىسمەتنىڭ چەمبىرىكى قاند-چىلىك تار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىرادە ھۆرلۈكىنى يوقاتمى-ساقلا مەغلۇپ بولمايمىز. ئادەمنىڭ ئىرادىسى مېيىپ بولمىغىكەن ياكى يىمىرىلمىگەن، ئۇ تەقدىرنىڭ تاسقاشلىرىدا شەخسىي قىم-مىتىنى تامامەن يوقىتىدۇ، — دېگەن.

خاراكتېرى ئاق كۆڭۈل ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم دوستىنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرىدىن زوقلانغان بولسىمۇ، ئەمما تولۇق قايىل بولماي، بوك ئاۋازى بىلەن:

— ئابدۇشۈكۈر، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە سەن بىلەن بىز-نىڭ ھاياتىمىزنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن، قارىمامسەن، غازاڭدەك ئۇچۇپ يۈرگىنىمىزنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق شەخسنىڭ قىممىتىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىغاندا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەزىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن:

— شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئېرىشكەن مەدھىيە ياكى ئۇچرىغان ھاقارەتلىرى، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت-لىرى، ئۆزى بېزەپ ياكى باشقىلار چوقۇنۇپ ياسىغان ئوبراز – ھەيكەللىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى ئىنسانىيەتكە بەخش ئەتكەن ئىجادىيەت – نەتىجىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەر ھامىنى ئۆتۈپ كېتىدۇ. تارىختا ئىجتىمائىي

بار ئىمكانىيەتتىن ئامالىنىڭ بارىچە پايدىلىنىشىمىز، ھەر ۋاقىت
پۇرسەت يارىتىشىنىڭ كويىدا بولۇشىمىز كېرەك. بىز ئۆزىمىزنى
بىتەلەي ھېسابلاپ، تەقدىردىن قاقشاپ، زاماندىن زارلاپ يۈرۈۋەر-
سەك ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايمىز. كېچىلىرى ئۇن - تىنسىز
تەپەككۇر قىلىش، ئەمگەك جەريانىدا مەسىلىلەرنى ئويلاپ پىشۇ-
رۇش، ئۆگەنگۈدەك، يازغۇدەك ۋاقىت چىقسىلا توختىماي ئۆگىنىش
ۋە يېزىش تامامەن قولىمىزدىن كېلىدۇ. بۇ كۈنلەرنىڭ قانچىلىك
داۋاملىشىشىنى مۆلچەرلىمەك تەس. بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئې-
نىق تونۇپ، غايىمىزنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئالدىرىشىمىز زۆرۈر.
شۇڭا، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىشىمىز، ئىشەنچ بى-
لەن ياشىشىمىز، شارائىت يار بەرمىدى، دەپ قېيىداپ بوشاڭلىق
قىلماسلىقىمىز كېرەك:

ئىلىم باشقا، تالانت باشقا، غۇرۇر - ئىشەنچ يەنە باشقا،
بولۇر ساھىبقىرانلىق بۇ ئۈچ پەزىلەت كەلسە بىر باشقا.
بۇنىڭ بىلەن بەخت پۈتمەس، ئۇنىڭسىز كۆپتۇر ئامەتلەر،
بەخت بابىدا قۇر ئاچساڭ يېزىلمىش قىسمىتىڭ باشقا.

دەپ، بۇ رۇبائىينى ئوقۇپ سۆزىنى توختاتقان.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەقىقەتەنمۇ دېگىنىنى
ئەمەلدە كۆرسەتكەن. 1961 - يىلى ئۇ جازا لاگېرىدىن قويۇۋې-
تىلگەندىن كېيىن، 1962 - يىلى ئانىسى ھەمرا خانىم ئۇنى ئې-
لىپ كەتكىلى بىشكەك (ئەينى چاغدا فرونزى دېيىلەتتى)تىن
ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئى-
مىن شۇ چاغدىلا دادىسىنىڭ ئىدىيەۋى كىرىزىس ۋە ھاراقتا بېرى-
لىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن 1961 - يىلى 11 - ئايدا ئالەمدىن
ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئې-
غىر تىنىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئەنسىزلىك، سىياسىي سولچىللىق
شەخسىنىڭ قىممىتىنى ئەرزىمەس نەرسىگە، كىشىلەر تەقدىرىنى
ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئانىسىنىڭ تەك-
لىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئەينى چاغدا «جەننەت» دەپ قارىلىدىغان
سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتمەستىن، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي
تۇيغۇسىنى قەدىرلەشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ساھىبجامال
«كۇسەن قىزى» رەنا مەخسۇت بىلەن توي قىلىش مەقسىتىدە ئۇ-
رۇمچىدە قېلىشنى قارار قىلغان. ئانىسى ئىلاجسىز 1962 ـ يىلى
4 ـ ئايدا بۇ «ئەنسىز يىللاردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار»نىڭ توينى
قىلىپ قويۇپ، دۇنيالىقتىكى يالغۇز ئوغلىنى ياراتقۇچىغا تاپشۇ-
رۇپ، بىشكەككە قايتىپ كەتكەن.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1966 ـ يىلى «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى» باشلانغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىدا شىن-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن.
بۇ يەردە 1959 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئەينى ۋاقىت-
تىكى ئەرگۈشدىن ھازىرقى ئۇچتاشقا يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن
چېچىلىپ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن مىليون پارچە كىتاب ـ ژۇر-
نال، گېزىتلەرنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بىر ـ بىرلەپ رەتلەپ
تۈرگە ئايرىپ، كارتوچكا تۇرغۇزۇپ، يۇرۇشلەشكەن كىتاب كاتا-
لوگى ئىشلەپ چىققان. بۇ جەرياندا بۇ ئىلىمخۇمار ئالىم جۇڭگو-
نىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان «ئەلنى ئىدارە قى-
لىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»نى، «24 تارىخ»نى، ئەنگلىيە دىراماتورگى
شېكىسپېرنىڭ 36 سەھنە ئەسىرى بىلەن سونېتلىرىنى، ھىن-
دىستاننىڭ «رامايانا»، «ماخاپخاراتا» داستانلىرىنى، سوۋېت ئىت-
تىپاقىدا نەشر قىلىنغان 15 توملۇق (32 كىتاب) «دۇنيا تارى-
خى»نى، «ئومۇمىي تاڭ نەزملىرى»نى، بايروننىڭ «دون جۇئان»،

ھومېرنىڭ «ئىلىيادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرىنى، يۇنان ۋە رىم-نىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى، «قۇرئان كەرىم»، «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات»نى، ئەپلاتون، ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى، دانتېنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە» داستانىنى، تاگورنىڭ نەسرلىرىنى، گومورو ۋە تيەن خەننىڭ تارىخىي دىراممىلىرىنى، ماركس - ئېنگېلسنىڭ تولۇق ئەسەرلىرىنى، نەۋايى، بابۇر، مەشرەپ شېئىرلىرىنى ئوقۇ-غان ۋە ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا 30 نەچچە خاتىرە دەپتەرنى ئۆگە-نىش خاتىرىسى بىلەن تولدۇرغان.

ئىجادىيەت تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ياش پەيلاسوپ مۇشۇ يىللاردا «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق داستان ۋە «سۇمۇرغلار قوشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «خەن ئوردىسىدا باھار»، «مە-لىكە خۇارۇڭ»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسماس قىلىچ»، «پىلە مەلىكىسى» ناملىق يەتتە پارچە تارىخىي دراما يازغان. «جا-ۋاھىرۇل ھەقايىق» دېگەن نىقابىي ماۋزۇدا «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (بۇ كىتاب 1995 - يىلىنىڭ بېشىدا 4 - قېتىم تۈزد-تىلگەندە ئالىم نامىنى «قەدىمكى تۇران تارىخى» دەپ ئاتىغان) ناملىق كىتابىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. يەنە بارماق ۋەزىنلىك بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ چىققان. ئەنۋەر، ئەكبەر ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆر-گەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تازا ئۇرغۇغان بۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا ئېغىر ئەمگەك بىلەن ۋە كۆتۈپخانىدا قارا ئىش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ، «بۇ يىللار ئەگەر بەخت ۋە ئامەت بىلەن قوشۇلغان بولسا ئىدى، ئۇ مېنىڭ راسا تولۇۋاتقان، ئۆرلەۋاتقان، ساپ ۋە ساغلام يىللىرىم بولغاچقا، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتتە ئۆمرۈمنىڭ مول ھوسۇل پەسلىگە ئايلانغان بولاتتى» دەپ ئېيتقان.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ باشلىنىشى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى قايتىدىن تېخىمۇ ئېغىر جاپا ـ
مۇشەققەتنىڭ، خورلۇق ۋە كەمسىتىشنىڭ، تۇگىمەس سىياسىي
كۈرەشنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى
بۇزۇلۇپ دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەچكە، سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا ئانىسى بار ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «چەت ئەلنىڭ قې-
قىپ قويغان مىخى» دەپ قارىلىپ ئۆيى كۆپ قېتىم ئاختۇرۇل-
غان، «ئوڭچى» قالپىقى بولغاچقا، كۆپ قېتىم كۈرەش ۋە سازايى
قىلىنغان. نەنسەندىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا ئىشلىگەن،
ئۈلانبايدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئايلاپ سۇ تۇت-
قان، مەكتەپنىڭ كاتولىدا يىللاپ ئىشلەپ ماھىر رېمونتچى، كاتول
تازىلىغۇچى ۋە ئوت قالىغۇچى بولۇپ قالغان. مەكتەپ قورۇسىدا
تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق، ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان. 1969 ـ
يىلى ئۈچىنچى ئوغلى ئەسقەر، 1973 ـ يىلى تۆتىنچى ئوغلى فە-
رۇخ دۇنياغا كەلگەن. 1975 ـ يىلى ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن-
لىكى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ يالغۇز ئو-
غۇلنىڭ ئانىسىغا زىيادە مېھرى بولغاچقا، ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خە-
ۋىرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر قىلغان. مۇشۇ ئا-
پەتلىك يىللاردا ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە، بىرى يوشۇرۇن ئىجادىيە-
تى، يەنە بىرى ئائىلىسى تەسەللى بولغان. ئايالى رەنا مەخسۇت
«ئوڭچى» ئېرى تۇپەيلى كېلىۋاتقان ھەر خىل بېسىملارغا ئۈچىرى-
سىمۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتىنى ھەرقانچە تارتسىمۇ تۆت ئوغلى-
نى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ باققان.

پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابى» ئاخىرلاشقان دەسلەپكى ئىككى يىلدا جاپالىق ئەمگەكتىن،
ھاقارەت ـ خورلۇقتىن قۇتۇلۇپ سەل ئارام تاپقان. ئىزدىنىش ۋە
ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بولغاچقا پۇرسەتنى غەنىيمەت بى-
لىپ، ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ئەنسىز يىللاردا پارچە ـ پارچە

يازغان 500 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسىنى رەتلىگەن. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق لىرىك نەسر توپلىمىنى تولۇق تاماملىغان. ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن خەتلىرى ۋە خەتلەرگە قوشۇپ ئەۋەتكەن ھىجران دەردىدىكى غەزەللىرىنى رەتلەپ، بېيىتىپ، «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا «ھەمرايى غەزەللىرى»نى تاماملىغان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق خاس تەتقىقات كىتابلىرىنى پۈتكۈزگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە ئوخشاش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قارا قۇيۇنلىرى ئىچىدىن بىر تالاي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يېڭى دەۋرگە كىرىپ كەلگەن ئالىم ـ ئەدىبلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. قىلدەك قىيسىق كەتسە بېشىغا كەلمەيدىغان كۈن قالمايدىغان ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق يىللاردا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە ئوخشاش ئىجادىيەت بىلەن ياشاش زور جاسارەت ھەم پاراسەت تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا تالاي ئالىم ـ ئەدىبلەر بۇ يىللارنى ئۆزلىرى ئۇچرىغان ئۇۋالچىلىقلاردىن قاقشاش، ۋايساش ياكى قورقۇپ ئىچىگە تىنىپ جېنىنى ساقلاش ۋە ياكى ئاندا ـ مۇندا قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىدىغان شېئىر ـ نەزمىلەرنى پۈتۈپ قويۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك بىر نەچچە پارچە تەتقىقات ئەسىرىنى ۋە ئەدەبىي كىتابنى يېزىشقا ئۇلار ھەر جەھەتتىن ئاجىزلىق قىلغان.

ئۆز نۆۋىتىدە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تاگور نەسرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئون يىللىق (1966 ~ 1976) مالىمانچىلىق مۇھىتىدا ئاساسىي گەۋدىسى يېزىلغان پارچە ـ پارچە «سەۋدالىق خاتىرىلىرى»، «تەپەككۇر ھودۇقۇشى» ۋە «تۈن مونولوگى»دىن توپلانغان

كاتتا پەلسەپىۋى نەسر توپلىمى «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»
ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. مەزمۇن
جەھەتتىن بەش بۆلەككە بۆلۈنىدىغان بۇ نەسر توپلىمىنىڭ «كاك-
كۇكنامە» بۆلىكىدىكى 100 نەسر ئارقىلىق ئاپتور ھۆرلۈككە
تەشنا سىقىلغان يۈرەكنىڭ پىچىرلاشلىرىنى يازغان. «مارجاننامە»
بۆلىكىدىكى 100 نەسر ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدراك قوشۇنى بولغان
زىيالىيلارنىڭ ئەقىل مارجانلىرىنى زۇلمەتلىك ئاسمانغا يۇلتۇز-
دەك چاچقاندىلا ئاندىن ئۈپۈقنىڭ يورۇيدىغانلىقىنى يازغان. «سۇ-
مۇرغنامە» بۆلىكىدىكى 100 نەسر ئارقىلىق تارىخنىڭ پەقەت
ئىنسان قىممىتى قەدىرلىنىش بىلەنلا ئۆز مەنىسىنى تاپىدىغانلى-
قىنى يازغان. «جاھاننەما» بۆلىكىدىكى 100 نەسر ئارقىلىق ئىن-
سانلار ئىچىدىكى ھەر خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ ئىبرەتلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە ئىپادە ـ ئالامەتلىرىنى يازغان. «نىجادىيەتنامە»
بۆلىكىدىكى 100 نەسر ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنى پارلاقلىققا
ئىگە قىلىدىغان چىقىش يولى ھەققىدىكى پىكىر دۇردانىلىرىنى
يازغان. سىنىپىي كۈرەش شامىلى جاھاننى بىر ئالغان ئاشۇ
يىللاردا بۇ نەسرلەردە نۇقتىلىق ھالدا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىدى-
يە ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلغان. بىر ـ بىرىدىن گۈزەل بۇ
نەسرلەردە ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكرى پىشقان تىلى ئىچىگە يوشۇرۇن-
غان. بۇ پەلسەپىۋى نەسر توپلىمىغا تىل ئۇستىسى بولغان بۇ
پەيلاسوپ ئۇيغۇر تىلى تەسۋىرىي خەزىنىسىنىڭ بىر قىسمىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك سىغدۇرغان. دېمەك، ئىدىيە ۋە پىكىر جەھەتتىكى
بالاغەت ھەم ئۇسلۇب ۋە تىل سەنئىتى جەھەتتىكى پاساھەت نۇق-
تىسىدىن بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان نەسرچىلىكىدىكى
يېگانە ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. قىزىق يېرى، پەلسەپىۋى ئەسەرنىڭ
قىممىتىنى ھېس قىلىش قابىلىيىتى يوق مۇھەررىرلەر ۋە نەش-
رىيات ئورۇنلىرىنىڭ 20 يىلدەك سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇشى سە-



ئاپەتلىك يىللاردىكى سۈرىتى (1975 ـ يىلى)

ۋەبىدىن بۇ كاتتا ئەسەر 21 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، 1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەم خاتا ھالدا «ئوڭچى» قىلىنغان دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاقلانغان. ئۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن بۇ كۈننى 20 يىل كۈتكەن. 20 يىللاپ داۋاملاشقان خورلۇق، 20 يىللاپ تارتقان دەرد ـ ئەلەم، 20 يىللاپ تۆلەنگەن بىھۇدە بەدەل ئاخىرلىشىپ مائاشى، خىزمىتى، پارتىيەلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. يېڭى ھاياتقا ئې-



1983 ـ يىلى قىرغىزىستاندا چۈشكەن سۈرىتى

1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تاقىۋېتىلگەنچە 20 يىللاپ ئۈچار قاناتتىن باشقا نەرسە ئۆتەلمەي كەلگەن ئىككى دۆلەت چېگراسىدىن 1983 ـ يىلى فېۋرال ئايلىرى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئايالى بىلەن تۇنجى تۇغقان يوقلىغۇچى سۈپىتىدە سابىق سوۋېت

ئىتتىپاقى زېمىنىغا ئۆتۈپ، ۋەتەنداشلىق، قېرىنداشلىق ئوتىدا كاۋاپ بولۇپ، 20 يىللىق ھىجران ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن مىڭلىغان مۇھاجىر، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ئۇنتۇلماس پەيتلەرنى «مۆجىزىلىك دىدار پەسلى، ۋىسال ئەييامى» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ قېتىمقى سەپەر 50 ياشقا قەدەم قويغان، كۆپنى كۆرگەن بۇ پىشقان ئالىمنى مول ئىلمىي ۋە ھېسسىي جۇغلانمىغا ئىگە قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىزلارنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتچى ۋە ئەدىبلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئىلمىي سالمىقىنى يېڭىباشتىن تونۇغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرنى ۋە مۇھىم تارىخىي ئىزنالارنى ساياھەت قىلىپ گاھىدا ئېغىر تىنىپ، چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن، گاھىدا ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمۈپ كۆڭلى يايرىغان.

20 يىللاپ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بىر ۋاق تاماق يېيەلمەي كۆك ئۇچەي بولۇپ كەتكەن بۇ مۇنەۋۋەر ئالىم ئالتە ئايلىق ساياھەت جەرياندا مول نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتۈلۈپ چىرايى پارقىراپ كەتكەن. يېشىغا ماس ھالدا ئەت قونۇپ ئالىمغا خاس سالاپەت پەيدا بولغان. ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مىراس ئەر - ئايال ئىككىيلەنگە پاراۋان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش خاتىرجەملىكىنى ئاتا قىلغان. ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا ئۇ ئايالىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئالغان «ۋولگا» ماركىلىق پىكاپنى ھەيدىگىنىچە بىشكەكتىن قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۆلارغا تىكىلگەن. مەكتەپ رەھبەرلىرى كۆڭۈل بۆلۈپ بەرگەن بىر - بىرىگە تۇتاش ئىككى يۈرۈش بىنا ئۆي، ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مىراس، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن باشقا ھېچكىمدە يوق

پىكاپ، ئىلىم ساھەسىدىكى شان - شەرەپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ قاملاشقان قامىتى، زاۋۇتتىن چىققاندەك چىرايلىق تۆت ئوغۇل، تۇنجى بولۇپ بېرىلگەن پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانى قاتارلىق كۆزنى قاماشتۇرغۇچى ئامەتلەر بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمغا كۆپلىگەن ئاق دىل كىشىلەرنىڭ ھەۋەسلىك قاراشلىرىنى پەيدا قىلغان بولسا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەسەتلىك نەزىرىنى پەيدا قىلغان. بۇ ھال گويا ھىراكلىتنىڭ «ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەت قىلىشىدۇكى، سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ نۇرغۇن!» دېگىنىدەك ئىش بولغان. ھەسەت قىلغۇچىلار ئىچىدە كەسىپداش ھەسەتخورلارنىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدە «ئاتامان» بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاز بىر قىسىم سەرخىللارنىڭ ئارامى بۇزۇلغان. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، يەنى 1986 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇ ياپونىيە شەرقىي ئوكيان ئاكادېمىيەسى ۋە كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش فوندىنىڭ تەكلىپى بىلەن ياپونىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېمىسىدا ئۈچ مەيدان لېكسىيە سۆزلىگەن.

چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاپ چىقىش پۇرسىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرگە ئاران نېسىپ بولۇۋاتقان بۇ يىللاردا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «مۇقام» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ياپونىيەگە چىققانلىقى بىر قىسىم ئەدىب - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قەلبىدىكى ھەسەت ئۇچقۇنلىرىنى گۇرۇلدىتىپ گۈلخانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۆزىنىڭ «يارقىن ئەسلىمىلەر» ناملىق كىتابىدا يازغىنىدەك «گول، ھەتتا بالىلارچە تۇز» (364 - بەت) مىجەزگە، «دۈشمەنلىك، قىساسكارلىق، رەشك - ھەسەت ئۇچقۇنىدىن خالىي» خاراكتېرگە ئىگە بۇ ئالىم كىتاب

دېڭىزىغا شۇڭغۇش، ئائىلىسىگە مەپتۇن بولۇش، تەتقىقات ۋە ئىـ-
جادىيەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان
بولغاچقا، كەسپىي ساھەدىكى رەشك قىلغۇچىلارنىڭ قەلبىدە قۇت-
رىغان قارا قۇيۇننىڭ دەرىجىسىنى دېگەندەك توغرا مۆلچەرلىيەل-
مىگەن. كىتاب ئوقۇش، پىكىر قىلىش ۋە يېزىقچىلىق ئۇنىڭ ھا-
ياتىنىڭ بارلىقى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىشىنى پۇختا قىلىشقا ئادەتلەنگەن
بولغاچقا، دوست تارتىشىپ ياشاشنى، مۇرىت ـ مۇخلىس توپلاش-
نى، ئەتەي ئاممىۋى مۇناسىۋەت ھەرىكىتى پەيدا قىلىشنى ياقتۇر-
مايتتى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يوللىرىدا سوكۇلداپ يۈرۈشنى
ئاۋارىچىلىك دەپ بىلەتتى. يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىقتىن بىزار
ئىدى. يامان يېرى، دوست تارتىشىپ ياشاشنى دائىمىي ئادەت
قىلغان، ھەر خىل مەرىكە سورۇنلىرىنىڭ تۆرىدە داستىخان مۇ-
شۇكىدەك ھازىر بولۇشنى ئادەمگەرچىلىك ھېسابلايدىغان، ئاغزىدا
گېپى بار ياغلىما ئېغىز زىيالىيلارنى چوڭ بىلمەيدىغان ئۇيغۇر
جەمئىيىتى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىدەك ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ
ئىدىيال غايىسىگە سەرپ قىلىشنى ئەلا بىلىدىغان تىپىك ئالىمغا
خاس مىجەز ـ خاراكتېردىكى ئادەملەرنى تەبىئىي ھالدا يەكلەيتت-
تى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مىجەزىدىكى بۇ خىل ئاجىزلىق ھە-
سەتخورلارنىڭ مەسخىرىۋازلىق قىلىدىغان، پىتنە ـ ئىغۋا ۋە-
رۇسلىرىنى تارقىتىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك «ئاتموسفېرا»سى ئىدى.
«تۈرمۈش ماھارەتلىرىگە ماھىر بولمىغان»، «گول، ھەتتا باللارچە
تۈز» مىجەزگە ئىگە ئۇنىڭدەك ئالىم بۇ خىلدىكى مەككار مەسخى-
رىۋازلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك ئوبيېكتى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟!
نادان، ھەتتا ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق مىڭلىغان
گالۋاڭ كىشىلەر بۇنداقلار كۆڭۈل قويۇپ پەيدا قىلغان مەسخىرە
كۈلكىلىرىگە قۇرت يېگەن ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجى-
دە كالچاراپ ئەگەشمەي قالاتتىمۇ؟ شۇنداق قىلىپ، ھەسەتخور

مەسخىرىۋازلارنىڭ دېمىگىنى قالمىدى، گالۋاڭ ئەگەشكۈچىلەر قىيقاس - چۇقان سېلىپ بەردى، ئۇلار مەسخىرە كۈلكىسىنى جەمئىيەت بويلاپ ئومۇمىي خور شەكلىدە ياڭراتتى.

جاھاندىكى ئەڭ ئاسان ئىشلارنىڭ بىرى مەسخىرە قىلىش تۇرسا، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشقا مادارى يەتمەيدىغان، ئىلمىي قۇۋۋىتى ئاجىز، تەپەككۇرى دەلدۈش ئاتالمىش تەتقىقات- چىلار مەسخىرە ۋاستىسىنى تاللىماي قالامتىمۇ؟! پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق، قۇلىقىغا كىرگەنلا گەپكە ئىشىنىدىغان نادان باي- قۇشلار ئۇلارغا ئەگەشمەي قالامتىمۇ؟! تەيلېسمۇ نەدىكى بىر دې- دەكنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە دۇچ كەلگەن ئەمەسمىدى؟

قەدىمكى گىرېتسىيەدىكى يەتتە دانىشمەن پەيلاسوپنىڭ بىرى بولغان تەيلېس بىركۈنى كۆككە قاراپ كائىناتنىڭ سىرى ھەققى- دە تەپەككۇر قىلغاچ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر سۇ ئازگىلىغا چۈ- شۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن بىر دېدەك ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، «نېمىدېگەن كۈلكىلىك، ئەتراپىڭدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيسە- نۇ، يەنە شۇ ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنى ئويلايسەن» دەيدۇ. تەيلېس بۇ دېدەككە دەرمەھەل رەددىيە بېرەلمەي قالىدۇ. تاماق يېيىش ئۈ- چۈنلا ياشايدىغان بۇ دېدەك، ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيدىغان تەيلېس- نىڭ كۆككە تىكىلگىنىچە، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ شەيئىلەر ئۈستى- دە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدىغان ئۇلۇغلۇقىنى مەسخىرە قىلىشتا، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىغا بىر نان كەلمەيدىغانلىقىنى نە- زەردە تۇتقان، ئەلۋەتتە. پۈتكۈل ھاياتى يېيىش، ئۇخلاش، ئۆلۈش تەرتىپى ئىچىدە بولىدىغان دېدەك تەنھا ئولتۇرۇپ مۇلاھىزە قى- لىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولغاچقا، مۇتەپەككۇرنىڭ ۋۇجۇدى- دىكى ئۇلۇغلۇقنى چۈشەنمەيدۇ - دە! بۇنداقلار باشقىلارنىڭ كۈل- كىلىك يەرلىرىنى كۆرىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ روھىدىكى پۇچەكلىك ۋە رەزىللىكنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇڭا، گېگېل ناھايىتى قاملاش-

تۇرۇپ: «مەڭگۈ ئازگال ئىچىدە يېتىپ كۆككە قارىمايدىغان كى-
شىلەرلا ئازگالغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دېگەنىكەن. گېگېل ئېيتقان
«كۆككە قاراش» — غايە، ئېتىقاد، ئىزدىنىش، قىزغىنلىق، مەس-
ئۇلىيەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق قاتارلىق يۈكسەك روھىي قىممەتلەرنى
كۆرسىتىدۇ. كۆككە قاراپ چەكسىز ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ئاشۇ
ھەيۋەتلىك ھەم تەڭداشسىز ھەققانىيەتنى سۆيگەنلىك ھېسابلىنى-
دۇ. يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان بىپايان كۆككە باققاندىكى ئوي —
پىكىر تۇرلۇك — تۇمەن بولىدۇ. ئۇ ئادەمدە ھايات ۋە جەمئىيەت
ھەققىدىكى يېڭى چۈشەنچە ھەم بىلىشنى شەكىللەندۇرىدۇ. «رو-
ھىي ھادىسىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىشنى ئادەت قىلمىغان ھايات ئاد-
دىي ھاياتتۇر. ئاددىي كىشىلەر كۇنبويى لاغايلاپ يۇرۇپ، سەزگۇ
ئەزالىرىنى غىدىقلاپ كۇن ئۆتكۇزۇش ئارقىلىق مەنىسىزلىكىنى
تۇگەتمەكچى بولىدۇ» (شوپىنخاۋېر)، بىراق ھەقىقىي زىيالىي ئو-
مۇم ئېتىراپ قىلىدىغان ئاممىۋى ئۆرپ — ئادەت بويىچە ئىش
قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بې-
رىش يولى بىلەن ئابرۇي ئىزدەيدىغان چالا زىيالىيلاردەك، لاغايلاپ
كۇن ئۆتكۇزۇشكە ئادەتلەنگەن غايىسىز كىشىلەردەك ھەم باش-
قىلارنىڭ كۇلكىلىك يەرلىرىنىلا كۆرىدىغان «دېدەك»لەردەك مۇن-
داقلا ئورۇنلاشتۇرمايدۇ، يۇكسەك غايىگە ئىگە زىيالىيلار ھەرقاند-
داق ئىشتا غايىسىنى چىقىش قىلىدۇ. غايە — مەقسەتلىرى يۇك-
سەكلىكتىن خالىي ئادەتتىكى كىشىلەر سۇمۇرغىنىڭ خىيالىنى
قۇشقاچ نەدىن بىلسۇن، دېگەندەك روھىي سۇپەتتە ياشىغاچقا،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمىدە ئەرزىيدۇ، دېگەن نەرسىلەرگىلا كۆ-
ڭۇل بۆلىدۇ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ غېرىچىدا غېرىچلاپ ياشايدۇ،
خالاس!

كەسىپداش ھەسەتخورلار ئۆزئارا دوست تارتىشىپ ئىغۋا توقۇپ
كۆڭلىنى بەزلەۋاتقان، ھاماقەتلەرنى توپلاپ ھاقارەتلىتىپ «خەلق

ئۇنىڭدىن بىزار بولدى» دەپ ئۆز كۆڭلىنى ياسىشىپ يۈرگەن پەيتتە، موڭغۇل يازغۇچى مىلك چىببىي بىلەن ئايالى لو لۇلۇ بىر-لىشىپ يازغان ئەدەبىي ئاخبارات «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرى-لەش»نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەتتە زىلزىلە قوزغىشى، ئۇلارنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىققان. بۇ ئەدە-بىي ئاخباراتتا پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇتە-پەككۇرانە ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يېزىلغاچقا كەسپىي ھەسەت-خورلار پەقەتلا چىدىيالماي قالغان.

«ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-بى»نىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئىچىدە تۇرۇپمۇ تەپەككۇر تۇرمۇ-شىنى ئەلا بىلىپ، «ئېغىر ھاقارەت قايناملىرىدىكى پىسەنتسىز ئويلانغۇچى سۈپىتىدە» («يارقىن ئەسلىمىلەر»گە قاراڭ) ئىجادىيەت بىلەن ياشاپ ئادەتلەنگەن بۇ پەيلاسوپ مەسىلىلەرگە ئىنكاس بىل-دۈرۈشتە ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق، تەمكىن ئىدى. ئۇ كەسىپ-داش ھەسەتخورلارغا جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنداق غەزەل يازغان:

مىڭ توخۇنىڭ تاقلىشى بۈركۈت كەبى پەرۋاز ئەمەس،
چۇرقىراپ سايراشلىرى بۇلبۇل كەبى ئاۋاز ئەمەس!

پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆز ۋەزنىنى ئىد-راكىي ھالدا دەڭسەپ تۇرۇپ يازغان بۇ خىلدىكى شېئىرىي جاۋاب ۋە رەددىيەلىرى ئۇلارنىڭ قېتىغىمۇ كەلمىگەن. ئۇلار ھەر خىل «ئەپچىل» ئۇسۇللار بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلىپ بۇ «موللا بوزەك» («يارقىن ئەسلىمىلەر»گە قاراڭ) ئالىمنى بوزەك قىلىپ، يەكلەپ ئىلاجسىز قويغان. بىر پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئۇ يەككە - يېگانىلىككە موھتاج ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى تەنھالىق مۇتەپەك-كۇرنىڭ مەكتىپى دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل يەككە - يېگا-نىلىك باشقىلارنىڭ چەتكە قېقىشىنى ئەمەس، بەلكى شاۋقۇن - سۈ-

رەندىن خالىي هالدا مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى كۆرسىتەتتى. ھەرگىزمۇ بوزەك قىلىپ چەتكە قېقىشنى، مەسخىرە قىلىپ خۇ- نۇكلەشتۇرۇشنى كۆرسەتمەيتتى. ھەر خىل كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە يەتكۈچە ئۇچرىغان، يار - يۆلەكسىز، تەنھا قالغان بۇ پەيلاسوپ ئاخىر سۈكۈت قىلىش يولىنى تاللىغان. شۇنىڭ بىد- لەن ئۇ ئېسىل پەلسەپىۋى شېئىرى «سۈكۈنات»نى يازغان:

سۈكۈنات — بەزىدە زېھىن ۋە بىر پەم،
سۈكۈنات — بەزىدە مۇزدەك مەسخىرە.
سۈكۈنات — بەزىدە ئامالسىز بىر غەم،
سۈكۈنات — بەزىدە مەغرۇر تەنتەنە.

سۈكۈنات — بەزىدە ئېرىشكەن ئارمان.
سۈكۈنات — بەزىدە كۆز ئاچقان ئىلھام.
سۈكۈنات — بەزىدە ئېغىر ئىمتىھان،
سۈكۈنات — بەزىدە خار تۇيغۇ تامام.
سۈكۈنات — بەزىدە تىلەك - ئىلتىجا،
سۈكۈنات — بەزىدە ھېسداشلىق تۈگەل.
سۈكۈنات — بەزىدە كەشىپ - ئىختىرا،
سۈكۈنات — بەزىدە ئۆلۈمگە بەدەل.

پاتىپاراق يىللارنىڭ ئاي - كۈنلىرىدە،
دەقىقە سۈكۈنات قەدرى گويا زەر.
تاپىدۇ سۈكۈنات ساھىللىرىدىن
ئەڭگۈشتەر، يىراقتا نەزەر سالغان ئەر.

ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇشتا سۈكۈت كەم بولسا بولمايدۇ.

پەيلاسوپلار سوكوت قىلىش پىشىپ يېتىلگەنلىك، دەيدۇ. مۇ-
تەپەككۇرلار سوكوت قىلىش ئېسىل پەزىلەت، دەيدۇ. مائارىپشۇ-
ناسلار سوكوت قىلىش ئەقىل - پاراسەت، دەيدۇ. سەنئەتكارلار
سوكوت قىلىش سېھرىي كۈچ، دەيدۇ. شۇنداق، سوكوت قىلىش
ئېرىشمەك تەس بولغان پىسخىكىلىق ساپا ۋە قىممەتلىك جاھان-
دارچىلىق يولى.

ئەمما، ھەرقانداق ھەقىقەت شەرتلىك بولىدۇ، سوكوت قىلىش-
مۇ شۇنداق. ئالتۇندەك سوكوت قىلىش ۋە ئېغىز ئاچماسلىق ئا-
ۋازسىزنىڭ ئاۋازلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەگەر بىز دائىم سوكوت قىلىشنى ئادەت قىلغان بىر ئادەمنى تە-
لەيلىك دېسەك، ئۇنداقتا سوكوت قىلىشقا ئادەتلەنگەن كوللېكتىپ
ۋە مىللەتنىڭ كۆپىنچىسى بەختسىز بولىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ
بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى بىر خىل ھەسرەت. ئاجىز-
لىق ۋە قورقۇنچاقلىقنى سوكوت قىلغانلىق دېمەيمىز، ئۆزىگە ئۆ-
زى تەمەننا قويۇشنى سوكوت قىلىش دېمەيمىز، نېمە قىلارىنى
بىلمىگەنلىكنى سوكوت قىلىش دېمەيمىز، قول قوۋۇشتۇرۇپ
قاراپ تۇرۇشنى سوكوت قىلىش دېمەيمىز، بىخۇدلۇق قىلىشنى
سوكوت قىلىش دېمەيمىز... چۇقان ۋە مۇنازىرىدىن يىراق تۇرغان-
لىقنى سوكوت قىلىش دېگەندىن كۆرە، ئامالسىز قالغانلىق، ھەت-
تا توخۇ يۈرەكلىك دېگەن تۈزۈك. قىسقىسى، گەپ قىلىش بىلەن
سوكوت قىلىش بىر - بىرىگە ماسلاشقان ياخشى.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ سوكوت قىلىشى
ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىق ياكى بېشىنى تىقىۋېلىش خاراكتېرىدى-
كى سوكوت قىلىش ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇ ئۇنىڭ ئۆز سۆزى
بىلەن ئېيتقاندا، «تەپەككۇر ئۆركىشىدە شەكىللەنگەن، ئىرادە ئار-
قىلىق تورمۇزلانغان بىر مەزگىللىك ئالاھىدە روھىي كەچۈر-
مىش»ى ئىدى. ئۇ ساغلام پىسخىكىلىق ساپاغا ئىگە بىر پەيلاسوپ

بولۇش سۈپىتى بىلەن تىنىمسىز ھەسەت ئوقلىرىنى ياغدۇرۇۋاتقان
ھەسەتخورلارنى «رەقىب ۋە كۈشەندىلىرىڭ ــــ سېنىڭ نازارەتچى-
لىرىڭ ۋە ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تىزگىنلەش سىگنال ـ بەلگىلىرىڭ»
دەپ قارىغان ھەم ئۇلاردىن ئۆزىگە يېتىۋاتقان ئازار ۋە ھاقارەت-
لەرگە جىلە بولۇپ، چۈشكۈنلىشىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويماس-
تىن، «مەيلى يىغلاي ياكى كۈلەي، مەيلى چۈشىنىلەي ياكى چۈ-
شىنىلمەي ئۇيغۇرنىڭ ئاق كۆڭۈل پەرزەنتى بولۇپ تۆرەلگىنىمگە
ئىپتىخارلىنىمەن» («يارقىن ئەسلىمىلەر» 360 ـ بەت) دەپ كەڭ
قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن. ئۇ مىللىتى
ئىچىدىكى بۇنداق ئەسەبىي ئىللەتنى جارى قىلدۇرۇپ ياشاپ ئا-
دەتلەنگەن ھەسەتخورلار بىلەن پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق نا-
دانلارغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنغان. ئۇ 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ
ھەسەتخورلۇق باش تېما قىلىنغان بىر قاتار مۇھاكىمە ماقالىلە-
رىنى يېزىپ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىسىدىكى رە-
زىللىكلەرنى ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ، ئىنتايىن چوڭ-
قۇر ئوپېراتسىيە قىلغان. مەسىلەن، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ــــ
مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەق-
قىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىل-
لەت»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» قاتارلىق ئۆتكۈر تەنقىدىي
روھتىكى ماقالىلىرى دەل شۇ يىللىرى يېزىلغان. بۇ ماقالىلەرنى
جەملىسە، «رەزىل ياپونىيەلىكلەر»، «رەزىل ئامېرىكىلىقلار»، «رە-
زىل جۇڭگولۇقلار» (ئاپتورى: بەي ياڭ) دېگەن مەشھۇر كىتابلار-
دەك خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئىللەتلىرى نەزەرىيە يۈك-
سەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ تەنقىد قىلىنغان «رەزىل ئۇيغۇرلار» نام-
لىق كىتاب بولىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ نادىر ماقالى-
لىرىنى ھەرگىزمۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش، تارتقان
ئىچ ئاچچىقلىرىنى تۆكۈۋېلىش مەقسىتىدە يازغان ئەمەس. بەلكى

ھەربىر روھىي ۋە ئىجتىمائىي ئىللەتنىڭ قانداق تارىخىي ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەقدىرى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغان. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ماقالىلىرىنىڭ تۈنجىسى بولغان «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق ماقالىسىدىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ئەندىشە ئېڭى كۈچلۈك پەيلاسوپ مۇنداق يازغان:

*«ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت. قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ، بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نېمە؟ روشەنكى، تىلنى تاشقى پوست، قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللىي ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خالاس. گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتكە يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللىي روھىيەت لازىم. مىللىي روھ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغاندا ئېتىقاد، مىللىي ئەنئەنە، يېڭىلىققا ئىنتىلىش، مەنىۋى يېتەكچىلىك نوپۇزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇنداق بىناكارلىقنى بۇزۇشتىن ھالاكەت، تۈزەشتىن گۈللىنىش كېلىپچىقىدىغانلىقى ئاددىي، ئەمما بىزدە ئەستىن چىقىرىلغان ھەقىقەت. مەنىۋى قەھرىمانلىق ۋە غايىۋى يولباشچىلىق داستانلىرىنى ياراتقان خەلقنىڭ بىردىنلا ھەسەتخورلۇق ئۇچقۇنلىرى بىلەن بەند بولۇشىنىڭ تەكتىدە تارىخ نېمىنى پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش مۇشكۇل ئەمەسقۇ!»*



مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ مۇتەپەككۇرانە تەھلىلى ۋە يىراقنى كۆرەر ئەندىشىسى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەت-كە ئىگە. بولۇپمۇ بۇ بىر ئابزاس تەھلىلىنىڭ ئىچىدىكى «مىللىي

روھىيەت» گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل، دېگەن نەزەرىيەۋى يەكۈن بەكمۇ دانىشمەنلىك بىلەن ئېيتىلغان. بىر مىللەت كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە ئالدى بىلەن مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. بۇنداق پەيتتە مىللىي روھنىڭ ھەرىكەتچانلىقى تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك، تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بىر مىللەت مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىغا يۈزلەنگەن ياكى كىرىزىستىن قۇتۇلۇپ گۈللىنىشكە يول ئالغان پەيتلەردە، مىللىي روھ قايتا ـ قايتا دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. مىللىي كۇلتۇرەل كىملىك ئاساسىدا يېتىلىدىغان مىللىي روھ بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە مەنىۋى خىسلىتى، تەپەككۇر ئادىتى، قىممەت يۆنىلىشى ۋە مىللىي خاراكتېرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي روھ بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ماكانىنىڭ ئىچكى يادروسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ۋ ياڭكاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «مەنىۋى ماكان» مەجمۇئەسىدە «مەنىۋى ماكان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوخشىمىش تۇسىنى ئالغان ئېيتىم بولۇپ، ئۇ بىۋاستە ھالدا كىشىلەرنىڭ ماددىي ماكانىغا تەمسىل قىلىنىپ، كىشىلەردىكى قەلب ئىستىكى ۋە روھىي تەلپۈنۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ، بەزىدە مەنىۋى ماكان مەلۇم بىر دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلىنىپ، ئادەمنىڭ روھىي پاناھگاھىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ئىدراكىي تەپەككۇر ۋە غايە ـ ئېتىقاد ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان كۇلتۇرەل كىملىك ۋە مەنىۋى ھاۋالىنى كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى ماكان بىر ئادەمنىڭ روھىي پاناھگاھىنى كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ ياكى بىر توپ ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللىي روھنىڭ مەنىۋى ماكاندىكى روھىي ئورنى ۋە رىشتىلىك رولى زور.

پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ روھنى تەكىتلىشى

ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىدىكى مىللىي «روھنى ساغلاملاشتۇ-
رۇش ــــ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن نۇق-
تىئىنەزىرىدىن كەلگەن. ئۇ ساغلام بولمىغان مىللىي روھ مىللەت
يۈزلەنگەن مەۋجۇتلۇق كرىزىسىنى ھەل قىلىشقا ئاكتىپ ئې-
نېرگىيە ھاسىل قىلىپ بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە مىللەت-
نى تېخىمۇ خاراب قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى
نۇقتىئىنەزەرنى ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆ-
تۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ھەسەتخورلار تەرىپىدىن چىرمى-
ۋېلىنغان مىللەت»، يەنى روھىي دۇنياسى كېسەللەنگەن مىللەت-
نىڭ ئانا تىلىمۇ ئۇنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئەمەس، زالالىتى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ دانا ھۆكۈم كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئا-
دەتتە تىلنىڭ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىدا تەڭداش-
سىز قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئومۇمىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن قا-
راش. گېرمانىيەلىك مۇتەپەككۇر ۋىلھېلىم فون ھۇمبولت «مىللىي
روھ ۋە مىللىي خاسلىق دېيىشكە بولىدىغان بارلىق ھادىسىلەر
ئىچىدە، پەقەت تىللا مىللىي روھ ۋە مىللىي خاسلىقنىڭ ئەڭ
يوشۇرۇن سىرلىرىنى بايان قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ»، مۇنداقچە
ئېيتقاندا، «تىل خۇددى مىللىي روھنىڭ سىرتقى ئىپادىسىگە
ئوخشايدۇ، مىللىي تىل مىللەتنىڭ روھى دېمەكتۇر، مىللەتنىڭ
روھى مىللىي تىل دېمەكتۇر، بۇ ئىككىسىنىڭ بىردەكلىكى كىشى-
لەرنىڭ ھەرقانداق تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ» دەيدۇ.
ھۇمبولتنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، تىل پەقەت
ھېسسىيات ۋە مەنە ئىپادىلەشتىكى بەلگە ھەم ۋاسىتە بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئىجاد قىلىش پائالىيىتىدۇر. تىل
مىللەتنىڭ كۇلتۇر ئەندىزىسىنى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىجاد
قىلىدۇ، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەنىۋى پاسىلى ۋە مەنىۋى
ماكانىنى ئىجاد قىلىدۇ. دېمەك، ئاساسىي بىرلىك سۈپىتىدىكى

مىللىي تىل ئەمەلىيەتتە مىللىي كۇلتۇر ۋە مىللىي روھنىڭ بىر مەركىزىي قاتلىمى بولۇپ، ئۇ ھەم بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشتىكى ئاساسلىق بەلگىسى، ھەم بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس كۇلتۇرەل كىملىك ۋە مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسلىق بۇلىقى! گېرمانىيەلىك يەنە بىر مۇتەپەككۇر ھېيدېگىر مىللىي تىل توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تىل مەۋجۇتلۇق ئائىلىسىدۇر. تىل ھەم مىللەتنىڭ كۇلتۇرى ۋە مىللىي روھنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۇرالغۇسى بولۇپ، تىلنىڭ ئىپادىلىشى ۋە راۋاجى بولمىسا، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كۇلتۇرى ۋە روھى ئۇنىسىز ئالاقە داۋامىدا يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. بىر خىل مىللىي تىلنىڭ يوقىلىشى بۇ مىللەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنىڭ تۇشۇغۇچىسى قايتا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ مىللەتنىڭ كۇلتۇرى (مەدەنىيىتى) ئاللىقاچان تارىختىن يوقالغان بولىدۇ ياكى يېڭى بىر خىل مۇستەملىكە كۇلتۇرى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق كۈچلۈك مەنىۋى ماكان ۋە سىياسىي سىستېما ئىچىدىن ئۆزىگە قونالغۇ ئىزدەيدۇ.»

مىللىي تىل بىر مىللەتنىڭ مىللىي ھاياتىدا ۋە كۇلتۇرىدە شۇ قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تۇرسا، پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى «مىللەتنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دەيدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ يەردىكى چىقىش نۇقتا ئوخشاشمايدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تىلدىن ئىبارەت قورالنى مىللەتنىڭ قەلبىنى پارچىلايدىغان مەقسەتتە قوللىنىش مىللەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ھەسەتخورلارنىڭ تەپەككۇرى، روھىيىتى رەزىللىك بىلەن تولغان بولغاچقا، ئۇلار مىللىي تىلنى مىللەتنىڭ پايدىسىغا ئەمەس، بەلكى زىيىنىغا ئىشلىتىدۇ، دېمەكچى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە پەيلاسوپلارچە ھەسرىتى سىڭگەن.

دېمەك، 1987 ~ 1992 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئابدۇشۇكۇر مۇ-

ھەممەتئىممىنىڭ دۇنيا قارىشىغا، قىممەت قارىشىغا، خىزمىتىگە،
تۇرمۇشىغا، كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىش ئېر-
لىپ كەلگەن بىر قاتار چوڭ ـ كىچىك ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ
گاڭگىرىدى، تېڭىرقىدى، ئويلاندى، ئىزدەندى. كىرىزىس تۇيغۇسى
ئۇنى چىرمىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى تەڭپۇڭلۇقىنى تېپىش
ئۈچۈن ئۆزى ئۈستىدە، بولۇپمۇ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»
ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ باش پېرسوناژى بولۇش سۈپىتى بى-
لەن مىللەت گەۋدىسىنى چىرماپ تۇرغان ئىللەتلەرنىڭ ئوبيېك-
تىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندى. ئۇي-
غۇرلارنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى زادى قانداق؟ ئۇنى قانداق
خاراكتېرلەپ ئاتاش مۇمكىن؟ مىڭ چىبىي بىلەن لو لۇلۇ ئىج-
تىمائىي پەن مۇتەخەسسىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن «ئويلىنىش
ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى تۇنجى بولۇپ خاراكتېرلەپ
«قېيىداش پىسخىكىسى»، «يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى» دېگەن
ئىككى ئېيتىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئى-
مىن گۇمانىتار پەنلەر ئالىمى، ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشقا ما-
ھىر يېتىلگەن ئەدىب ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇر بولۇش
سۈپىتى بىلەن 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى يازغان «يىپەك يول-
دىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگىمۇشى روھى»، «يىپەك يولىدىكى بىر
چوڭ ئىللەت»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىلى-
رىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى «تۆگىمۇشى
روھى» دەپ ئاتاپ، چوڭقۇر تەنقىدىي تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئارىدىن
ئوننەچچە يىل ئۆتۈپ، تونۇلغان بىر ئوپتېكا ئالىمىمىز 2008 ـ
يىلى يازغان «ئەندىشە، چۈشكۈنلۈك ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن تېز
ئەسلىگە قايتىش ئىقتىدارى» ناملىق ماقالىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ
ھازىرقى روھىي ھالىتىنى «ئەنسىرەش روھى» دەپ، ئۇيغۇر ياش-
لىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى

«چۈشكۈنلىشىش روھى» دەپ ئاتىدى. دېمەك، بۇ قايتا ئويلىنىش-نىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مىللەت ئويغانغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىنكاس دەل قايتا ئوي-لىنىشتۇر! ھاياتىي كۈچى ۋە ئىستىقبالى بار مىللەتتە خىرىس ئېڭى بولمىسا، شۇنداقلا ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش روھى بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ. مىللەتنىڭ قايتا ئويلىنىشى ئىككى تە-رەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بىرى، ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش؛ يەنە بىرى، دۇنيانى قايتىدىن تونۇش كېرەك. ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئادىتىگە ئىگە بىر مىللەت، مۇشكۈلات ئىچىدە ئۆزىنى قايتىدىن تونۇپ، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلار «ھاياتىي كۈچى ۋە ئىستىقبالى» بار مىل-لەتمۇ؟

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق قارايدۇ: «ھەممىگە مەلۇم، قەدىمكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن مىللىي گۈرۈھلار بىر مەزگىل تۇرمۇش كەچۈرگەن يا-كى بۇ دىيارنى كېزىپ ئۆتكەن. ئەمما، پەقەت ئۇيغۇر خەلقىلا بۇ زېمىندا غوللۇق مەدەنىيەت يارىتىپ، ھەرقايسى قەلئە ـ قەبىلە-لەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گۈللەنگەن پارلاق يىپەك يولى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يا-پونىيەلىك خانىدا تورو، خانىدا ئاكىرا قاتارلىق غەربىي يۇرت مە-دەنىيىتى مۇتەخەسسىسلىرى يەكۈنلىگەن ئىلمىي ھۆكۈم.» ئابدۇ-شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىي كۈچى توغرىسىدا يەنە «ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا ـ تىجارەتتىكى پائالىيەتچانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلىغان خەلق»، «يىپەك يولىدا قارار تاپقان توققۇز مۆجىزىدار ھېكمەتنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان خەلق» دەيدۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۇنيا تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققى-يات ھەققىدە چوڭقۇر بىلىشكە ئىگە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-

ئېمىنىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللەت ئىدى.
ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللەت تەبىئىي ھالدا ئىستىقبالى بار مىل-
لەتتۇر. كەسكىن ئىجتىمائىي تەنقىدچىگە ئايلانغان ئابدۇشۇكۇر
مۇھەممەتئىمىن پارلاق ئىستىقبالنىڭ ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەي-
دىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە، بۇ ھەقتە مۇنداق چوڭقۇر پىكىرلەرنى
ئوتتۇرىغا قويغان:

*«بۇ مۇمكىنلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئەجىر - ئەمگەك
تەلەپ قىلىدۇ»، «مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ‹پال› ئاچىدىغان
بىرلا مىزان بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە
ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدۇر»، «كەسكىن رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇن-
ياغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش
قىممىتى بىلەن، راۋاجلانغان مىللەتلەر قاتارىدا گۈللەپ راۋاجلى-
نىش قىممىتى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەۋزەللىككە ئىگە رىقابەت
ئىقتىدارىغا باغلىق»، «نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن مەھرۇم ھالەتتە
مىللەتنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ قىم-
مىتى، ئىقتىدارى، نىسبىۋىسىنى ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. بىز-
نى ئەزەلدىنلا قايناق ھېسسىيات تۈرتكىسىدە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر،
ئەقىل - پاراسەت تەمكىنلىكىدىن ئايرىلىپ، تەلۋىلەرچە قارىسىغا
دەسسەپ كەلگەن خەلق دېيىش ئادالەتسىزلىك. خەلقىمىز ۋە قې-
رىنداشلىرىمىزدىن خېلى نۇرغۇن تەبىئەتشۇناسلار، تېبابەتشۇ-
ناسلار، ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە تىل ئالىملىرى، پەيلاسوپ - مۇتە-
پەككۇرلار، بىناكار — سەنئەتشۇناسلار يېتىشىپ چىققانلىقى
ھەممىگە روشەن، شەرقتە كۇماراجىۋا، غەربتە ئەل فارابى، شىمال-
دا تاتاتۇڭا، جەنۇبتا ئەبۇرەيھان بىرونى ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قا-
زانغان ئالىملار ئىدى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى،
فېئوداللىق بىكىنمە ھالەت تۈپەيلى نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئەۋزەل-
لىكىنى يوقاتتۇق. ئۇلۇغبېك ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەدىب - شائىر-*

لىقتىن باشقا بىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالەمشۇمۇل تەبىئىي پەن
ئالىملىرى چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي
سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا
مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دىمىمىزنىڭ يەت-
كىنى ناخشا بولدى! بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئار-
تۇق فىزىكلىرىمىز بولمىدى...»، «تارىخىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق
سەھىپىلىرى... كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەنىدى.
ئۇيغۇرلار دىغار، ھۇن، تىبلى قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلار-
نى بىرلەشتۈرۈپ جۇجان ۋە كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، تاڭ
سۇلالىسى سەلتەنەتىنى ئۆڭلۈك - سۆيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن
تۇبۇتلەرنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، يىپەك
يولىنى نەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويغان كۇچلەردىن تازىلاپ. ساما-
نىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەب خەلىپىلىكىگىچە
كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى — ئەرەب تىلى بىلەن
(بەيگىدىكى ئاتتەك) مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ ئىچكى ئۇيۇشۇش ۋە
سىرتقا قارىتا بىرلىك، ھەمدەملىكىنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىل-
غانىدى. ۋاھالەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى چېكىندۈرگەن.
ساك، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مە-
نىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە ئەھمەدشاھ قاراقاشى-
نىڭ (ئات ھەققىدە مۇخەممەس)، نامىلىق ساتىراسىدىكى ئەبگار
(ئات) ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى! بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ-
يۇشۇش كۈچى پەقەت مۇقام - مەشرەپ، تىل - ئەدەبىيات، توي -
تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - ئايەمنى ۋاستە قىلغان ئاددىي
ئېتنولوگىيەلىك ئالامەتلەردىلا قالدى»، «قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ،
مەنسەپ تاپسا ئۆيمۇئۆي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە - مەدىنىگە
زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا - پاقالچاق، ئۆپكە - ھې-
سىپ چاغلىق تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربىتى يەتمىگەن خەلقنىڭ
ئەسىر ئالماشقان بىلەن رىزىق - نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟»، «ئېيى-

تىش كېرەككى، ھەربىر ئادەمنىڭ، مەيلى تۇغما قابىل ياكى سا-
ھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم - سەنئەت
بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىيا-
سىيون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مە-
ئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە
تەقدىر - قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادى-
سى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ
ھالقىپ - قاچقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇ تەۋە ئېتنىك تۇر-
كۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا
بۇ شەخس تەقدىرىنىڭ مىللەت ھالىتىگە بېقىنىش قانۇنىدۇر.»

پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مىللەت ھەققىدە مانا
مۇشۇنداق چوڭقۇر دەرىجىدە قايتا ئويلىنىپ، ھەيران قالارلىق
پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ كۈچلۈك كىرد-
زىس ئېڭى ئىپادىلەنگەن قايتا ئويلىنىش خاراكتېرىدىكى ماقالى-
لىرى جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلىپ، ئومۇمىي كەيپىيات
شەكىللەندۇرگەن. نەتىجىدە، بىر تۈركۈم قەلەمكەشلەر مۇشۇ
خىلدىكى ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشكەن.
بۇ يىللاردا بۇ پەيلاسوپنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىمۇ
چوڭقۇر بولغان. رېئالىستلاشقان، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە قىزىق-
قان. ئۇنىڭ تەتقىقات، ئىجادىيەت ئىشلىرى يېڭىباشتىن جانلى-
نىپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. كىتابلىرى نەشرىيات ئورۇن-
لىرىنىڭ ئوك كۆز بىلەن قارىشىغا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ،
ماقالىلىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» بىلەن
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»دە
ئارقىمۇئارقا ئېلان قىلىنغان. 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى
بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇساپىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىنى
سەمىمىي رەۋىشتە خۇلاسىلەپ يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق

ئېسىل ماقالىسىنىڭ «ئارىغلىق يېشى» ناملىق بۆلىكىدە ئىدىيەۋى تونۇشىدىكى سەكرەش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى تەن ئالغان.

ئۇنىڭ 1990 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى چۈشىنىشتە ھەم مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى يول ئېچىپ بەرگەن. يامان يېرى نەشرىيات ئورۇنلىرى ئالىمنىڭ يېقىندىن يېزىپ تاماملىغان كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمىگەن. ئۇ بىر قىسىم ماقالىلىرىدە بۇ جەھەتتىكى نارازىلىقىنى خېلىلا كۈچلۈك تىلغا ئالغان. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان ۋە تۈزەتكەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئائىلە» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بىر ـ بىرلەپ نەشر قىلىنغان. ئىلمىي قىممىتى زور بۇ ئەسەرلەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ھەسسىلەپ ئاشقان. ھاياتىدا پاھ، دېگۈدەك بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالىسى يوق تۇرۇپ، ئالىم سانىلىپ يۈرگەن ئاتالمىش ئالىملار بىلەن ئۇنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بارلىقىنى بارا ـ بارا چۈشىنىپ يەتكەن. «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا»، «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا يېپيېڭى تۈس قوشقان. كىشىلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن بۇ ئەزىمەت ئالىمنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك زور ئىلمىي ئەمگەك قىل-

ئېسىل ماقالىسىنىڭ «ئارىغلىق يېشى» ناملىق بۆلىكىدە ئىدىيەۋى تونۇشىدىكى سەكرەش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى تەن ئالغان.

ئۇنىڭ 1990 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىز- نى چۈشىنىشتە ھەم مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا يې- ڭى يول ئېچىپ بەرگەن. يامان يېرى نەشرىيات ئورۇنلىرى ئالىم- نىڭ يېڭىدىن يېزىپ تاماملىغان كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ئاز- راقمۇ پۇرسەت بەرمىگەن. ئۇ بىر قىسىم ماقالىلىرىدە بۇ جەھەت- تىكى نارازىلىقىنى خېلىلا كۆچلۈك تىلغا ئالغان. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان ۋە تۈزەتكەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «قۇتادغۇ- بىلىك خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «قەدىمكى مەركى- زىي ئاسىيا»، «ئائىلە» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتى- دىن كېيىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر قىسىم زىيا- لىيلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بىر ـ بىرلەپ نەشر قىلىن- غان. ئىلمىي قىممىتى زور بۇ ئەسەرلەر نەشر قىلىنغاندىن كې- يىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ھەسسىلەپ ئاشقان. ھاياتىدا پاھ، دېگۈدەك بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالىسى يوق تۇرۇپ، ئالىم سانىلىپ يۈرگەن ئاتالمىش ئالىملار بىلەن ئۇنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بارلىقىنى بارا ـ بارا چۈشىنىپ يەتكەن. «بالاساغۇن- نىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلى- نىش»، «سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا»، «چىن ۋە ماچىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا يېپيېڭى تۈس قوشقان. كىشىلەر ئەنە شۇ- نىڭدىن كېيىنلا چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن بۇ ئەزىمەت ئالىمنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك زور ئىلمىي ئەمگەك قىلى-

غانلىقنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يەتكەن. سانىسا بارماق توشقۇدەك ئالىمى بولمىغان ئۇيغۇرلا ئەنە شۇ چاغدىلا ئەرەبلەرنىڭ «بىر ئا-لىمنىڭ قازا تېپىشى، بىر كۇتۇپخانىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى بىلەن باراۋەر!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن.

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇرغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈم-لىدىن تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى ھەم يېتەكچىلىك رولىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئۇجابىي تەسىرى-نى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بې-رىشنى ئۆزىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە تۇپ ۋەزىپىسى قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، مۇقام، سەنئەت، ئېستېتىكا، فولكلور، دىن، مائارىپ، تېبابەتچىلىك، تىل، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنداق زور ئەمگەك ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر سەرپىياتىنىڭ تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىز-دىنىش، پىكىر قىلىش، يېزىش ھالىتىدە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شۇنداق ياشىدى ھەم شۇنداق ئۆزگىچە خا-راكتېرىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشتەك كۈچلۈك خاراكتېرى، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىزدىنىش روھى، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك پىدا-كارانە خىسلىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇنى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى زاماندىشلىرىدىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆپ ئارتۇق بولغان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ۋە يول ئاچقۇچى ئالىم بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئۇ تەتقىقات ئەمەلىيىتىدە يول ئاچقان يەنە بىر يېڭى ساھە
ئائىلە تېمىسى بولدى.

مۇتەپەككۇرانە نەزەر بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈش ـ كەچ-
مىشىدە كۆرۈلگەن تارىخىي ھادىسىلەرگە ۋە بۇ ھادىسىلەرنىڭ
ماھىيىتىگە يوشۇرۇنغان تەقدىر ـ قىسمەتنى بەلگىلىگۈچى ئا-
مىللارغا قارىتا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن بۇ پەيلاسوپ، 1980 ـ
يىللاردىن كېيىن مىللىي ھاياتىمىزغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەل-
گەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ دولقۇنلىرىنى قانداق كۈتۈۋې-
لىش ھەققىدە يېتەرلىك ئىدىيەۋى تەييارلىقى يوق بۇ قەدىمىي
خەلقنىڭ يېڭى بىر خىل مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ بۇ خىل مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىگە ئۇنۇم-
لۈك تاقابىل تۇرۇشتا كېرەكلىك ئىمكانىيەتلەر ئۈستىدە چوڭقۇر
ئويلانغان. ئاخىر ئۇ، ئەڭ مۇھىم چارە «مىللەتنى تۇغىدىغان ۋە
يېتىلدۈرىدىغان بۇلاق ــ ئائىلە»نى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تو-
نۇپ يەتكەن. ئۇ «ئائىلە ــ كۈچ! ئائىلە ــ ماگنىت مەيدانى! ئا-
ئىلە ــ ئۇيۇشتۇرغۇچى رىشتە!» دەپ ئائىلىنىڭ رولىغا ئىنتايىن
جىددىي قارىدى. شۇنىڭ بىلەن 1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قولىغا
قابىل قەلىمىنى ئېلىپ، ئۆزى ئەزەلدىن قەلەم تەۋرىتىپ باقمى-
غان بىر ساھەگە، يەنى ئائىلە تېمىسىغا ئات سالغان. مۇتەپەككۇ-
رانە قەلەم بىلەن ئىنچىكە ھەم ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ
يېزىلغان «ئائىلە» ناملىق بۇ ئېسىل كىتابنىڭ بېشىدا ئۇ، ئائى-
لىنىڭ مەنىسى ۋە ماھىيىتىگە ئىجادىي جاۋاب بېرىپ، ئائىلىنىڭ
نېمىلىكىنى تۆت مۇھىم ئامىل ۋە سەككىز مۇھىم شەرت ئاستى-
دا ئىزاھلىغان. تېرەن پىكىرلىك بۇ پەيلاسوپ ئائىلىنىڭ مۇھىم-
لىقىنى تەكىتلىگەندە، ئىنتايىن كەسكىن تەلەپپۇزدا: «بىر خەلق-
نىڭ ھېچقانداق بىر ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي تەشكىلى ياكى
ئورگانلار سىستېمىسى بولمىغاندىمۇ، مۇئەييەن تىپتىكى ئائىلە
سىستېمىسى، مۇنتىزىم ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئادەتلىرى بولۇشى

كېرەك!»، «بىر ئادەمنىڭ ھېچنېمىسى بولمىغاندىمۇ، ئۇ جەزمەن
مۇئەييەن ئائىلىگە باغلانغان بولۇشى، باشقىچە ئېيتقاندا ھەرگىز-
مۇ ئائىلىسىز بولماسلىقى لازىم!» دېگەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-
ئىمىن ئائىلىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمەي تۇرۇپ ئائىلىنىڭ
رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىت-
لەپ: «بىر ئۆمۈر ناۋايلىق قىلغان بىر ناۋاي نان دېگەن نېمە؟ دې-
گەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن»، شۇڭا ھەركىم ئا-
ئىلىنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىشى
كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئائىلە قارىشى ئاجىزلاپ، ئا-
ئىلە ئېڭى تۆۋەنلەپ كەتكەن بىر خەلقنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش مۇ-
ھىتى ۋە مەنىۋى مۇھىتتا دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئوبيېك-
تىپ ۋە سۇبيېكتىپ زەربىلەرنى توغرا مۆلچەرلىيەلىشى، ئائىلى-
نى زىددىيەت ۋە پاراكەندىچىلىكلەردىن ئۇنۇملۇك ساقلىيالىشى،
ئائىلىنى مەجرۇھ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان خىلمۇخىل كىرد-
زىسلاردىن ماھىرلىق بىلەن قۇتۇلۇپ كېتەلىشى بەسى مۇشكۇل
ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئائىلىنىڭ رولىنى مىللەتنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقى ۋە يۈكسەلىشىگە كۆتۈرۈپ مۇنداق خىتاب قىلغان: «ئا-
ئىلىسىز مىللەت ۋە جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس!»، «ئائىلىنىڭ
ۋەيرانچىلىقى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا ئېلىپ
بارىدۇ»، «ئائىلە مىللەتنى تۇغدۇرغان ۋە يېتىلدۈرىدىغان بۇلاق»،
«مىللەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نەرسە تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا
ئائىلىدىن ئىبارەت»، «ئائىلە مىللىي ھاياتنىڭ مەنبەسى!»،
«ساغلام، ئىناق، مەدەنىي ئائىلە بىر مۇنەۋۋەر مەكتەپ». ئابدۇشۇ-
كۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ يارقىن خىتابلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ھەم
ئىخچام قىلىپ «ئائىلە مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ» دەپ
جاكارلىغان. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بەش تۈرلۈك ئىزاھات بەر-
گەن: «ئائىلە — مىللەتنىڭ نەسىل بۆشۈكى، ئائىلە — مىللىي
تىلنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئائىلە — مىللىي پسىخىكىنىڭ شە-

كىلىنىش بولىقى، ئائىلە — مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈ-
دىغان تۈنجى ئوچاق، ئائىلە — مىللىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئور-
تاقلىقىنىڭ بىرىنچى ھالقىسى.» ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىنىڭ رولىنى
مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان
قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «ئائىلە مە-
دەنىيىتى گۇمران بولغان، ئائىلە ئەخلاقى ۋەيران بولغان، بىر -
بىرىدىن سەرسان، باشباشتاق، مەسئۇلىيەتسىز ئەزالاردىن تەركىب
تاپقان ئائىلىلەر كۆپەيگەن خەلقنىڭ ئەجدادلىرى ئاجايىپ بەختى-
يارلىق داستانلىرىنى ياراتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنداق
مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى پاجىئەلىك ھېكايىلەرنىڭ پېرسوناژلىرى-
دۇر، خالاس!»، «قەبىلە، مىللەت ئائىلىدە ئاپىرىدە بولغان، ئۇنىڭ
گۈللىنىشى ياكى ھالاكىتىمۇ ئائىلىگە باغلانغان بولىدۇ.»
مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تۇرلۇك سەۋەبلەر
تۈپەيلى ئائىلە ئېغى ئاجىزلىشىۋاتقان، نىكاھ بوھرانىغا دۇچ كې-
لىۋاتقان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىزلاپ ئائىلىنى ياتاققا ئايلان-
دۇرۇۋېلىۋاتقان، ئەخلاق ئۆلچىمى تۆۋەنلەپ بارغانسېرى چۇشكۈن-
لىشىۋاتقان، ئەر بىلەن ئايال بىر - بىرىگە زىخ بىلەن مىختەك
مۇئامىلە قىلىشىپ، يىرتقۇچلاردەك خىرىس قىلىشىپ ياشايدى-
غان، ئۆزئارا ئىشەنچ يوقالغان ئائىلىلەرنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئازابلىنىش ھېسسىياتى ۋە ئەندىشە
ئېغى بىلەن «بىز ئۇچۇن بىرىنچى دەرىجىلىك زۆرۈرىيەت ئائىلە-
مىزنى بەخت بوستانى، مەدەنىيەت گۈلزارى قىلىپ قۇرۇپ چى-
قىشتىن ئىبارەت!» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ قانداق قىلغاندا بۇ نى-
شاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بې-
رىپ: «بۇ ھەربىر ئىنساننىڭ ئائىلە ئېغى، ئائىلە مەدەنىيىتى
توغرىسىدىكى ئېرىشكەن تەربىيەسى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇس-
كارلىق دەرىجىسىگە باغلىق» دېگەن.
پەيلاسوپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئائىلىنىڭ ئەھمىيە-

تىنى مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئائىلە توغرىسىدا توختىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى بەخت گۈللىرىنى پەرۋىش قىلىش، بەختىيار ئائىلە ئۆلگىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئائىلىۋى بەختكە كاشىلا قىلىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەرنى چەكلەش ۋە كېمەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەندىشىلىك ئويلىرىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇپ: «ئىنساننىڭ ياتلىششى ئاخىرقى ھېسابتا ئائىلە ئەزالىرىنىمۇ بىر - بىرىدىن ياتلىششقا ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىنىڭ سىرتىدىن مۇھەببەت تېپىش، ئىشقىي ئېھتىياجلىرىنى بويتاقلىق ئارقىلىق ھەل قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئائىلىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈك، ئەركىنلىكىنىڭ كويزا - كىشەنى، فېئوداللىق ئەخلاقنىڭ تۇرمىسى دەپ قاراش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلايدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئائىلە توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئۈمىدسىز قاراش ۋە ‹نەزەرىيە›لەر بىھۇدە!»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ جىددىي تەرزدە ئېيتىلغان، ئەندىشىگە تولغان بۇ قاراشلىرى ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئەمەس ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىش ۋە ماددىي بايلىقلار ئىچىدە ئادەم ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، جىنسىيەت ئەركىنلىكى، بويتاقلىق ياشىسۇن، ئائىلە تۇرمە، بالا ئەر بىلەن ئايالنىڭ سەۋدىلىكىنىڭ مەھسۇلى، چەكلىمىسىز ياشاش ئەڭ ئالىي بەخت! دېگەندەك تۈرلۈك لىبېرالىزملىق ئېزىقتۇرغۇچى قاراشلار بىر مەزگىل كەڭ - كۇشادە يامراپ سان - ساناقسىز بەختسىز ئىنسانلارنى پەيدا قىلغانىدى. ئائىلە ۋە نىكاھ ھەققىدىكى بۇ خىل ئاشقۇن قاراشلار 1980 - يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ، توي قىلىشنى خالىمايدىغان، مۇستەقىل ئائىلە

قۇرۇشنى خالىمايدىغان چۈشكۈن، ئىرادىسىز، لايغەزەل، بوشاڭ، مەسئۇلىيەتسىز، جاسارەتسىز، مىشچان يىگىت - قىزلار قوشۇنى يىلسېرى كۆپەيدى. بۇ يارامسىز قوشۇننىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ھەممىدىن بۇرۇن سەزگەن مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇنداق ياشلار توغرۇلۇق قىلچە يوپۇتمايلا: «ياشلارنىڭ سولغۇن قىياپىتىدىنمۇ خۇنۈك ۋە نەپرەتلىك نەرسە يوق!» دېگەن.

قىسقىسى، ئۇنىڭ «ئائىلە» ناملىق كاتتا كىتابى ھەقىقەتەنمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن يېزىلغانىدى.

زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىجادىيەت كۈچى يۇقىرى پەللىگە چىققان، كىشىلىك ھاياتقا زوقى تېخىمۇ ئۇلغايغان، ئىددىيەسى تېخىمۇ يارقىنلاشقان بۇ پەيلاسوپ ئارىفلىق يېشىغا — 60 ياشقا يېقىنلاپ قالغان مەزگىلدە زىققە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى. ئۆلۈم ئېڭى ئۇنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كىردى. سەللا دىققەت قىلمىسا قوزغىلىدىغان زىققە كېسەللىكى ئۇنى ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى. زىققە كېسەللىكىنىڭ ئازابىغا قوشۇلۇپ، 1960 — 1970 - يىللاردىكى ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەردە يار - يۆلەك بولغان يارۇ - دوستلارنىڭ، گويا زىمىستاندا كىرىستال كەبى قاتقان مۇز، باھاردا ئېرىپ قارا پاتقاق بولۇپ كەتكەندەك، قاباھەتلىك يىللاردا ئىپادىلىگەن نۇرانە خىسلىتىنى يوقىتىپ، ئابرۇيپەرەسلىككە زىيادە بېرىلىپ، مەنسەپ ۋە مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىگە غەرق بولۇپ كېتىشى ئەزەلدىن ئىلىم تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەت گۈلزارىدىن مەنە ۋە خۇشاللىق تېپىپ كەلگەن بۇ پەيلاسوپنىڭ ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىگە قىسمەن ئېغىش ئېلىپ كەلدى. مەنسەپ ۋە مەنپەئەتكە بېلىقچى بوۋاينىڭ خوتۇنىدەك تويماسلىق بىلەن ئىنتىلىدىغان بۇ يارۇ - دوستلارنىڭ بىشەملىك بىلەن قۇلاققا قاداق چۈشكۈدەك دەرىجىدە غوۋغا قىلىشى ئۇنىڭ بېشىغا سوقراتنىڭ قىسمىتىنى سالدى. بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇ

پەيلاسوپ ئالىم ـ مۇتەپەككۇرلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان ساددىلىق
پىسخىكىسى بىلەن يارۇ ـ دوستلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆزى ئۇ-
مۇرۋايەت قىزىقماي كەلگەن بۇ ئىككى ساھەگە ئىلگىرى ـ كېيىن
يەڭگىللىك بىلەن ئىنتىلىپ كۆردى. ئۇنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ بى-
لەن سودا ـ تىجارەتتىن ئىبارەت ئۆزىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان
بۇ ساھەلەرگە ئىنتىلىشى ئېنىقلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.
ئىلىم ساھەسىدە قىلىنى قىرىق يارىدىغان بۇ ئالىم ئەمەل ۋە سودا
يولىغا مېڭىشىنىڭ ئۆز ئوبرازىغا كەلتۈرىدىغان پايدىسىز تەسىرى-
نى، دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇيت ـ ھۇيتلىرىنى سەل چاغلىغانىدى. بۇ
ئىش ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئۇنىڭ مەغلۇپ بولغان ھالىنى كۆرۈپ
گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن مەككار ھەسەتخورلار زەھەردەك
پىتنىلەرنى ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاچ مۇشۇكتەك غاجىلى-
دى. تەمكىنلىكىنى ئاسانلىقچە يوقاتمايدىغان بۇ سوغۇققان مۇتە-
پەككۇرنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ، قېنى غەزەپتىن ئۆركەش يا-
سىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىگە ئارام بەرمەي تۆھمەت ۋە ھۇجۇم ئوقلى-
رىنى ياغدۇرۇپ كەلگەن كەسپداش دۈشمەنلىرىگە بىر قېتىم
ئېسىدىن چىقمىغۇدەك تېتىپ قويۇش يولىنى تاللىدى. شۇنىڭ
بىلەن قولىغا قەدىناس قەلىمىنى ئېلىپ ئىككى پارچە ئۆتكۈر
تەنقىد ماقالىسى يازدى. ئالدى بىلەن «ھارامدىن بولغان ئەسەر ۋە
ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى» ناملىق تەنقىدىنى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى-
دىن كۆچۈرۈپ جان بېقىشقا كۆنۈپ قالغان بىر كۆرەڭ پىرو-
فېسسورنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېتى ئۇ-
لۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق پىروفېسسورنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ،
ھەيۋىسى بىردىنلا بوشاپ كەتتى. ئارقىدىن «ھەقىقەت ئۈستىدە
ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» ناملىق تەنقىدىنى
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىپ، ئا-
لىم بولۇش تەمەسى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە خېلىدىن بېرى توپا

تورۇتۇپ يۇرگەن بىر ئاتالمىش ئالىمنىڭ ئەدىپىنى غىڭ قىلا-مايدىغان دەرىجىدە قاتتىق بەردى. ئۆزاقتىن بېرى بۇ «موللا بو-زەك» مۇتەپەككۇرنى خالىغانچە ئاتىي تېپىپ كەلگەن بىر قىسىم كەسىپداش ھەسەتخورلار قاتتىق چۆچۈگىنىچە بىر - بىرىگە قا-رىشىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىمىمدە بولۇپ قېلىشتى. شۇ-نىڭدىن كېيىن ئاۋام ئارىسىدا ئۇنىڭ ھەققىدەن تەڭداشسىز ئا-لىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى باھا - تەرىپلەر يەنە كۆپىيىشكە باش-لىدى. بۇ قېتىم ئۇ خېلىلا پۇخادىن چىققاندى. لېكىن ئۇزاق مەزگىل روھىي ئازاب تارتقان بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ زىققە كېسىلى بارغانسېرى كۆپ قوزغىلىدىغان، پات - پات دوختۇرخانىدا ياتى-دىغان بولۇپ قالدى. ئەجەل شارابىنىڭ ھىدى ئۇنىڭ سەزگۈر بۇرنىغا پۇرىغاندەك بولدى. ھايات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىشكە ئىگە بۇ مۇتەپەككۇر 60 ياشقا تولغان كۈنى مۇنداق دەپ يازدى: «ئۆلۈم ماڭا قورقۇنچلۇق ئۇچۇر ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى ‹ئالتۇن شۆپۈك› ۋە ‹يالتىراق پۆپۈك›كە تېگى-شىپ قويماسلىق ئۇچۇن تىرىششقا ئىلھام بېرىپ، چۇقان سې-لىپ تۇرغان ۋەھىي! مەن ھاياتنى ئۆلۈم تارازىسىدا، روھىيەت جا-ۋاھىراتلىرىمنى تارىخ مىزانىدا ئۆلچەيمەن.» ئۇ، ھەربىر جان ئە-گىسى تەمىنى تېتىماي قالمايدىغان ئۆلۈم شارابىغا مەردانە يۈزلە-نەلىگەنىدى. ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ رەھىمسىز تارىخنىڭ داستىخىنىدىن ئاسانلىقچە شاللىۋېتىلمەيدى-غانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلالىغانىدى. چۈنكى، ئۇ قىران چاغ-لىرىدىلا ئۆزىنىڭ قىممەت تارازىسىنى توغرىلىيالىغانىدى:

بولمىسا شېخىڭدا بۇلبۇل سەرۋى قامەت مەنىسىز،
كۆلمىسە يېنىڭدا جانان، بەختۇئامەت مەنىسىز.

زېھنۇكارىڭنى ئەگەر ئەل بەختىگە بەخش ئەتمىسەڭ،
ئۆز غېمىڭ ئۈستىدە قىلغان ئىستىقامەت مەنىسىز.

*　　*　　*

كۆمۈڭكىم گەر ئەجەل يەتسە مېنى تەكلىماكانىمغا،
نە ھاجەت غەم گۈلىن تاقماق مېنىڭ سۆيگەن جاھانىمغا.
لەھەتكە كىرسىمۇ جىسمىم كۆمۈلمەس ئاتەشىن قەلبىم،
يۈرەر سازەندىدەك روھىم يەنە قانماي ماكانىمغا.

*　　*　　*

ئەجەلنىڭ ئوقياسى ساۋۇتنى تېشەر،
ئۆمرۈڭنىڭ مەنىسىنى قالغانلار يېشەر.
بىر چىراغ ئۆچكەنگە غەم قىلماس ئالەم،
خالايىق مىڭ چىراغ پىلىكىن ئېشەر.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكىشۇناس ۋە ئاتەش قەلب شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەلۋەتتە ھاياتنى، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇڭا ئەزرائىلنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ: «ئەتتەڭەي! ‹ناۋا مۇقامى› ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، چالغۇ تارىسى ‹تارس› قىلىپ ئۈزۈلىدىغان بولدى!» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، گۇمانىتار پەنلەر ئۇستازى، 20 ـ ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپى، تالانتلىق ئەدىبى، تۆھپىكار باغۋىنى، مول مېۋىلىك پىروفېسسورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ بىر تالاي يازمىلىرىنى، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ، 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ

كۆنى ناماز شام ۋاقتىدا زىققە كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىش سە-
ۋەبى بىلەن 62 يېشىدا كۆز يۇمدى.

بۇ دانىشمەن ئالىم ئۆلۈمى ئالدىدا ئەۋلادلىرىغا چوڭقۇر مەنە-
لىك قىلىپ مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

*«دانىشمەنىنىڭ ئىككى ئالقىنىنى ئوچۇق قىلغان چېغىغا قارا! ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئۇستىدىن ئىنسانىيەتكە ئاتىغان يېگى ھە-قىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرى چاقنايدۇ. ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئاس-تىدىن ئۇنىڭ شەخسىي ھايات پاجىئەلىرىدىن ئۇرغۇغان پاك، ئىسسىق قان تامچىلايدۇ» («دانىشمەنلىكنىڭ دەردى» ناملىق پەل-سەپىۋى نەسرىگە قاراڭ).*

بۇ بۈيۈك ئالىمنى چۈشەنگەن ۋە چۈشەنمىگەن مىليونلىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك جۇدا بولدى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆت-كەن كۈلپەتلىك كەچمىشلەردىن تولۇق خەۋىرى بار، ئۇنىڭغا ياغ-دۇرۇلغان تىل ـ ھاقارەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغان، ئۇنىڭغا قىلىنغان سوغۇق مۇئامىلىلەرنى كۆپ كۆرگەن، ئۇنىڭ بىباھا ئەسەرلىرى-نىڭ قىممىتىنى ياخشى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغان 29 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچىسى، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت كۈچى ئازراقمۇ ئاجىزلاش-مىغان بۇ تۆھپىكار ئالىمنىڭ بىمەھەل ۋاپاتىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنىپ، ئېيتقۇسىز ھەسرەت چەكتى. ئۇ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-مەتئىمىننىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن نەقەدەر چوڭ يو-قىتىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئەكسىچە بۇ چاغدا بۇر-نىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ مۇنارىنى تىكلەشنىڭ كو-يىدىلا يۈرىدىغان كەسپىي ھەسەتخورلار ئۆزلىرىنىڭ يولىنى تو-سۇپ كەلگەن ئېگىز مۇنار ئۆرۈلۈپ، شانۇشۆھرەتنىڭ تۆرى ئۆز-

لىرىگە ئوڭچە قالغاندەك يايرىشىپ كەتكەنىدى. ئالىم، مۇتەپەك- كۇرلارنى ئەمەس، ناخشا ـ ئۇسسۇل چولپانلىرىنى چوڭ بىلىدىغان تالاي كىشىلەر شۇنچە زور ئالىمى ئۆلۈپ كەتسە، قىلچە قايغۇر- ماستىن، يەنىلا كۈن چىقتى، كۈن پاتتى دەپ پەرۋاسىز ياشاۋاتات- تى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھۇجۇم ۋە ھاقارەتكە تولغان ھايات مۇساپىسىنى تولۇق دېگۇدەك بىلىدىغان، كىشىلەردىكى گالۋاڭلارچە بىپەرۋالىقنى كۆرۈپ ئوغىسى قاينىغان، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بۇ ئىسيانكار ئوقۇغۇچى «ئۇيغۇرلاردا ئىجاد- يەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى» ماۋزۇلۇق ئۆتكۈر بىر پارچە پوبلىستىك ماقالە يېزىپ، غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق چۇقان سالدى:

*«بىر تەڭدىشى يوق ئالىمىمىز ئۆلۈپ كەتسە بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ ھەر بايرام كەلسە يۈزلەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلىرى- مىزنىڭ بىرەرسىمۇ مەرسىيە يازمىدىغۇ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت- ئىمىننىڭ ئەسەرلىرىنى سېغىن كالىنى ساغقاندەك سېغىپ سەم- رىگەن تەتقىقاتچىلىرىمىز بىرەر ئەسلىمە يازمىدىغۇ؟ قىچىشقاق- نىڭ دورىسىنى يىللاپ ئېلان قىلىپ ھارمايدىغان رادىيو ـ تېلې- ۋىزورلىرىمىز بىرەر پارچە خەۋەر بەرمىدىغۇ؟ ئەجەبا بىزدە ئالىم شۇنچە كۆپمۇ؟ بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە ‹ئورنىغا مەن بار› دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەملەرنى مىڭلاپ چىقىدۇ، قېنى ‹ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملىق ئورنىغا مەن تەييار› دەپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان بىرەر ئەزىمەت بارمۇ؟ شۇ ھالىمىزغا ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىمنى نېمانچە ھاقارەتلىگەندۇق؟ نېمانچە ئازابلى- غاندۇق؟! بىزگە ئوخشاش ئەڭ ئەزىزلەشكە ئەرزىيدىغان ئادىمىنى خارلايدىغان نادان خەلق باشقا جايلاردىن تېپىلمىسا كېرەك!»*

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ياڭرىغان بۇ غەزەپلىك چۇقاننىڭ

ئەكس ساداسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى قاپلىدى. ئاب-
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە ئۆچمەنلىك قىلىشنى مىللەتپەرۋەر-
لىك يۈكسەكلىكىدە چۈشىنىدىغان بىر قىسىم نادان زىيالىيلارنىڭ
قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىننىڭ ئۆلۈمىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىشىپ بەترەڭ تەبەس-
سۇم بىلەن يۈرۈۋاتقاندا ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالە ئۇلارنىڭ تىتاڭ
تومۇرىغا تېگىپ مېڭىلىرىنى زىڭىلدىتىۋەتتى. ئامىمۋى مۇناسى-
ۋەتتە گۇمپا كۆرسىتىپ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز ئاددىي
قوللىغۇچىلارنى ئەتراپىغا توپلىۋېلىپ ياشاشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن
بىر قىسىم «يېتۈك ئالىم»لار شۇنچە ئۇزۇن ئۆمرىدە ئۆزلىرىنىڭ
بىرەر ئىلمىي كىتاب ئەمەس، ھەتتا تەتقىقاتچىلار ئاندا - مۇندا
بولسىمۇ نەقىل ئالغۇدەك بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالە يازالمىغان-
لىقىنى نەزەرگە ئالماستىن، «ھەق گەپنى قىلىپتۇ، ئابدۇشۈكۈر
ھەقىقىي ئالىم ئىدى» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممە-
مەتئىمىن ئۆچۈن گويا ئادۋوكاتتەك ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپلىگەن
كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋەتكەن بۇ قاپيۇرەك ياش قە-
لەمكەشنىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىش توغرىسىدا تېپىرلاپ ھەرد-
كەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىما - ئىشارەتلىرىگە بېقىپ ياشاشقا
ئادەتلىنىپ كەتكەن، قولىدىن ھاماقەتلەرچە ھاقارەتلەشتىن باشقا
ئىش كەلمەيدىغان بىر قىسىم قەلەمكەشلەر غوتۇلدىغىنىچە سال-
پىيىپ تۇرۇپ قېلىشتى. كىشىلەرگە ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق
چاققاندەك، تاسادىپىي تۇيۇلغان بۇ ماقالە پاكىتنى ھۆرمەت قىلى-
دىغان، داۋلىلىق پىكىرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان كى-
شىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى قاتتىق سىلكىدى. ئۇلار ماقالىنى ئوقۇپ
تىلغا ئالغۇدەك نەتىجىسى يوق سولتەك زىيالىيلار سۆز - چۆچەك
ئويىيېكتى قىلىپ ئانىي تاپقان بىر تالانتلىق ئالىمدىن ئايرىلىپ
قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى باي-
قىسىلا ھاياجانلىنىدىغان پاك قەلبىنى جۇدالىق ھەسرىتى قاپلى-

دى. ئۇلار بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى قايتىدىن تونۇدى.
ئۆلۈم ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان رەھىمسىز قىسمەت، ئۆلۈم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىن ئىبارەت گىگانت ئالىمنى كىشىلەر ئارىسىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ روھى مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى چاراقلاپ تۇرغان نۇرانە دۇنياغا لەپىلدەپ كۆچۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئانا خەلقىنىڭ تارىخىي تەقدىرى ھەققىدىكى تۆۋەندىكىدەك مۇتەپەككۇرلارچە ئەندىشىسى ۋە كۆرسەتمىسى كىتاب سەھىپىلىرىدە گويا ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى داھىيانە ۋەسىيەتلەردەك ئۆچمەس سادا بولۇپ قالدى:

*«تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەممىگە تەئەللۇق، ئەمما تەپەككۇر قىممىتى ھەر كاللىدا ھەر خىل، ئۆز - ئۆزىگە تەپەككۇر مۇجەسسىمى بولمىغان مىللەت ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولمىغان مىللەتتۇر.*
*مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن ئىلگىرى باشلانغان غەربتىن پىر - مۇرشىد، ئىمام - ئىشان ئىزدەش ھاۋاسى ۋە ئۆزىدىكى تەپەككۇر نامايەندىلىرىنى ئاسىي نامىدا ھالاك قىلىش تەلۋىلىكى بىلەن «باشسىز چەۋەنداز» بولۇپ قالغان ئۇششۇ خەلق مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئورنىغا بۇزۇلغان روھ، قۇللاشقان ئىرادە، تەلۋىلەشكەن تەپەككۇردىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلىشى مۇمكىن؟!*
*مەسىلە شۇ قەدەر روشەنكى، مىللەتنىڭ روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش، خەلقنى پاسسىلىقتىن ئارىلىقىقا، زالالەتتىن سائادەتكە يېتەكلەيدىغان تەلىم - تەربىيەنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر قىياپىتىنى، شۇ ئارقىلىق روھىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بىلىش كېرەككى، بەخت - سائادەتنىڭ ئەتقا قۇشى يۈكسەك تەپەككۇر چىنارىغا قونىدۇ!»*

2015 - يىلى فېۋرالدا يېزىلدى.

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىزدىنىش يولى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى

كۇرەش مەھمۇتجان، شېرىن قۇربان

**ئاپتور ھەققىدە:** كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى 1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۇنى كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئۇنىڭ «ئومۇمىي لوگىكا»، «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئومۇمىي لوگىكىدىن كونسۇلتاتسىيە»، «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. «كونتېكست ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيەسى توغرىسىدا»، «لوگىكىلىق تۇرگە ئايرىش توغرىسىدا»، «سوئال ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

شېرىن قۇربان (تاجىك) 1952 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئۇنىڭ تەتقىقاتتىكى تۆھپىسى كۆپرەك تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ «تاجىك مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، ئۇيغۇرچە)، «جۇڭگو تاجىكلىرى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)، «تاجىك فولكلور مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلىرى، «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، «تاجىك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)، «مۇز تاغ ئىگىسى» (خەنزۇچە)، «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە) قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

كۆرەش مەھمۇدجان رەئىسى بىلەن شېرىن قۇربان بۇ ماقالىسىنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپات بولغان يىلى يازغان بولۇپ، ياندۇرقى يىلى، يەنى 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1 ـ سانىدا «غايە ـــ ئىزدىنىش ـــ مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالە رايونىمىزدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا يول ئاچقان ماقالە ھېسابلىنىدۇ.

* * *

يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان،
ھەممە كۈلگەنىدى، سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.
ـــ ئابدۇرەھمان جامى

**1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن قىسقىچە بايان**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىمى، پېشقەدەم مائارىپچى، تالانتلىق ئەدىب، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ باغئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ (دارىلمۇئەللىمىن) نى تۈگەتكەندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا)نىڭ بىيولوگىيە كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1952 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، ئانا مەكتىپىنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. شۇندىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 40 نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا غايىلىك ۋە غايە مەنزىلىدە ئىزدىنىدىغان روھقا ئىگە ئىدى، ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، ئەتراپلىق، مۇكەممەل بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ تىلدىن ئىبارەت بۇ ئىلىم قورالىنى ئىگىلەۋېلىشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى بىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئانا تىل ـ يېزىقىنى مۇكەممەل بىلگەندىن سىرت، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى، رۇس تىل ـ يېزىقىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان، ئۇ يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، پارس تىلى قاتارلىقلاردىنمۇ بەلگىلىك مەلۇماتقا ۋە پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ تىلنى بىلىش ئەۋزەللىكىدىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، پەلسەپە، لوگىكا، ئېستېتىكا، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تۈركولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، دىنشۇناسلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقى، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ۋە چوڭقۇر مەلۇمات ئالغانىدى. ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا، ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە پەلسەپە، ئومۇمىي ئېستېتىكا، قاتلاملىق ئېستېتىكا، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە جەمئىيەت تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدېئولوگىيە تارىخى قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغان، تەكلىپ بويىچە نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەن، كۆپلىگەن دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپنىڭ دەرسلىك قۇرۇلۇشىغا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقانىدى. تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، مەكتەپ ئۈچۈن ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى، جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپكە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك تەكلىپلەرنى بەرگەنىدى. قىسقىسى، ئۇ مائارىپ تە-

رەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇ «تۆھپىكار باغۋەن»، «يېتىلگەن مائارىپچى» دېگەن نامغا مۇناسىپ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھاياتىدا يەنە ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئىدى. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ـ ئىدىئولوگىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يىپەك يولى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئېستېتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «تارىم» ژۇرنىلى قاتارلىق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولغان. ئۇ كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك نوپۇزلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان، ياپونىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي دوكلات بېرىش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانىدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى 62 يېشىدا ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولدى. بىز بىر ئاتاقلىق ئالىمدىن، تۆھپىكار باغۋەندىن، تالانتلىق ئەدىبتىن، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. لېكىن، ئۇ بىزگە بىباھا ئابىدە، غايە يولىدا بىر ئۆمۈر توختاۋسىز ئىزدىنىدىغان تېپىلماس ئىجادكار روھ مىراس قالدۇردى.

**2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى**

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرى سىستېمىسىدا ئىلمىي ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، سۈپىتىنىڭ يۇكسەكلىكى، قىممىتىنىڭ بىباھالىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. مەخسۇس ئەسەرلەر (جۈملىدىن رەسمىي نەشر قىلىنغان ۋە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسەرلەر) تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە». بۇ ئەسەرنى مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان. بۇ كاتتا ئەسەردە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي، بەدىئىي مىراسى ۋە مۇزىكا بايلىقى بولغان ئون ئىككى مۇقام ئۇقۇم - چۈشەنچە، تارىخىي جەريان، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىك، تېكىستولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇپەسسەل بايان قىلىنغان، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا، جۈملىدىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتچىلىقى مۇشۇ ئەسەر ئاساسىدا يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ئۈچ قېتىم قايتا بېسىلغان، 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى مەزكۇر ئەسەرنى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان.

2) «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى». بۇ ئەسەرنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان. بۇ ئەسەردە مەنبە ۋە ئۇچۇر - مەلۇماتلار ئاساسىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مۇھاكى-

مىلىك بايان قىلىنىپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھا-
سىغا ئېرىشكەن.

3) «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» (كوللېكتىپ توپلام، بۇ توپلامغا ئالىمنىڭ بەش پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈل-گەن). بۇ توپلام 1982 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپى-دىن نەشر قىلىنغان. ئالىم ئۆز ماقالىلىرىدە پەلسەپە نەزەرىيەسى ۋە قائىدىلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى-دىكى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى ـ نەزەرىيەۋى ئىدىيەلىرىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى پەلسەپىۋى ئامىللارنى شەرھلەپ، ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە يوق دېگەن بىمەنە قاراشقا ئىلمىي ئاساستا رەددىيە بەرگەن.

4) «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى». بۇ ئەسەرنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان. ئۆلچەملىك بۇ ئىلمىي ئەسەردە مۇئەللىپ فارابىنىڭ خاس ئەسەرلىرى ۋە رى-سالىلىرى، توپلاملىرى ھەمدە چەت ئەللىك فارابى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، تارىخ ۋە پەلسەپە نۇقتىسىدىن چىقىپ، فارابىنى ئۇ ياشىغان زامان ۋە ماكان كاتېگورىيەسى ئى-چىگە قويۇپ، فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى تەلىماتلىرى، ئىج-تىمائىي پەلسەپە تەلىماتلىرى، فارابىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تۆھ-پىلىرى، فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە تارىخىي تەقدىرى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ تېمىلار بويىچە مەنتىق-لىق بايان قىلغان. بەش قىسىم، 16 بابلىق بۇ ئەسەر ئېلىمىزدە فارابى تەتقىقاتچىلىقىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقات بولۇپ، مۇشۇ ساھە تەتقىقاتچىلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن.

5) «ئومۇمىي ئېستېتىكا». بۇ ئەسەرنى 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان. ھەم دەرسلىك، ھەم ئىلمىي ئەسەر خاراكتېرىنى ئالغان بۇ كىتابتا، ئاپتور يۈكسەك ماھارەت بىلەن گۈزەللىك نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا ئۇقۇم نەزەرى-

يەسى، سەنئەت گۈزەللىك نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا كاتېگورىيەلىرى نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا تەربىيەسى نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا تارىخىدىكى رەڭگارەڭ مەزھەپ ـ ئېقىم ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرى نۇقتىسىدىن گۈزەل تىل بىلەن بايان قىلىپ شەرھلىگەن. ئەسەر مۇشۇ پەننىڭ رايونىمىزدىكى بوشلۇقىنى تولدۇرغان.

6) «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

7) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يازغان)، 2 ـ، 3 ـ تومى نەشر قىلىندى، 1 ـ تومى نەشر قىلىنىش ئالدىدا.

8) «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يازغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى» قىسمىنى يازغان)، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى (بۇ، دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى جۈملىسىگە كىرىدۇ).

ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ئاجايىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن زامانداشلىرىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇنىڭ «كۆڭفوزى ۋە ئىدىقوت مەدەنىيىتى» نامىلىق ماقالىسى كۆڭزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ھەمدە بۇ ماقالە مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى (ئۈچ توملۇق كىتاب) غا كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلام شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

ئالىمنىڭ تۆۋەندىكى 10 پارچە كىتابى نەشرگە تەييارلانغان:

1) «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

2) «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»
3) «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»
4) «ئائىلە»
5) «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» (ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا ئائىت قىسمىنى يازغان).
6) «قۇتادغۇبىلىك، خەزىنىسى»
7) «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»
8) «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»
9) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى»
10) «يارقىن ئەسلىمىلەر — مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»

ئالىمنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن يىرىك مەخسۇس ئەسەرلىرى يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيەگە، بىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئاپتورغا ئاجايىپ شۆھرەت كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى تارىخ سەھىپىسىدە قالدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگىمۇ شانۇشەۋكەت ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ سەۋەبلىك، ئۇنىڭ نامى شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان «مەشھۇر جۇڭگولۇقلار قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى.

پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى سان جەھەتتىن كۆپلۈكى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئويغا سالىدۇ. بىز سەھىپە چەكلىمىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يەردە مۇھاكىمىلىك بايان بەرمەي، پەقەت ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ماۋزۇسىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق.

(1) «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1956 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 3 ـ سان، خەنزۇچە 4 ـ سان.

(2) «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي

ژۇرنىلى»، 1956 ـ يىلى 4 ـ سان.

(3) «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىس. لىرى» (دوتسېنت ئاماندۇللا مۇسا بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «شىن. جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىلى 2 ـ سان؛ خەنزۇچىسى «پەلسەپە تەتقىقاتى» (دۆلەتلىك نوپۇزلۇق ژۇرنال) ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىلى 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان. ئالىم. نىڭ بۇ ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت ئىچىدە پەلسەپە ئەھلىلىرىنى تالڭ قالدۇرغاندى.

(4) «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى — ئىبن سىنا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(5) «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان.

(6) «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن»، (نۇرمۇھەممەت دۆ. لەتى بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ سان، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە 4 ـ سان.

(7) «نان ۋە تونۇر»، «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە 3 ـ سان.

(8) «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىرقانچە مەسى. لە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىلى 4 ـ سان.

(9) «يۈسۈف خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيە. لىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىلى 1 ـ سان.

(10) «‹ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى›نىڭ تەتقىقات تېمىلىرى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981 ـ يىلى 1 ـ سان.

(11) «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1980 ـ يىلى 6 ـ سان.

(12) «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «پەلسەپە تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى 11 ـ سان.

(13) «قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇ-مىراجىۋا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىلى 3 ـ سان.

(14) «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن چۆل-لۇكنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىلى 1 ـ سان.

(15) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات قا-رىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىلى 3 ـ سان.

(16) «گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

(17) «ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1982 ـ يىلى خەنزۇچە 4 ـ سان.

(18) «ئامانىنساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام»، «شىنجاڭ سەنئى-تى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە 2 ـ سان.

(19) «ئەلقانۇن فىت تىب، ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىلى 2 ـ سان.

(20) «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نا-مايەندە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان.

(21) «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇر-
نىلى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە 2 ـ سان.
(22) «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى زېمىنىنى ئاچايلى»،
«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە 4 ـ سان.
(23) «قۇتادغۇبىلىك، ۋە مائارىپشۇناسلىق مەسىلىلىرى»،
«شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ سان.
(24) «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «قەشقەر
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى 3 ـ
سان.
(25) «،فەرھاد ـ شېرىن، تىراگېدىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار
ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى،
1982 ـ يىلى 1 ـ سان.
(26) «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇر-
نىلى، 1984 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ (قوشما) سان.
(27) «يۈكسەك قەلبىنىڭ شېئىرىي ھەيكىلى»، «كىتابلارغا با-
ھا» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان.
(28) «،قۇتادغۇبىلىك،نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»،
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى 1 ـ
سان.
(29) «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ،سەددى ئىسكەندەر،»، «شىنجاڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى 4 ـ سان.
(30) «پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق»،
(«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن
يېزىلغان)، «تارىم» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 12 ـ سان.
(31) «كۆسەن ئۇسسۇلى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇر-
نىلى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 4 ـ سان.
(32) «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى 3 ـ سان.

(33) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى»، شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى 1 ـ سان.

(34) «ۋېنتسىيەلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى 6 ـ سان.

(35) «پەلسەپىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى 3 ـ سان. بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى» شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1987 ـ يىلى 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

(36) «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ـــ ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 4 ـ سان، بۇ ماقالىنىڭ ياپونچە تەرجىمىسى ياپونىيەنىڭ «جەنۇبىي ئوكيان ئىقلىمى ژۇرنىلى»نىڭ 1986 ـ يىلى 11 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

(37) «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى»، «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە 2 ـ ساندا، بۇ ماقالىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ شۇ يىللىق 4 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

(38) «ئېمپېدوكىل بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىلى 1 ـ سان.

(39) «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ۋە ‹تارىخى رەشىدىي›»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 4 ـ سان.

(40) «رۇبائىينىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى ھەققىدە»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 4 ـ سان.

(41) «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىيەلىك سېلىش-

تۇرمىسى»، «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 6 ـ سان.

(42) «مەشرەپ ــ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 19 ـ سان.

(43) «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 1 ـ سان.

(44) «ئىجادىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ سان.

(45) «ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان، بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(46) «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 2 ـ سان.

(47) «ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى نامايەندە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 6 ـ سان.

(48) «هافىز شىرازى ــ شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1987 ـ يىلى 20 ـ سان.

(49) «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە ــ ‹كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى› توغرىسىدا»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1987 ـ يىلى 18 ـ سان.

(50) «‹ئاقسۇ ئەدەبىياتى›دىكى شېئىرىيەت ئۈنچىلىرىگە نەزەر»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 5 ـ سان.

(51) «‹يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى› دېگەن كىتابقا باھا»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە 5 ـ سان.

(52) «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 10 ـ، 11 ـ سانلار.

(53) «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىمنىزملىق مەدەنىيەت»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.

(54) «فارابى پەلسەپە ئىدىيەسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقلىق زىددىيەت»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان.

(55) «غوجا باھاۋىددىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 3 ـ سان.

(56) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە يەسسەۋىچىلىك»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان.

(57) «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى پىروگراممىسى» (تۆت توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاب ئۈچۈن تەييارلانغان)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىلى 3 ~ 4 ـ سان ۋە 1988 ـ يىلى 4 ~ 6 ـ سانلار.

(58) «ئەمىر خىسرەۋ دىھلەۋى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان.

(59) «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجىۋى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.

(60) «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ناسىر خىسرەۋ»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1988 ـ يىلى 3 ـ سان.

(61) «شائىر غوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1988 ـ يىلى 4 ـ سان.

(62) «سەئىدى شىرازى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1988 ـ يىلى 4 ـ سان.

(63) «زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان.
(64) «‹ھەمرايى غەزەللىرى›نىڭ كىمنىڭكىلىكى توغرىسىدا»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 5 ـ سان.
(65) «ياش تامچىسىدىن ئۇرغۇغان شېئىرلار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 3 ـ سان.
(66) «يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىلى 6 ـ سان. بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1990 ـ يىلى 4 ـ سانىغا بېسىلغان.
(67) «شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان.
(68) «شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 1 ـ سان.
(69) «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەگگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى 2 ـ سان.
(70) «مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش ـــ سىنكىرتىك قاتلام قارىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى 1 ـ سان.
(71) «مەدەنىيەت سىنكىرتىك قاتلام نەزەرىيەسى ھەققىدە بايان»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ سان.
(72) «مىللەتنىڭ تەرەققىياتى تارىخى ئويلىنىشقا موھتاج»، «يېڭى كۆزەتكۈچى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە 7 ـ سان.

(73) «ئېچىۋېتىلگەن ئالىق ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىيا-
تى»، «جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى
خەنزۇچە 1 - سان.

(74) «ئاياللىق قەلبىنىڭ مېلودىيەسى»، «تارىم» ژۇرنىلى،
1989 - يىللىق 10 - سان.

(75) «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 6 - سان.

(76) «مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتۋاز-
لىققا يەملىكى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، 1989 -
يىلى 5 - سان.

(77) «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ
مۇقەددىمىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق
4 - سان؛ بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇر-
نىلىنىڭ 1990 - يىلى 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(78) «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت - ئىلا-
ھىيەت قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي
ژۇرنىلى»، 1990 - يىلى 1 - سان.

(79) «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى»، «شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىلى 3 - سان.

(80) «مەلىكە ئاسىنا ۋە غەربىي دىيار سەنئىتى»، «شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىلى 4 - سان.

(81) «يېتىلگەن سەنئەت، سېھىرلىك ھېكمەت ۋە يالقۇنلۇق
مۇھەببەت» («غازى ئەھمەدنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى» توپلىمىغا
يېزىلغان ئوبزور)، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1990 - يىلى
4 -، 5 - سان.

(82) «ئەزگۇ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخا-
رى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1990 - يىلى 1 - سان.

(83) «ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك

زىددىيەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 3 ـ سان.

(84) «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 5 ـ سان.

(85) «خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 8 ـ سان.

(86) «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمە خەۋىرى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان.

(87) «مىللىي ئۇسسۇلنىڭ سىرى ھەم سېھىرىي كۈچى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە 5 ـ سان.

(88) «ئىلھامبەخش ئىلھام قەترىلەر»، «تۇرپان» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 3 ـ سان.

(89) «تەبرىك ۋە ئۈمىد»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 10 ـ سان.

(90) «سوتسىيالىزم — ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ باش مېلودىيەسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان.

(91) «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 5 ـ سان.

(92) «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 2 ـ سان.

(93) «قاتلام نەزەرىيەسى ۋە ئۇنىڭ مېتودولوگىيەلىك قىممىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان.

(94) «ئەزىز دىيار، شانلىق ئىپتىخار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»

ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان.

(95) «‹قومۇل ئەدەبىياتى›نىڭ يۈز سانى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان.

(96) «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىپتىدائىي قوياش ئېتىقادچىلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 1 ـ سان.

(97) «كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 3 ـ سان. بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىلى 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(98) «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 1 ـ سان.

(99) «سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيەلىك ئىزچىللىق»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 3 ـ سان.

(100) «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش — ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان.

(101) «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرى يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان.

(102) «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋايىخانلىق ئەنئەنىسى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 5 ـ سان.

(103) «كىلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان.

(104) «‹قارا جاڭگال›نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان.

(105) «كىلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن

مانى دىنى رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى»، «شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجـ.
تىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان.
(106) «نەۋايى مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى 4 ـ سان.
(107) «تىل قۇدرىتى ـ تىل پەزىلىتى بىلەن»، «تىل ۋە تەر. جىمە» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان.
(108) «ئون ئىككى مۇقامغا دائىر مۇھاكىمىلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان.
(109) «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسـ. دا»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1993 ـ يىلى 2 ـ سان.
(110) «شەرق ئەدەبىياتىدىكى بەھەيۋەت كىلاسسىك خەزىنە ‹شاھنامە›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان.
(111) «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىنلىرى توغرىسـ. دا»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ناملىق ماقالىلەر توپ. لىمىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.
(112) «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگىقۇشى روھى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان.
(113) «ئون ئىككى مۇقامدا 24 مەسىلە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېر. سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان.
(114) «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «شىنجاڭ مەدەنى. يىتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان.
(115) «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «شىنجاڭ مەدەنى. يىتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان.
(116) «لىرىك شېئىرىيەت، مەپتۇنكار لەززەت»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 3 ـ سان.

(117) «تۇپراقنىڭ مونولوگى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 5 ـ سان.

(118) «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سان.

(119) «زەينۇلئابىددىن مەۋلىۋى داموللاھاجىم تەرىپىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان.

(120) «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە 2 ـ سان.

(121) «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان.

(122) «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرى يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ (قوشما) سان.

(123) «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە 6 ـ سان.

(124) «يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى ھەققىدە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىلى 2 ـ سان.

(125) «يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 2 ـ سان.

(126) «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 3 ـ سان.

(127) «غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپچىقىشى

توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 2 ـ سان.

(128) «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى»، بېيجىڭدا تۇ-
رۇشلۇق: جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن چى-
قىرىلىدىغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ژۇرنى-
لى، 1995 ـ يىلى 5 ـ سان.

(129) «ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئەل فەرغانى»، «شىنجاڭ پې-
داگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 2 ـ
سان.

(130) «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دىن»، «قەشقەر پېداگوگىكا
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 3 ـ سان.

(131) «قومۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ يىل-
تىزداشلىقى»، «قومۇل مۇقاملىرى تەتقىقاتى» ئىلمىي ماقالىلەر
توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

(132) «مەنسۇرى ھەللاجنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى
ئەكس ساداسى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى 3 ـ سان

(133) «يىپەك يولى سىپلىشتۇرما ئەدەبىياتى»، «تارىم» ژۇرنى-
لى، 1995 ـ يىلى 6 ـ سان.

(134) «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىلى 4 ـ سان.

(135) «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيى-
تى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سان.

مانا بۇ 135 پارچە ئىلمىي ماقالە (تولۇق سان بولۇشى ناتا-
يىن) ھارماس ـ تالماس ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ
ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدۇر. ئىگىلىشىمىزچە يۇقىرىقىلاردىن
باشقا، ئالىمنىڭ يەنە ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ھەرقاي-
سى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئۆچرەت ساقلاپ ياتماقتا.

بىز ئالىمنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىگە قارىتا تۈرگە ئايرىش،

سېلىشتۇرۇش، تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق. بۇ جەرياندا مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ھېس قىلدۇق:

بىرىنچى، ئالىمنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى سان جەھەتتىن كۆپ، تېمىسى رەڭگارەڭ، سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئالىمنىڭ 50 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان. ناھايىتى ئېنىقكى، ئالىمنىڭ ئانا مەكتىپى — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات كۈچى ئالاھىدە كۈچلۈك بۇ پەرزەنتىگە ئۆزىنىڭ تەتقىقات قابىلىيىتى ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. ئالىم بولسا، ئانا مەكتىپىگە ئەبەدىيلىك شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن.

ئىككىنچى، ئالىمنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا ئېلان قىلىنغان. دېمەك، ئالىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنى شىنجاڭدىن مەملىكەتكە، مەملىكەتتىن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشقان ھەمدە بۇ جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان.

ئۈچىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقات تېمىسى ناھايىتى كەڭ ۋە ئەتراپلىق. ئەمما، بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ بولسىمۇ، ئالىم پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى ۋە زېھنىي كۈچىنى، ھەتتا پۈتكۈل ھاياتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا سەرپ قىلغان ۋە ئاتىغان. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاددىي، تۈز سىزىق بويىچە ئەمەس، بەلكى كۆپ نۇقتىدىن، ھەرقايسى تەرەپ ـ جەھەتلەردىن، ھەر خىل قاتلامدىن، تۈرلۈك مۇناسىۋەتتىن تەتقىق قىلغان.

### 3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مول ھوسۇللۇق ئا-

لىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە مول ھوسۇللۇق ئەدەبىي ئىجادىيەتچى ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگارەڭ شېئىر ـ نەسرلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورلىرى، دىراممىلىرى، ئەسلىمىلىرى، كىنو سېنارىيەلىرى ۋە ھېكايىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە چېلىقارلىق ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ رېئال ھاياتنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلاتتى. ئۇنىڭ بالاغەت ۋە پاساھەتتە ۋايىغا يەتكەن قەلىمى ئاستىدىكى چىن ئوبرازلار تۇرۇپ يىراق ئۆتمۈش مەنزىرىسىگە باشلاپ بارسا، تۇرۇپ غايىۋى مەنزىلگە باشلاپ بارىدۇ. ئۇ ياراتقان ئوبرازلار جىسمانىيىتىدىن كىشىگە بەدىئىي سەنئەتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلىرى بار:

1) «رۇبائىييات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ، شائىرنىڭ تۇنجى رۇبائىي توپلىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىمۇ تۇنجى رۇبائىي توپلىمىدۇر. شائىر نۇرمۇھەممەت ئېركى بۇ «رۇبائىييات»قا تەتقىقات خاراكتېرلىك مۇقەددىمە يېزىپ، شائىرنىڭ ئىستېداتىغا ۋە ئۇنىڭ «رۇبائىييات»ىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. دېمىسىمۇ توپلامدىكى رۇبائىيلار پەلسەپىۋى پىكرىنىڭ يۈكسەكلىكى، ئوبرازلارنىڭ يارقىنلىقى، ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى، تىلنىڭ گۈزەللىكى جەھەتتە رۇبائىينىڭ ئۆلچەم ـ مىزانىغا توشقان.

2) «رۇبائىييات» (ئىككىنچى توپلام)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. شائىرنىڭ بۇ توپلىمى ئالدىنقى توپلامنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، قۇرۇلما، مەزمۇن، ھېسسىيات ۋە تىل جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن.

3) «قارلىق تاغ شەجەرىسى» (شېئىرىي رومان)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. رومانda شائىر شېئىرىي تىل ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇ-

ۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، رېئاللىقنى ۋە ھېسسىياتنى جانلىق ئىپادىلىگەن.

4) «چۇغلۇق» (شېئىر توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشر قىلغان. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ تۇرلۇك مەزمۇندىكى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

5) «كومىراجىۋا» (كىنو سېنارىيەسى)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىلى 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان. بۇ كىنو سېنارىيەسىدە، ئاپتور قەدىمكى كۇسەن مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋانىڭ تارىخىي ئوبرازىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

يۇقىرىدىكى ئەسەرلەردىن باشقا، ئەدىبنىڭ يەنە «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» (نەسر توپلىمى)، «ئارىفنامە» (پەلسەپىۋى نەسر توپلىمى)، «كۇسەن مەلىكىسى» (كىنو سېنارىيەسى)، «غەزەلىيات»، «باھارىيات»، «شېرىن ۋە سېرىن»، «ئاق توز»، «شەبنەم ۋە ئۇچقۇن»، «ھەمرايى غەزەللىرى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ئارگىنال بويىچە ئۆيىدە ساقلانماقتا.

**4. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى**

پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىخىغا پىششىق ئالىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدىنمۇ خېلىلا يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى، يەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدىكى شەرھ ـ ئىزاھلارنىڭ ئۆزىلا كىتابخانلارغا مول بىلىم ۋە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، جوڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەج-

رىنىڭ بەرىكىتىدىن «چۈغلۇق قىز» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى)، «توققۇز نەزم» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى)، «ئېستېتىكىدىن لېكسىيەلەر» (شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى 1987 ـ يىلى بېسىپ دەرسلىك قىلغان)، «شېكىسپىر سونېتلىرىدىن تاللانما»، «شاھنامە» (2 ـ، 3 ـ قىسىملىرى) قاتارلىقلار ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىندى. يۇقىرىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ئاپتورلىرىدىن شېكىسپىر، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، چوي يەن قاتارلىقلار جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى كاتتا شەخسلەر بولۇپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر كارامەتتۇر. ئالىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ «شاھنامە»نى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ھەم كۆپ قىينالغان، ھەم «شاھنامە»دىن كۆپ ئىلھام ئالغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ 1993 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا «شەرق ئەدەبىياتىدىكى بەھەيۋەت كىلاسسىك خەزىنە ـــ ‹شاھنامە›» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «شاھنامە»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇكسەك باھا بەرگەن.

**5. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئىجادىي ئەسەرلىرى**

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە يېزىلغان ئەسەر ـ ماقالىلەرمۇ بىر خىل ئىجادىيەت ئەسەرلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ خىل ئەسەر ياكى ماقالىلەرنىڭ ھەجمى نىسبەتەن كىچىك، مەزمۇنى ئاممىباب، تىلى چۈشىنىشلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەجىر ـ ئەمگىكىمۇ زور، تۆھپىسى چېلىقارلىق، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېلان قىلغان ماقالى-

لىرى 60 پارچىدىن ئارتۇق. بۇ يەردە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئە-
گە بىر قىسىم ماقالىلىرىنىڭ ماۋزۇسى، ئېلان قىلىنغان ئورۇن
ۋە يىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

(1) «رۇخسارى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلپەت-
تا»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1983 - يىلى 17 - نويابىر سانىدا.

(2) «قەدىمكى كۇسەنىنىڭ كىلاسسىك ئۇسسۇلى»، «شىنجاڭ
گېزىتى»نىڭ 1984 - يىلى مايدىكى سانىدا.

(3) «قەدىمكى كىلاسسىك ئۇسسۇلنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشى-
شى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1984 - يىلى 24 - ئۆكتەبىر سا-
نىدا.

(4) «ئۈرۈمچىنىڭ ھەر خىل يەر ناملىرى»، «ئۈرۈمچى كەچ-
لىك گېزىتى»نىڭ 1984 - يىلى 23 - مارت سانىدا.

(5) «ئەڭ قەدىمكى ئۈرۈمچى ۋە قاڭقىللار»، «ئۈرۈمچى كەچ-
لىك گېزىتى»نىڭ 16 - ئىيۇل سانىدا.

(6) «ئېستېتىكا قانداق پەن؟»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ
1984 - يىلىدىكى 8 - سانىدا.

(7) «تۇرپان ئۈزۈمى ۋە تۇرپان شارابى»، «شىنجاڭ گېزى-
تى»نىڭ 1985 - يىلى 20 - ئىيۇن سانىدا.

(8) «پاكىستان رەڭلىك ھېكايە فىلىمى ‹پاكلىق›»، «شىنجاڭ
گېزىتى»نىڭ 1985 - يىلى 23 - ئاۋغۇست سانىدا.

(9) «قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزى-
تى»نىڭ 1985 - يىلى 12 - ماي سانىدا.

(10) «مىللىي مەدەنىيەت راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇ-
نىيەت»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1986 - يىلى 17 - ماي سانىدا،
خەنزۇچىسى 11 - ماي سانىدا.

(11) «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «قەشقەر گېزى-
تى»نىڭ 1986 - يىلى 28 - ئاۋغۇست سانىدا.

(12) «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى»، «شىنجاڭ گېزى-

تى»نىڭ 1986 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇل سانىدا.
(13) «ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ فېۋرال سانلىرىدا.
(14) «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇل سانىدا.
(15) «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېڭى قىياپىتى»، «ئۈرۈمچى كەچ-لىك گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن سانىدا.
(16) «كۆڭۈلۈزى ۋە ئىدىقۇت مەدەنىيىتى»، «ۋېنخۇيباۋ» گېزى-تىنىڭ 1990 ـ يىلى 27 ـ فېۋرال سانىدا.
(17) «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن سانىدا.
(18) «جاباغان ئېلىگە ساياھەت»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزى-تى»نىڭ 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي ۋە 12 ـ ئايدىكى جەمئىي 27 سانىدا ئۇدا ئېلان قىلىنغان.
(19) «يۇقىرى ماھارەت ۋە ئېسىل سەنئەت ـــ ‹مۇقام› ناملىق ماي بوياق رەسىم ھەققىدە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىلى 12 ـ ماي سانىدا.
(20) «بىر شېئىر ھەققىدە سۆز»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1987 ـ يىلى 24 ـ يانۋار سانىدا.
(21) «ئىككى شېئىر ھەققىدە پاراڭ»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1987 ـ يىلى 19 ـ سېنتەبىر سانىدا.
(22) «كىلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1988 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر سانىدا.
(23) «مازۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى»، «شىنجاڭ گېزى-تى»نىڭ 1988 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن سانىدا.
(24) «ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئويغۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھەرىدىكى ئويغىنىش»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1988 ـ يىلى

12 ـ ئىيۇن سانىدا.

(25) «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ـــ مىللەتلەر تەرەققىيا-
تىنىڭ ئېھتىياجى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1988 ـ يىلى 2 ـ
ئۆكتەبىر سانىدا.

(26) «ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ
1988 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل سانىدا.

(27) «ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش»،
«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1988 ـ يىلى 13 ـ نويابىر سانىدا.

(28) «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە»، «شىنجاڭ گې-
زىتى»نىڭ 1988 ـ يىلى 12 ـ مارت سانىدا.

(29) «ئەسسالام قەشقەر، ئەسسالام ئانا دىيار»، «قەشقەر گېزى-
تى»نىڭ 1988 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىر سانىدا.

(30) «مۇھىم بىر تارىخىي تەجرىبە»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ
1989 ـ يىلى 8 ـ نويابىر سانىدا.

(31) «ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت»، «شىنجاڭ گېزى-
تى»نىڭ 1989 ـ يىلى 25 ـ يانۋار سانىدا.

(32) «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن
خىزمىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1989 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېل
سانىدا.

(33) «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شا-
ئىرلىرىدىن نەمۇنە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1989 ـ
يىلى 1 ـ ئايدىكى سانلىرىدا ئۇدا ئېلان قىلىنغان.

(34) «ئۈزۈم سەيلىسى ھارپىسىدا»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ
1990 ـ يىلى 18 ـ ئاۋغۇست سانىدا، خەنزۇچىسى 2 ـ سېنتە-
بىر سانىدا.

(35) «شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەرئون ئىككى مۇقامنىڭ
تولۇق رەتلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ
1990 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر سانىدا.

(36) «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى»، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1992 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست سانىدا.

(37) «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ 1992 ـ يىلى 17 ـ نويابىر سانىدا.

(38) «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 27 ـ مارت سانىدا.

(39) «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 16 ـ فېۋرال سانىدا.

(40) «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 19 ـ يانۋار سانىدا.

(41) «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 6 ـ مارت سانىدا.

(42) «كۆسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر سانىدا.

(43) «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۇچۇر»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست سانىدا.

(44) «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەشھۇر ئالىم ئۇلۇغبېك»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1994 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر سانىدا.

بۇلاردىن باشقا، يەنە ئالىم كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردىن مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان.

دېمەك، ئالىمنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تارىخ، جۇغراپىيە، پەن ـ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، سىياسىي ـ ئىقتىساد، ئېتنوگرافىيە، تارىخىي شەخسلەر، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئاڭ ـ تەپەككۇر قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

**6. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن ھايات. بىز ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈرگە ئايرىش، رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەپسىلىي ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ھازىرچە ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىكى يەتتە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكنى ھېس قىلدۇق:

بىرىنچى، ئالىم بېرىلىپ ئىزدىنىش روھىغا ئىگە.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندە بىر يۈكسەك غايە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا بېغىشلاشتىن ئىبارەت. ئۇ بۇ غايە مەنزىلىدە بېرىلىپ ئىزدەندى، ھارماي - تالماي ئىشلىدى. ئۇنىڭ قەلىمى بىر كۈنمۇ يېزىشتىن توختىمىدى. ئۇ كۆپ قېتىم بالنىستتا ياتتى، بۇ جەرياندا دوختۇرلار ئۇنىڭ كىتاب كۆرۈش، خەت يېزىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولسىمۇ، ئۇ گاھىدا ئاشكارا، گاھىدا يوشۇرۇن كىتاب كۆردى، قەلەم تەۋرەتتى. تەتقىقات يولىدا ئۇ قىممەتلىك ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئۆتنۈپ قالدى. تۆي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئويۇن - تاماشا ۋە چاي - داستىخانلارغا ئىشتىراك قىلالمىدى. دوست - ئاغىنە، يار - بۇرادەر، ئەل - جامائەتنى كۆپ يوقلىيالمىدى. ھەتتا ئۇ ۋاپات بولغاندىمۇ قولىدا قەلەم تۇتۇقلۇق ھالەتتە تەتقىقات ئۈستىلىدە يىقىلدى.

ئىلمىي تەتقىقات يولىدا، بۇ دەرىجىدە ئۆزىنى ئۇنتۇش ۋە بېرىلىپ ئىزدىنىش روھى تەتقىقات تارىخىدا بولغاندۇ، لېكىن بىزنىڭچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا بىز ئالىمنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك روھىنى ئۇنىڭ سەر خىل ئالاھىدىلىكى دەپ قارىدۇق.

ئىككىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقاتى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىش يۈزلىنىشىگە ئىگە.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقاتى 23 - يىشىـ

دا، يەنى 1956 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىك-
كى بۈيۈك ئالىمى» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالى-
سىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئاز كەم 40 يىللىق تەتقىقات نەتىجىلى-
رىگە كۆز تاشلىغىنىمىزدا، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ئا-
لىمنىڭ تەتقىقاتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كەمتۈكلۈكتىن مۇ-
كەممەللىككە، كېلەڭسىزلىكتىن ئىخچاملىققا، چېچىلاڭغۇ ـ تار-
قاقلىقتىن جەملىك ـ ئومۇمىيلىققا قاراپ يۈزلەنگەن ھەم تەرەق-
قىي قىلغان. ئالايلۇق، ئۇنىڭ فارابى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئايرى-
لىقتىن تەدرىجىي ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىر
1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستې-
مىسى» دېگەن يىرىك ئەسىرىگە مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ پارچە ـ
پۇراتلىقتىن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، «قۇتادغۇبىلىك، خەزى-
نىسى» دېگەن مەخسۇس ئەسەرگە ئومۇملاشقان. ئوخشاشلا، ئالىم-
نىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق ئەسىرىمۇ ئۇنىڭ بىر ئۆ-
مۈر مەشغۇل بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ
يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئالىم تەتقىقاتىنىڭ بۇ
خىل يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىياتى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مەنتى-
قىسىگە ماس كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقاتى نىشان جەھەتتە ئېنىقلىقا ئە-
گە.

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ تەتقىقات دائى-
رىسى نىسبەتەن كەڭ، ئەسەرلىرى كۆپ ۋە خىلمۇخىل. بۇ ھال
كىشىلەرگە ئالىم گويا ھەممە ساھەگە ئېسىلىۋالغاندەك تۇيغۇ بې-
رىپ قويىدۇ. ئەمما، بىز ھادىسىدىن ماھىيەتكە، تاشقىرىسىدىن
ئىچكىرىسىگە ئۆتۈپ قارايدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ بۆلەكچە ئى-
كەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالىمنىڭ تەتقىقات نىشانى ناھايىتى

ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىدۇر. بۇ
يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇقكى، ئالىمنىڭ ئۇي-
غۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مېتودى باشقىچە، ئۇ ئۇي-
غۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى بىر تەكشىلىكتە ئەمەس، بەلكى ئۇنى
مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت كاتېگورىيەسى، مەدەنىيەت سىستېمىسى،
مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئىچىگە قويۇپ، بۇ-
نىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتۈپ تەتقىق قىلغان. ئالىم-
نىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇنيادا تەنها مەدەنىيەت بول-
ماستىن، بەلكى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى،
شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ھەتتا دۇنيا ئىنسانىيەت مەدە-
نىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. شۇڭا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن
ئىبارەت بۇ كىچىك ئاتموسفېرانى چوڭ ئاتموسفېرا ئىچىگە قو-
يۇپ، ئوخشاشمىغان نۇقتا، ئوخشاشمىغان تەرەپ، ئوخشاشمىغان
قاتلام ۋە ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق
قىلىش لازىم. ھالبۇكى، ئالىمنىڭ بۇ خىل قارىشى ئىلمىي ۋە
ماھىيەتلىك بولۇپ، دىيالېكتىكىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقى، ئالىمنىڭ قارىشىنىڭ ئەكسىچە، زا-
مان، ماكان، مۇناسىۋەت، قاتلام، كاتېگورىيە ۋە سىستېمىدىن تەن-
ھا ھالدا ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنىڭدا نە ئىلگىرىلەش بولمايدۇ، نە
ئۇنۇم بولمايدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن باشتىن -
ئاخىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى يادرو قىلىپ، مەز-
كۇر يادرونى تارىخ، جۇغراپىيە، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئېت-
نوگرافىيە، ئارخېئولوگىيە، دىن، ئېتىكا قاتارلىق كۆپ نۇق-
تىلاردىن چىقىپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەت-
قىقاتچىلىقىدا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ۋە بەزى ساھە-
لەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ
ھەقىقىي سىرى مانا مۇشۇ يەردە.

تۆتىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقاتى ئىزچىللىققا ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ 40 يىللىق تەتقىقات تارىخىغا توغرا ۋە تىك لىنىيەدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئىزچىللىققا ئىگە. بۇ، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلغانلىقىدا؛ ئىككىنچىدىن ئۇنىڭ تەتقىقاتتىكى كۆزقارىشىنىڭ ئىزچىل بولغانلىقىدا؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ ھەربىر مەسىلىدىكى قارىشىنىڭ ئىزچىل بولغانلىقىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىزچىللىق ۋە زىددىيەتسىز بولۇش — ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئالىمنىڭ پىكىر يولى راۋان، چىقىش نۇقتىسى ئېنىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، زىددىيەتلىك قاراش، زىددىيەتلىك يەكۈن، تايىنسىزلىق، لىڭگىرتاقتاقلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئالىمنىڭ بەزى ماقالىلىرىدىكى ۋە بەزى مەسىلىلەردىكى بىر قىسىم ئەھۋاللار بولسا، بىلىش ۋە قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئالىم بۇرۇنقى بىر قىسىم مەسىلىلەردىكى قارىشىنىڭ توغرا بولمىغان تەرەپلىرىنى كېيىنكى ماقالىلىرىدە ئېنىق تۈزەتكەن. ئۇنىڭ بەزى ماقالىلىرىنىڭ تەكرار ئېلان قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە! بۇ — بىلىش تەرەققىياتى دىيالېكتىكىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئالىمنىڭ تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇققا ئىگە ئىكەنلىكى شۇ يەردىكى، زامان تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ تەتقىقاتى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە، ئاددىي تونۇشتۇرۇشتىن مۇھاكىمىلىك تەتقىقاتقا قاراپ تەرەققىي قىلغان، يەنى تەدرىجىي چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلەنگەن. ھۆرمەتلىك كىتابخانلار ئالىمنىڭ 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى

بىلەن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دېگەن ئەسىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇسا، ئالىمنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بارغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. بۇ نۇقتىنى ئەسەر - ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بەشىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقاتى مول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ قايسى تۈردىكى ئەسەر-لىرىگە نەزەر تاشلىسىڭىز، ئۇنىڭدا ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك ما-تېرىياللارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇ بۇ ما-تېرىياللارنى قاچان، قەيەردە، قانداقسىگە توپلىغان بولغىيتتى، دەپ ھەيرانلىقمۇ ھېس قىلىسىز، ئالىمنىڭ مەيلى يىرىك ئەسەر-لىرىدە بولسۇن، مەيلى بىر پارچە ماقالىسىدە بولسۇن، تارىخىي ئابىدە - يازما ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار، ئال-دىنقىلارنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرى، ئۇيغۇر ئەل مەدەنىيىتى ما-تېرىياللىرى ناھايىتى مول. ئالىم بىر ئۆمۈر توپلىغان بۇ قىم-مەتلىك ماتېرىياللارنى ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدا بەكمۇ ئۇنۇملۇك قوللاندى. تەتقىقاتچىلىرىمىز ئالىم نەقىل - ئىستاتا ئالغان بۇ مەنبە - ئۇچۇرلاردىن ئىلگىرىمۇ پايدىلانغانىدى، ھازىرمۇ پايدىلى-نىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ پايدىلانغۇسى.

ئالتىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقاتى پۇختىلىقىقا ئىگە.

ھەرقانداق بىر ئىلمىي ئەسەر (ھەجمى مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن) مۇھاكىمە تېمىسى، مۇھاكىمە ئاساسى ۋە مۇھا-كىمە شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. مۇشۇ ئۈچ ئامىل ئورگانىك باغلانغان ئەسەر كومپوزىتسىيەسى مەنتىق-لىق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرى مانا مۇشۇ ئۆلچەمگە تولۇق توشىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرىنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى ئېنىق، چۈشىنىشلىك، مۇھاكىمە

ئاساسى يېتەرلىك، مۇھاكىمە شەكلى ئەپچىل، راۋان ۋە قائىدىلىك، شۇڭا ئۇنى ئوقۇغان ئادەم چۈۋالچاقلىق، كېلەڭسىزلىك ۋە قوپاللىق ھېس قىلمايدۇ.

يەتتىنچى، ئالىمنىڭ تەتقىقات تىلى ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىل ئۆزگىچىلىكى ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ: بىرى، سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە ئالىم كۆپرەك ئىلمىي ئۇقۇم — ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. يەنە بىرى، جۈملە جەھەتتە، ئالىم قوشما جۈملە ياكى جۈملىلەر توپىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. شۇ سەۋەبلىك، ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ، دىققەت بىلەن ئوقۇمىغاندا، ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بايان ئىنتوناتسىيە جەھەتتە ئاھاڭدار، گۈزەل بولۇپ، كىشىگە ئېستېتىك زوق ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ.

بىر ئالىمنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتتى گۈزەل كىشىلىك ئەخلاقى ۋە ئەستايىدىل ئىلمىي ئەخلاقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاخىرىدا بۇ نۇقتىدا سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئەخلاق — پەزىلەت جەھەتتە، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كەمتەر، ئېغىر — بېسىق ۋە كەڭ قورساق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەنمەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، تەمەخورلۇق ئىللەتلىرى كۆرۈلمەيتتى، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى، ئىزدىنىشنى، ئىجاد قىلىشنى، تەتقىق قىلىشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قوياتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەستايىدىل بولاتتى.

ھازىر قولىمىزدا بار (مۇتلەق توغرا دېيەلمىسەكمۇ) ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھاياتىدا يىرىك ئەسەرلەردىن (نەشر قىلىنغان ۋە نەشرگە تەييارلانغان) 18 كىتاب، ئىلمىي ماقالىلەردىن 135 پارچىدىن ئارتۇق، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرىدىن 8 توپلام، تەرجىمە ئەسەرلەردىن بەش

كىتاب، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ماقالىلەردىن 60 پارچە-دىن ئارتۇق بولۇپ، جەمئىي 250 پارچىدىن كۆپ ئىلمىي، ئەدە-بىي ۋە نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

ئالىمنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغانلىقىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېر-سىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشى، ئۇنى قول-لىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەۋزەل شەرت - شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن-لىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئالىممۇ بۇ نۇقتىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندى.

ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر ئۆمۈر ئىز-دەنگەن ۋە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى روياپقا چىقارغان بۇ مەشھۇر ئا-لىمنىڭ روھىغا ئەمىنلىك، ئاخىرەت سەپىرىگە خەيرلىك مەنزىل تىلەيمىز!

# ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

مىڭ چىبېي، لو لۈلۈ

**ئاپتور ھەققىدە:** مىڭ چىبېي (孟驰北، 1926 — 2013) دەۋرىمىزدىكى داڭلىق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئاخباراتچى ۋە يازغۇچى. ئۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى دو بايا. مىڭ چىبېي كۇنمىڭ ئۇ- نىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنخۇا ئا- گېنتلىقى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك ۋە باشقۇرغۇچىلىق خىزمەتلىرىنى قىلغان.

تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مىڭ چىبېينىڭ «جۇڭگو تا- رىخىغا يېڭى نەزەر» (ئىككى توم)، «ياۋروپا تارىخىغا يېڭى نەزەر» ناملىق كىتابلىرىدىن تاشقىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك داڭلىق ئە- سىرى «يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى» ئالاھىدە مەش- ھۇر. خەلقئارادىكى بىرنەچچە چوڭ تىل - يېزىققا تەرجىمە قى- لىنغان ئىككى توملۇق بۇ يىرىك ئەسىرىدە ئۇ يايلاق مەدەنىيىتى ئىلمىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان. شۇ سە- ۋەبتىن مىڭ چىبېي خەلقئارادا «يايلاق مەدەنىيىتى ئىلمىنىڭ پېشۋاسى» دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ئەدەبىي ئاخبارات- لىرىنى ئايالى ھەم كەسپدىشى لو لۈلۈ (罗綠綠، خەنزۇ) بى- لەن بىللە يازغان.

«ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» (反思中的起跑) ناملىق بۇ

ئەدەبىي ئاخباراتنى مىلىڭ چىبىبىي ئەر - ئايال بىرلىكتە يېزىپ، 1988 - يىلى «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. داڭلىق تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ شۇ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 10 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان. بۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ۋە روھىيەت تۈزۈلمىسىدىكى كىرىزىسلار ھەققىدىكى سۆكۈتلۈك ئويلىنىشلىرى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

* * *

## 1. پاكىتلارنىڭ قىستىشى

جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسىل مىللەت دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىڭىز تەبىئىي، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بەزى تارىخىي ھادىسىلەر گويا تېپىشماققا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى زاماندا بۇ زېمىندا ھۇنلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ساكلار، ئېفتالىتلار، چاڭلار، تۈبۈتلەر، تۈركلەر، سىيانپىلار، قىتانلار، جۇرجانلار، موڭغۇللار ياشىغان. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىسى ئۆز دەۋرىدە كارامەت زورىيىپ، قۇدرەت تېپىپ، جاھاننى سورىغان. لېكىن ھازىرقى كۈندە بولسا، بەزىسى كىچىكلەپ، ئاجىزلاپ كەتتى، بەزىسى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بولسا، تارىختىكى بوران - چاپقۇندا راۋاج تېپىپ، زورىيىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مىللىتىگە ئايلاندى، بۇنىڭ سىرى نېمە؟

بۇرۇنقى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۇرپاندىلا سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى،

سانسكرىت يېزىقى، پارس يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە تاڭغۇت يېزى-
قى بىلەن بۇددا دىنىغا، مانىي دىنىغا، نېستورىيان دىنىغا، مەجۇ-
سىي دىنىغا ئائىت دىنىي كىتابلارنى تاش مەتبەئەدە نەشر قىلال-
غان، بۇنداق ئەھۋال ئۆز زامانىسىدا دۇنيادا كەم ئۇچراپتىكەن.
بۇنىڭ سىرى نېمە؟

بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرەلەيدىغان كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى يوق مىللەتنى ئىنتايىن
مەدەنىيەتلىك مىللەت، دەپ ئاتىماق تەس. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى
مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
مەھمۇد كاشغەرىي دېگەن ئىككى نەپەر كاتتا مەدەنىيەت ئەربابى
چىققان، بۇنىڭ سىرى نېمە؟

ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شامان دىنىغا، مانىي دىنى-
غا، مەجۇسىي دىنىغا، بۇددا دىنىغا، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتى-
قاد قىلغان. دۇنيادا دىن ـ ئەقىدىنى شۇنداق كۆپ تاللىغان مىل-
لەت تولىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

ئۇيغۇرلار شىمالىي موڭغۇل قۇملۇقىدا ياشىغان چاغلىرىدا
سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۈچ يولغا بۆلۈ-
نۈپ كۆچۈپ، تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا تا-
رىمدىكى بىر مۇنچە قەبىلە ـ ئەللەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى.
كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا خېلى كۆپ خەنزۇ، موڭغۇلنى،
قىتانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. شۇنداق زور ئاسسىمىليات-
سىيە قىلىش ئىقتىدارىدىكى سىر نېمە؟

ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن ئۆز ئالدىغا سىس-
تېما ھاسىل قىلالايدىغان نۇرغۇن يازما ئەدەبىي مىراسى بار مىل-
لەت پەقەت بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى، بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟

...

مەن ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر ئۇيغۇر بوۋادىرىمدىن

ئەقىل سۇرىدىم. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، فارابى ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلەتتى، خەنزۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا بەكمۇ قىزىقاتتى، ھازىرقى زامان دۇنيا پەلسەپە ئېقىملىرىدىنمۇ كەڭ مەلۇماتلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئېستېتىكا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تارىخ قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل ئەسەرلىرى بار. ئۇ جۇ يۈەننىڭ «توققۇز نەزم» ناملىق شېئىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان. ئۇ ھەقىقىي بىلىملىك، ئۆتكۈر نەزەرلىك ئالىم، ئۇ ئارىلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلغانلىقى، شېئىرلىرىدا دىنغا نىسبەتەن بەزى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ قويغانلىقى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئەگىتىپ تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، دائىم يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالىدىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

— بۇ سىرلارنى، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش، دەپ يېشىش مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ. ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇ تەبىئىي مۇھىتى جەھەتتىن بېكىك ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىمىزكى، قەدىمكى زاماندىكى ئاتلىق مىللەتلەر ۋە سودىگەرلەر تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، بىپايان چۆللەرنى كېزىپ، خەلقئارا كارۋان يوللىرىنى ئېچىپ، دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىنى تۇتاشتۇرغان. يۇنان، رۇم مەدەنىيىتى، ئىران ـ ئەجەم مەدەنىيىتى، ئىسلام ـ ئەرەب مەدەنىيىتى بۇ يەرگە توپلانغان. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە يول ئاچىدىغان ئېچىۋېتىش روھىغا ۋە ئەتراپلىق قوبۇل قىلىش غەيرىتىگە ئىگە بولۇشى تەبىئىي. تەرەپ ـ تەرەپكە يول ئاچقاندىلا روناق تاپقىلى، تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. بۇمۇ ھازىرقى كۈندە دۇنياغا پۇر كېتىۋاتقان نەزەرىيەگە، تېرمودىنامىكىنىڭ 2 ـ قانۇنىيىتى بويىچە

بارلىقتا كەلگەن ئېنتروپىيە نەزەرىيەسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. تاشقى دۇنيادىن داۋاملىق ھالدا قۇۋۋەت ـ مەدەت ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرغاندا، يىلتىزسىز گىياھقا ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ بىر ئالىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى مۇنداق بىر ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن سۈپەتلىگەن: ئۇ گويا تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىدىن دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ، پۇراق تۈرلىرىنى ئايرىپ تۇرمايلا شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ.

پىروفېسسورىمىز مەدەنىي مىراسلارنى تەكىيە قىلىپ ئۇخلايدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. مېنىڭ ماختاپ ئېيتقان گەپلىرىم ئۇنى مەمنۇن قىلالمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ، — دېدى ئۇ گەپكە كىرىشىپ، — تارىختىكى ئەڭ پارلاق نەتىجىسى قاراخانىيلار خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى راۋاجلانغانلىقتىن، شىنجاڭنى ئارىلاپ ماڭىدىغان خەلقئارا سودا كارۋان يوللىرى بىكار بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار شۇ كونا يىپەك يولىدا جاپاغا چىداپ قاتناپ يۈرۈپ، كەڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئاۋۋال ئەرەب دۇنياسى تەرەپكە بارىدىغان يوللار توسۇلدى، ئاندىن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىغا بارىدىغان يوللار توسۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە بارىدىغان يوللار توسۇلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ مەملىكەت دەرۋازىلىرىنى قۇلۇپلاش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ بىر ـ ئىككى يىل ئەمەس، يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل بېكىك ھالەتتە قالدى. قەدىمكى زاماندىكى ئېچىۋېتىش مۇھىتى ئېچىۋېتىش روھىنى يېتىشتۈرگەن بولسا، ھازىرقى بېكىك مۇھىت بېكىك پىسخىكىنى پەيدا قىلىپ قويىدى. ئەپسۇسكى، بىز ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىرلا سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىشكە

بىرىلىپ كەتتۇق. جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىمە، قاتلامـمۇقاتلام ئـە-
كەن، ئۇنىڭغا بىرلا نۇقتىدىن قارىغاندا، چالا بولۇپ قېلىشى مۇ-
قەررەر. بىر قانچە نۇقتىدىن ـــ سوتسىيولوگىيە، پسىخولوگىيە،
جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىلىدىغان بولسا، بىر مۇنچە
مەسىلە تېپىش مۇمكىن.

بۇرادىرىم ئۇستىلىدىن بىر پارچە سالام خـەتنى ئېلىپ، ماڭـا
تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىدىكى ئالىي مەكتەپتە
بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىسى خېتىدە مۇنداق يازغان:

*سالام، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم:*

*بېيجىڭغا كەلگىنىمگە يېرىم يىل بـولاي دەپ قالدى. بۇ يـەردە تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشىۋاتقان خەۋەرلەر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلـ غانلىقتىن، كۆزۈم ئېچىلىشقا، نەزەر دائىرەم كېڭىيىشكە باشلاۋاـ تىدۇ. سىلىشتۇرغاندا پەرقلەندۇرگىلى بولىدۇ. بۇ ئادەتتىكى بىـر ھەقىقەت. تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە سىلىشتۇرۇپ كۆرگىلى بولـىـ دىغان نەرسىلەر كۆز ئالدىمدا تۇرغاچقا، ئىلگىرى شىـنجاڭدا تېپ- گىگە يېتەلمىگەن بىر مۇنچە ئىشلار چۈشىنىشلىك بولۇپ قېلىۋاـ تىدۇ. مەن مىللىتىمنى قەدىرلەيمەن، مـىـللـىـتىمىـز ئوتتۇرا ئـەـ سىردە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگـە بولغانىكەن.*

ئاپتوردىن ئىلاۋە: ئىرانلىق يازغۇچى جۇۋەينى 13 ـ ئەسىـردە
پۈتكۈزگەن «جاھانكۇشاي» («دۇنيا ئىستېلاچىسى») دېگەن ئەسەـ
رىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ھۆججەتلىرىـ
نى، بىلىملىرىنى مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسـى دەپ قارىغانـ
دى» دەپ يازغان. تۈرك تىلىدا مەرىپەت بىلەن مەدەنىيەت ئاتالغۇـ
لىرىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئوخشاش بولغاچقا، بەزىلەر مـەدەـ
نىيەت بىلەن مەرىپەتنى ئايرىش يۈزىسىدىن، مەرىپەتنىڭ ئورنىغا

ئىنگلىزچە Civilization دېگەن سۆزنى قوللانغان. كېيىن
Civilization دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى «ئۇيغار» دېگەن سۆزنى
قوللانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دېگەن سۆز تۈرك تىلىدا مەدە-
نىيەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مە-
رىپەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە قانداق
چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىنمۇ بىلگىلى بو-
لىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش
قەدىمى تېز بولۇۋاتامدۇ ياكى ئاستىمۇ؟ بىزنىڭ خەنزۇ خەلقى بى-
لەن بولغان ئەمەلىي پەرقىمىز ئازىيىۋاتامدۇ ياكى كۆپىيىۋاتامدۇ؟
بۇ مەسىلىلەر يېقىندىن بۇيان مېڭەمگە كىرىۋالدى. بۇ مەسىلە-
لەردە بىر خۇلاسىگە كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، لېكىن تۆۋەن-
دىكى ئەمەلىيەتلەر ھەقىقەتەن كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ:

1. 1950 ـ يىللاردا بىزدىن زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلى-
يېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا چىققانىدى، كېيىنكى چاغلاردا بولسا
بىزدە تىببەتلىك زاشىداۋاغا، قازاق ئەكبەرگە ئوخشاش پۈتۈن مەم-
لىكەتكە مەشھۇر شائىر، يازغۇچى چىقمىدى.

2. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەيدىغان
داڭقى بار ئىدى. 1950 ـ يىللاردا بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى-
مىز ھەقىقەتەن پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتكەنىدى. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان بىر ئىزىدا توختاپ قالدى. مەملىكەتلىك مۇسابى-
قىدە ئاران بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇق.

3. ئىچكى موڭغۇل، تىببەت ۋە نىڭشيا رايونلىرىنىڭ چوڭ ـ
چوڭ تىياتىرلىرى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئوينالدى، شىنجاڭنىڭ
يوق.

4. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا يېرىم ئەسىردىن
كۆپرەك ۋاقىت بولدى. لېكىن «ئۇلۇغ بېرىتانىيە ئېنسىكلوپېدى-
يەسى»گە ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن يۈننەن ئۇنى-

*ۋېرسىتېتى كىرەلمىگەنۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كىرەلمىگەن.*

*5. بىز يىپەك يولىدا ياشاپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن ھازىرغىچە بىزدىن يىپەك يولىغا دائىر چوڭراق ئەسەر چىققىنى يوق.*

...

*يەنە بىر مۇنچە مىسال كەلتۈرۈشۈم مۇمكىن، مۇشۇنداق ھادىسىلەر ئىچىمىزنى ئۆرتىمەمدۇ؟ ئۇستازىم، بۇ ھادىسىلەر ئۇستىدە سىزمۇ باش قاتۇرۇپ باققانسىز. ئېھتىمال، ئاللىقاچان جاۋاب تاپتىڭىز، ئەقىل كۆرسىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.*

پىروفېسسور بۇرادىرىم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن سۆزلىدى:

— بۇ ياش ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئۇستىدە ئويلىنىپ يۈرگىنىمگە بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى. مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سالام خەتتە يېزىلغان ھادىسىلەرنى ئېتىراپ قىلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىش، لېكىن ئۇلار پاكىت، پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بۇ پاكىتلار نۇرغۇن ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگمەكتە، تەسىر قىلماقتا، ئۇلارنى ئويلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا. ئىلمىم پوزىتسىيەدە راستچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. راست گەپنى قىلغاندا، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئوبدان جارى بولالمىدى. ئېچىۋېتىش روھىمىز ناچار بولدى، كەڭ جەلپ قىلىش روھىمىز ئاجىز بولدى. سىز ئاخبارات خادىمى، بۇ جەھەتلەردە سىزدە مەلۇمات بولۇشى چوقۇم. لېكىن ئۇ مەسئۇلىيەت بىزدە ئەمەس، ئۇنى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

— چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى تۈزىتىلدىمۇ؟

— شۇنداق، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى تۈزەتتى. شۇنى نەزەردە تۇتىمىزكى، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى ماكان جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان، زامان جەھەتتىن بولسا، 1957 - يىلىدىكى كۆ-

رەشتىن — يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، 20 يىل داۋام قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بولسا، «سول»چىللىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۇ خاتا سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەمەلىي تۈزىتىلدى، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە يىللاپ - يىللاپ قالدۇرغان تەسىرىنى بىر - ئىككى كۈندە تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ تەسىراتلار ۋاقتى - مەزگىلى پىشىپ يېتىلگەندە ئېچىپ، يېڭى سۈپەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، باشقا بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقىدە كېيىنكى يىللاردا پەيدا بولغان قېيداش روھىي ھالىتىنى ئەنە شۇ چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنىنىڭ مىللىتىمىزدە قالدۇرغان ئىللەتلىرى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشنى كۆزىتىپ كۆرسىڭىز ئىكەن.

## 2. قېيداش روھىي ھالىتى

پىروفېسسور ئالدىمغا قويغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرمۇنچە ئادەم بىلەن پاراڭلاشتىم، بىرمۇنچە ئەھۋال بىلەن تونۇشتۇم. بىرەر خاتا سىياسىي ھەرىكەتنىڭ كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتكەندىن كېيىن قانداق قېيداش روھىي ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تارىخىي بىمەنىلىك تولا چاغلاردا باشقا بىر بىمەنىلىكنىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدىكەن. بىرىنچى ئاچچىق دەردنى يۇتقان ئادەم ئىككىنچى ئاچچىق دەردنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بىرىنچىسىنى نائىلاج، مەجبۇرىي يۇتقان بولسا، ئىككىنچىسىنى ئۆز رايى بىلەن يۇتىدىكەن. ئەنە شۇنداق قېيداش ھېسسىياتىنىڭ يوشۇرۇن ئېقىنى دەسلەپ شۇنداق مەۋج ئۇرۇپ، كۈچلۈك ئۆركەشلەيدۇكى، ھەتتا ئىجتىمائىي ئورنى خېلى يۇقىرى، يىراقنى كۆرەر ئادەملەرمۇ، پەم - پا-

راستى ئۆتكۈر، ئىغىر ـ بېسىق ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا قېتىلماي قالمايدىكەن. ئەنە شۇنداق پەيتتە يۇرەكتىكى دولقۇننىڭ پەسكويىغا چۈشۈشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدىكەنسىز. ئەگەر كىمكى يەڭلىرىنى شۇمەيلەپ، قوللىرىنى ئويىنىتىپ، چۇقان كۆتۈرۈپ، دولقۇنغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىكەن، كۈتكەن ئارزۇ ـ سىنىڭ ئەكسىچە ئاقىۋەتكە قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن بىر ـ نەچچە يىل ئىلگىرى قىسمەن مەسىلىلەر توغرىسىدا بەزى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەردىن ئەقىل سورىسام، ئۇلار بىر بولسا، ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى، بىر بولسا، ئالدى ـ كەيى ـ نىگە قاراپراق سۆزلەيتتى، ياكى سوغۇق كۈلۈش بىلەنلا گەپنى تۈگىتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ تەمكىنلىكى، ئىغىر ـ بېسىقلىقى. چۈن ـ كى دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، ئۇلار گەپ ـ سۆزدە، ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ يەردىكى دەردنى شۇنداق دەردنى تارتمىغان ئادەمنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چېكى ـ دىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بەر ـ گەن زەربىسى ھەر تەرەپلىمە بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېنىش، قىبىداشمۇ كۆپ تەرەپلىمە بولماقتا. پاراڭلاشقان ئادەملەردىن قالدۇرغان خاتىرىلىرىم ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتاب ـ خانلار ئالدىغا قويۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇ يەردە بىرنەچچە پارچىسىنىلا نەقىل كەلتۈرەي.

زىيارەت خاتىرىسى 1:

ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئىسلام دىنى باش ـ قارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تۇرسۇن 30 نەچچە ياشلاردا بار، ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۇيغۇرلارغا خاس چېچەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيدىكەن. سوئاللىرىمغا قال ـ دۇرماي جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. نازۇك مەسىلىلەردە گەپنى يوپۇ ـ تۇپ ئولتۇرمىدى، ياكى مەنسەپدارلارچە پوچەك گەپلەر بىلەن قۇ ـ

روق ياندۇرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى، ناھايىتى سەممىمىي پا-
راڭلاشتى، پاراڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈللۈك كۈلكىلىرى ئۇنىڭ سۆز-
لىرىنىڭ سەممىمىيلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ تۇردى.

ئاپتوردىن ئىلاۋە: ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تاشقىرىدىن كېلىۋات-
قان تەسىرگە قارىتا تولىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. ئادەم تۈرلۈك - تۈ-
مەن شەيئىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، شۇ-
نىڭغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ، خۇشال بولىدۇ، غەزەبلىنىدۇ،
مەيۇسلىنىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ. ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يا-
مانلىق ھەر جايدا بار، دېگەن گەپ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ
ئەكس روللىرى بار، دېگەن گەپ. ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قەدىرلى-
مىگەن كىشى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن بولىدۇ. ماركس
«ئىقتىسادشۇناسلىق - پەلسەپە ئارگىنالى» ناملىق ئەسىرىدە:
«مۇھەببەتنى مۇھەببەت بىلەنلا، ئىشەنچنى ئىشەنچ بىلەنلا ئالماش-
تۇرۇش مۇمكىن» دەپ يازغانىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆز زا-
مانىسىدا شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئىران شاھى دارىئۇس III نى
مەغلۇپ قىلغانىدى. ئۇ زەپەر قۇچقان ئاتلىق لەشكەرلىرىنى
باشلاپ، دارىئۇس I نىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتكەندە، ئاتتىن
چۈشۈپ، قەبرىگە گۈل قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى
بىلدۈرگەن. بۇ بۇنىڭدىن 2400 يىل ئىلگىرى نۇسرەت تاپقان پا-
دىشاھنىڭ مەرىپەت ۋە پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ
مۇناسىپ شاگىرتى. ۋاھالەنكى «ماركسىزمنىڭ ھامىيسىمىز» دې-
يىشىۋالغان «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن-
لىرى بولسا، ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىك بولدى. ئۇلار «خەلق»،
«ئامما» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن نەزىرىدە
ئادەم بولسا كاشكى. ئۇلار ئادەمنى گويا ئۆز قولىدىكى يىپلارنىڭ
ياردىمى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قورچاق دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ
ھېسسىياتىنى خالىغىنىچە ئاياغ ئاستى قىلدى. بۈگۈن بۇ بىر توپ

ئادەمنى قاقشاتقان بولسا، ئەتىسى ئۇ بىر توپ ئادەمنى رەنجىتتى،
ئۇلار ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆكتەملىك قىلىپ، كىشىلەر-
نىڭ يۈرىكىگە لەنەت - غەزەپ ئۇرۇقىنى چاچتى. بۇنداق غەزەپ
مۇبادا چەكلىمىك دائىرىدىن ھالقىپ، ئومۇمىي تۈس ئالىدىغان بول-
سا، ئەتە - ئۆگۈن ياكى يوشۇرۇن ھالدا، ياكى توغرىدىن توغرا ۋە
ياكى ئەگرى يوللار بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى دا-
ۋالغۇتىدىغان كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەل-
تۈرۈشمىدى.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەت دىنىي سىياسەت جەھەتتە مالىمانچىلىقلارنى ئوڭشاپ،
تاقىلىپ كەتكەن مەسچىتلەرنى ئېچىپ بەردى، تارتىۋېلىنغانلىرى-
نى قايتۇرۇپ بەردى، 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ،
نۇقتىلىق مەسچىتلەرنى رېمونت قىلغۇزدى. قۇرئاننى ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە، نەشر قىلدۇرۇپ بەردى. بۇ ئىش پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا
بويىچە يېڭىلىق بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا شۇنىڭغا ئوخشاش
كىتابلارنى نەشر قىلىشقا يول قويۇلمىغاچقا، بىزنىڭ ئادەملىرى-
مىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇغقان يوقلاپ بارسا، ئۇ تەرەپتىكى
مۇسۇلمانلار ئۇيغۇرچە قۇرئاننى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىش ئار-
زۇسىنى بىلدۈرگەن. ئۈرۈمچىدە دىنىي ئىنستىتۇتىمۇ قۇرۇلدى.
ھۆكۈمەت ھەر يىلى ھەرەمگە ئادەم ئەۋەتىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار چەت
ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدھىيىلىرىگە ئېرىشمەكتە.

— چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى ئاخىرلىشىپ، ۋە-
زىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنلا دىنىي قىزغىنلىق باش كۆتۈرۈشكە
باشلىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى مەسچىتكە يو-
لىمايدىغان ئادەملەر ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. شەھەرلەردىمۇ، يې-
زىلاردىمۇ مەسچىتلەر ياسالدى، كېڭەيتىلدى، يېڭىدىن سېلىندى.
1958 - يىلى 14 مىڭ مەسچىت بار ئىدى، ھازىر 19 مىڭغا يەت-

تى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى بۆلتۇر جەنۇبىي شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ قارىسا، چەت - پايناپ يېزىلاردىمۇ، كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىمۇ، ھەتتا تەكلىماكاننىڭ لېۋىدىمۇ مەسچىت بار ئىكەن. چەت - ياقا يەرلەردە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق بىنالارنىڭ مەسچىت ئىكەنلىكىنى سورىماي تۇرۇپمۇ بىلگىلى بولىدىكەن، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ پايناپ دېگەن بىر يېزىسىدا خەلق يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەردىن سۇ توشۇپ كېلىپ ئىچىدىكەن، لېكىن ئۇلار پۇل يىغىش قىلىپ، ئۆستەڭ چاپماي، مەسچىت سېلىشىپتۇ. مەسچىت سېلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك. بۇ ئەمدىلا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشمۇاتقان دېھقان، چارۋىچىلارغا يۈك ئەمەسمۇ؟! مەسچىت كۆپەيگەنلىكتىن مەدرىسىمۇ كۆپەيمەكتە. تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانلار بالىلىرىنى ئىلىم - بىلىم ۋە پەن - تېخنىكا ئۆگىنىدىغان ئادەتتىكى مەكتەپلەرگە بەرمەي، مەدرىسەلەرگە بېرىدىغان بولۇۋالدى. دىندا ئوقۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ساندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش زۆرۈر. لېكىن تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە نېمە پايدىسى بولار؟

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيىنداش، دېگەن ئەنە شۇ.

**زىيارەت خاتىرىسى 2:**

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېلى ئابىت ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن سورىغان سوئاللارمۇ ئۇ يېقىندىن بۇيان كېچە - كۈندۈز ئويلاپ يۈرگەن مەسىلىلەر ئىكەن. ئۇنىڭ قوشۇمىسىدىن قايغۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بوم ئا-

ۋازدا ئاچچىق كۆلكە ئارىلاش گەپ باشلاش بىلەنلا قاينايپ قالدى:
— چېكىمدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى پۈتۈن جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنى ئۆزىنىڭ زەربە نىشانى قىلدى، لېكىن تىل - يې-
زىق جەھەتتە پەيدا قىلغان بالايىئاپەتلىرىنىڭ دەردىنى بولسا، پە-
قەت بىرنەچچە مىللەتلا تارتتى.
دەرىجىدىن تاشقىرى مۇستەبىت ئىستالىنىمۇ ئۆزىنىڭ تىلشۇ-
ناسلىققا دائىر ئەسەرلىرىدە، تىل - يېزىقنىڭ سىنىپيلىكى
يوق، دېگەنىدى. ئېلىمىزدىكى چېكىمدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەن
تىل - يېزىقنى زورمۇزور سىياسەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋالدى.
1950 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئېغىش تەشەببۇس
قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن بىر مۇنچە ئىجتىمائىي
پەن، تەبىئىي پەن ئاتالغۇلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇ ئاتال-
غۇلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى بىر خىل ئىلگىرىلەش دېيىشكە
تېگىشلىك. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئىلگىرى ئەرەب ئې-
لىپبەسىنى قوللانغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر يېزىقلىرىنى
ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلاۋيان يېزىقىنى قوللاندى. شىنجاڭدىكى ئۇي-
غۇر، قازاق، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك سوۋېت قازاقىستانىنىڭ، قىرغىزىستانىنىڭ، ئۆزبېكىس-
تانىنىڭ كىتاب، گېزىت - ژۇرناللىرىنى ئوقۇيالايتتى. سوۋېت
ئوتتۇرا ئاسىياسىدا تەرجىمە خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەنگەنىدى.
ئۇلارنىڭ كىتاب، گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيا-
دىن خەۋەردار بولغىلى بولاتتى. 1950 - يىللاردا شىنجاڭدىكى
بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇچۇر-
لىرى ئۇنچىۋالا قامال قىلىنغان ئەمەس ئىدى.
جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى تىل - يېزىق-
قىمۇ تەسىر قىلدى. ئىلگىرى رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان
سۆزلەرنىڭ ئورنىنى خەنزۇ تىلى سۆزلۈكلىرى ئالدى. ئەمەلىيەت-

تە، بۇ بىر خىل چېكىنىش. تىل - يېزىقنىڭ دۆلەتلەر مۇناسى-ۋىتى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟! خەنزۇ تىلىدىكى «پەلسەپە»، «تەشكىلات»، «ئىقتىساد»، «كادىر» دېگەن سۆزلەر ياپون تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئۇلارمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن شۇ سۆزلەرنى ئۆزگەرتكىنى يوق. شۇ چاغلاردا بۇ ئىشلار بىرمۇنچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چېكىدىن ئاشقان سولچىل سىياسىي ھاۋا بې-سىمىدا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** خەنزۇلارنىڭ يېزىقى تاشپاقا قېپى، ئۇس-تىخان يېزىقى، قوڭغۇراق - ئىسرىقدان يېزىقى، چوڭ يۆگىمەچ خەت، كىچىك يۆگىمەچ خەت دېگەندەك يېزىق نۇسخىلىرىدىن ھا-زىرقى قېلىپلىق يېزىق نۇسخىسىغا ئۆزگەرگىچە شەكىل جەھەت-تىن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا يەككە بوغۇملۇق شەكىللىك يېزىق ھالىتىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. ھالبۇكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە رۇنىك ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى تۈرك يېزىقىنى ئىشلەتكەن، كې-يىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغان. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى پارسچىنىمۇ قوللانغان، ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن بولغان توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر) خاقانىنىڭ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن تېپىلغان قەبرە تېشىغا ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى چېكىل-گەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان قەدىمكى زامان ئابىدىلى-رىدە — قەبرە تاشلىرىدا خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا يېزىق يوق. دې-مەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى خەنزۇلارنىڭ-كىدىن كۈچلۈك، تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئى-چىدە خەنزۇ ئالىملىرى ئوقۇيالمىغان بىر خىل خەنزۇچە يېزىق

چىققان، تەكشۈرۈپ دەلىللەش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى قوبۇل قىلىپ قوللانغان تۆت چاسا خەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

— ھەقىقەت چەكتىن يېرىم قەدەم ئېشىپ كەتسىلا بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ياۋا ئاتلاردەك پىتىراقلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقىغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكتىن يېرىم قەدەم ئەمەس، ئون - يىگىرمە قەدەملەپ چەتنەپ قاڭقىپ كەتتى، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىلا ئەمەس، بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان ئەرەب - پارسچە سۆزلەرنىمۇ قالدۇرماي چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ئۇيغۇر تىلىدا كىرمە سۆزلەر كۆپ، ئۇنىڭدا پارسچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، ئەرەبچە، رۇسچە سۆزلەر بار. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېچىۋېتىش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىل مەسىلىسىدە چوڭ خەنزۇچىلىق قىلدى، ئىلگىرى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە سۆزلەرنى زورمۇزور دەسسىتىشكە ئۇرۇندى. مەسىلەن: «ھېساب»، «تىل - ئەدەبىيات» دېگەن سۆزلەرنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟! گېزىتتە تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېلان قىلىش يولى بىلەن خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەر بىرنەچچە مىڭغا يېتىدۇ. بۇ ئاز گەپ ئەمەس! كېيىن بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش»، «غەيرەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەش» دېگەندەك ئىبارىلەرنىمۇ «زىلىگىڭشىڭ»، «فافېنتۇچياڭ» دەپ ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. بۇنداق

ئەھۋالنىڭ كىشىنى گۇمانغا، قايغۇغا قالدۇرۇشى تەبىئىي. ئامما بۇلارنى قوبۇل قىلالمىغاچقا، گېزىتتىكى تىل بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئوخشاشمايدىغان بولدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تىلىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن. تىل قالايمىقانلاشسا، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىگە كاشىلا قىلىدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇش بىلەنلا غىر قىلىپ تۆۋەنگە سىيرىلدۇق. ئۆتمۈشتە خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتا ئۆزگەرتتۇق، يەنە كېلىپ ئاشۇرۇۋەتتۇق. خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا قوبۇل قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن خەنزۇچە سۆزلەرنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتۇق. مەسىلەن: «كۈەيزى»نى «چوكا»غا، «بەندىڭ»نى «ئورۇندۇق»قا ئۆزگەرتىۋالدۇق. بۇلار ئەكسىچە، ئېغىزغا راۋان چۈشمەيدۇ.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيىداش دېگەن ئەنە شۇ.

**زىيارەت خاتىرىسى 3:**

شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر راخمان بالىنىستتا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئەمدىلا قايتىپ چىققان، كېسەلدىن تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن. بىرئاز ياداڭغۇ، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشىمۇ تەسرەك ئىكەن. بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپلا ئۇ ئالىملىق خىسلىتىنى ئايان قىلدى. بەزى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن دەلىللەپ، خۇش پېئىللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى:

— 1950 ـ يىللاردا خەنزۇچە ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى. مەن لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندا، خەنزۇلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇدۇم، خەنزۇچىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا بىپايان بىلىم دېڭىزى پەيدا بولدى.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** مۇھەممەد پەيغەمبەر «ھەدىس»تە: «ئىلىم چىندا بولسىمۇ ئىزلەڭلار» دېگەنىكەن، ئەرەبلەردە: «ئىلىم ئىگە-لىرىنىڭ دۆلەت - سىياھى شېھىتلارنىڭ قېنىدەك قەدىرلىك» دېگەن ئىبرەتلىك سۆز بار ئىكەن. 9 - ئەسىردە ئەرەب خەلىپە-سى مەئمۇن باغداتتا تەرجىمە ئىدارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «بەيتۇل ھېكمەت» (ئەقىل سارايى) قۇرۇپ، تەرجىمانلارنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تەقدىرلىگەن، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەڭ قوبۇل قىلغانىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەل كىندى، ئەل رازى، فارابى قاتارلىق كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىغا چىققان، شانلىق ئىسلام - ئەرەب مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. دېمەك، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىشمۇ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى. پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە خەنزۇچىنى بىلمەيدىغانلى-رى ئاز، مۇكەممەل بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ، بۇرھان شەھىدى خەن-زۇچە قەدىمكى ئۇسلۇبتا شېئىر يازالايدۇ. «4 - ماي» ھەرىكىتى-نىڭ تەسىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرچە شې-ئىرنى جانلىق تىلدا يېزىشنى تەرغىب قىلغان تۇرپانلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئاپتونوم را-يوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مەرھۇم ئەسئەت ئىسھاقوۋ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى نۇسرەت شەھىدى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ئەنۋەرخان بابالار ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۆز پۇلى بىلەن ئا-ئىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇچىنى ئۆگەنگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئاباسوف شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا خەنزۇچىنى ئەستايى-دىل ئۆگەنگەن. خەنزۇچىنى ئۆگىنىش ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر زىيا-لىيلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى.

— كېيىن مەن بېيجىڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئا-
شۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم جۇڭگو پەنلەر ئاكادې-
مىيەسى ئىلىم تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى ئىدى، تۆت خىل
تىل بىلەتتى، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى چوڭقۇر، مەملىكەت
بويىچە، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ داڭقى بار ئىدى. ئۇ مەندىن:
«نەچچە خىل چەت ئەل تىلى بىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، چۆچۈپ
كېتىپ: «خەنزۇ تىلىنى بىلىمەن» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ
كۇپايە قىلمايدۇ، چەت ئەل تىللىرىدىنچۇ؟» دەپ سورىدى. «ئازراق
رۇسچە بىلىمەن» دېدىم، ئۇ: «قانچىكى كۆپ تىل بىلگەن كىشى
شۇنچە كەڭ نەزەرلىك بولىدۇ» دېدى. بېيجىڭ تېبىبىي ئىنستىتۇ-
تىدا تۆت خىل چەت ئەل تىلى كۇرسى بار ئىكەن. ئۇستازىم مېنى
كۇرسقا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىنى
تاللىۋالدىم. تىل — يېزىق ئۆگەنگەنلىك پايدىسىنى كۆردۈم. ھا-
زىر ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە كەسپىي كىتابلارنى
ئوقۇيالايمەن، تېبابەتكە دائىر مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولالايمەن.
ئالدىمدا كەڭ دۇنيا تۇرۇپتۇ. شىنجاڭدا بېكىك مۇھىتتا تۇرۇپ
قالغانلىقىم سەۋەبى بىلەن قىسىلىپ قالمايمەن.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى سە-
ۋەبىدىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئاممىنىڭ قوبۇل
قىلىش دەرىجىسىگە پەرۋا قىلماي، خەنزۇچە ئۆگىنىش تولىمۇ نا-
مۇۋاپىق دەرىجىدە تەكىتلەندى، تەبىئىيكى، بۇ جەھەتتىمۇ ئامما-
نىڭ يۈرىكى داغلاندى.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ
قورساق كۆپۈكى تۆكۈلمىگەن بولغاچقا، جەمئىيەتتە بىردىنلا خەن-
زۇچە ئوقۇماسلىق بورىنى چىقتى. بەزىلەر: «نەچچە ئون يىل بول-
دى، ئالىي مەكتەپلەردە يەنە نېمىشقا خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئۆ-

تۆلىدىكەن؟» دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر: ئالىي مەكتەپلەر-
دىكى تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنى-
غا ئۆز تىلىمىزدا دەرس ئۆتەيلى، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا
قويدى. بەزىلەر، خەنزۇچىنى ئۆگەنمىسەك، ئىچكى ئۆلكىلەرگە
بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش قىيىن بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، باشقى-
چە قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىكنىڭ قورساق كۆپۈكى
بولغاچقا، مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، ھېسسىيات ئاملى ئۈستۈن
ئورۇندا تۇردى. شۇڭا: «تەرجىمان ئېلىپ بارمامدۇق!» دېگەنلەرمۇ
بولدى، مەن ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئۆز مىللىتىمىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم لازىم. ئۇيغۇرچە تېب-
بىي كىتاب ناھايىتى ئاز، خەنزۇچىنى ئۆگەنمىسەك، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ بىلىدىغىنى دەرسلىكلەردىكى ئازغىنە بىلىم بىلەنلا
چەكلىنىپ قالسا، كامالىتىگە يەتكەن مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىش-
تۈرگىلى بولامدۇ؟ ئىنستىتۇتىمىزدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان-
دا، خەنزۇ يولداشلار بىر نەرسە دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى. مەن:
ھەممە ئىشتا مىللىتىمىزنىڭ پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا جەھەت-
تىكى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدىغان ـ بولمايدى-
غانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈش-
نىڭ لاياقەتلىك تېببىي خادىم يېتىشتۈرۈشكە پايدىسى بار، دې-
دىم. مەكتىپىمىز خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى قەتئىي داۋاملاش-
تۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل
بىزنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رە-
ئىسى بادەي تەييارلىق سىنىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئوقۇ-
تۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومغا دوكلات يازغانىكەن، بەزى ئالىي مەكتەپلەردىكى تەييارلىق
سىنىپلىرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر.

ئاپتوردىن ئىلاۋە: بىر قوتوپتىن يەنە بىر قوتوپقا ئۆتۈپ كې-تىش، قېيىنداش دېگەن ئەنە شۇ.

زىيارەت خاتىرىسى 4:

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئور-نىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم مۇتىئىي مەن ھۆرمەتلەيدىغان ئالىم، كۆپ يىللىق تۇرمە ھاياتى ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۇمىدۋار پوزىتسىيەسىنى سۇندۇرالمىغان، يېشى 70 كە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ چىرايى پارقىراپ تۇرىدۇ، قەدەملىرىمۇ مەزمۇت. ئۇنىڭ نەزىرىدە، شىنجاڭ بىكىمك گەۋدە ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ نەزىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئالاقىلەر بىلەن توغرىلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۆھبەت-لىرىنى ئاڭلىسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلە-رىدىن كىشىنىڭ ئەزايىنى تىكەنلەشتۈرىدىغان ھېسسىيات چىقـ-مايدۇ. ئېگىز - پەس يوللاردا كۆپ جاپا چەككەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالىمغا خاس پاك قەلبىنى دۇنيانىڭ مەينەتلىرى بۇلغىيالمىغان. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا ئىچ - قارنىنى ئاشكارا تۆكىدۇ.

— 50 - يىللاردا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەيت-تىم، نەشرىياتنىڭ باشلىقى سا كۇڭلياۋ ئىدى. شۇ چاغلاردا ھۆ-كۈمەت مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ئاجايىپ ئەھمىيەت بېرەتتى. بىركۈنى خان سارىيىغا سەيلە قىلىپ بېرىپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت تىللىرىدا رەتلەنگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى چيەنلۇڭ خان رەتلىگە-نىكەن. چيەنلۇڭ كاتتا زىيالىي، قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ كامىل، موي قەلەمدە ماھىرلىق بىلەن يازالايدىكەن، 14 مىڭدىن ئارتۇق شېئىر يازغانىكەن. قانداق، كارامەتمىكەن؟! ئۇ، بېيجىڭدىكى خان سارىيىدا تۇرۇپمۇ موڭغۇل، تىبەت، ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆگىنىۋال-غانىكەن (ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىشلەۋاتقان رەھبە-رىي كادىرلىرىمىز ئىچىدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى

ئىگىلىگەنلەردىن قانچىسى بار؟! — ئاپتور) ئۇنىڭ بىلىدىغىنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ، بىرنەچچە يۈز جۈملە ئەمەس، بەلكى ھەم سۆزلىيەلەيدىكەن، ھەم ئوقۇيالايدىكەن، ھەم يازالايدىكەن. ئۇ «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نى كۆزدىن كەچۈرگىنىدە بەزى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ توغرا قوللىنىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز قولى بىلەن تۈزەتكەن، يېڭىسار ناھىيەسى چيەنلۇڭ خانىنىڭ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەنىكەن.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ھەر مىللەت راۋاج تاپقان ۋاقتىدا ھامان كەڭ يول ئېچىشتا ۋە قوبۇل قىلىشتا باتۇر بولىدۇ. چيەنلۇڭ شۇنداق، كاڭشىمۇ شۇنداق، ئۇ لاتىنچىنى بىلىدىكەن، ھەر كۈنى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ئالگېبرا مەشىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ياۋروپانىڭ ماي بوياق رەسىملىرىنى باھالاش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەن. ئۇزۇن سەپەرلەرنى بېسىپ جۇڭگوغا كەلگەن ئىتالىيەلىك رەسسام لاڭشىنىن (بۇ خەنزۇچە ئىسمى) غا ئوردىدا رەسىم سىزدۇرغان. جۇڭگو - ياۋروپاچە رەسىم سىزىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئارتۇقلۇق ياكى كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىكەن. ئۇلار فېئودال پادىشاھ بولۇش بىلەنلا قالماستىن، مانجۇ مىللىتىنىڭ روناق تاپقان دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋەكىللىرىدۇر.

— «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ناھايىتى قىممەتلىك كىتاب ئىكەن. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا نەشر قىلىش توغرىسىدا سا كۇڭلياۋغا تەكلىپ بەردىم. ئۇ كىتاب تولىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، فوتو باسمىدا چىقىرىشقا توغرا كەلگەچكە، نۇرغۇن مەبلەغ كېتەتتى، نەشرىياتنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، سا كۇڭلياۋ جوۋزۇڭلىغا دوكلات يېزىپتۇ. جوۋزۇڭلى ناھايىتى يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغاچقا، ئۇ كونا كىتابنىڭ قەدرىگە يېتىپ،

بىسىپ چىقىرىڭلار، قانچىلىك چىقىم بولسا، شۇنچىلىك پۇل بې-
رىلىدۇ، دەپ تەستىق ساپتۇ. مەن خىزمەتكە ئاكتىپ قاتناشتىم.
«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئاخىر نەشردىن چىقتى. ئۇزۇن
ئۆتمەيلا، سىياسەت سولغا بۇرىلىپ كەتتى، «بەش تىللىق مانجۇچە
لۇغەت»نى نەشر قىلىشنىڭ ئۆزى مېنىڭ جىنايىتىم بولۇپ قال-
دى. فېئودال ئەخلەتلەرنى قوغدىغان دەپ، مېنى سولدىن سوراققا
تارتتى، ھەتتا مېنى سا كۆڭلىياۋمۇ قوغداپ قالالمىدى. مەن شىن-
خۇا ئاگېنتلىقىدىكى يولداشلاردىن مىننەتدارمەن، «بەش تىللىق
مانجۇچە لۇغەت» قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كۆتۈلمىگەن
ھالەتتە چەت ئەللەردە ياخشى تەسىرات پەيدا قىپتۇ. شىنخۇا ئا-
گېنتلىقى بۇ تەسىراتلارنى توپلاپ، قىزىل سەرلەۋھىلىك پايدىلى-
نىش خەۋەرلىرىدە ئېلان قىپتۇ. بۇنى جوۋزۇڭلى كۆرۈپ ناھايىتى
خۇرسەن بولۇپ، تەستىق سېلىپ سا كۆڭلىياۋغا ئەۋەتىپ بېرىپ-
تۇ. نەشرىياتىمىزنىڭ بۇ باشلىقىمۇ قىزىق ئادەم، مېنى ئوتتەك
ئۆرتەيدىغان تەنقىد ئاستىغا ئېلىشنىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇ كۈرەش
مەيدانىغا كىرىپ كېلىپ، پەشتاق ئالدىدا توختاپ: «يولداشلار،
‹بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت›نى نەشر قىلغانلىقىمىز توغرىسىدا
زۇڭلى يازغان يوليورۇقنى ئوقۇپ بېرەي. زۇڭلى: ‹بۇ خىزمەتكە
قاتناشقان يولداشلار، سىلەرگە تەشەككۈر، سىلەر ناھايىتى ياخشى
ئىش قىلدىڭلار› دەپتۇ. يولداشلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇ تەنقىد
مەجلىسىنى ئېچىۋېرەمدۇق ياكى توختىتىپ قويامدۇق؟» دېدى.
مېنى تەنقىد قىلىۋاتقان كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا
قالدى. ئەلۋەتتە، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنىنىڭ ھەي-
ۋىسى بوشاش بۇياقتا تۇرسۇن، كۆچەيمەكتە ئىدى. مېنىڭدە كو-
كۆلا بولغاچقا، بۇگۈن قۇتۇلۇپ قالسام، ئەتىسى تۇتۇلۇپ تۇردۇم،
كېيىن تۈرمىگە تاشلاندىم، شۇ تاشلانغىنىمچە 20 يىل ياتتىم...

ئاپتوردىن ئىلاۋە: ھازىر بەزى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قە-

دىمكى مەدەنىي مىراسلىرىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىلغا ئېلىنماقتا، مەملىكەتلىك سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد تۈركىيەگە زىيارەتكە بارغىنىدا، ئىبراھىم مۇ-
تىئىي، ئىمىن تۇرسۇنلار رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئالغاچ بارغان. تۈركىيەنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ئۇ كى-
تابنى بېشىغا ئېلىپ، خۇرسەنلىك بىلەن: «بۇ بىز تۈركلەرنىڭ شانلىق مىراسلىرىمىز» دېگەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكا-
دېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ئاب-
دۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى دەپ تارتقان دەرد ــ ئەلەملىرىنى كىم بىلىدۇ؟ ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۈركىيەلىك بىر
زىيالىي ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بىر نۇسخىنى ئۆتكۈرگە ھەدىيە قىلغان، ئۆتكۈر شۇ كىتابنى قەدىر-
لەپ ساقلاپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، يۇرتى كۇچادىكى خو-
تۇنىغا تاپىلاپ، يەرگە كۆمدۈرۈۋەتكەن. بۇنى پەقەت بىرلا ئادەمگە تىنىپ قويغانىكەن، قايسىبىر نۆۋەتلىك خەلققارا ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنىدا چەت ئەللىك ئالىملاردىن بىرى شۇ ئىككى كىتاب-
نىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مۇھىم مەدەنىي مىراسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، دىڭ لىچۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم
رايوننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە خەۋەر قىل-
غان. سەيپىدىن ئەزىزى تەرەپ ــ تەرەپلەپ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ كى-
تابنىڭ ئۆتكۈرنىڭ قولىدا بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆتكۈرنى تاپقان. ئۆتكۈر ئۇ كىتابنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ زور قىممىتىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئاپتونوم رايوندىن ئادەم تەشكىللەپ، رەتلەشنى، نەشر قىلىشنى
تەكلىپ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوخچىلارغا قارشى كۈرەش باشلانغاندا، قەدىمكى كىتابلارنى كۆمۈپ ساقلاشنىڭ ئۆزى ئالەمنى
ئۆزگەرتىش پىلانىنى يوشۇرۇن ساقلىغانلىق بولۇپ قالغان. ھېلە-

قى توركىيەلىك توغرىسىدىكى گەپلەر قوشۇلۇپ، چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرې- ھىم ئۆتكۈر تۈرمىگە تاشلانغان. بۇنداق دىشۋارچىلىققا ئۇچرىغان ئادەملەر يالغۇز بىرلا ئەمەس، شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە ئو- مۇملاشقان «قالپاق»لاردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بې- شىغا يەنە «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقلارمۇ كىيدۈرۈلدى. خېلى كۆپ پېشقەدەم ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرگە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق قالپاق كىيدۈرۈلدى. ئۇلار چەككەن رىيازەتلەر ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيە- تىمۇ چەككەن رىيازەتتۇر. بۇ ئەھۋال زىيالىيلارنىڭ يۈرىكىنى داغلىماي قويمىدى، سولچىل ئەپەندىلەر لەززەتلىك ئاشلىقنى ھا- راق تىرىپىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھاراقنىڭ تىرىپىدىن لەززەتلىك نەرسە ئەمەس، ئاچچىق نەرسە چىقىدۇ، خالاس!

—— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا تۈرمىدە يېتىپ ئاڭ- لىسام، سا كۆڭلياۋنى كۈرەشكە تارتقاندا، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نى ئۇنىڭ يۇزىگە ئېتىشىپتۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جۇڭگونىڭ كونا مەدەنىيىتىنى «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇ- جېڭجۇيى» دېگەن كالتەكلەر بىلەن دۇمبالىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قە- دىمكى مەدەنىيىتىنىمۇ بوش قويمىدى. كىمكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرىپلىسە، شۇنىڭغا چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزۈش- تى، مىللىي مەدەنىيەتنى دەپ پەشۋا يېگەن، تەنقىد ئاستىغا ئې- لىنغان، كۈرەشكە تارتىلغان ئادەم ئاز ئەمەس.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە فېئو- دالىزمنىڭ شامىسى دېگەن تامغا بېسىلدى ـ يۇ، «24 تارىخ»قا سىڭىپ كەتكەن تارىخىي ئىدېئالىزمنىڭ لاتقىلىرى بولسا، يەنە لۆمۈلدەپ يامرىدى. بەزىلەر زورمۇزور توقۇپ، تارىخنى ئۆز مەي-

لىچە بۇرمىلاپ، خەنزۇلارنىڭ رولىنى خالىغىنىچە مۇبالىغە قىلى-
دى. بەزىلەرنىڭ شەرھلىشىچە، «疆» دېگەن ھەرپ شىنجاڭنىڭ
سىمۋولىمىش، يۇقىرىدىكى سىزىق ئالتاي تېغى، ئوتتۇرىدىكى
سىزىق تەڭرى تېغى، ئاستىدىكى سىزىق كۇئېنلۇن تېغىمىش،
يۇقىرىدىكى «田» ھەرپى جۇڭغارىيە، ئاستىدىكى «田» ھەرپى تا-
رىممىش. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن: «شىنجاڭنىڭ بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىد-
دىلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ «疆» ھەرپىدىنلا
بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقان. شۇ مەمەدان ئا-
لىم ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى جوۋ
سۇلالىسى دەۋرىدە كۆك ئارت (پامىر) ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ ئى-
كەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان! يەنە بەزىلەر: «تۇرپاندىكى كارىزنى لىن
زېشۈي كەشىپ قىلغان» دېيىشتى. ئۇلار شۇنداق كېلىشتۇرۇپ
ھېكايە توقۇغانكى، ھەتتا «لىن زېشۈي تۇرپاندا تۇنەپ قاپتۇ، كې-
چىدە يەر ئاستىدا سۇ شارقىراپ ئاققان ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ئەتىسى
يەرلىك ئادەملەرنى يىغىپ قۇدۇق كولاتقۇزۇپتۇ، كارىز ئەنە شۇن-
داق پەيدا بوپتۇ» دېيىشتى. تارىخىي كىتابلارغا قارىغاندا، مىلادى-
دىن 48 يىل ئىلگىرىلا تۇرپاندا قوش دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەنى-
كەن. مۇبادا كارىز بولمىغان بولسا، ئوتتەك ماكان قوچۇدا ئادەم-
لەر نېمە يېگەن، نېمە ئىچكەن بولاتتى؟! تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ را-
ھىبى بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە قوچۇ خانلىقى
تەۋەسىدىن ئۆتكەندە نەدىكى سۇنى ئىچكەندۇ؟ تەبىئىيكى، بۇلار
كونا تارىخىي قاراشنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي
غۇرۇرىغا ئازار قىلىدىغان بۇنداق قاراشلار، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردا
نارازىلىق كەيپىياتى قوزغايدۇ. ئامىمىنىڭ كەيپىياتلىرى قوشۇلۇپ
توپلانغاندا، ئەقىلنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنۇپ، مۇۋاپىق چەكتە
توختاپ قالمايدۇ، چېكىدىن ئېشىپ، بەزى بىمەنە ھەرىكەتلەرنى
پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئۇيغۇر
پىروفېسسورى «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى»

نامـلىق بىر ئەسەرنى تەييارلاپ، نەشرىياتقا يوللىغانىكەن، نەشـرى-
ياتنىڭ بىر مۇھەررىرى: «كىتابىڭىزنىڭ ئىسمى ياخشى ئەمـەس-
كەن، ئۆزگەرتىپ بەرسىڭىز ـ قانداق؟» دەپ تېلېفون بېرىپتۇ.
پىروفېسسور: «نېمىشقا؟» دەپ سوراپتىكەن، مۇھەررىر «نېمىشقا
تالاڭ دەۋرىدىكى دەيسىز؟ ئۇيغۇرلارنىڭ دېسىڭىز بولمامدىكەن؟»
دەپتۇ. شۇ پىروفېسسور بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: «مەدەنى-
يەت ئەزەلدىن ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدە-
نىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى-
مۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان» دەپ سۆزلىگەنىكەن، يە-
غىندىن كېيىن بىراۋ ئۇنىڭغا شېئىر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى
«ئۆز مىللىتىنى قوغدىمايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىل-
لەتنىڭ تارىختىكى ئۆزئارا تەسىرى مەسىلىسى سەزگۈر مەسىلىگە
ئايلىنىپ قالغان. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا تىلغا ئېلىنماي-
دىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق پىسخىكا تەرەققىي قىلىۋېرىپ، تە-
رىپلەيدىغان گەپلەرلا سۆزلىنىپ، كەمچىلىك، ئەيىبلەر تىلغا ئې-
لىنمايدىغان ھالەت كېلىپچىققان. يەنە بىر يىغىندا، «تۆت كىشى-
لىك گۇرۇھ»نىڭ كىتابلارنى كۆيدۈرگەنلىكى ئۈستىدە گەپ بول-
غاندا، بىر ئۇيغۇر ئالىم: «كىتابلارنى تۆت كىشىلىك گۇرۇھلا
كۆيدۈرگەن ئەمەس، ئەرەب تارىخىدىمۇ كىتاب كۆيدۈرگەن ئەخمە-
قانىلىقلار بولغان، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر
قۇتەيبە ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەمەرقەندكە بېسىپ كىرگەندە،
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ
تاشلىغان. ئۇنىڭ ئىشتاب باشلىقى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر يېزى-
قىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى باش قوماندان
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان» دېگەن، بۇلار تارىخىي پاكىت،
لېكىن بۇ گەپلەر بەزىلەرنىڭ قولىقىغا ياقمىغان، گويا ئۆزلىرى-
نىڭ يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈلگەندەك ھە دەپ كۆچەپ رەددىيە بېرىپ
كېتىشكەن. ئەمەلىيەتتە، كىتاب كۆيدۈرگەنلەر يالغۇز ئەمىر قۇت-

تەيىلا ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى بولغان ئاپاق غوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاتقاندا، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئاپتوردىن ئىلاۋە: بىر قوتۇپتىن يەنە بىر قوتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيىنداش دېگەن ئەنە شۇ.

زىيارەت خاتىرىسى 5: ... قېيىنداش.

زىيارەت خاتىرىسى 6: ... قېيىنداش.

مەن يەنە ھېلىقى ئۇيغۇر بۇرادىرىمنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ چەت ئەلدىكى ئىلمىي لېكسىيەسىنى توگىتىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىكەن، روھى ئۇستۇن، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرۇپتۇ. چەت ئەل ساياھىتى مۇناسىۋىتى بىلەن نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپتۇ، قاراشلىرىنىڭ دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— قېيىنداش پىسخىكىسىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپسىز، — دېدى ئۇ، — ئەمەلىيەتتە، چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەندىن قېيىندايدىغان پىسخىكا خەنزۇلاردىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بىراق خەنزۇلار قېيىنداشلىقتا دىققىتىنى بىكىكلىكتىن ئېچىۋېتىش تەرىپىگە يۆتكەپ، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئىمكانقەدەر ئۆزىگە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر بولساق، قېيىنداشلىقتا دىققەت ـ نەزىرىمىزنى ئۆز چەمبىرىمىز ئىچىگە يىغىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي نەرسىلىرىنىلا ئىمكانقەدەر قوغداش بىلەن بولۇپ قالدۇق. خەنزۇلار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پىرقىرىغۇچ شەكلىدە پىرقىراپ ماڭغان بولسىمۇ، يۆنىلىشى يۇقىرى ئۆرلەش بولماقتا، لېكىن بىز بولساق، چەمبەردىكى بىر ئىزدىلا چۆرگىلەۋاتىمىز، چەمبەرنىڭ يېرىم دىيامېتىرى تېخى شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، چەمبەر بارغانسېرى تارىيىپ بارماقتا. قېي-

يىداش روھىي ھالىتى بىلەن ئۆزىنى كىچىككىنە بىر چەمبەر ئىچىگە بېكىتىپ قويغاندا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش تولىمۇ تەس. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزدە ئىلگىرىلەش بولدى، لېكىن باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قەدىمىمىز ئاستا.

— بىرى پىرقىرىغۇچىمان، بىرى چەمبەرسىمان. بۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئىكەن.

— قېيىداش پىسخىكىسى مىللىتىمىزنى زىيانغا ئۇچراتماقتا، بېكىنمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى ئېچىۋېتىش روھىمىزنى پەسەيتىپ قويماقتا. ئەگەر ھوشىمىزنى تاپماي، شۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا يول قويىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئارقىدا قالىمىز.

— بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى مۇلاھىزىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، پىشقان خۇلاسە ئىكەن. ئوقۇغۇچىڭىزغا خەت يازسىڭىز بولىدىكەن.

— ئاللىقاچان يازدىم.

## 3. يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى

پىروفېسسور بىلەن يەنە ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ كەيپى بوش، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان شۇنى بايقىدىمكى، ئۇ بىرەر غەشلىككە يولۇققاندىلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىلىدە بىر پارچە سالام خەت تۇرۇپتۇ، كونۇۋېرتى تېخى ئەمدىلا يىرتىلغاندەك تۇرىدۇ. بېيجىڭدىكى ھېلىقى ئوقۇغۇچى يازغان خەت ئىكەن:

*سالام سىزگە ھۆرمەتلىك پىروفېسسور:*
*خېتىمگە يازغان ئۇچۇرىڭىزدىن مىننەتدار بولدۇم. ئۇستازىم،*

سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلىمەن، ھازىر بىز نۇرغۇن جەھەت-لەردە قالاق ھالەتتە تۇرۇۋېتىپتىمىز. چۈنكى، قېيىداش روھىي ھالىتىمىز مىللىتىمىزنىڭ ئىچىۋېتىش، قوبۇل قىلىشىغا تۇس-قۇن بولماقتا. مېنىڭچە، بۇ ھېچقانچە ئېغىر كېسەل ئەمەس، پە-قەت كۆپچىلىك ئاز - تولا ئويلىنىدىغان بولساقلا ئەقىلگە كېلە-لەيمىز. ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە بېكىنمىۋېلىش ئۆزىنى ئۆزى ئۆل-تۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى مىللىتىمىز چۈشىنىش-دۇ. ئۇستازىم، ئېيتىڭا، قېيىداش روھىي ھالىتىمىز تۈگىگەندىن كېيىن، مىللىتىمىزدە روھىي ھالەتتە يەنە باشقا تۇسالغۇمۇ بولارمۇ؟ مېنىڭچە، بولىدۇ. يېقىندا بىز بېيجىڭدىكى دوستلار بىر يەرگە توپلىنىپ قېلىپ، مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتۇق: نېمىشقا بىز ئۇيغۇرلار بەزى ساھەدە ناھايىتى زېرەك بولۇپ، خەنزۇلاردىن ئېشىپ چۈشىمىز، يەنە بەزى ساھەلەردە خې-لىلا ئارقىدا قالىمىز. سودا ساھەسىدە، شىنجاڭدىكى شۇنچە كۆپ مىللەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغىنى يوق. پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن تار-تىپ ھازىرغىچە بولغان قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە مەيلى مەم-لىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى سىرتىدا بولسۇن، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر ئاز. گۇاڭدۇڭلۇق خەنزۇلار تىجارەتكە ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق گۇاڭجوۋنىڭ سەنيۇەنلى دېگەن يېرى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ماكا-نىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا خەنزۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيرانىكەن. چۈنكى باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن بارغان خەنزۇلار تىل مەسىلىسى سەۋەبى بىلەن گۇاڭدۇڭدا تۇرالمايدىكەن. ئۇيغۇر سودىگەرلەر بول-سا، جوجياڭ دېلتىسىدا بەخۇدۇك يۈرىدىكەن. شاڭخەيلىك خەن-زۇلارمۇ تىجارەتكە ماھىر. شۇنداق بولسىمۇ شاڭخەينىڭ شەرقىي جېجياڭ كوچىسى ئۇيغۇر كوچىسىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالغان. ھەتتا پايتەخت بېيجىڭدىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلەر خېلى قايناپدۇ.

ئاپتوردىن ئىلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىش قابى-
لىيىتى چەت ئەللىك ئەربابلارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا. «پايدىلى-
نىش خەۋەرلىرى»نىڭ 1987 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدى-
كى سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان: «رېيتېر ئاگېنتلىقى 5 -
مارت، گۇاڭجوۋ تېلېگراممىسى. جۇڭگونىڭ ئەڭ چەت رايونىمۇ
مۇرەككەپ قاراڭغۇ بازارلاردىكى پۇل سودىسى بىلەن، ئەتكەسچى-
لىك تورلىرى بىلەن بىرلەشمەكتە. شىياڭگاڭنىڭ شىمالىدىكى
گۇاڭجوۋ شۇ توردا مۇھىم رول ئوينىماقتا...»

*نۇرغۇن پۇل سودىگەرلىرى شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئى-
كەن. ئۇلار كوللېكتىپ ئوقەت قىلىدىكەن، خەنزۇلار بىلەن رىقا-
بەتلىشىدىكەن. ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە ياكى ساياھەتگاھلاردىكى
مېھمانخانىلار ئالدىدا ئوقەت قىلىدىكەن. پۇل تېگىشىدىغان بىر
ئۇيغۇر سودىگەر گۇاڭجوۋ ۋوگزالىنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن گەپلە-
شىپ: «بىز ھەربىرىمىز ئېيىغا 1000 يۈەنچە پۇل تاپالايمىز. لې-
كىن بۇ ئوقەت تولىمۇ مۇشكۇل» دەيدۇ... ئۇچ نەپەر ئۇيغۇر سو-
دىگىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە،
ئۇلار ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجوۋغا ھەر نۆۋەت كەلگىنىدە ئۇچ ئاي تۇ-
رىدىكەن، ھەر نۆۋەتتە 30 مىڭ دوللار شياڭگاڭ پۇلى تېگىشىپ
ئېلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەزلىمە ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىدى-
كەن.*

*بىر ئۇيغۇر سودىگەر مۇنداق دەيدۇ: «بىز كوللېكتىپ ھەرىكەت
قىلىمىز، چۈنكى بىز ئېلىپ كەلگەن پۇل كۆپ بولغاچقا، خەۋپ -
خەتەرمۇ چوڭ. بىزنىڭ ئوقەت قىلىۋاتقىنىمىزغا ئۇچ يىل بولدى.
ھەرقېتىمدا ئۇچ ئايچە تۇرىمىز.» شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار
ئاشپەز، ساتىراشمۇ ئالغاچ كېلىدىكەن، ئۇلار گۇاڭجوۋغا كېلىپ -
كېتىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارغا خىزمەت قىلىدىكەن. قاچانلا بول-
مىسۇن، شۇنداق سودىگەرلەر بىرنەچچە يۈزدىن كەم بولمايدىكەن.*

بۇنداق قاراڭغۇ بازار ئوقىتى جەنۇبىي جۇڭگودا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كېتىپتۇ. باشقا شەھەرلەردىمۇ، جۈملىدىن بېيجىڭ، شاڭخەي، شىيەنلەردىمۇ ۋە ساياھەت مەركەزلىرىدىمۇ بار ئىكەن. پۇل تېگىشمىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلەر بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىكەن. ئۇ ئاشخانىنىڭ شۇنداق داڭقى باركى، ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ ئۇنىڭغا «شىنجاڭ بانكىسى» دەپ لەقەم قويۇپتۇ...

بۇ خەۋەرنى نەقىل كەلتۈرۈشتىن مەقسىتىم، چەت ئەل پۇللىرىنى پەلەمپە قىلىش ھەرىكەتلىرىنى مەدھىيەلەش ئەمەس. چەت ئەل پۇللىرىنى پەلەمپە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلارنىڭ سانى ئۇيغۇرلاردىن جىق كۆپ ئىكەنلىكى چوقۇم، لېكىن بۇ خەۋەردىن قارىغاندا، خەنزۇلار رىقابەتتە ئۇيغۇرلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. مۇشۇ بىر جەھەتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك قابىلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

سودا ساھەسىگە قارىغاندا، مەن ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن، لېكىن باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا، مەيۈسلىنىمەن. مەسىلەن، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ھازىرقى ھالىتىمىز كىشىنى مەمنۇن قىلالمايدۇ. ئۇستازىم، سىز ماڭا قارىغاندا كۆپ ئەھۋالدىن خەۋەردار. مەن بۇ يەردە مۇنداق بىرنەچچىلا ئەھۋالنى ئېيتاي:

1. 1986 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكىدىن ئالغان نومۇرى 60 قا يەتكەنلەر ئاران 0.9% دىن سەل كۆپرەكتىنلا تەشكىل قىلىپتۇ. بىر پىرسەنتكە يەتمەيدىكەن.

2. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ـ قوبۇل قىلىنغانلىرى ئونغا يەتمەيدىكەن.

*3. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇيدىغانلار تەبىئىي پەندە ئوقۇيدىغانلارغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ ئىكەن. دېمەك ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئاز بولۇشى تەبىئىي.*

*بۇ مەسىلىلەر ھەقىقەتەن كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ. ئۇنداق ئويلىساقمۇ، بۇنداق مۇھاكىمە قىلىساقمۇ، گەپ شۇ يەردىكەن: ھازىرقى دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەت مەزمۇت تۇرۇپ راۋاج تاپماقچى بولىدىكەن، پەن - تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشى زۆرۈر. ئۇستازىم، بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرگەنلىكىڭىزدە شەك يوق. بىزنىڭ خۇلاسىمىزمۇ سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا سىزنىڭ تەلىمىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييارمەن.*

پىروفېسسورنىڭ ئويلىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ھېلىقى سالام خەتنى قاتلاپ ئېلىپ قويۇپ، ئويلاپ تۇرماستىنلا: «بۇ مەسىلىنى يېشىش ئاسان» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى بار ئىكەن، لېكىن گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلغىلى ئۇنىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى بىرمۇنچە سورۇندا گەپنىڭ ئۇچۇقىنى سۆزلەپ كۆرۈپتۇ، لېكىن ھەرقېتىم سۆزلىگىنىدە بىرمۇنچە سوغۇق، تەنە گەپلەرگە يولۇقۇپتۇ. ئۇ شائىرلارغا خاس مىجەزلىك بولغاچقا، ئازغىنا تەنىگە ئۇچرىسىلا كەيپى ئۆرلەپ كېتىدىكەن. ئۇمۇ كۆپ چاغلاردا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن غەم يەپ ئازابلىنىدىكەن. ئۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ جاسارىتىنى يارىتىدىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزدىن دۇنيانى يېڭى تەپەككۇردا كۆزىتىشنى تەلەپ قىلماقتا. يېڭى تەپەككۇر دېگىنىمىز، زامانىۋى ئاڭغا ۋە زامانىۋى مېتودولوگىيەگە ئىگە تەپەككۇر دېمەكتۇر.

ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەنە شۇنداق تەپەككۇر بىلەن تەھلىل
قىلغاندىلا ئىلمىي خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر
بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسىلا ھامان ئۆزىنى كەمچىلىكسىز مۇ-
كەممەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئەيىبنى باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ. ئۇ
كونا تەپەككۇر. ئۇنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشقا ياردىمى بولمايدۇ،
كۆپ بولسا، ۋاقىتىنچە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بولىدۇ. بۇ ياش ئو-
قۇغۇچى ئىككى ساھەدىكى پەرق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمەلى-
يەتتە خۇلاسىمۇ شۇنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن
كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ: ئۇيغۇرلار سودا ساھەسىدە ئىنتايىن زې-
رەك، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بولسا ئارقىدا قال-
غان. بەزىلەر، يىپەك يولى ئۈستىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار كونا يىپەك
يولىدىكى ئەرەب، پارس، خەنزۇ ۋە سوغدىلارنىڭ سودىگەرچىلىك
تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە
ياراتقان دېيىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنى-
لىرى ناھايىتى كۆپ، نېمىشقا سودىگەرچىلىك ئەنئەنىسى جارى
بولۇپ، باشقا ئەنئەنىلىرى جارى بولمايدۇ؟ مېنىڭچە، سودا ساھە-
سىدە ئېتىبار بېرىش دېگەن گەپ يوق، پۈتۈنلەي رىقابەتكىلا تايى-
نىدۇ. سودا ساھەسىدە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچى-
نى، ھازىرقى مودا سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپچانلىقىنى
ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەدەنىيەت،
پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بولسا، ئۇزۇندىن بۇيان ئېتىبار بېرىش
سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، جاپاغا چىداپ تىرىشمايدىغان،
غەيرەت - ئىجتىھات قىلمايدىغان يۈلىنىۋېلىش پىسخىكىسى پەيدا
بولۇپ قالدى.

— سىز شۇنداق قارامسىز؟

— شۇنداق. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتە
ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. تارىخىي جەھەتتە، رېئال

جەھەتتە، رەھبەرلىك جەھەتتە، كونكرېت ئىجرا قىلىش جەھەتتە. سىياسەت جەھەتتە ۋە تەدبىر جەھەتتە سەۋەبلەر بار، چوڭ خەنزۇ. چىلىقنىڭمۇ، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭمۇ تەسىرى بار... نەتىجىسى بىر، سەۋەبى ھەر خىل. شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسىگە كۆز يۇمۇش. مۇ يالغانچىلىق بولىدۇ، لېكىن سۇبيېكتىپ سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، شۇنداق قىلغان تۈزۈك. تارىختىن قالغان پەرق تۈپەيلىدىن ھازىرقى باسقۇچتا ئېتىبار بېرىش زۆ. رۈر. ئېتىبار بېرىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر. گە قىلغان غەمخورلۇقى. مۇبادا ئېتىبار بېرىشنى قارىغۇلارچە چۈشىنىپ، ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋالساق زىيان تارتىمىز. لاۋزى: «دۈشمەننى يوق دۆلەت ھالاك بولۇر» دەپتىكەن. بۇنى ھازىرقى زا. مان تىلى بىلەن شەرھلىسەك، «رىقابەتچىسى يوقلار زەئىپلىشىپ كېتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

— شۇنداق، مەن بولسام موڭغۇل. دەسلەپتە كەسكىن رىقابەت ئىچىدە چىڭگىزخان ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ رىقابەت ئى. چىدە يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىشلارنى قىلغان. مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە موڭغۇللار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولدى. بىرنەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئەسلىدىكى قۇدرەتلىك موڭغۇللار ئاجىز مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى.

— ئىلگىرى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرى. دۇ، دەپ قارالغان داش قازان تاماقى جۇڭگوغا ئېلىنىڭ ئىمگەكچان. لىقىنى، باتۇرلۇقىنى يوقىتىۋەتتى. شياڭگاڭ، سىنگاپور، تايلاند قاتارلىق جايلار ۋە ئەللەردىكى خەلقلەر خەنزۇلارنى ھورۇن، دەپ زارلىنىدىكەن. ئىلگىرى بۇنداق دېيىشكە يول قويۇلمايتتى، دې. گەنلەرگە «پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى» دېگەن يوغان قالپاق كىيگۈزۈلەتتى. بۇ جەھەتتە ئېچىنىشلىق زىيانلارنى تارتقاندىن كېيىن، مانا ئەمدى جۇڭگولۇقلار: داش قازاننىڭ تاماقى ھورۇن - تەييارتاپلارنى باقىدىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بول.

دى. ئېتىراپ قىلغاندا ئاكتىپلىق بىلەن تۈزەتكىلى بولىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا ئېتىبار بېرىشتىن پەيدا بولىدىغان پاسسىپ تەرەپلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئادەم ئاز ئەمەس. ئۇياق - بۇياقلارغا بېرىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جەمئىيەتنى كۆپرەك تەكشۈرۈپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

زىيارەت خاتىرىسى 1:

تۈركىيە «لالە» ھەسسىدارلىق كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر دىرېكتورى تاشپولات بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەندە، ھال - كۈنى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىغا كاتتا باي سودىگەر بولۇپ قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۈرۈمچىدە ۋە غۇلجىدا ئۆز سەرمايىسى بىلەن زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن كەپتۇ. ئۇنىڭدا چەت ئەل دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتتۈم دەپ ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ چاغلايدىغان چاكىنىلىق يوق ئىكەن. ئۇ كىرىسلودا يانتۇ ئولتۇرۇپ «No politic» دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى. ئۇ سالاپەتلىك، گەپ - سۆزلىرى سىلىق ئادەم ئىكەن، گەپنى ئويلىنىپ، جايىدا قىلىدىكەن.

— مېنىڭ بوۋىلىرىم ئىلگىرى ئافغانىستاندا تىجارەت قىلغانىكەن. چوڭ دادامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، چوڭ دادام شىنجاڭغا قايتىپ كەپتىكەن، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن 1961 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن يەنە ئافغانىستانغا كېتىپتۇ. كابۇل شەھرىدە ئىككى - ئۈچلا ئاۋاتراق رەستە بار ئىكەن، كىچىك كوچىلىرى تولىمۇ ۋەيرانە بولۇپ، ئۈرۈمچىگىمۇ يەتمەيدىكەن. ئافغانلار سۇپۇرگە ياساشنى بىلمەيدىكەن، ئاتا - ئانام سۇپۇرگە ياساپ سېتىپتۇ. كابۇل شەھرىنىڭ بازارلىرىدا ئۆگرە يوق ئىكەن. ئانام خېمىر يېيىپ ئۆگرە كېسىپ قورۇتۇپ سېتىپتۇ. ئافغانىستان مەدەنىيەتتە ئارقىدا ئىكەن. مەن غۇلجىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتمىگەنىدىم، كابۇلغا بار-

غاندىن كېيىن، ئافغانىستان دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسىگە خىز-
مەتكە ئېلىندىم، شۇ چاغدا 17 ياش ئىدىم. شىنجاڭدا ھېچنەرسى-
دىن غېمىم يوق ئىدى، ھۆكۈمەت ئۆزىلا پەللىگە يەتكۈزۈپ قويى-
دىغاندەك خاتىرجەم ئىدىم. تىرىكچىلىك يولىدا غەم ـ قايغۇنى
بىلمەيتتىم. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار
بېرىپ تۇرغاچقا، تېگىرقاپمۇ قالمايتتىم. مەكتەپنى خۇددى ئو-
قۇتقۇچى ئۈچۈن ئوقۇيدىغاندەكلا تالىشىپ ـ تاكاللىشىپ كېتەت-
تىم، تىرىشمايتتىم. ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىن ئىش باشقى-
چە بولۇپ چىقتى. ياخشى ئىشلىسىگىز بىر نۆرى، ياخشى ئىشلى-
مىسىگىز نان يوق. ئۆلچەم ئىدارىسىدا ئىشتىن ھەيدىلىپ كې-
تەرمەنمىكىن دېگەن ئەندىشىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئۆلچەم ئى-
دارىسىدە كەسىپنى باشقۇرىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ياكى ئىنگلىز،
ياكى ھىندى، ئۇلار ئىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدۇ. ئادەمنىڭ رو-
ھىي ساپاسىنىڭ رولى كارامەت بولىدىكەن. مېنىڭدىكى غەم ـ
ئەندىشىنى بىلمەيدىغان خاتىرجەملىك ئورنىنى ۋەھىمە ئالدى.
تۇرمۇش پوزىتسىيەممۇ ئۆزگەردى، يۇرتۇمدا ئوقۇشقا تىرىشمىغان
بولسام، ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىن قېتىرقىنىپ ئوقۇيدى-
غان، ئۆگىنىدىغان بولدۇم. مۇتەخەسسىسلەرمۇ مېنىڭ تىرىشچان-
لىقىمنى كۆرۈپ، قىزغىن ياردەم بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قى-
لىپ، ئاخىر ئۆلچەش كەسپىنى پىششىق بىلىۋالدىم، ئىنگلىز
تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ئۇ ئىنگلىز تىلىنى سۇدەك بىلىدىكەن، مەن
بىلەن سۆزلەشكىنىدە پات ـ پاتلا ئىنگلىزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ
سۆزلىدى.

— ئەگەر ئۇ يەردە ھۆكۈمەت ئېتىبار بەرگەن بولسا، ئۆگى-
نىشكە ئۇ قەدەر كۆپ كۈچ سەرپ قىلماس ئىدىم، كېيىن دادام

بىلەن تۈركىيەگە باردىم. تۈركىيە كېيىنكى يىللاردا ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپتۇ. مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئافغانىستاننىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەن. ئالىي مەلۇماتلىق، چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرغان ئادەملەر كۆپ ئىكەن. مەن چاغلىق بىلىم سەۋىيەم بىلەن تۈزۈك-رەك خىزمەت تاپالماسلىقىم تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن نائىلاج ئىستانبۇل خۇرۇم زاۋۇتىغا كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىدىم. شۇ جەرياندا بىر تۈرك قىز بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم. پەرزەنت كۆردۈم. پەرزەنتىمنىڭ ئەھۋالىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم. تۈركىيەدە شەرت ـ شارائىت ناھايىتى ئېغىر، دىپلوم بولمىسا، ھۈنەر بولمىسا مائاشى ئوبدانراق خىزمەت تاپماق بەكمۇ مۈشكۈل. قىزىم 11 يېشىدىلا ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى ئوبدان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر مەكتەپ ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرگەن بولسا، تى-رىشچانلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان بولاتتى.

دادام تىرىكچىلىك قىلىشتا يولى بار ئادەم بولغاچقا، ئىستان-بۇلدا خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. مەن تىجارەت سەۋەبى بىلەن ئىتالى-يە، ياپونىيە، بۇلغارىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالارغا باردىم. تەيۋەنگىمۇ ساياھەت قىلىپ باردىم. مەندە شۇنداق چوڭقۇر تەسىرات بولدىكى، ھەرقانداق مىللەت يەن، مەدە-نىيەت ۋە تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلمايدىكەن، قالاقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. مەدەنىيەت، پەن ۋە تېخنىكىدا تەرەققىي تېپىش ئۈ-چۈن، باش چۆكۈرۈپ تىرىشىدىغان، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدىغان غەيرەت بولمىسا بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسى-يالىقلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەن. ئۇلار ئېتىبار بېرىشنى ئاللىقاچان بىكار قىلغان بولۇپ، يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسىمۇ زور دەرىجىدە ئازلاپتۇ. ئۇلارنىڭ تە-بىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى بار، ئايتماتوفقا ئوخشاش ئەدىبلىرى دۇنياغا مەشھۇر.

مەن بۇ نۆۋەت ئانا يۇرتۇمدا ئۆز سەرمايەم بىلەن زاۋۇت قۇرۇش

ئۇچۇن قايتىپ كەلدىم. قارىسام، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكىدىن كۆپ يۇقىرى كۆتۈ-رۈلۈپتۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ئىش - ئوقىتى بىلەن خاتىرجەم ياشا-ۋېتىپتۇ، لېكىن بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن پا-راڭلىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى تولىمۇ تار ئىكەن! جۇڭگو ھەر يىلى قانچىلىك مال ئىمپورت قىلىدۇ، قانچىلىك ئېكسپورت قىلىدۇ، بالانسى ئاكتىپمۇ ياكى پاسسىپمۇ؟ بۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىكەن. ياشلىق دەۋرىمدىكى كۆلەڭگەمنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار شۇنداق بىغەم، بىپەرۋا ئىكەن، جىددىيلىك تۇيغۇسى، خەۋپ تۇيغۇسى كەم ئىكەن. سىلەر ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار چۇقان بىلەن دالالەت قىلساڭلار بولغۇدەك، غەيرەت قىلماي، جاپاغا چىداپ تىرىشماي تۇرۇپ، روناق تاپىمىز دېگەن بىكار!

ئاپتوردىن ئىلاۋە: تاشپولات تۇرلۇك ھادىسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يۆلىنىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

زىيارەت خاتىرىسى 2:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ياپونىيەدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغان بىر ياش ئوقۇتقۇچىسىنى ئۇچراتقان-لىقىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭ ياپونىيەدىن قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئەمدىلا بىر نەچچە كۈن بولغانىكەن. ئۇساكا ئې-لېكتىرىك سايمانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسىدىكى ئەھۋاللار تېخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن، ھېسسىياتى تېخى تولۇق ئەسلىگە قايتمىغانىكەن. مەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئۇس-تەلدە ماتېرىيال يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېگىز بويى، ئاق پە-چىم چىرايى، زىيالىي سۇپەت قامىتى ھەرقانداق كىشىنىڭ دىق-قىتىنى بىردەمدىلا ئۆزىگە تارتىۋالالايدىكەن. ئۇ شىنجاڭغا پۈتۈن-

لەي يېڭى نەزەر بىلەن قارايدىكەن. ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا چىراي-لىق سۆھبەت پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، گويا سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرگەندەك، ئىچ ـ باغرىم ئېچىلىپ قالدى.

— ياپونىيەنىڭ ئۇساكا ئېلېكتىرىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ياپونلار ھە دېسىلا مەندىن: «ياپونىيەگە كەلگەندىن بۇيان نەزىرىڭىزگە ھەممىدىن بەك سىغمىغان نەرسە نېمە؟ سىزنىڭچە ھەممىدىن بەك ئۇسال يەرلىرىمىز نېمە ئىكەن؟ ھەممىدىن بەك قالاق يەرلىرىمىز نېمە ئىكەن؟» دەپ سوراپ تۇر-دى. ئۇلار كەمچىلىكلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېيتسىڭىز خۇرسەن بولىدىكەن، لېكىن بىزنىڭ جۇڭگودا بولسا، ياخشى دەپ تەرىپلىگەننى ياخشى كۆرىدىكەنمىز. ئۇيغۇرلار جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر قىسمى، بىزمۇ باشقىلارنىڭ ياخشى دەپ ماختىشىنى ياخشى كۆرىدىكەنمىز. ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تونۇمىغاندا ئالغا ئىل-گىرىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ياپونىيەگە بارغاندىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەمچىلىكلىرىمىز نېمە؟ دېگەن سوئال كاللامدىن كەتمىدى. مەن ئۆزۈم ياش، ئۆزۈمنى ياپونلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقتىم: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ياپون ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىغا ھەممىدىن كۆپرەك كىرىدىكەن، بىز ئاز كىرىدىكەنمىز؛ دەرسلىكتىن باشقا ماتېرىياللارنى ئوقۇشتا ياپون ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئوقۇيدىكەن، بىز ئاز ئوقۇيدىكەنمىز: ياپون ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 3 — 4 تىن بو-لۇپ قورۇق پاراڭ سوقىدىغانلار ئاز، بىزدە كۆپ ئىكەن؛ ياپون ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ھەددى ـ ھېسابسىز كىنو كۆرىدىغانلار، تانسا ئوينايدىغانلار ئاز ئىكەن، بىزدە كۆپ ئىكەن. مانا بۇ ئەھ-ۋاللار ئىككى خىل پىسخىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىكەن. بىزنىڭ ئو-قۇغۇچىلىرىمىز ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالسىلا دىپلوم ئالالماسلىق-تىن ئەندىشە قىلمايدىكەن: دىپلوم ئېلىۋالسىلا، خىزمەتكە تەق-

سىم قىلىنالماسلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن؛ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، مەلۇم ئىستانژغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالا-ماسلىقىدىن ئەندىشە قىلمايدىكەن. مانا بۇنداق بىخەملىك، تەبىئىي هالدا كىشىنى هۇرۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ياپون ئوقۇغۇچىلاردا ئۇن-داق ئەندىشىسىزلىك يوق ئىكەن.

ئاپتوردىن ئىلاۋە: هاياتلىق ئىجادچانلىق كۆچىگە باي بولىدۇ، لېكىن هاياتلىق تەبىئىي يوسۇندا راهەت ـ پاراغەتكە ئامراق بو-لىدۇ. مانا بۇنداق زىددىيەت ئادەملەرنى تۇرمۇشتا تۇرلۇك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ: بەزىلەر جەسۇر بولىدۇ، بەزىلەر زەئىپ بولى-دۇ؛ بەزىلەر زېرەك، بەزىلەر دۆت بولىدۇ؛ بەزىلەر غالىب، بەزىلەر مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلار هاياتنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتىدە بول-غان ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى. پەم ـ پاراسەتلىك ئادەملەرنى هېسابقا ئالمىغاندا، تولا ئادەملەر ئۆزىنىڭ راهەت ـ پاراغەت كۆ-رۈش تەمەسىنى قاندۇرۇشقا تاشقى جەھەتتىن بىرەر هىمات ـ يۆ-لەنچۈك تاپالمىغاندىلا، لېۋىنى چىشلەپ، بېلىنى باغلاپ، ئۆز ۋۇ-جۇدىدىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا، پىداكارلىق كۆرسە-تىشكە، ئىجاد قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن هاياتنى نۇرلان-دۇرىدۇ. تاشقى دۇنيادىن راهەت ـ پاراغەت سۈرگۈدەك بىرەر ئىم-كانىيەت تېپىلىپ قالسا، بەزى راهەت كۆرۈش تەمەسىنى ئەجىر-سىزلا قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى چىقىپ قالسا، ئۇ هالدا بوشى-شىپ، توختاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن هاياتنىڭ زەئىپلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. هاياتنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش، ئۇنىڭغا يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەتچان بەندىچىلىك قىلىش نادانلارنىڭ نادانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى. پەقەت پاراسەتلىك ئادەملەرلا هاياتنى قامچا بىلەن هەيدەپ ماڭىدۇ.

— روھ شەكىلسىز بولىدۇ، هەرقانداق ئادەم پاسسىپ روھىي

كۆچىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ شۇنداق مەھكۇم ھالىتىنى چۈشىنىپ كېتىشى تەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ بوشاڭلىقىغا، ئويۇن - كۈلكە بىلەن ۋاقتىنى زايە قىلىپ يۈرىدىغانلىقىغا، ئۆزى ناھايىتى زېرەك بولسىمۇ، جاپادىن قاچىدىغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق ئەھۋاللار ئايرىم كىشىلەرنىڭلا ئوقۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا بىر خىل روھىي ھالەت رول ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسامۇ، كونكرېت مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم.

فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غاپپار تەلەپچان كىشى بولۇپ بىزنى چىڭ تۇتاتتى. ئۇ ئېيىنشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسىگە كامىل ئىدى. بەزىمىزنىڭ ئوقۇش نەتىجىمىز ناچار تۇرۇپمۇ تىرىشمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگىنىدە: «باشقىلار ئېتىبار بېرىدۇ، دەپ قاراپ ئولتۇرامسىلەر؟ كۆزۈڭلار يوقمۇ؟ قولۇڭلار چولاق، قۇلىقىڭلار گاسمۇ؟ سىلەر مېيىپمۇ؟ نېمىشقا جاپاغا چىداپ ئوقۇمايسىلەر؟» دەپ تەنقىد قىلاتتى. بەزى ساۋاقداشلار بۇ تەنقىدنى ئاڭلىغىنىدا، «ئېتىبار بەرمىسە بولامدۇ؟ بىزنى خەنزۇلارغا ئوخشاتسا قانداق بولىدۇ؟ تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس!» دەپ پەرۋا قىلمايتتى. ئويلاپ قارىسام، ئۇلار ئېتىبار بېرىشنى مەنىۋى ھىمات قىلىشىۋالغانىكەن. شۇڭا ئۇلار ئەلا نەتىجە ئېلىش يولىدا جاپاغا چىداپ ئوقۇشنى خالىمايدىكەن. مەنمۇ سىنىپتا: «بۈگۈنكى كۈندە ئېتىبار بېرىش زۆرۈر، لېكىن بىز ئېتىبار بېرىشكە - تەييارغا ئاشىق بولۇۋالساق، ئۆزىمىزنىڭ ئۆسۈشىمىزگە زىيان يېتىدۇ» دەپمۇ باقتىم. بۇ گەپنى ياقتۇرىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولدى. شۇنى بايقاپ قالدىمكى، بىر خىل روھىي ھالەت ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، شۇنداق روھىي ھالەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇھىت ئۆزگەرتىلمەيدىكەن. ئۇ روھىي ھالەتنى تۈگىتىش ناھايىتى قىيىن. مەنمۇ شۇنداق مۇھىتتا ئۆسكەن. رو-

ھەمدا ئۇنىڭ ئىزلىرىنىڭ بار ــ يوقلۇقىنى ئويلاپ قارىسام، يوق ئەمەس ئىكەن. تەبىئىي قىسمەتتە خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ باراۋەر بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئوقۇش ئۇچۇن، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈش ئۇچۇن تىرىشىمەن، ئاغزىمدىكى گەپ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئەلاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش جاپا چېكىپ ئوقۇيمەن، دەپ نىيەت قىلدىم، كۈنگە 13 سائەت ئۆگىنىمەن دەپ پىلان تۈزدۈم. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز تىلىمدا ئوقۇغاچقا خەنزۇچىنى بىلمەيتتىم. ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇپ، خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنى ۋە بىر مۇنچە خاس ئاتالغۇنى ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈۋالدىم. كېيىن ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگەندىم. 1984 ــ يىلى EFT ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، بىر قېتىمدىلا ئۆلچەمگە يەتتىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ چەكسىز بولىدىكەن، يوشۇرۇن كۈچنى قانچىكى قازسىڭىز، ئۇ شۇنچە ئۇلغىيىپ تۇرىدىكەن. بەزى ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىكەن، غەلىبە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار شۇ يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە بىلىمگە، قابىلىيەتكە ۋە ئۇتۇققا ئايلاندۇرىدىكەن. بەزىلەر ئۆمۈر بويى پالاقلاپ ــ سوكۇلداپ ئۆتىدىكەن، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى زادىلا قازالمىغانلىقى، ئىشقا سالالمىغانلىقى سەۋەبچى بولىدىكەن. جاپا چېكىشنىڭ ئۆزى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قازىدىغان بوقۇسا ئىكەن. باشقىلار كىنو كۆرگىلى بارسا، مەن بارمىدىم، باشقىلار تانسىغا چۈشسە، مەن چۈشمىدىم، قىزلار تەبەسسۇم قىلسا، مەن مىت قىلمىدىم، لەرزان شامال سوقۇپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلەردىمۇ، قاسقاننىڭ ھورىدەك ئىسسىق تومۇز كېچىلىرىدىمۇ، جۈت بولۇپ شىۋىرغان غۇيۇلداپ تۇرغان زىمىستان كېچىلەردىمۇ شىرەدىن باش كۆتۈرمەي ئوقۇدۇم.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا رە-

ئىس، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىگە رەئىس، ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىگە رەئىس، مەملىكەتلىك 10 ـ نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغانىدىم، شۇ مەنسەپلەرنىڭ سايىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارلارغا ئېرىشىشىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن بۇ مەندە تېخىمۇ بەكرەك يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىشى، ئۆزۈمدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشتىن ۋاز كەچتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوپۇرماقلار سارغىيىپ، گۈللەر يىگىلەپ ـ سولىشىپ، ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن. چەتتىن كەلگەن شان ـ شەرەپلەرنى ئۆتكۈنچى بولۇت، تۇتۇن دەپ قارىدىم، شۇ مەنسەپلەردىن ئۆزۈمگە كېلىدىغان پايدىسىز ئامىللارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدۇم. چۈنكى ئىجتىمائىي پائالىيەت كۆپ بولۇپ، تولا ۋاقتىم ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىش بىلەن ئىسراپ بولۇپ كەتسە، ئۆگىنىشىم توختاپ قالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئۆزۈم غەيرەت بېرىپ، دەم ئېلىش ۋاقتىمنى ۋە ئۇخلاش ۋاقتىمنى قۇربان قىلىدىغان، قانچىلىك ۋاقىت زايە كەتكەن بولسا، شۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئەلاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە يېتىشىۋالدىم. ئالغا ئىنتىلىش پسىخىكىسى كېرەكمۇ ياكى يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى كېرەكمۇ؟ ئىككى خىل ياشاش پوزىتسىيەسىدىن ئىككى خىل نەتىجە كېلىپ چىقىدىكەن.

ياپونىيەگە بارىدىغان چېغىمدا بەزىلەر ماڭا: «مەن جۇڭگولۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى» دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ، ئېتىبار بەرگۈزۈپ، ئۆزۈڭگە ھەل بېرىپ قايتىپ كەلسەڭ بولمىدىمۇ دېيىشتى، لېكىن ئۇنداق قىلىش سەت ئىش ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ شەنىگىمۇ، جۇڭگونىڭ شەنىگىمۇ داغ چۈشۈرگەنلىك بولاتتى. ياپونىيەگە بارغاندىن كېيىن كۆزۈم تېخىمۇ ئېچىلدى. بۈگۈنكى دۇنيا سۈبېك-

تىپچانلىقنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئاكتىپچانلىق بىلەن پىداكار-
لىق كۆرسەتمىگەندە، ئىجاد قىلالمىغاندا، زامانغا يارىشا ئادەم بول-
غىلى بولمايدىغان دۇنيا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالدىم. شۇنىڭ
ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئەلا
نەتىجە بىلەن ئىسپاتلايمەن، دېگەن ئىككىنچى نىيەتنى باغلىدىم.
بۇ نىيەتنى جاپا چېكىپ تىرىشقاندىلا گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇر-
غىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تەييار يول يوق. ياپونىيە ئالىي
مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ھاۋاسى بىزنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن، ئوقۇ-
غۇچىلىرىمۇ بىزگە قارىغاندا تىرىشچان ئىكەن. مەن ئۇلاردىنمۇ
كۆپرەك تەر تۆكتۇم، ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغان كېچىلىرىم ئۇلار-
نىڭكىدىن كۆپ بولدى. ناگويا شەھىرى ياپونىيەنىڭ مەشھۇر سا-
ياھەتگاھى ئىكەن، ئۇساكا شەھىرىگىمۇ يېقىن ئىكەن. پۈتۈن ۋاق-
تىم تەتقىقات بۆلۈمىدە ياكى كۇتۇپخانىدا ئۆتكەچكە، ئۇ يەرگە بىر
قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىم. ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە ئۇستازلى-
رىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەككىز تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىدىم،
ياپون، ئىنگلىز تىللىرىدا 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدىم. بۇلار-
نىڭ بەزىسىنى ياپونىيەدىكى ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ بەردىم، بە-
زىسىنى خەلقئارا ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ بەردىم، ئۈچ پارچىسى
ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېلېكتىرىك كەسپىي ژۇرنىلى-
دا ئېلان قىلىندى.

ۋۇجۇدۇمدا ناھايىتى زور ئىجادىيەت ئىقتىدارى بارلىقىغا بار-
غانسېرى بەكرەك ئىشىنىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق
قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئاۋۋال ئۆزۈمگە ئۆزۈم غەيرەت
بەردىم، نەتىجىدە مەندە ئىجادچانلىق چاقماقلىرىنى چاقنىتىشقا
مەجبۇر قىلىدىغان ئىدىيەۋى ئادەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئو-
ساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ياپونىيە بويىچە بىرىنچى قاتاردىكى ئالىي
مەكتەپ بولۇپ، ئۇلار بىر تېمىنى ئۆزۈندىن بۇيان تەتقىق قى-
لىپ، بىرەر نەتىجە چىقىرالمىغانىكەن. شۇ تېمىغا مەسئۇل بولغان

ئوقۇتقۇچى مېنىڭ ئۇستازىم بىلەن پاراڭلىشىپ، مېنىڭمۇ شۇ تېمىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىمنى، بەلكى بىرئاز نەتىجە قازانغانلىقىمنى ئاڭلاپ، دەرھال مېنى ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مېنىڭ بىر يىل ئىچىدە بىرنەچچە تېمىنى يەشكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى، مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ مېنى ئۆزلىرىنىڭ دوكتورلۇقتا، ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلىرىغا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات بەرگۈزدى.

ياپونىيەدە ئۇچۇر تېز. ئۇلار چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تاشقى ئىشلار ۋازارىتى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى «دۇنيا بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ كېتىۋاتقان 21 ـ ئەسىردە سىز نېمە قىلماقچى؟» دېگەن تېمىدا ياپون تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭغا 72 نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ماقالە ئەۋەتىپ تىزىملاتقانىدى. ئۇلاردىن ئون ئوقۇغۇچى تاللاندى، شۇلارنىڭ بىرى مەن. مۇسابىقە نەتىجىسىدە، جۇڭگولۇق بىر قىز ئوقۇغۇچى ئىككىنچىلىكنى، مەن تۆتىنچىلىكنى ئالدىم. مۇكاپاتنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ، يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. بۇ مۇكاپات مېنىڭ چىشىمنى چىشلەپ تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلگەنلىكىمنىڭ مۇكاپاتى بولدى، دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭدىن شۇنداق چوڭقۇر تەسىراتقا كەلدىمكى، ھەرقانداق ئادەم يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىنى تاشلىسا، مۆجىزە يارىتالايدىكەن. ھازىرقى كۈندە، مىللىتىمىزنى مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە تېز راۋاجلاندۇرىمىز دېسەك، ئەنە شۇنداق روھىي ھالەتلەرنى تاشلىشىمىز لازىم، ئېتىبار بېرىشكە تەلمۈرسەك، يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىمىز كۈچىيىپ كېتىدۇ، خالاس.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ئۇ تۈرلۈك ھادىسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يۆلىنىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

مەن پىروفېسسور بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تورمۇش ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم. مەن پاراڭلاشقان كىشىلەرنىڭ قېيىداش پىسخىكىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئاسان قوبۇل قىلغانلىقىنى، يۈلىنىۋېلىش روھىي ھالىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى تىلغا ئالغاندا، چىرايلىرىنىڭ ئۆڭگەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردىم.

— تاپقان تىپىك ماتېرىياللىرىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ ماڭا.

ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى مىللەت ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرماسلىقىم لازىم. شۇڭا:

— مىسال كېرەك بولسا، قايسى مىللەتتىن بولسۇن مىسال تېپىلىدىكەن. خەنزۇلاردىنمۇ تېپىلىدۇ، بىز موڭغۇللاردىن تېخىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ، — دېدىم.

— قېنى، سۆزلەڭا، مېنىڭ ئۆزۈمدە مىللىي كەمچىلىكلەرگە توغرا قارىيالايدىغان غەيرەت بار - يوقلۇقىنى سىناپ كۆرەي. سۆزلەۋېرىڭ، ھېچ گەپ يوق.

مەن تاپقان شۇنداق ماتېرىياللار ئاز ئەمەس ئىدى. شۇلاردىن پەقەت بىرىنىلا سۆزلەپ بەردىم:

— ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى بۇ يىل بىرقانچە ئادەمنى تۆۋەنگە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار مەلۇم جايغا بارغاندا، شۇ يەردىكى دوختۇرخانىنىڭ بىر مىللىي رەھبىرى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: تېببىي ئىنستىتۇتنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئوقۇشتا بىپەرۋا ئىكەن، تەييارلىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇپ، سىنىپ ئاشالماپتۇ، جەمئىي يەتتە يىل ئوقۇپتۇ. دوختۇرخانىغا دوختۇرلۇققا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئۆز كەسپىگە ئەستايىدىل كىرىشمەپتۇ. شۇڭا دوختۇرخانا ئۇنى ئوكۇل سېلىش خىز-

مىتىگە قويۇپتۇ. ئوكۇل سىلىشقىمۇ بىلىم كېرەك. بىراق ئۇ
ئۆگەنمەيدىكەن. چىندامىتىسىن ئوكۇلى بىلەن پېنتىسىللىن ئوكۇ-
لىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوكۇل ئۇر-
غىلى كىرگەندە، كېسەللەر قېچىپ كېتىدىغان بوپتۇ. بۇ ئاز
ئۇچرايدىغان بىر مىسال، ئومۇمىي ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلالماي-
دۇ، ئەلۋەتتە.

— شۇنچە كۆپ تەكەللۇپنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بىزنىڭ ئۇي-
غۇرلاردىن ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن، مۇنەۋۋەر ئادەملەر چىقمىغان
دېمىدىڭىزغۇ. شۇنداق يۇرەككە تېگىدىغان مىساللار بىز ئۇچۇن
پايدىلىق – تە!

### 4. باھار كەلكۈنى مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى

پىروفېسسور ئۆيۈمگە كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچى-
لىپ كەتكەن. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش بىلەن تەبەسسۇمى تېخىمۇ
كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ گويا بىرەر ئەسىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئې-
رىشكەندەك خۇشال ئىدى.

— يېقىندىن بۇيان، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — بىز ئۇي-
غۇرلار ئىچىدىن بىر خىل سادا چىقىۋاتىدۇ، ئۇ سادا بارغانسېرى
كۈچلۈك چىقماقتا، قۇلاققا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلانماقتا! ئۇ سادا
بالىلىق دەۋردىكى تۇرمۇشۇمنى ئەسلەتتى. مېنىڭ يۇرتۇم قەشقەر-
نىڭ بىر يېزىسىدا. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بار بولۇپ،
ياز كۈنلىرى ئۇ سۇغا تولۇپ كۆپۈپ كەتسە، كۈزدە ئازلاشقا
باشلايتتى، قىشتا ئۆستەڭ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالاتتى، شۇنىڭ بى-
لەن كەنتىمىزنى جىمجىتلىق قاپلاپ كېتەتتى، ئىچىمىز سىقى-
لىپ كېتەتتى. دادامنىڭمۇ، ئانامنىڭمۇ ئەتىدىن كەچكىچە چىرايى
ئېچىلمايتتى، راۋاب تامدىكى قوۋزۇقتا ئىلىقلىق تۇراتتى، دادام-
نىڭ ئۇنى چېلىشقا ھەپىسىلىسى يوق ئىدى. باھار كۈنلىرى يېتىپ

كەلگەندە، ئۆستەڭ بىردىنلا كەلكۈن سۈيى بىلەن تولاتتى، تولا چاغلاردا جىمجىت كېچىدە ئۇلغىياتتى. سۇ سۇغا، دولقۇن دولقۇنغا ئۇرۇلاتتى، لەپەڭلەپ قاشقا ئۇرۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن قىزىق شاۋقۇن كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ شاۋقۇن كۆچۈپ، تارقىلىپ، يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋېتەتتى. شاۋقۇندىن چىققان ھاياتبەخش خۇشاللىق ئۆيمۇئۆي كىرەتتى، ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، روھلاندۇراتتى، شادلاندۇراتتى، كۈلدۈرەتتى. يېقىندا مەندە يەنە ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇلغايغاندا پەيدا بولغان ھېسسىيات ۋە خۇشاللىق پەيدا بولۇپ قالدى.

پىروفېسسور چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى يىغىپ، يەنە ئالىمغا خاس ئېغىر بېسىق تۇسكە كىردى.

— مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن بىرنەچچە يۈز يىل جەريانىدا، — دېدى ئۇ، — مانجۇلارمۇ، خەنزۇلارمۇ ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتقانىكەن، نەتىجىدە بارغانسېرى ئارقىدا قاپتۇ. لۇشۈن ئەپەندى «ئاQ نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى»نى يازدى. بۇ دۇنيا سەھنىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنىڭ خەنزۇلارنى ئۆزىدىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرگە توغرا قاراشقا مەجبۇر قىلغانلىقى. ئۆزىنى ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلسا، ئۆز ئەيىبىنى ئۆزى ئاشكارىلىسا، ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغان، خورلىغان بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئويغانغانلىقىنىڭ ئالامىتى، ئالغا ئىنتىلىشنىڭ باشلىنىشى، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىززەت ۋە ئىشەنچنى ئورناتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بەي ياڭنىڭ «رەزىل جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىدە ئوقۇۋاتقان بالام ماڭا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغان خېتىدە: «خەنزۇلار ئۆز ئەيىبلىرىنى شۇنداق ئاچالىغانىكەن، بىز ئۇيغۇرلاردا شۇنداق غەيرەت يوقمىدۇ؟» دەپتۇ ۋە مېنى مات قىلىپ: «دادا، سىز ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى، شۇنداق كىتابنى يېزىشقا جۈرئەت

قىلالامسىز؟» دەپتۇ. كېيىن ئۇقسام ئۇ كىتاب ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغانىكەن، ھەتتا ئۇرۇمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ تالىشىپ ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىگە باقماي، خەنزۇلارنىڭ شۇنداق مەنىۋى ئەيىبلىرىنى مازاق قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئۇ كىتاب كۆپچىلىك ئادەم ئۇچۇن ئوبدان ئەينەك. ئېيتىپ باقسۇنچۇ، بىز ئۆزىمىز قانداق؟ يېقىندا «قىزىل قوناقلىقتا، نامىلىق كىنو قويۇلغاندا، بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە كۆتۈلمىگەن تەسىرات پەيدا بولدى. «ئىتتىپاق» تىياتىرىنىڭ ئارقا رەت ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرغانلارنىڭ تولىسى ياشلار ئىكەن. ئۇلار كىنودىكى بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ: «قاراڭلار، خەنزۇلارنىڭ ئاۋۇ سەتچىلىكلىرىنى!» دەپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ: «بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ شۇنداق ئىشلار يوقمۇ؟» دېدىم. بەزىسى بار دېدى، بەزىسى شۈك بولۇۋالدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ياش مەندىن: «قىزىل قوناقلىقتا، دېگەن كىنو خەنزۇلارنىڭ سەت ۋە قالاق تەرەپلىرىنى ئاشكارىلايدىكەنۇ، خەنزۇلار نېمىشقا يەنە باركاللا ئېيتىپ چاۋاك چالىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇنىڭغا ئۆزىڭىز جاۋاب تاپىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن» دېدىم. ئۇ ياش ئەتىسى سەھەردە يېنىمغا كېلىپ: «جاۋاب تاپتىم. بۇ ئەھۋال ھازىرقى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات يىللىرىدا خەنزۇلارنىڭ قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن» دېدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزىمىزنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ چۇشىنىشكە باشلاپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكىدا زور قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىشىمىزنى ئارزۇ قىلماقتا، ھەتتا دىنىي ساھەدىكى زىيرەك - زەكىي ئەربابلارمۇ شۇنداق دەۋەت قىلماقتا.

پروفېسسور خۇشاللىقىدا ماڭا مۇنداق بىرنەچچە ئۈنئالغۇ
لېنتىسىنى قويۇپ بەردى:

لېنتا 1:

**پروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى:** بۇ كورلا چارباغ يېزىسىدىكى
بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى راخمان بو-
لۇپ، ئۇنىڭ چارباغ يېزىسىغا ئوبدان بىر ئىش قىلىپ بېرىش،
يېزىدىكى دېھقانلارنى تېزرەك بېيىتىش ئارزۇسى بار ئىكەن. ئۇ
پۈتۈن ۋاقتىنى، كۈچىنى شۇ بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زا-
ۋۇتىغا ئاتاپتۇ. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ھارماي -
تالماي ئىشلەيدىكەن.

— مەن ئۆز مىللىتىمنى قىزغىن سۆيىمەن، بىرەر ئادەم
مىللىتىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تىلغا ئالسا، كۆڭلۈمگە كېلەت-
تى، كۆتۈرەلمەيتتىم. كىمكى بىزنى پالان جەھەتتە خەنزۇلاردىن
قالاق دەيدىغان بولسا، قۇلىقىمغا يىڭنە سانجىلغاندەك بولاتتى.
مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا -
بازار سانائىتى كەڭ يولغا قويۇلدى. مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن
ۋەزىپە سورىدىم، يېزىلىق ھۆكۈمەت ماڭا بىرلەشمە پىششىقلاپ
ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى تاپشۇردى. زاۋۇتىنىڭ قارى-
مىقىدا بىر كۆمۈر كان، بىر ھاك تېشى كانى بار ئىدى، دېمەك،
ئىشىمىز ئاساسەن كولاش - قېزىش ئىدى. شائىرلىقتىن خەۋىرى
بار بىر ئىنىم: سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي
قول ھۈنىرى ئىكەن. زامانىۋى سانائەت دېگىلى بولمايدۇ. سانائەت
ئۈچۈن ئىلىم - بىلىم، تېخنىكا بولمىسا بولمايدۇ، دەپ زاڭلىق
قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىغا خاپا بولۇپ ئالايدىم. كورلىدىكى
قۇرامتاغ تەڭرىتاغنىڭ تارمىقى، ئۇ تاغدا مەدەن كۆپ. مەن بىر

ماشىنا بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىزنى ئېلىپ، بىر چارۋىچىغا يول باشلىتىپ، داۋانمۇداۋان، بەلمۇبەل ئېشىپ، مەدەن، رۇدا ئىزدىدىم. رۇدىنى ئوبدان تونۇمايتتىم، رەڭگىدىن ئالاھىدىرەك كۆرۈنسىلا، بىرنەچچە پارچە چوقۇپ ئېلىپ خالتىغا سالدىم، ئۇسسىغاندا سۇدانىدىكى سۇنى ئىچتىم، قورسىقىم ئاچسا نان يېيـ- دىم، ھەر ـ ھەر ئېگىز تاغلارغا چىقتىم، ھەر ـ ھەر تىك يارلار- غا ياماشتىم، كۇندۈزى ئاپتاپتا ئىشلىدىم، كېچىسى جوۋامنى يې- پىنىپ، قورام تاشلارنىڭ دالدىسىدا ئۇخلىدىم. شۇ چاغ ياز كۈن- لىرى بولسىمۇ، كېچىدە بىرئاز سوغۇق بولاتتى. ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. ئىنىمنىڭ ھېلىقى گەپلىرىگە تېخىچە ئاچچىقىم كېلەتتى: ئىلىم ـ بىلىم، پەن ـ تېخنىكىنى ئەجەبمۇ سىرلىق بىر نېمە قىلىۋاپتۇ ـ يا؟! ئۇنىڭ كارى چاغلىق، كانچىلىقنى ئوقۇمىغانلار- مۇ رۇدا، مەدەن تاپالايدىكەنغۇ!... قورامتاغنى تويپتوغرا يىگىرمە كۈن ئارىلىدىم، ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتتى. بىرمۇنچە جاپا تارتىپ، بىر خالتا مەدەن تېپىپ قايتتىم. ئۆيدىكىلەر قانداق مەدەن ئىكەن، دەپ سورىۋېدى، جاۋاب بېرەلمىدىم. پۈتۈن كورلىـ- نى قىدىردىم، شۇنداق مەدەنلەرنى ئايرىپ بەرگۈدەك بىرەر ئۇيغۇر ئىنژېنېر تېپىلمىدى. كېيىن گېئولوگىيەلىك چارلاش ئەترىتىـ- دىن بىر خەنزۇ ئىنژېنېرنى تاپتىم. ئۇ ئايرىپ بەردى. ئېلىپ كەلگەنلىرىمنىڭ بەزىسى ئادەتتىكى تاش ئىكەن، بەزىسى كارغا يا- رايدىغان رۇدا ئىكەن. شۇ رۇدىلارنىڭ زاپىسى قانچىلىك؟ نەدىن نەگىچە تارقالغان؟ چارلاش، تەكشۈرۈش، قېزىشنى لايىھەلەش ئۇ- چۇن ئىنژېنېر بولمىسا بولمايدىكەن. تەمتىرەپلا قالدىم. دېمەك، يىگىرمە كۈن بىكار ئاۋارە بوپتىمەن. ئىنىم يەنە كېلىپ قالدى. ئۇ يەنە تېخنىكا ـ پېخنىكا دەپ بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ كەتتى. قالاق، ئارقىدا دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا يەنىلا ياقمىدى.

ھەربىي رايوننىڭ سۇ ئىنژېنېرلىق توەنى بىلەن بىرلىشىپ مەرمەر تاش كېنى ئاچماقچى بولدۇق. شۇ چاغدا توختام تۈزدۇق.

يول ياساشقا، ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنى تەييارلاشقا، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە هازىرلاشقا هەربىيلەر مەسئۇل بولدى. ئەمگەك ۋە تېخـ نىكا كۈچىگە بىز مەسئۇل بولدۇق. ماڭا قارايدىغان 13 يەردىكى قېزىش ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىنىڭ هەممىسى دېهقان بولۇپ، بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن ئىدى. مەرمەر كانىنىڭ باشلىقلىقىغا يارىغۇدەك بىرەر ئادەم تاللاش تولىمۇ قىيىن كەلدى. كېيىن كۆ. مۈر كاندىن ئادەتتە ياخشى ئىشلەيدىغان بىر كان ئىشچىسىنى باشلىقلىققا قويدۇق. ئۇ تۆشۈك تېشىپ، دورا قاچىلاپ، تاغنى پارتلىتىشنى بىلگەن بىلەن، مەرمەر تاشنى قانداق قېزىشنى بىلـ مىگەچكە، ساپساق مەرمەر تاشنى پارتلىتىپ كۆكۈم ـ تالقان قىـ لىۋېتىدىكەن. شۇڭا ئۇ باشلىقلىقنى قامالاشتۇرالماي، ئۆزى تاپقان ئىشچىلارنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. سۇ ئىنژېنېرلىق تۇەنسى 10 مىڭ يۇەن مەبلەغ سالغانىدى. بۇ پۇلنى بىكار كەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ـ تە. ئۇلار مېنى تەڭلىكتە قالدۇردى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قويغىلى يەر تاپالمىدىم.

بۇلتۇر شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيفاڭ ناهىيەسىگە ئېكسكۇر. سىيەگە باردىم. ئۇ يەردە يېزا ـ بازار سانائىتى ناهايىتى ئوبدان يولغا قويۇلۇپتۇ. كىچىككىنە بىر زاۋۇتتا ئۈچ ئىنژېنېر، 4 ـــ 5 تېخنىك بار ئىكەن. زاۋۇت باشلىقىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، هازىرقى كۈندە سانائەت ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكا بولمىسا بولمايدىكەن، كىمنىڭ تېخنىكىسى ياخشى بولسا شۇ پۇل تاپالايدىكەن. ئۇلارنىڭ سېخلىرى پاك ـ پاكىز، ئىشچىلارنىڭ كىيىمۇالغىنى ئاق خالات. ئۇلار نەپىس ئىشلەيدىكەن، بىز بولساق تەبىئىي نەرسىلەر. نى گۆرجەك، جوتو بىلەن كولايدىكەنمىز. ئۇلار پىششىقلاپ ئىشـ لىگەن مەرمەر تاشلىرىنى كۆرسەتتى، قارىسام: نەپىس هۈنەر بىلەن ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمى! ئۇلارغا ئويۇلغان تاغ، دەريا رە. سىملىرى، گۈل، ئۇچار قانات، هاشارات، بېلىق ۋەهاكازالار بەئەي. نى رەسسام سىزغان رەسىم! نېمىدېگەن چىرايلىق! بىز بولساق،

پۈتۈن - پۈتۈن مەرمەر تاشنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىدىكەنمىز. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» مېنى دېھقان كارخانىچى دەپ ماختىغانىدى. ئۇلارغا سېلىشتۇرسام، مېنى قانداقمۇ كارخانىچى دېگىلى بولسۇن؟! كېيىن يەنە باشقا بىرنەچچە شەھەرگە باردىم. ئاخىر قايىل بولدۇم، يەن - تېخنىكىدا قالاق ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلدىم. بۇنى ئېتىراپ قىلىش تەس، كۆڭۈل ئۇنىمايدۇ، يۈزىمىزگىمۇ سەت، لېكىن پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدىكەن، ئېتىراپ قىلمىساق تېخىمۇ ئارقىدا قالىدىكەنمىز.

ئىنىم مەندىن: «ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە باردىڭ، نېمە تەسىراتلارنى ئالدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى. بىزنىڭ مىللىتىمىزدە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇپ، شېئىر، ھېكايە يازىدىغانلار كۆپ، تەبىئىي پەندە ئوقۇيدىغانلار تولىمۇ ئاز بولغانلىقتىن پەن - تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىۋاتىمىز، دەپ بىر ئاز قايناپ قالدىم ۋە: «سەن ئۆزۈڭ نېمىشقا شائىرلىقنى ئوقۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئوقۇمىدىڭ؟» دەپ تەنە قىلدىم. سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا، ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەبىئىي پەندە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەيلى، ئۇنداق بولمىسا، پەن - تېخنىكىدا تەرەققىي قىلالمايدىكەنمىز، دەپ تەكلىپ بەردىم.

مەن ھۆددىگە ئالغان بىر ئورۇن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا ياراتتى. مېنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىم كونىراپ كەتكەنىدى. دېھقانلار پۇل تاپسىلا ئاۋۋال ئۆي سالىدۇ. مەن تاپقان پۇلۇمغا مەھەللىدە «راخمان مەكتىپى» دەپ بىر مەكتەپ سېلىپ بەردىم. پەخرىي مۇدىرلىقنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. قايسى ئوقۇغۇچى ماتېماتىكىدا ياخشى نەتىجە ئالغان بولسا ئۇنى تەقدىرلىدىم، ئوقۇتقۇچىسىنىمۇ تەقدىرلىدىم. يېزىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىدىن بىرنەچچىنى تاللاپ، بىرلەشمە زاۋۇتىمىزدىن پۇل چىقىرىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كانچىلىقتا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ،

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىمىزگە ئىنژېنېر قىلىشۋالماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، ئەتىكى قۇيرۇقتىن بوگۇنكى ئۆپكە ياخشى. هازىر بىر خەنزۇ ئىنژېنېر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتىمەن، ئۇنى ئۆزىمىزگە تېخنىكا يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلماقچىمەن.

دەۋر راۋاجلانماقتا. بىز ئىدىيەمىزدىمۇ ئۆزگىرىش ياسىشىمىز لازىم ئىكەن. ئەيىبلىرىمىزنى، كەمچىلىكلىرىمىزنى يوشۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز، كەمچىلىك بولسا، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم ئىكەن. كەمچىلىكنى يوشۇرماي، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تۈگىتىشىمىز كېرەك ئىكەن. چىرايلىق گەپنىلا قىلغان بىلەن، قۇلاقنى ياقىدىغان گەپنىلا ياقتۇرغان بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدىكەن! بۇ ئومۇمىي رىقابەت دەۋرىدە، كۆزىمىزنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تېپىپ تۈزىتىشكە تىكىشىمىز زۆرۈر ئىكەن.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** چەمبەرسىمان يولنى تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا 2:

**پىروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى:** بۇ ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم مەسچىتنىڭ ئىمامى. ئۇ ئىككى قېتىم ھەرەمگە بارغان، بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز، يەنە بىر قېتىم خوتۇنى بىلەن بارغان. مۇسۇلمانلار ئۇنى ھاجىم دەپ ئىززەتلەيدۇ. ئۇ پىكرى ئۆتكۈر، سۆزمەن ئادەم.

— بىز مۇسۇلمانلاردا بەش پەرز بار: ھەج قىلماق، ناماز ئوقۇماق، زاكات بەرمەك، روزا تۇتماق، ئىمان ئېيتماق. سەئۇدى ئەرەبىستان تولىمۇ يىراق بولغاچقا، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككىگە ھەج قىلىپ بېرىشى بەش پەرزنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قىيىن ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى تىبەتنىڭ ئالىي رايونىدىن

ئۆتۈپ، كەشمىرگە بېرىپ، ھىندىستان ئارقىلىق ھەرەمگە بارىدى-غانلار بار ئىدى. بەزىلەر پامىردىن ئۆتۈپ ئافغانىستان ياكى پا-كىستان ئارقىلىق باراتتى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، قارا دېڭىز - فوسفور ۋە داردانىل بوغۇزلىرى ئارقىلىق بارىدىغانلارمۇ بار ئى-دى. شاڭخەيدىن پاراخوت بىلەن بارىدىغانلارمۇ بار ئىدى. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى مەككىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئو-مۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەككىنىڭ يولى ئېچىلدى.

ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ بىرمۇنچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بېرىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلاردا ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ ئىكەن. مەككىگە بېرىشتىن ئىلگىرى خىيالىمدا: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تەۋەللۇت قىلغان، مەككىدە دىن ناھايىتى چىڭ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن قارى-سام، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پۇلىدا پادىشاھنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن. بەيتۇللاغا يېقىن قالغاندا قارىسام، بەزىلەر سىنئالغۇدا رەسىمگە تارتىۋېتىپتۇ. مەككىنىڭ كوچىلىرىدا سۈرەت تارتىش ئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈۋالغانلار تولا ئىكەن. پەقەت بەيتۇللاغا ئې-لىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ-نى ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم، شۇ ئالىي مەكتەپلەردە دىنىي دارىل-ئولۇمدىن باشقا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تېخنولوگىيە فا-كۇلتېتلىرى بار ئىكەن، ھەتتا سەنئەت فاكۇلتېتىمۇ بار ئىكەن. بۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزگە ماس كەلمەيدىغان بولغاچقا، ھەي-رانلىقتا چۆچۈپ كەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىنىڭ ئىمامىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىسام، ئىمام: «ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە ‹ئۆ-گىنىڭلار، قولغا قەلەم ئېلىپ ئۆگىنىڭلار!› دېگەن. پەيغەمبىرى-مىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: ‹ئۆگىنىش مۇسۇلمانلارغا پەرز› دېگەن. نېمىنى ئۆگىنىش كېرەك؟ ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر

ناھايىتى كۆپ، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە پەن - تېخنىكىمۇ بار. مۇسۇلمانچىلىق پەن - تېخنىكىغا قارشى ئەمەس» دېدى. مەككىدە بەزى ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل مۇقەددەم ئۆتكەن پادىشاھ ئابدۇلئەزىز سەئۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھ پايسال سەئۇدى ئەرەبىستاننى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىغانىكەن. ئۇلاردا «ۋاقىتنىڭ ئۆزى پۇل» دېگەن شۇئار يوق ئىكەن، لېكىن ۋاقىتنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن. ئۇلار ھەتتا ناماز ئوقۇشقا كېتىدىغان ۋاقىتنىمۇ قىسقارتىۋېتىپتۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا نېفىت كۆپ، كىرىم - تاپاۋەت كۆپ. چەت ئەل پۇلى كۆپ بولغاچقا، نۇرغۇن ياشلارنى ئالدىنقى قاتاردا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئوقۇتۇپتۇ. ئىلگىرى نېفىتلىكلەرنى پۈتۈنلەي چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىگە باشقۇرتىدىكەن، ھازىر ھەممىنى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئۆز مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن باشقۇرىدىغان بوپتۇ. بىركۈنى بىر بۇرادىرىم مېنى ئۆز خانىسىغا چايغا تەكلىپ قىلدى. يولدا كېتىۋېتىپ، كەڭ كەتكەن بىر چۆلدىن ئۆتتۇق. قارىسام، شۇ چۆلدە ئاجايىپ كاتتا، گۈمبەز شەكىللىك بىر بىنا بار ئىكەن، كۆلىمى ھەيۋەت، كۆرۈنۈشى تولىمۇ چىرايلىق، مەن: «بۇ نېمە ئىمارەت؟» دەپ سورىۋىدىم، ھەمسەپەرلىرىم: «سۇنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى، — دېدى ئىنتايىن پەخىرلەنگەن تەلەپپۇز بىلەن، — بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، بۇ يەردە چەت ئەللىك يوق»، ئىسلام دۇنياسى تەرەققىي تېپىپتۇ، ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ھېسسىياتىم. ئەلۋەتتە، مەككىدىن قايتىپ كەلگەن باشقا ئادەملەرنىڭ باشقىچە قاراشلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

**پىروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى:** ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، پەن ـ تېخنىكىمۇ ئىنسانلارغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشىمىز كېرەك. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى مەن بىلەن ئىسىمداش، دادىسىنىڭ ئىسمى سابىت. ئۇ 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ۋەكىلى، ئوردۇ، پارس، ئەرەب، چاغاتاي تىللىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئۆلىما. مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى بەزى باي يەككە تىجارەتچىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرىكى مەدرىسەنىڭ ئورنىغا «تىل تېخنىكومى» دەپ ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا سالدۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى قەشقەردىكى ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرىنىڭ مەدھىيەسىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ مېنىڭ ياخشى بۇرادىرىم، بىز شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكىدا راۋاجلاندۇرۇشقا ھەممە قوشۇش ئارزۇسىدىمىز.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** چەمبەرسىمان يولنى تاشلاپ، ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

**لېنتا 3:**

**پىروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى:** بۇ لېنتىدا سۆزلەۋاتقىنى ھۆردىيەت مۇھەممەد، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى. ئۇ ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزىدا دەسسەپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ، غەيرەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ.

— شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى، لېكىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىمىز روناق تاپالمى-

دى، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەي، كونا سەن-
ئەت نومۇرلىرىمىز ئاممىنى جەلپ قىلالماي كېلىۋاتىدۇ. پارتىيە-
مىزنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيى جەريانىدا تىبەتنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل
ئۆمىكى بېيجىڭدا ئويۇن قويۇپ ياخشى باھا ئاپتۇ، مىللەتلەر كو-
مىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى ئېچىلىۋاتقاندا، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بېي-
جىڭدا ئويۇن قويۇپ بەرسۇنمىكىن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىكەن،
لېكىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ، يېڭىلىق بولمىغاچقا، پىك-
رىدىن كېچىپتۇ. بۇ ئەھۋاللار بىزدەك كەسپداشلارنى تولىمۇ بى-
ئارام قىلماقتا. يېقىندا ئەنۋەر توختى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ماقا-
لە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى كونا ئىزىدا
توختىتىپ قويمايلى، راۋاجلاندۇرايلى، يېڭىلىق يارىتايلى، دېگەن
تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى
گەپنى قىلدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان باشقا ئەللەرنىڭ سىنئال-
غۇغا ئېلىنغان بىرمۇنچە ئۇسسۇللىرىنى كۆردۈم. ئۇلار تەرەققىي
قىلدۇرۇپتۇ، زامانىۋى ئۇسسۇللارنى ئۆزلەشتۈرۈپتۇ، ھىندىلار
ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىنى دىسكو بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
پۈتۈنلەي ھىندىلاشتۇرۇلغان دىسكونى ئىجاد قىلىپتۇ. كىشىنى
ئاجايىپ مەھلىيا قىلىدىكەن! بىز زامانىۋى ئۇسسۇلدىن ئۆزىمىز-
گە كېرەكلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

قىزىم دىلنار ئابدۇللا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ
سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئوقۇغىنىمۇ ئۇسسۇل.
ئۇ، 1985 ـ يىلى يېپەك يولى ئۇسسۇل كېچىلىكىگە تەكلىپ
قىلىنىپ، ياپونىيەگە بارغان. شۇ ئۇسسۇل كېچىلىكىگە ساھىبخا-
نىدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، تۈركىيەنىڭ ئۇسسۇلچىلى-
رىمۇ قاتناشقانىكەن. قىزىم ئۇسسۇلدا ئالقىشقا سازاۋەر بوپتۇ، يا-
پونىيەنىڭ ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى قىزىمغا: سىلەر ئۇيغۇرلار
تولىمۇ گۈزەل كېلىدىكەنسىلەر، ئۇسسۇلۇڭلارمۇ ناھايىتى چىراي-

لىق ئىكەن، لېكىن يېڭى مەزمۇن كەم ئىكەن، دەپتۇ. چەت ئەل-
لەرنىڭ ئۇسسۇل سەھنىلىرى دىلنارنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ، ياپون-
لۇق دوستلارنىڭ باھاسى ئۇنىڭغا ياراپتۇ، ئۇ ھەر ھالدا تېخى
ياش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇسسۇلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئاز،
ئەنئەنىنى ئوبدان بىلمىسە، يېڭىلىق يارىتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس،
لېكىن ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردىن ئۆگىنىش لازىملىقىنى
چۈشىنىدۇ، ئۇ ياپونىيەدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمى-
كىدىن ئۆزبېكچە ئۇسسۇل ئۆگىنىپتۇ، ياپونلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ
ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆگىنىپتۇ، كېيىن كاناداغا بارغاندا تاق - تاق
ئۇسسۇلىنى، جاز ئۇسسۇلىنى، زامانىۋى دىسكونى ئۆگىنىۋاپتۇ.
نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋاپتۇ. شىنجاڭغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، دوكلات بېرىش يۈزىسىدىن بىر قېتىم كونس-
سېرت قويۇپ بېرەي، چەت ئەلدىن ئۆگىنىپ كەلگەن نەرسىلە-
رىمنى ئويناپ بېرەي، شىنجاڭدىكى كەسىپداشلىرىمنىڭ يېڭىلىق
يارىتىشىغا ئاز بولسىمۇ ئىلھام بولۇپ قالسۇن، دەپ قايتا - قايتا
تەلەپ قىلسا، مەسئۇل ئورۇنلار رۇخسەت قىلمىدى، دىلنار ئىلاج
قىلالماي، قەمبەرخانىمنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق
ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. ئۇ، دىلنارنىڭ ئۇسسۇللى-
رىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ، قىزىمنى قۇچاقلاپ تۇ-
رۇپ: «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ھاياتى سىلەر بىر ئەۋلادقا قاراش-
لىق!» دەپتۇ.

**پىروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى:** قەمبەرخانىمنىڭ ئاتا - ئانىسى
خېلى بۇرۇنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بې-
رىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، قەمبەرخانىم 13 يېشىدا تاشكەنتتە
ئۇسسۇل مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، كېيىن «قىزىل بايراق»
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە كىرىپ ئۇسسۇل ئۆگەنگەن، يەنە بىر
نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، موسكۋاغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋە-

تىلگەن، ئۇ بالېتنىمۇ ئۆگەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بالېت ئۇس-
سۇلىدا دۇنياغا مەشھۇر. قەمبەرخانىم ئۇلانوۋانىڭ بالېت ئۇسسۇ-
لىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەن، موسكۋا سەھنىلىرىدە ياۋروپانىڭ
ئېسىل ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنىمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ نەزەر
دائىرىسى كەڭ. 1942 ـ يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن، ئىشنى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ، بارا ـ
بارا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ، ئۇسسۇلنى خۇددى
ھاۋادا بۇلۇت ئۈزگەندەك، دەريادا سۇ ئاققاندەك، تەبىئىي، ئەركىن
ئوينايدۇ، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىدىن خۇددى شېئىردەك چوڭقۇر
مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭكىنى كەڭ قوبۇل قىلغانلىقى
ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىگە يەتكۈزەلىگەن. ئۇ، ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ
ئۇسسۇل سەنئىتى ئىزىنى بېسىپ ماڭغانلىقىنى كۆرسە ئىنتايىن
خۇشال بولىدۇ.

— قەمبەرخانىم قىزىمنىڭ دوكلات يۇزىسىدىن ئويۇن قويۇپ
بېرىشىنى ناھايىتى قىزغىن قوللاپ، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ باش كاتىپىنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ سۆزلەشىپتۇ.
بىر قېتىمدا ھەل بولماپتۇ، يەنە بىر قېتىم سۆزلەشسىمۇ ھەل
بولماپتۇ. قەمبەرخانىم چىقىمنى ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى چە-
قارسۇن دېسىمۇ بولماپتۇ. ئاخىرىدا ھېلىقى ئورۇننىڭ ئادىمى:
«دىلنار بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى ئادەم تۇرسا، سىلەر بىزدىن
بىسوراق شۇنچە چات كېرىۋالامسىلەر؟» دەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇن
قويدۇرماسلىقىدىكى سەۋەب مەركەزنىڭ يەككە ئادەملەر ئۆز ئالدى-
غا ئويۇن قويسا بولمايدۇ، دېگەن ھۆججىتى بولغانلىقتىنمىش،
شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە يىل بىكار كەتتى. «بىر تۇمەن يىل بەك
ئۇزاق، ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتقۇلۇق» دېگەن گەپ بار. بۇ تو-
لىمۇ چىرايلىق گەپ، لېكىن ۋاقىتنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان

كىم بار؟ بۇ يىل ھۆددىگەرلىك يولىغا قويۇلدى. مەن بۇنداق تۇزۇلمە ئىسلاھاتىنى ئىككى قوللاپ ھىمايە قىلدىم. ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى ماڭا مەدەت بەردى، بىر ئەترەتنى ھۆددىگە ئالدىم. بىزنىڭ پۈت ـ قولىمىزنى چۈشەپ قويىدىغان نەرسىلەر قالمىدى. قىزىمنى بىرنەچچە يىل ئارماندا قالدۇرغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىدىم. مېنىڭ 20 نەچچە يىللىق ھاياتىم سەھنىدە ئۆتتى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە يارىتالمىدىم، ياشلارنىڭ بۆسۈپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. قىزىمنىڭ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن شوتا بولۇپ بەرمەكچىمەن، ئۇ مېنىڭ يەلكەمنى ۋاقىتنا قىلىپ دەسسەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ئىلگىرىلىسۇن.

ئۆيۈنى «ئىتتىپاق» تىياتىرىدا قويماقچى بولدۇق. ھەر كۈنى كەچ سائەت 4 تىن 10 غىچە قىزىمنىڭ رېپېتىتسىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىش، سازچىلارنى تەكلىپ قىلىش، سەھنە كىيىمى ۋە باشقا لازىملىقلارنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. قىسقىسى، ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم چاپتىم، بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيدە قارام كۆرۈنمىدى، ئۆيگە ھېرىپ ـ ئېچىپ يېرىم كېچىلەردە قايتتىم.

پىروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى: ھۆرىيەت مۇھەممەتنىڭ ئېرى مۇزىكانت ئىدى، ئالدىنقى يىلى ۋاپات بولدى، ھۆرىيەتنىڭ ئۆيىدە پارالىچ بولۇپ قالغان بىر ئىنىسى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئوغلىمۇ بار. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىرىشماقتا، پىداكارلىق كۆرسەتمەكتە. بۇ ئاسان گەپمۇ؟!

— ئويۇن رەسمىي قويۇلىدىغان بولدى، بىز ئانا - بالا ئىك-
كىمىز ناھايىتى جىددىيلەشتۇق، شۇنچە كۆپ داغلىق سەنئەتچى-
لىرى بار ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاممىنى جەلپ قىلالمايۋاتـ-
سا، يالغۇز بىر كىشىلىك ئۇسسۇل بىلەن جەلپ قىلغىلى بولار-
مۇ؟ بىز مەزمۇن جەھەتتىمۇ، شەكىل جەھەتتىمۇ يېڭىلاشقا تى-
رىشتۇق. ئەلۋەتتە، يېڭىدىن ئىجاد قىلدۇق دەپ ئېيتالمايمىز.
مەن سەنئەت كېچىلىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىلىكىنى ئۈستۈمگە
ئالدىم، قىزىمغا ياردەمچى رولغىمۇ چىقىپ بەردىم. قىزىم سەك-
كىز نومۇر ئۇسسۇل ئوينىدى، مودا ناخشىلارنىمۇ ئوقۇدى. ئاخىرى
قانداق بولدى دېمەمسىز؟ كۈتۈلمىگەندە نەتىجە كېلىپچىقتى، كۆ-
لۈپ تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى، بىر يۈەنلىك بېلەت بىرىن-
چى كۈنىلا قاراڭغۇ بازاردا 7.50 يۈەن، ئىككىنچى كۈنىمۇ 3.50
يۈەن بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئويۇن قويۇلۇۋاتقاندا ئۈشتۈمتۇتلا
توك توختاپ قالدى، سەھنىنىمۇ، پۈتۈن كۇلۇبنىمۇ قاراڭغۇلۇق
قاپلىدى. لېكىن تاماشىبىنلار تىپتىنچ ئولتۇردى، ئىلگىرىكىدەك
ئىسقىرتىدىغان، ۋارقىرايدىغان ئەھۋاللار بولمىدى. بىز سەھنىدە
تۇرۇپ تەسىرلەنگەنلىكىمىزدىن يىغلىۋەتتۇق.

سەنئەت كېچىلىكىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بىر ھا-
دىسە پەيدا بولدى: مودا ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدا «شىنتيەنيۇ» دېگەن
ناخشا ئوقۇلدى، ئۇ خەنزۇلارنىڭ كونا خەلق ناخشىسى ئىدى،
خەنزۇ ياشلىرى تولا ئاڭلاپ زېرىككەنىدى. كېيىن ئىسلاھ قىلىن-
غاندىن كېيىن يەنە شۇ «شىنتيەنيۇ» بولسىمۇ، لېكىن يېڭى پەدە
بىلەن يېڭى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەچكە خەنزۇلارغا ياقىدىغان
بوپتىكەن، ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ ئۇنى ناھايىتى ياقتۇردى. قىزىم شۇ
ناخشىنى ئوقۇغاندا پۈتۈن كۇلۇب دەۋرەپ كەتتى. ئوقۇپ بولغان-
دىن كېيىن چاۋاك ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. مۇشۇ ئەھۋالدىن قا-

رىغاندا، مەيلى ناخشا بولسۇن، مەيلى ئۇسسۇلدا بولسۇن، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۇ-رۇش زۆرۈر ئىكەن، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ ئىستىقبالى ئاممىنىڭ يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى يېڭىلىق يارىتىش روھىمىز بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ـ بېرەلمەسلىكىمىزگە باغلىق ئىكەن.

شۇ سەنئەت كېچىلىكىگە قەمبەرخانىمۇ كەلدى. ئۇ سالامەت-لىكى ياخشى بولمىغاچقا بالىنىستىتا يېتىپ، ئەمدىلا چىققانىكەن، ئۇيۇن تاماملانغاندا سەھنىگە چىقىپ، قىزىمنى قۇچاقلاپ، ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش ئالدى، بىز ئانا ـ بالا ئىككىمىزمۇ ھايا-جان بىلەن يىغلىۋەتتۇق. قەمبەرخانىم: «ئوبدان يېڭىلىق يارد-تىڭلار، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈڭلار!» دېدى.

ئاپتوردىن ئىلاۋە: ھالقىسىمان يولىنى تاشلاپ ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا 4:

پىروفېسسورنىڭ ئىلاۋىسى: بۇ مۇھەممەت باغراش، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان باش كۆتۈرۈۋاتقان ياش يازغۇچى، ئۇنىڭ تۇرمۇش، سەنئەت جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسى خېلى كەڭ. ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى مۇنداق: 1952 ـ يىلى تۇغۇلغان، سەككىز يىللىق ئارتىسلىق، ئالتە يىل شوپۇرلۇق قىلغان، تىبەتكە ماشىنا ھەيدەپ بارغان... مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 40 پارچىگە يېقىن ھېكايە، پوۋېست، نەسر ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ئېلان قىلىنغان... ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق

مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

— مەن يېزىشقا يېڭى كىرىشكەندە، ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىلا تەسۋىرلەپ يازاتتىم، يازغانلىرىم ئاسانلا مەتبۇئاتتا چىقاتتى. ئۆزۈممۇ ناھايىتى كېرىلىپ يۈرەتتىم، كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغاندا بەزى خەنزۇ يازغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئارزۇلىرىنى ئۆزۈمنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم. بىزنىڭ ئىنسانىي ھاياتقا ۋە جەمئىيەتكە بولغان نەزىرىمىز تېخىچە يۈزەكى قاتلامدىلا توختاپ قېلىۋاتقان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئادەملەرنىڭ روھىنى ئانالىز قىلالمايۋاتىمىز. يازغۇچى بەدىئىي ئوبرازنى ئۇيا — ئەڭلىك سۈرتۈپ پەردازلاش بىلەن ئەمەس، تۇرمۇشتىن چەككىلەپ ئالغان جەۋھەر بىلەن يارىتىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرغىب قىلغان ئالدامچىلىق ئەدەبىياتى ئادەمنى سەگەكلەشتۈرۈدىغان دورا ئەمەس، بەلكى مەست - بىھوش قىلىدىغان دورا. مەن ئۆز مىللىتىمگە قەلىمىم بىلەن بىھوشلۇق دورىسىنى بەرمەيمەن.

مېنىڭ چۈشەنچەم كېيىنكى مۇخبىرى سەۋىيەسىدىن يازغۇچى سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈلگىنىدە، ئۆزۈمگە، باشقىلارغا، مىللىتىمگە نىسبەتەن يېڭى قاراش پەيدا بولدى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئېسىل، چىرايلىق نەرسىلىرىمىز بار ئىكەن، قالاق نەرسىلىرىمىزمۇ بار ئىكەن، ئەگەر ئۇلارغا توغرا قارىمىساق، قالاق نەرسىلىرىمىز يوق بولۇپ، ئالغا چامداش قەدىمىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىكەن. خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىھوش دورىسى بېرىدىغانلار بار ئىكەندۇق، لېكىن ئۇلار بارغانسېرى ئازىيىۋېتىپتۇ. تولىسى خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك

بىلەن پاش قىلالايدىغانلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇ-
سىڭىز خۇددى يازغۇچىنىڭ قولىدا ئوپېراتسىيە قايچىلىرى شى-
رىلداپ كېسىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولىسىز، بەدىنى-
ڭىزگە تىترەك ئولىشىدۇ، تېنىڭىز جۇغۇلدايدۇ، ئوقۇپ بولغاندىن
كېيىن ھەتتا سوغۇق تەرگە چۆمىسىز، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادى-
يەتلىرىمىزدە ئۇنداق ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. ھەرقانداق مىللەت
مۇنداق ئىككى خىل شارائىتتا ئۆز پۈتمىنى ئۆزى چۈشەپ قويىدۇ:
بىرى، ياخشى ـ يامانىنى، چىرايلىق ـ سەتنى ئايرىماي، ئۆزىنىڭ
مىللىي نەرسىسىلا بولسا چىرايلىق دەپ بېزەش بىلەنلا بولسا،
باشقىلارنىڭ ئازغىنە پىكرىگىمۇ قۇلاق سالمىسا، ئاسسىمىلياتسى-
يە بولۇپ كېتەرمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، باشقا مىللەتلەر-
نىڭ ئوبدان نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلمىسا؛ يەنە بىرى، ئۆز مىل-
لىتىنىڭ بىر نېمىلىرىنى زادىلا ئېتىراپ قىلماي، ھەممىدە باش-
قىلارنى دورىسا. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى
بار، بولۇپمۇ ئالدىنقىسى تولىمۇ گەۋدىلىك. مەن بۇ پاكىتلارغا
كۆز يۇمىدىغان بولسام، يۇقىرى ئابرۇيلۇق پېشقەدەم يازغۇچىلار،
پېشقەدەم شائىرلار ئاممىنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمى-
غان يەردە، مەندەك ئاق سويمىلارغا كىم قويۇپتۇ، ھەر مۇقامدا
يورغىلاپ يۈرسەم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم جاپاغا قالدۇرماسمەنمۇ، دەپ
ئويلىنىپ ئولتۇرسام، يازغۇچىغا خاس ۋىجدانىمنى يوقاتقان بولى-
مەن، بىر خەنزۇ يازغۇچى ماڭا: مەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۆل-
لىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ مىللەتنىڭ توپچىلار قاتارىدىن
چىقىرىپ تاشلىنىشىنى خالىمايمەن، دەپ ياخشى ئېيتقان. مەن
ئۆز مىللىتىمگە نىسبەتەن شۇنداق پوزىتسىيەدە بولىمەن. شۇن-
داق! ئۆز يولۇمدا ماڭىمەن، قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ قالاق نەرسى-
لەر بىلەن تۇتۇشىمەن. مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات زېمىنىغا يېڭى

قان يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ئىجتىمائىي ئادەت كۆچى كۈچلۈك بولىدىكەن. مەن ئەنە شۇنداق نىشانغا قاراپ يول ئالغىنىمدا، ئالدى بىلەن بەزى ياشانغانراق ئادەملەر تاپا ـ تەنە قىلدى، مېنى تەنقىدلىدى، ئەيىبلىدى، مېنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» سەرلەۋھىلىك پوۋېستىم «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سەت يەرلىرىنى خەنزۇلارغا كۆرگەزمە قىلىپ بېرىپتۇ، دېگەنلەرمۇ بولدى. قاراڭ، بۇ گەپنىڭ چوڭلۇقىنى! ئادەم ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەخلۇق، ئادەملەر دېڭىزىدا تۇرۇقلۇقمۇ يېتىم قېلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىكەن.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** دۈشمەننىڭ قىلىچ، مىلتىقىدىن بولغان جاراھەت شەرەپلىك بولىدۇ، قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ تۇرسىمۇ، كۆكرەكنى كېرىپ، چىداشلىق بىلەن تۇرغىلى بولىدۇ. ئۆز ئادەملىرىنىڭ سوغۇق، پەس نەزەر بىلەن، مەسخىرە بىلەن قىلغان ئاستا خاراكتېرلىك ئازارلىرى يۈرىكىڭنى چاناپ، تىلىۋاتقاندەك ئازابلايدىكەن.

— ئىچىم پۇشتى، تېڭىرقىدىم، گاڭگىرىدىم، ۋەزىيەت ئۆزۈم كېتىۋاتقان يول توغرىسىدا يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. خەنزۇ يازغۇچىلار خەنزۇلارنىڭ مەنىۋى ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ چىقارغانىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ كىمگە كۆرگەزمە قىلىپ بەرگىنى؟ كۆرگەزمە قىلىپ كىشىلەرنى ئويغاتسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ تېزىنى باسسا مېزى چىقىدۇ. مەن قەلىمىمنى كۆرەلمەسلىك پىسخىكىسىغا سانجىغان ئىكەنمەن، مىللىي تارلىق پىسخىكىسى قول ياندۇرمىسا، ئۆتكۈدەك سانجىمىغانلىقىم بولىدۇ. ئۆتكۈدەك

سانجىلسا قول ياندۇرۇشى مۇقەررەر. لۇشۈننىمۇ خەنزۇلارنىڭ كو-
نىلىق تەرەپدارلىرى «خائىن» دەپ تىللىمىغانمۇ؟! مىللىتىم ئال-
دىدا جاۋابكار بولۇش ئۈچۈن ئۆز يولۇمدا قەتئىي مېڭىشىم كې-
رەك، دەپ ئۆز – ئۆزۈمنى رىغبەتلەندۈردۈم. يازغۇچىلار جەمئى-
يىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇكېرىم خوجىدىن مىننەتدارمەن.
ئۇ ئۆزىنىڭ پېشقەدەملىكى بىلەن مېنى تولۇق چۈشەنگەن تەلەپ-
پۇزدا ماڭا غەيرەت بەرگەن، مېنى قوللىغانىدى. ئابدۇكېرىم خو-
جىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمىشقا ياخشى ئادەملەر بال-
دۇر ئۆلۈپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. شىنجاڭ
ئۈنىۋېرسىتېتىدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىنمۇ مىننەت-
دارمەن، ئۇ ماڭا نەزەرىيە جەھەتتىن يول كۆرسەتتى، شۇنىڭ بى-
لەن ئىرادەم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ بې-
كىك ئەدەبىيات ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە چىن
شاھزادىلىرى، ماكادونىيە ئىمپېراتورى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن،
ئەرمەنلەرنىڭ شېرىنى، ئەرەبلەرنىڭ ھارۇن رەشىدى، ئىران باتۇ-
رى رۇستەم تەسۋىرلەنگەن. كىلاسسىك ئەدەبىيات ئېچىۋېتىش يو-
لىدا ماڭغان ئىكەنۇ، ئەجەبا ئەمدىلىكتە بىز ئۆزىمىزنى بېكىك
ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەكمىكەن؟

— تارىخ ھامان ئالغا باسىدۇ، مىللەتمۇ ھامان ئالغا چامدايدۇ.
يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش
تۇغۇلماقتا. يۇزەكى ھادىسىلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنى
ئوقۇشقا كىتابخان چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، كىتابخانلار ئۆز
مىللىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كۆپ تەرەپتىن چۈشىنىشنى

ئارزۇ قىلماقتا، ئۇلار قالاق نەرسىلەردىن قورقمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قالاق نەرسىلەرنى پاك ـ پاكىز يوقىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىرمۇنچە ياشلار شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ هازىرقى هالىتىدىن نا-رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مېنى: باغراش، ئۆز يولۇڭ بويىچە مېڭىۋەر، دەپ رىغبەتلەندۈرمەكتە.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** تارىخ مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى، يەنى قېرىلار ياشلارنى ئەمەس، ياشلار قېرىلارنى تەربىيەلەيدىغان بىر قانۇنىيەت-نى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قېرىلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆتمۇش تارىخنىلا ئاڭلاش مۇمكىن، ياشلارنىڭ ئاغزىغا قارىساڭ، ئەتىكى تارىخقا نە-زەر سالالايسەن.

— يېقىندىن بۇيان شىنجاڭدىكى هەر مىللەت سەنئەتچىلىرى ساھەسىدە ياخشى ۋەزىيەت پەيدا بولماقتا. سەنئەت ساھەسىدىكى-لەر بېكىك هالەتتىن ئېچىۋېتىش تەرىپىگە قاراپ يول ئالماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇ-رۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەنە شۇنداق ئەدەبىياتتىكى ئې-چىۋېتىش تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى، ئۇ بىزدەك ياش، ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنى قوللىماقتا، ھەقنى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى تو-لۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلەش؛ ساختىلىق، يامانلىق ۋە قەبىھلىكنى رەھىمسىز دۇمبالاش — بۇ مېنىڭ تىرىشىش نىشانىم.

**ئاپتوردىن ئىلاۋە:** ئۇ بېكىك چەمبەردىن چىقىپ، ئالغا بې-سىشقا ئۈندىمەكتە.

پىروفېسسور دېرىزىدىن يىراققا قارىغىنىچە خىيالغا چۆمدى. باهار كەلگۈنى ئۇنىڭ قەلبىدە دولقۇنلاپ هېسلىرىنى قوزغىماقتا،

ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇددى
مىڭلىغان كىشىلەر ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك ياڭراق تەلەپپۇز
بىلەن سۆزلىدى:
— ئېچىۋېتىش، تاۋار ئىگىلىكى، بۇ ئىككى نەرسە شىنجاڭ-
نىڭ بېكىنمە مۇھىتىنى بۆسۈپ تاشلىدى، شىنجاڭلىقلارنىڭ بې-
كىنمە روھىي ھالىتىنى تىترىتىپ، ئۇلارنى ئويلاندۇرۇشقا باشلى-
دى، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى-
گە سودىگەرچىلىككە بارغانلار قايتقاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېڭى
ئۆزگىرىشلىرىنى ئېلىپ كەلمەكتە؛ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇق –
تۇغقانلىرىنى يوقلاپ بارغانلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ
ئۆزگىرىشلىرىنى ئېلىپ كەلمەكتە؛ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ چوڭ –
چوڭ شەھەرلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدىن يېڭى – يېڭى ئۇچۇر ئېلىپ كەلمەكتە. جۇڭگو ئۆزگەر-
مەكتە، دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، ۋەزىيەت بىزنى مەجبۇرلىماقتا. ئۆز-
گىرىش ياسىماي مۇمكىن ئەمەس. ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن ئوي-
لىنىش كېرەك، ئويلىنىشنىڭ ئۆزى ئالغا قەدەم تاشلاش دېمەكتۇر.
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمى تېزلەشمەكتە. قۇرۇ-
لۇشنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە ئادەمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئادەمنى يې-
ڭى بالداققا ئۆرلىتىش ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن ئىبارەت بۇ مالا-
ئىك ئۇلۇغ ئىجادكاردۇر، ھەيكەلتىراشتۇر، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ يېڭى
پەللىسىدە مىللىتىمىزنىڭ يېڭى ئەۋلادىنى ياراتماقتا. ھەرقانداق
مىللەت ئۆزىنىڭ ئەيىب – مېيىپ تەرەپلىرىگە توغرا قاراپ، كې-
سىلىنى يوشۇرماي داۋالىسا، ئاندىن جانلىق، جۇشقۇن بولالايدۇ،
ئالغا ئىنتىلىدىغان غەيرەتكە كېلەلەيدۇ. بۇ مىللەتنىڭ تەرققىي-
پەرۋەر ئوغلانلىرى ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ ئېلىپبەسىدۇر. ئۇيغۇرلار-
نىڭ مەدەنىيىتى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان، كۆپ يولدىن، كۆپ

تەرەپتىن، كۆپ قاتلامدىن كەلگەن چۆكتۈرمىلەرنىڭ جۇغلىنىشى-
دىن ھاسىل بولغان مەدەنىيەت. ئۇنىڭدا گۈزەل، رەڭدار تەركىب-
لەر بار، بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى. ئۇ بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ
ھاياتىي كۈچى بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئارىلا-
شىپ قالغان شەرقنىڭ «ئاQ» چىلىق پەلسەپىسىنى، دىنىي خۇرا-
پاتلىقىنى، غەربنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈ-
چۈن، ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلالمىدۇق، كونىلىقتا
چاپلىشىۋالدۇق، ئارقىدا قالدۇق. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش،
بىز ئۇيغۇر خەلقىغە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرق بىلەن غەربنى
ئالاقىلەشتۈرگەن، ئەمما ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بېكىلىپ قالغان
يىپەك يولىنىڭ قايتا جانلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەل-
ۋەتتە، ئەمدى ئەگرى ـ توقاي، ئېگىز ـ پەس يوللاردا ئات ۋە تۆ-
گە بىلەن ماڭمايمىز، بەلكى زامانىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمىز. بىزنىڭ تەرەققىيپەرۋەر باشلامچىلىرى-
مىز دىققەت ـ نەزىرىنى ئۆزىمىزدىكى مەنىۋى كېسەللەرگە تى-
كىپ، كىشىلەرنى شۇ كېسەللەرنى ئايىماستىن يىلتىزى بىلەن
چىقىرىپ تاشلاپ، ساغلام روھىي ھالەت بىلەن چاققان ئىلگىرى-
لەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە. بۇرۇن يوقىتىپ قويغان ئېچىۋېتىش
ئەنئەنىمىز يەنە جارى بولىدۇ. ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىكى ئې-
چىۋېتىش بولغۇسى!

ئادەم قىيىنچىلىق ئىچىدە دۇنياغا كېلىدۇ، قىيىنچىلىق ئى-
چىدە ئۆسىدۇ. ئادەم بەختىنى قىيىنچىلىق ئىچىدە جاپا چېكىپ
تاپىدۇ. سىز ماڭا: «بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ئۇنىڭ سىرى قەيەردە؟»
دەپ بىر تالاي سوئال قويدىڭىز، ئۆتمۈشتىكى سىر بىزنىڭ ئەج-
دادلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن ۋۇجۇدقا
كەلتۈرگەن ئىجادىيەتلىرىدۇر. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، رىقا-

بەتلىشىش — بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئادالەت، بەخت ۋە بىلىمدىنمۇ مۇھىم. ئۇلار بىزگە يېڭى سىر (ھېكمەت) يارىتىشنىڭ ناھايىتى ياخشى مۇھىتىنى ھازىرلاپ بەرمەكتە. قىيىنچىلىق يوق ئەمەس، جاپاغا چىدايدىغان، تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىمىز بولسىلا، جۇڭگودا — مىللەتلەرنىڭ بۇ چوڭ ئائىلىسىدە چوقۇم زامانىۋى ئالگ - سەۋىيەگە ئىگە ئۇيغۇر مىللىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

پىروفېسسورنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىچە ئېيتمىدىم. بۇ، مېنىڭ سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئاتايىتەن قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشۇم. ئۇ ئوتتۇرىغا ئازراق چىقسۇن، ماقالەمنىڭ ئاخىرىغىراق مۆكۈنۈپ تۇرسۇن، دېدىم. چۈنكى كىشىلەر ئۇنى تولا چاغلاردا خاتا چۈشىنىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دەردى ئېغىر ئىكەن. ئۇنىڭغا دەرد ئۈستىگە دەرد كەلتۈرۈپ قويۇشقا يۈرىكىم چىدىمىدى. مانا ئەمدى قىسقىچە تونۇشتۇراي:

**ئىسىم - فامىلىسى:** ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

**مىللىتى:** ئۇيغۇر

**خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

**ئۇنۋانى:** پىروفېسسور

**قوشۇمچە:**

مىڭ چىبىي بىلەن لو لۇلۇ تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئەدەبىي ئاخبارات خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن

كېيىن، بۇ ئەسەردىكى ئىلغار ئىدىيە، قىممەتتى بار تەشەببۇسلار ئوقۇرمەنلەرنىڭلا ئەمەس، ھەرقايسى ئورۇن ۋە ساھەلەرنىڭمۇ دىق-قەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. بولۇپمۇ، ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇ-نىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمى بۇ ئەسەرنى 1989 - يىلى 1 - ئايدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قىلىپ كۆپەيتىپ باستۇ-رۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت تەۋەسىدىكى كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆگە-نىش ماتېرىيالى قىلىپ تارقاتقان.

# ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ كارۋان بېشى

**ئابدۇۋەلى ئەلى**

**ئاپتور ھەققىدە:** ئابدۇۋەلى ئەلى (ئاژۇنى) داڭلىق يازغۇچى، تارىخچى ۋە ئالىي مۇھەررىر. ئۇ 1948 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خۇشۇت ناھىيەسىنىڭ چۇقۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1965 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى چاقىرىققا بىنائەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە ئەسكەر بولۇپ كىرگەن. 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئارمىيەدىن يەرلىككە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ دەسلەپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كېيىن مەدەنىيەت، تارىخ بۆلۈمىدە مۇھەررىر، بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1993 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇۋەلى ئەلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن 20 نەچچە يىل ئىچىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (13توم)، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە دۇنيا تارىخى لۇغىتى»، مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» (2 توم)، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار» قاتارلىق مەدەنىيەت، تارىخقا ئائىت يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئىرىك ئەسەرگە مەسئۇل مۇھەررىر بولغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم

ئۇتۇقى «ئاپاق غوجا»، «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، «تورغاق غوجىلار»، «بەدۆلەت»، «تۇغلۇق تۆمۈرخان» قاتارلىق (جەمئىي 12 كىتاب) تارىخىي رومانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

* * *

1

مەن بۇ ماقالەمنى خەلقىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كاتتا ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىپ چىقتىم. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى مەن ئۈستۈمگە ئالغان بولغاچقا، ئالىمنىڭ بۇ بىباھا كىتابىنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولۇشتەك بەختىيار ھېسسىياتىم ۋە مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلىش جەريانىدىكى شەرەپ تۇيغۇم، چوڭقۇر تەسىراتىم بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى.

خەلقىمىزدە «كەتكەنلەر كېلۇر، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەس» دېگەن گەپ بار. بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق. ئالىم ھايات ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىلمىي ئۇتۇقلىرى ئۇنى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن رايونىمىزدا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «قۇتادغۇ بىلىك، خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «قاتلاملىق ئىستېتىكا» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى ھەم «ئۇيغۇر تېبابەت تارىخىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى»، «كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستې-

تىپىك ئېغى توغرىسىدا»، «كۇسەنلىك بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمارا-
جىۋانىڭ پەلسەپە تەلىماتلىرى» قاتارلىق يۈزلىگەن ئىلمىي ماقا-
لىلىرى بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزدا كارۋان بېشىلىق
رولىنى ئويناپ كەلدى.

2

مەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىلەن 1980 ــ
يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تونۇشتۇم. خىزمەت مۇناسىۋىتى
بىلەن ماڭا خەلقىمىز ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلى بىلەن
ئۇچرىشىشقا توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا، كىشىلەرنىڭ ئابدۇشۈكۈر
مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم
ھەمدە بۇ كىشى بىلەن تونۇشۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. ھەرقېتىم
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەسەر ئۆيۈشتۈرۈش ئۈچۈن بارغىنىم-
دا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ، پىد-
كىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى، يېڭىلىقى-
نى، تېرەنلىكىنى ۋە مول قىياس كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بارا ــ با-
را قويۇقلاشتى. ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان بىرقانچە تېما توغرىسىدا
توختىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مېنى ئەتراپلىق
تونۇشقا ئىگە قىلدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ
پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «غەربىي يۇرت
تاشكېمىر سەنئىتى»گە ئوخشاش بىر قاتار يىرىك تېمىلارنى يې-
زىپ تاماملىغانلىقىنى، مۇبادا تەن سالامەتلىكى يار بەرسە، «يىپەك
يولىدىكى يېڭى ئويلىنىش» دېگەن ئومۇمىي تېما ئۈستىدە يۈرتى-
مىز ھەققىدە بىر قاتار چوڭ ئەسەر يېزىش ئويىنىڭ بارلىقىنى
ئېيتقان. (بۇ كىتابنىڭ كاتالوگى «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەن-
ئىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى).

شۇ مەزگىلدە گېزىت ــ ژۇرناللاردا «ئۆزىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنايلى» دېگەن ئومۇمىي تېما ئاستىدا «ئىدىيەنى ئازاد قىلىش، ئۆزىمىزنى قايتا تونۇش»قا ئائىت بىر قاتار پوبلىستىكلىق ماقالىلەر ئارقا ــ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىدى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى چاقىرىلدى.

3

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتور ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كاتتا ئەسىرنى يېزىپ پۈتكۈزدى ۋە نەشرىياتىمىزغا تاپشۇردى. مەن بۇ ئەسەرنى تولىمۇ قىزىقىش ئىچىدە تېزلا كۆرۈپ چىقتىم ۋە ئاپتور بىلەن بۇ ئەسەر ھەققىدە ئەتراپلىق، تەپسىلىي پىكىرلەشتىم. بۇ ئەسەرنى يېزىش سەۋەبلىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يادىمدا: «مەن ئۆسمۇرلۇككە قەدەم قويغىنىمدا، خانئۆي دېگەن يەردە بوراندىن كېيىن ھەرخىل تومپۇر ــ يارماقلارنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. تەكلىماكاندىكى تىلسىماتلار ھەققىدە، قۇم باسقان شەھەرلەر ھەققىدە نۇغۇنلىغان ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، بالىلىق قەلبىمدە پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاشۇ سىرلىق تىلسىمغا بولغان ھەيرانلىقىم ۋە قىزىقىشىم ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. تەپكۈچلىرىم، ئودىكام ئوينىغاندىكى داچەن پۇللىرىممۇ مۇشۇ چۆل ــ باياۋانلاردىكى كونا تاملىقلاردىن تېپىلغان يارماقلاردىن ياسالغانىدى.»

ئۇنىڭ دېيىشىچە بالىلىق ــ ئۆسمۇرلۈك ۋاقتىدىكى ئاشۇ سەبىي ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش كېيىنكى چاغلاردىكى بۇ تىلسىماتلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ بولغانىكەن.

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا
يېزىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلىدە ئۇنىڭغا تىلسىم ماكان —
تەكلىماكانغا ھارۋا بىلەن كىرىپ چىقىشقا نېسىپ بولۇپتۇ. ئەم-
ما، 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى باشلىنىپ 70 - يىللارنىڭ
ئوتتۇرىلىرى ئاياغلاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، ئۇ ئۆزد-
نىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.
بۇ «ئىنقىلاب»تا «ئۆزگەرتىش»كە تاپشۇرۇلغان ئابدۇشۇكۇر
مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى-
نىڭ يەر ئاستى كىتاب ئىسكىلاتىغا «چېنىقىش»قا چۈشۈرۈلۈپتۇ.
بۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت بولۇپتۇ. ئۇ، ياپو-
نىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ئوتانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىدىن ئې-
لىپ كەتكەن سەنئەت جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار
خاتىرىلەنگەن ئىككى توملۇق رەسىملىك ئالبوم «يېڭى غەربكە سا-
ياھەت خاتىرىسى» (مەرھۇم بۇرھان شەھىدى ئەپەندى بۇ كىتابنى
ياپونىيەدىن سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا
سوۋغا قىلغان) نى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، بۇ ئەسەرنىڭ
مەزمۇنى بىلەن مۇپەسسەل تونۇشۇپ چىقىپتۇ.

1980 - يىللاردا، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا مەدەنىيەت ئىزلىرىنى،
تاشكېمىر خارابىلىرىنى ئايلىنىپ تەكشۈردى. چەت ئەللەرگە چى-
قىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ يەرلەردىكى شۇ خىل سەنئەت
تارىخى نۇقتىلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشتى.

«مىڭئۆيلەرنىڭ ۋەيران ھالىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سۈنئىي يو-
سۇندا داۋاملىق نەملىشىپ (مەسىلەن، قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى
شۇ يەرگە ياسالغان سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيىدە نەملىشىپ كەتتى)
ياكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىندىم» دېگە-
نىدى ئۇ.

## 4

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى — يىپەك يولى سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەردۇر. ماكانلىق، ئوبرازلىق سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ زامان (تارىخ)نىڭ زەربىسىدە بارغانسېرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش قىسمىتىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نوبېل ۋە ئوسكار مالىيە ماگناتلىرىنىڭ تەمىناتى بىلەن ئاۋرېل ستەيىن، فون لېكوك قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر يۇرتىمىزغا كېلىپ ھەرقايسى جايلارنى قىدىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ سەنئەت خەزىنىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى زامانىمىزدىكى ياكى كېيىنكى ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ بەھرە ئېلىشى ئۈچۈن 12 مۇقامغا ئوخشاش ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىۋالغىلى ياكى نوتىلاشتۇرۇپ، ئاكوردلاشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ۋە ياكى سەھنىدە ئورۇنلاش ئارقىلىق ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، مۇشۇنداق خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، تارىختىكى غەربىي يۇرت ھەيكەللىرىنى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ دۇردانىلىرىنى قايتا نامايان قىلىپ، تاشكېمىر نۇقتىلىرىنى كىتاب قىلىپ پۈتۈپ چىقىشقا بەل باغلىدى. ئۇ، مۇشۇنداق ئىرادە بىلەن سەككىز يىل ۋاقىت، نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق جايلاردا چېچىلىپ ياتقان غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە رەسىملەرنى ئېرىنمەي توپلىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، نەشرىياتىمىز «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»گە ئائىت بىر يۈرۈش كىتابلارنى پىلانغا ئالدى ۋە خەنزۇ

تىلىدا نەشر قىلدى. بۇ كىتابلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

5

مەن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن ئەسەرنى تەھرىرلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، بۇ ئەسەرنىڭ «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» بىلەن ئورتاقلىقى ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خاسلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم:

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى دۆلىتىمىز بويىچە «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»نى يېزىشقا قاتناشقان بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

2. ئۇ يازغان «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كىتابقا كۆپ مىقداردا رەسىم قىستۇرۇلدى. ۋاھالەنكى، بۇ رەسىملەر كىتابنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇردى (خەنزۇچىسىنىمۇ نەشرىياتىمىزغا تاپشۇردى). بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن ئۇ 15 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلىدى.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە كاتتا بىر ئىلمىي تېما»، چۈنكى غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنى مۇپەسسەل ئىزاھلاپ چىققاندىلا، ئاندىن غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مىللىي ئاساسلىرىنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئېنىقلاپ چىققىلى بولاتتى. ئاپتور بۇ ھەقتە توختالغاندا:

«بۇ، دېيىشكە ئاسان، يازماق قىيىن بولغان بىر تۈرلۈك ئىش، شۇڭا مەن قولۇمغا بىرقانچە قېتىم قەلەمنى ئېلىپ، بىرقانچە

قېتىم قەلەمنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇددىزىم ۋە بۇددىزىم مەدەنىيىتى مۇرەككەپ سىستېما بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقماي تۇرۇپ، تاشكېمىر سەنئىتى يازماق قىيىن. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلاردا يېزىلمىغان، ئەمما مۇئەللىپ بىلمىشى زۆرۈر بولغان ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ مەن ئۈچۈن ئاساسەن ناتونۇش، غەيرىي ئىسلام ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ بىرىنچىسى؛ يەنە بىر مەسىلە شۇكى، زامان (تارىخ) ۋە ماكان (رايون) قىسمىتىدىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك چېچىلغان بۇ سەنئەت دۇردانىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا، ئۇنىڭ بالدۇر - كېيىنلىكى، باشقا ئەللەردىكى ئوخشاش تۈردىكى ۋارىيانتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى، بالبال ۋە باشقا بۇددا تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان چەت ئەللىك ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى نوپۇزلۇق ئالىملار بېشىغا تاج قىلىپ كىيىپ يۈرگەن «غەربىي يۇرتتا ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ھىندىستان ياكى گىرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان» دېگەن غەيرىي ئىلمىي قاراشلارنىڭ قويۇق ئاسارىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەندى.

ئاپتور ئۈچۈن يۇقىرىدا ئۆزى ئېيتقان مۇشكۇلاتنى يەڭگەندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ ئالدىنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك قىيىنچىلىق توساپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى، دىنى ۋە مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئۇنتۇلغان ياكى ئۇلارنى قايتا ئەسلەشكە ماجالى بولمىغان بۇ خەلققە بۇ تېمىنى قانداق ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بېرىش ۋە بۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى قانداق يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدەن

بىر قىيىن ئىش سانىلاتتى؛ يەنە بىرى، شۇنچىۋالا كۆپ رەڭلىك رەسىملەرنى ئوقۇرمەنلەرگە قانداق يەتكۈزۈپ بېرىش، نۆۋەتتە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىز قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئاپتورغا ئېغىر كېلىدىغان بىر قىيىن ئىش ھېسابلىناتتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ كىتابى ھەققىدە: «ئەسلىدە مەن بارغانسېرى بۇزۇلۇپ ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتقان غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى ئىمكانقەدەر كىتاب سەھىپىسىگە يۆتكەشكە تىرىشقانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب شەكلىدىكى مىڭئۆيلەرنى خەلقىمىزگە خاتىرە سۈپىتىدە سوۋغا قىلسام دېگەن ئارزۇ بىلەن يېتەرلىك رەسىملەر فوندى توپلىغان بولسامۇ، ئەمما نۆۋەتتە كىتاب تەننەرخى يۇقىرى، نەشر قىلىش مۇشكۈل، تىراژ كەمچىل بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۈتكۈل رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قىسقارتىشقا، رەڭلىك رەسىملەرنىڭ سانىنى تىزگىنلەشكە مەجبۇر بولدۇم...» دەيدۇ. بۇ، ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە.

6

جۇڭگونىڭ ئەمىنىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ لاۋزەن: «ئاپەت رەقىبنى سەل چاغلاشتىن كېلىدۇ؛ كىمكى رەقىبىنى سەل چاغلىسا، بىپەرۋالىق قىلسا، ئۆزىنىڭ بەخت - سائادىتىنى يوقىتىدۇ. رەقىبلەر بىر - بىرى بىلەن ئېلىشقاندا، خېيىم - خەتەردىن قورقىدىغانلار غالىب كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئىككى قوشۇن ئېلىشقاندا، ھايات - ماماتنى قايرىپ قويۇپ، جان تىكىپ ئېلىشقان تەرەپ غەلىبە قازىنالايدۇ. چۈنكى ئاجىز تەرەپتە مەۋجۇتلۇق ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئىرادىلىك، جۇشقۇن، غەيرەتلىك بولىدۇ. ئالغا ئىنتىلىدى-

غان بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. بۇ بىر ئاددىي قائىدىدۇر. بىر مىللەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، خەۋپسىرەش تۇيغۇسى بولمىسا، ئالغا بېسىش قەدىمى چوقۇم ئاستىلاپ قالىدۇ. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېڭىنى ھازىرلىغان مىللەتلا ئۆزىدى-كى يېتەرسىزلىكنى سېزىۋالالايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تا-رىختىكى ھەرقايسى قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مىللىي - يەرلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلمىسى ئاساسىدا ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. شۇنداقلا بۇنداق ئۆزگىچە مىللىي - يەرلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىمۇ پۈت-كۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەسىرىدىن ئايرىلالىغان ئەمەس. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن بۇ كاتتا ئەسىرىدە ئالىم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت - سەنئەت مۆجى-زىلىرىدىن نۇقتىلىق مىسال كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ قامۇسىي كىتاب ئاپتورنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى قاراشلىرى ئاسا-سىدا غەربىي يۇرت بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ كات-تا تېمىنى يورۇتۇشقا تاشلانغان خاسىيەتلىك قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ: «بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان تاشكېمىر سەنئىتىگە دائىر بۇ مۆجىزىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چەت ئەل قىدىرغۇ-چىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان غەربىي يۇرت بۇددا -مانى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ-دەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ساقلانغان ۋە تېپىلغان غەر-بىي يۇرت بۇددا - مانى سەنئەت يادىكارلىقلىرى خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا ياراتقان ۋە نۇرلاندۇرغان مىسلىسىز كۆركەم ۋە بىقىياس نەپىس سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ زامان چاڭ - توزانلىرى ۋە تەبىئىي - سۈنئىي ئاپەتلەردىن ئېشىپ قالغان ناھا-

يىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي قاتلام مەنزىرىلىرىنى كۆرۈشكە بىز مەڭگۈ ئىلاجسىز!» دەيدۇ.

## 7

قەدىمكى يۇنان ئالىمى ئارخىمېد: «ماڭا تىرەك بولغۇدەك بىر-رەر نۇقتىنى تېپىپ بېرەلىسەڭلار، مەن پىشاڭ بىلەن يەر شارىنى قىڭغايتىۋەتكەن بولاتتىم» دېگەنىكەن.

يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى ئوبې-يېكتىپ پاكىتتۇر. ئەمما، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئەزەلدىن توختاپ باققىنى يوق.

مۇبادا، بۇنداق «تىرەك بولىدىغان نۇقتا» مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ زادى نېمە؟

18 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر فىرانسۇز مۇتەپەككۇرى سېن سىمون ئۆزىنىڭ «مۇبادا فىرانسىيە توساتتىنلا ئۆزىنىڭ 50 نەپەر مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمىدىن، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر خىمىيە ئالىمى-دىن، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر يازغۇچىسىدىن، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ھەر-بىي ئالىمىدىن، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا... ئۇ چاغدا فىرانسىيە شۇئان بىر مۆردىغا ئايلى-نىپ قالغان بولاتتى» دېگەن بىر تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شەك - شۈبھىسىزكى، سېن سىموننىڭ نەزىرىدە، ئىدىيە، ئە-قىل - پاراسەت، بىلىم ۋە مەدەنىيەت سىمۋوللىرى فىرانسۇزلار-نىڭ گۈللىنىشىدىكى تىرەك بولىدىغان نۇقتا ھېسابلانغان.

ھەربىر دەۋرنىڭ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز باياناتچىلىرى، بۈ-يۈك شائىرلىرى ۋە بۈيۈك پەيلاسوپلىرى بولىدۇ. بۈيۈك شائىرلى-رى بولمىغان مىللەت ھېسسىياتسىز مىللەت ھېسابلىنىدۇ؛ بۈيۈك پەيلاسوپلىرى بولمىغان مىللەت پىشىپ يېتىلگەن مىللەت ھې-سابلانمايدۇ. ۋەھالەنكى، پىشىپ يېتىلمىگەن مىللەت ئەقىل - ھوشى جايىدا بولمىغان مىللەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنداقلار سەركى-

سىز مىللەت بولۇپ، بىر توپ پادىدىن پەرقلەنمەيدۇ ياكى دېڭىزدا كومپاسسىز ئۈزۈپ يۈرگەن يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشايدۇ.

بۈيۈك شائىرلار، بۈيۈك پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە دەۋرنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ئېھ- سەنگىرەش ۋە تېڭىرقاشلىرىنى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا بايان قى- لىش بىلەن بىللە، ئەسىر قىزىقىشلىرىنى، ئىزدىنىش ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىمۇ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە قاتمۇقات مۇھاسىرە چەمبىرەكلىرى ئىچىدىن بىر بۆسۈش ئېغى- زىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئارقامدىن مېڭىڭلار!» دەپ چۇقان سالالايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ كارۋان بېشى بولغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىزنى تاشلاپ مەڭگۈگە كەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى باشلاپ بەرگەن بۇ ساھەدە بىر بوشلۇق پەيدا بولغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىل- ماقتىمىز.

مەن بۇ ماقالەمنى خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ تارقى- لىپ كەلگەن قەدىمكى بىر ئوغۇز مەسىلىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇر- ماقچىمەن:

«...ئادەمزات ئارىسىدا ئەسلىدە ئوت يوق ئىكەن. ھەر يىلى كۈز پەسلىدە ئاسمان تەڭرىسى ئىلاھىي لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئادەملەر ئارىسىغا كېلىدىكەن ۋە شۇ يەردە ئىلا- ھىي ئوت مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن. پەقەت شۇ چاغدىلا ئادەملەر ئوتنىڭ ئىللىق تەپتىدىن بەھرە ئالالايدىكەن. كۆك تەڭرى ئىلا- ھىي ئوت مۇراسىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاسماندىكى ئوردى- سىغا قايتقاندا ھېلىقى ئىلاھىي ئوتنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىدىكەن.

شۇ چاغلاردا تەڭرىتاغلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر قەبىلىسىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى «غال» دەپ قويۇپتۇ (مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوت»). كۆك

تەڭرى ئاسماندىكى ئوردىسىغا قايتىدىغان چاغدا ھېلىقى ئوغۇلنى-
مۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قايتىپتۇ ۋە ئۇنى ئىلاھىي ئوتقا قا-
رايدىغان ۋەزىپىگە تەيىنلەپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل يەر يۈزىدىكى ئاتا - ئا-
نىسىنىڭ، يۇرت - قاياشلىرىنىڭ ئوتسىز زېمىندا تارتىۋاتقان ئا-
زاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىدا، ئۆزى ساقلاۋاتقان ئوتتەك
ئۆرتىنىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، ئىلاھىي ئوتنى ئوغرىلاپ يەر يۈزى-
دىكى ئادەملەرنى ئازابتىن قۇتقۇزماقچى بولۇپتۇ ۋە ئارقا - ئار-
قىدىن ئىككى قېتىم ئىلاھىي ئوتنى ئوغرىلاپ قاپاقتا سېلىپ،
ئادەملەر ئارىسىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغىنىدا، سىر پاش بولۇپ
جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قاپتۇ. سېغىزخان ۋە كالىنىڭ
ياردىمى بىلەن جېنى ئامان قېلىپ، كۆك تەڭرى تەرىپىدىن كۆك-
تىكى تاش تاراشلاش مەيدانىغا تاش چوقۇشقا پالىنىپتۇ. كۆك
تەڭرى ئۇ چوقۇغان تاشلارنى يەر يۈزىگە تۇشۇتۇپ، ئوردا - قە-
سىر سالدۇرماقچىكەن. ھېلىقى ئوغۇل ئىلاھىي ئوتنىڭ ئۇچقۇن-
لىرىنى ھەربىر تاشقا يوشۇرۇپ ئادەملەر ئارىسىغا ماڭغۇزۇۋېتىپ-
تۇ ھەمدە سېغىزخان ئارقىلىق ئادەملەرگە: «تاشلارنىڭ ئىچىگە
ئوت ئۇچقۇنى يوشۇرۇنغان»، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئادەملەر ھې-
لىقى تاشلارنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئۇچقۇن چىقىرىپ ئوتقا ئې-
رىشىپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل بولسا، كۆكتىكى تاشلىقتا مەڭگۈ تاش
چوقۇشقا بەند قىلىنىپتۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئاشۇ ئوغۇل چو-
قۇغان تاش پارچىلىرىدىن بىنا بولغانىكەن...»

بىز ئۇلۇغ ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇرلۇك
ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان
«ئوت»نى تېپىپ چىقىشقا، شۇ ئارقىلىق ھايات يولىمىزنى يورۇ-
تۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

**ئاپتور ھەققىدە:** ئابدۇقادىر جالالىدىن 1964 ـ يىلى 11 ـ مارتتا قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى.

ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتى شېئىر، ماقالە، تەرجىمە ۋە دەرسلىك قاتارلىق تۈرلەردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ۋە ئىلمىي كىتابلىرى «داغمۇ ياكى زىنىخمۇ»، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، «ئۆزىمىز، يۈزىمىز ۋە كۆزىمىز»، «ئىنسانىي سۆيەت مەنزىلى»، «قىشتىكى خامان» قاتارلىقلاردۇر. تەرجىمە قىلغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي كىتابلىرى «غايىۋى دۆلەت»، «قىزىل خەت» (رومان)، «ھايۋانلار قورۇقى» (رومان)، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «ئۆلۈم رەزىل ئەمەس» (شېئىرلار)، «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «ئەپلاتون پاراڭلىرى» (ئەركىن ئىبراھىم بىلەن بىللە)، «پاراسەتلىك ھايات» قاتارلىقلاردۇر. ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ بۇ توپلامدىكى ماقالىسى 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈ-

زۇلگەن «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

* * *

— گويا بارلىق پەنلەر، تەزكىرەشۇناسلىقتىن تارتىپ بىيولو-گىيەگە قەدەر ئۆزىنى كەسپىي بىلىمنىڭ مەھسۇلى دەپلا قالماس-تىن، يەنە «دۇنيا قاراش»نىڭمۇ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

— ماكس ۋېبېر: «ئىجتىمائىي پەن مېتودولوگىيەسى»

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇرەككەپ بىر تېما. بۇنى ئۇنىڭ ھاياتى، دەۋرى، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بويىچە تەھلىل قىلساق شۇنچە ئېنىق تونۇپ يېتەلەي-مىز. بۇ پىكرىمىزنى سەل - پەل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مۇنداق ئې-تىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەدىب بولۇپلا قالماي، بىر تەتقىقاتچى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ژانىرى كۆپ، ئېستېتىكىسىنىڭ ۋە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئەھۋال ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دۇنيا قارى-شىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرى سۈپىتىدە ئۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتى-مىزنىڭ قىيىنلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىككىنچى، بىر ئادەم ئىدىيەسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. بىرى، يېزىلغان ياكى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئىدىيە (يېزىق-تىكى ئىدىيە)؛ يەنە بىرى، يېزىقسىز ئىدىيە. بۇ خىل ئىدىيەنى كىشى مەتبۇئاتلاردا ئوچۇق ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ كېتىشى ناتايىن، بۇ بىر كىشىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭ - كىچىك ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئائىلىدىكى رولى، كىشىلىك مۇ-ناسىۋەتلىرىدىكى ئوبرازىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئىدىيە تەبىئىي ھەم چىن بولىدۇ. بەزى شەخسلەردە يۇقىرىقى ئىككى تەرەپ توقۇنۇ-

شىدۇ. بەزى شەخسلەردە بولسا بىردەك بولىدۇ. مېنىڭچە، ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىيوگرافىيەسى تېخى قولغا ئېلىن-
مىغان ئىش. بۇ ئىشنى سەممىمىي رەۋىشتە تاماملاش شارائىتى-
مىزغا ۋە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىزنىڭ قىممەت قارىشىغا
كۆرە ئېيتقاندا، قىيىن بىر جەريان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىيوگرافىيەسىنىڭ دېتاللىرى
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، خىزمەتداشلىرى، مەس-
لەكداشلىرى ۋە ئاللىقانداق نامەلۇم كىشىلەر ئارىسىدا چېچىلغان
هالدا تۇرۇپتۇ. بۇلارنى يۇتۇنلەشمۇ چوڭ بىر خىزمەت. بۇ خىزمەت
بىللا هالدا تولۇق تاماملانمىغان ئەھۋالدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىن دېگەن تېما هامان چالا قالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى
ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەشلەر ئۈزۈلمەي بولۇپ
تۇرغان، بوران ـ چاپقۇنلۇق تارىخىي دەۋردە ئۆتكۈزدى. «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ تەسىرى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى-
غا مەنپىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي سا-
ھەسىدىكى ئىزدىنىشىنى ئاشۇ خىل كۆلەڭگىنىڭ ئاستىدا ئېلىپ
باردى. بۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىكىر مۇرەسسەچىلىكىنى كەل-
تۈرۈپ چىقارغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى
تارىخ، مەدەنىيەت، ئىنسان قاراشلىرى ئەنە شۇ مۇرەسسەچىلىك
تۈپەيلى ئۆزىدىكى ئۈزۈل ـ كېسىللىكنى يوقاتقان. ئۇنىڭ ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلان
قىلىنغان ئەسەرلىرىدە دۇنيا قاراش جەھەتتە بۆرىلىش پەيدا قى-
لىپ، ئۆز ئارزۇسىغا ماس بىر مەۋقەنى نامايان قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە تەسىر مەسىلىسى
ئەستايىدىل نەزەر ئاغدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر تېما. بۇ تېما ئې-
نىقلانماي تۇرۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىدىكى مې-
تودولوگىيەلىك مەسىلە ئايدىڭلاشمايدۇ. تەتقىقاتنىڭ تېما، قىممەت

قاراش ۋە مېتودلارنىڭ بىرلىكى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقىنىمىز-دا، مېتودولوگىيە مەسىلىسى ۋە ئۇنى ئىنقىلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇنچە مەلۇم بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پېنىنى ئەگەر بار دەپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدا مېتودولوگىيە ئۇقۇمى تېخىچە نامەلۇم مەسىلە.

ھەممىگە ئايانكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەھسۇلاتلىق ئالىم. بۇ جەھەتتە ئۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى تېما كەڭلىكى، ھەجىم، شۇنداقلا ئۇ تۇتقان تېمىنىڭ قىيىنلىقى ۋە نازۇكلۇقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئىجتىھاتلىق، ئەمگەكچان ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تەبىئىي رەۋىشتە تىلىمىز ۋە دىلىمىز بىلەن تەستىقلايمىز. ئۇ تەتقىقات مەبلىغى، ھەتتا تەتقىقاتنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى كاپالىتى بولمىغان شارائىت ئاستىدا كۆپ قىرلىق، ۋەزنى ئېغىر تەتقىقاتلارنى قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ ئېغىر دېسەك ئارتۇقچە بولمايدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەھسۇلاتلىق ۋە ئىجتىھاتلىق قەلەم ئىگىسى بولۇشقا قارىماي، كەڭ ئاممىۋى تەسىرگە ئىگە زىيالىي بولالمىدى. ئۇنىڭ ئوبرازى ۋە تەسىرى ئاز ساندىكى مەلۇماتلىق بىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئارىسىدا چەكلەندى. بۇنىڭدىمۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر بار. بىرى، بىزنىڭ خەلقىمىز نەزەرىيە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى چۈشىنىدىغان سەۋىيىدە ئەمەس. بىزدە تېخى دۇنيانى سەنئەت كۆزى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىگىلەيدىغان خاراكتېر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردىن رۇس ماقالە ئەندىزىلىرىدىن كۆپرەك ئوزۇقلانغاچقا، بىزنىڭ كىشىلەرىمىز ئادەتلەنگەن ئاممىباپلىقتىن خېلىلا يىراق. ئۈچىنچى بىرى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى ئاتالغۇلار ياۋ-

روپا ئەللىرىنىڭ لۇغىتىدىن ئىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيە-
تىنىڭ كونتېكىستىدە يەرلىشىپ بولالمىدى. خەلقىمىزنىڭ تالاي
ئەسىرلىك ھەزارەت ۋە تەپەككۇر گىنلىرى ئارىلاشمىسى بولغان
روھىي مەۋجۇدىيەت ئۆزىگە خاس تېرمىن ۋە ئۇقۇملارنى بايقاپ
چىقىشىمىزنى ۋە ئۇنى مىللىي روھىيەت زىمىنىمىزگە ئاساسلانغان
پەلسەپىۋى ئىمارەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋا-
تۇ. ئۈچىنچى بىرى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىدىكى
نەزەرىيەۋى مېتود ماركسىزمدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ
بۇ نەزەرىيەنى كەڭ ئاممىۋى ئاساستا چۈشىنىپ، قوبۇل قىلىشىغا
ۋاقىت تېخى بالدۇر. بەشىنچى بىرى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىم-
مىنىڭ تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق تېمىلىرىدا دەۋر خاراكتېرلىك
ئۆزگىرىش ئامىللىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېماتىك خاسلىقىنى
چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك قايمۇقۇش يوق ئەمەس.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ماركسىزم بىلەن تونۇشقان
بىر ئەسىر بولدى. 20 ـ ئەسىردىكى ماركسىزملىق ئىدىيەدىكى
كىشىلىرىمىزنى مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئابدۇللا روزى باقىيېف باشچىلىقىدىكى تۇنجى
ئەۋلاد كوممۇنىستىك ئىدىيەدىكى زىيالىيلار. بۇلار ماركسىزم
كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى قەدىمىگە تەتبىقلاش جەھەتتە
ئىزدەندى.

ئىككىنچى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىدىكىدىكى ئىككىنچى
ئەۋلاد زىيالىيلار. بۇلار ماركسىزملىق ئىدىيەلەرنى قەلەمدىكى ۋە
ھەرىكەتتىكى ئىنقىلابقا تەتبىقلىغان زىيالىيلاردۇر.

ئۈچىنچى، ماركسىزمنى ئاكادېمىيە ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا
دەرسلىك ۋە تەتقىقاتلارغا تەتبىقلىغان ئۈچىنچى ئەۋلاد زىيالىيلار
بولۇپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئاب-
دۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كەلتۈرگەن نەقىللەر، قوللانغان ئاتال-

غۇلار كۆپ ھاللاردا ماركسىزم كىلاسسىكلىرى ياكى ئۇنىڭ مەنبە-
لىرىدىن ئېلىنىدۇ. بۇلار ئاساسەن يېتەكچى ئىدىيە خاراكتېرىدى-
كى سۆز - ئىبارىلەردۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن پايدىلانغان
ئىلمىي مەنبەلەرمۇ ئاساسەن كوممۇنىستىك ئەقىدىدىكى رۇس ۋە
ئوتتۇرا ئاسىيا زىيالىيلىرىنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەر بول-
دى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ماركسىزم داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتقان بىر
ئىجتىمائىي پەن ئېقىمى بولۇپ، ئۇ ئۇچۇر ۋە كېيىنكى سانائەت
دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدا ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى قۇ-
رۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ باردى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئابدۇشۇ-
كۇر مۇھەممەتئىمىن تايانغان نەزەرىيەۋى ئاساس كىلاسسىك مەنى-
دىكى ماركسىزمدۇر.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ماركسىزملىق ئىدىيەنىڭ سى-
ڭىشمىسىدۇر. بۇ ئەھۋال 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا
تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تەپەككۇر تا-
رىخىنى يازماقچى بولىدىكەنمىز، بىز تەبىئىي ھالدا ئابدۇشۇكۇر
مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى مېتودولوگىيە ۋە يېتەكچى ئىدى-
يەگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز.

ھەرقانداق بىر پىكرىي مەھسۇلات مۇئەييەنلەشتۇرۇش ۋە تەنى-
قىدنىڭ ئوبيېكتىدۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-
مەتئىمىن ئەسەرلىرى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىمىزدا
ۋە تەنقىدچىلىكىمىزدە بىزنىڭ پىشاڭلىرىمىزنى تايىنىش نۇقتى-
سى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي
ئەنئەنىسىنى ياراتقۇچى غوللۇق شەخسلەردىن بىرى. بىر ئالىي
بىلىم يۇرتىدا ئەنە شۇنداق شەخسلەرنى قايتا - قايتا تەنقىدىي
تەھلىل ۋە تەتقىقاتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى پىكرىي مەھسۇلاتلارنى
ئىشلەپ چىقارغاندىلا، ئاندىن ئۆزگىچە مەكتەپ روھىنى يېتىل-

دۇرگىلى بولىدۇ.
بىر مەكتەپ پۈتۈن بىر رايون، ئۆلكە ياكى مەملىكەت تونۇي-
دىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلىم نوپۇزلىرىغا ئېرىشەلمىسە
تەقلىدۋاز خىزمەت ئۇسۇلىدىن قۇتۇلالمايدۇ. 21 - ئەسىردىكى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇملىدىن فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
مەملىكەتكە، ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان ئۆزگى-
چە تېماتىك خاسلىققا ئىگە ئالىملارنى يېتىشتۇرۇپ چىقىرالىغان-
دىلا، ئاندىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى روھى تەبىئىي هالدا ۋۇ-
جۇدقا چىقىدۇ.
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتى-
مائىي پەن ئەنئەنىسىدىكى مۇھىم نامايەندە، ئۇ بىرگە نۇرغۇن
تەتقىقات يىپ ئۇچلىرىنى بېرىش بىلەن بىللە ئىجتىمائىي پەن
تەنقىدچىلىرىمىزنى كەڭرى زېمىن بىلەن تەمىنلەيدۇ. فىلولوگى-
يە ئىنستىتۇتىدا ئۇ ھەققىدە بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى-
نى ئەرزىيدىغان ئىش، دەپ قارايمەن.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە ئىزدىنىش

ئوسمان ئىسمائىل تارىم

ئاپتور ھەققىدە: ئوسمان ئىسمائىل تارىم 1958 ـ يىلى شايار ناھىيەسىنىڭ يېڭى مەھەللە بازىرىدا تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى قىلىپ تاللىغان. ئۇ ئىستۇدېنت ۋە ئاسپىرانتلارغا «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى»، «چۆچەكشۇناسلىق»، «ئېپوسشۇناسلىق»، «مىفولوگىيە» قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغان ۋە ئۆتكەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان. «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (2) ناملىق كىتابنى تۈزگەن. كىلاسسىك شائىر سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى نەشرگە تەييارلىغان. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى لۇغىتى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى»،

«ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى خەنزۇچە، رۇسچە، قازاقچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىلمىي ژۇرناللاردا 80 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «قەشقەرنىڭ سەرخىل مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق مەملىكەت، ئۆلكە ۋە نازارەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان.

*　　　　*　　　　*

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگو ئۇيغۇرشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىكى كارامەتلىك مۆجىزە.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ سانى كۆپ، ئىلمىي سەۋىيەسى يۇقىرى، مەزمۇنى تېرەن، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چوڭقۇر تەپەككۇر ئاساسىغا قۇرۇلغان، كۆپ خىل پەنلەرگە چېتىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ھەرخىل تەتقىقات ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، پەقەت ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگىلا خاس بولغان تەتقىقات مېتودىنى تېپىپ چىقىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە مول بىلىم خەزىنىسى بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىمۇ مەندە يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇستازىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىم ۋە قايىللىقىم مېنى

ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە قوللىنىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى ھەققىدە چامىمنىڭ يېتىشىچە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

مېنىڭچە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە مۇنداق تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قوللانغان:

**1. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق بىلىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرغان.**

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ماركسىزم، لېنىنىزمنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئۇنى ئېغىشماستىن يېتەكچى قىلغان ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ھادىسىلەرنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر پەلسەپە تەتقىقاتىدىن تاشقىرى سەنئەتتى تەتقىقاتىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ، مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىن قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتىغىچە باشتىن ـ ئاخىرى قوللىنىلغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى كۆزىتىشنىڭ دۇربۇنى، ئۇنى شەرھلەشنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلاندۇرغان.

ئۇ ماركسىزمنىڭ ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا بولىدۇ، دېگەن پىرىنسىپقا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە تارىخىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن تەبىئەت ئىلاھچىلىقى كۆزقارىشى، تۆت زات كۆزقارىشى، شامانىزم ئېتىقادى ۋە دۇئالىزملىق پەلسەپىسى پۈتكۈل ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنىڭ غول تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەن؛ پارس، ھىندى، ئەرەب، گىرېك پەلسەپىلىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر پەلسەپىسىنى بېيىتقان. سىرتتىن كەلگەن بۇ پەلسەپىلەر ئەنئەنىۋى مىللىي پەلسەپىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرچە خاراكتېر

ئالغان، دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تارىخىمىزدا ئۆتكەن مۇ-
ھەممەد خارازمى، فارابى، ئىبن سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھ-
مەد يەسەۋى، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق بۈيۈك مەدەنىيەت ئەربابلى-
رىمىزنىڭ پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ئۇلار-
نىڭ يىلتىزىنى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، ئاممىۋى، يەرلىك
قاراشلىرىدىن ئىزدىگەن، ئۇلارنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
پەلسەپىسى ئىچىگە قويۇپ شەرھلىگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخنى ياراتقۇچى ئايرىم تارى-
خىي شەخسلەر ئەمەس، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىدۇر دېگەن ىې-
تەكچى كۆزقاراشقا ئاساسەن ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەدەنىيەت مېۋى-
لىرىنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كوللېكتىپىنىڭ ئىجادىيىتى، بىر پۈ-
تۈن مىللىي گەۋدىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىش قوشۇشى، سان – سا-
ناقسىز كىشىلەرنىڭ توختىماي ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە
مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇ-
قامىنى تەتقىق قىلغاندا، ئوردا مۇزىكانتلىرى ۋە مەشھۇر شا-
ئىرلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى مۇۋاپىق باھالىغاندىن سىرت، ئۇنى ئا-
ساسلىقى يەرلىك خەلق سەنئىتى ئاساسىدا، جۈملىدىن دولان مۇ-
قامى، قومۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى، كۇچا مۇقامى، خوتەن مۇ-
قامى ۋە ئىلى مۇقام سەنئەملىرى ئاساسىدا ئىزاھلىغان. بۇ ئەجەب-
لىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئالىم ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەربىر ھا-
دىسىنى تەھلىل قىلغاندا ئالدى بىلەن مۇشۇ خىل ھادىسىنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشنى — مىللەت،
رايون ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چۈ-
شەندۈرگەن. ھەرگىزمۇ بەزى تەتقىقاتچىلاردەك تارىخىي شەخسلەر-
نىڭ رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۈرۈپ، تارىخىي مۇۋەپپەقىيەت-
لىرىمىزنى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىۋېتىپ تەتقىق قىلىدىغان خاتا
ئۇسۇلنى قوللانمىغان. خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيت-
قاندەك: «ھەقىقىي مېتودولوگىيەسىز ھەقىقەتنى تېپىش مۇمكىن

ئەمەس.» ئۇنىڭچە بولغاندا شەيئىلەردىكى ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ بىردىنبىر توغرا ئۇسۇلى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

**2. قاتلام نەزەرىيەسىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە مەسىلىلەرنى مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە شەرھلەشكە تىرىشقان.**

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «قاتلام نەزەرىيەسى خۇددى سىستېما نەزەرىيەسى، ئىنفورماتسىيە نەزەرىيەسى، كونترول نەزەرىيەسىگە ئوخشاشلا مۇھىم ئىلمىي مېتودولوگىيە»، «قاتلام نەزەرىيەسى مۇھىم مېتودولوگىيەلىك تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ تۇگۈنلەرنى يېشىش، سىرلارنى ئېچىش، ھەقىقەتنى تېپىشتىكى ئۈنۈملۈك تەپەككۇر قورالىدىن ئىبارەت.»[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئوتتۇرىغا قويغان قاتلام نەزەرىيەسىنىڭ تەخمىنەن مەنىسى مۇنداق: ھەربىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ تەركىبلىك، كۆپ ئۆزگىرىشلىك، كۆپ ۋارىيانتلىق، كۆپ قاتلاملىق تارىخىي ھادىسە سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. چۈنكى «بارلىق ماددىي دۇنيانىڭ، زەررىدىن قۇياشقىچە، ھۈجەيرىدىن ئىنسان مېڭىسىگىچە؛ بارلىق روھىي ھادىسىلەرنى، ھېسسىي بىلىشتىن تەپەككۇرگىچە، ئىدېئولوگىيەدىن مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگىچە ھەم قۇرۇلمىلىق، ھەم راۋاجلىنىش جەريانلىق جەھەتتە كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.»[2] ھەربىر شەيئىي تۈزۈلۈش جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ تەرەققىي قىلغاندىمۇ قاتلام بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. يۇتكۇل ئالەمنى ئالساق، ئۇ قۇرۇلما جەھەتتىن مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ قاتلامدىن تۈزۈلگەن. بۇ قاتلاملار ئوخشاشلا يەنە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن تۆت دەرىجە قاتلىمى ھاسىل قىلىپ، ئالدىنقى قاتلامنىڭ يۇ-

قىرى باسقۇچى كېيىنكى قاتلامنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىغا تو-
تاشقان. يەنى مىنېراللارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئۆسۈملۈكلەرگە،
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھايۋانلارغا، ھايۋانلارنىڭ يۇ-
قىرى باسقۇچى ئىنسانلارغا تۇتىشىپ، پەلەمپەيلىك قاتلام شەكلى-
دە يۇقىرىغا ئۆرلىگەن. شەيئىلەرنى مەلۇم ماكاندا تۇرغۇزۇپ تەھ-
لىل قىلغاندا، ئۇنىڭ تۇزۇلۇشىنىڭ (قۇرۇلمىسىنىڭ) قاتلاملىق-
لىقىنى ھېس قىلالايمىز، زامان جەھەتتە كۆزەتكەندە ئۇنىڭ ئىل-
گىرى ـ كېيىنلىك، سەۋەب ـ نەتىجىلىك، ئاتا ـ بالىلىق تەرەق-
قىي قىلىدىغان قاتلام مۇناسىۋىتىنى كۆرەلەيمىز.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنولوگى-
يەسىنى تەكشۇرگەندە ئەنە شۇ قاتلام نەزەرىيەسى بويىچە تەكشۇر-
دى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبى ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى كۆپ قاتلاملىق ئېتنىك قۇرۇلما
ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ مىللىي گەۋدىسى ئارىيان، ساك، تۇران،
كۆكتۈرك، موڭغۇلوئىد قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق
قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ يەنە تارىخىي تەرەققىيات جەھە-
تتىن ھۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرى، كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرى،
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى، ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى، قاراخا-
نىيلار دەۋرى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرى بويىچە قاتلام-
مۇقاتلام ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇڭا بىر
پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنى تەكشۇرگەن-
دە، ئۇنى چوقۇم ماكان ۋە زامان قاتلىمى ئىچىگە قويۇپ، بۆلەك ـ
بۆلەكلىرى، ئۇگە ـ ئۇگىلىرى بويىچە ئېنىقلاش كېرەك، دەپ
قارىغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كېيىنكى يىللاردا ئۆزىنىڭ
قاتلام نەزەرىيەسىنى تېخىمۇ كۆپ تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئېستې-
تىكا جەھەتتىمۇ، گۈزەللىك ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئى-

كەنلىكىنى، ئۇنى پۇتكۇل گۇزەللىك ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قاتلاملىق ئېستېتىكا» سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

**3. ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانغان.**

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇتلۇق ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇچۇر تىل ـ يېزىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ھەربىر شەيئى تارىختىن ۋە رېئاللىقتىن بىزگە ئۇچۇر بېرىدۇ. ھەتتا تىل ـ يېزىقنى قارىغاندا (تىل ـ يېزىق ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا)، كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماددىي نەرسىلەرنىڭ ئۇچۇرلۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن تارىخ سۇبيېكتىپلىقى، قىياسىي ۋە تەخمىنىلىك ئالامەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان تارىخ ئۆتمۈشكە ئايلانغان «ئۆلۈك تارىخ» بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى قەدىمكى بۇيۇملار بىلەن ھازىرقى بۇيۇملار، قەدىمكى تۇرمۇش بىلەن ھازىرقى تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇلاردا ئىشەنچلىك ئۇچۇر قىممىتى ساقلانغان بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممە نەرسە «تىرىك تارىخ» ھېسابلىنىدۇ. بىز بىر تەرەپتىن قەدىمكى ماددىي بۇيۇملاردىن بىۋاسىتە تارىخ ئۇچۇرىغا ئېرىشسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى بۇيۇم ۋە تۇرمۇش شەكلىدىن ۋاسىتىلىك تارىخ ئۇچۇرىغا ئېرىشەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تىل ـ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخنىلا «ھەقىقىي تارىخ» دەپ قارايدىغان، دۆۋە ـ دۆۋە كىتابلارنى ئاختۇرۇپ «تارىخ» ئىزدەيدىغان خاتا ئۇسۇلدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ئۆتمۈشتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك تارىخچىلار بىۋاسىتە كۆزەتكۈچىلەر ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئالدىنقىلارنىڭ سۇبيېكتىپ كۆزقارىشى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلىرىگە ئاساسلىنىپ تارىخ يازغان، تىل ـ

يېزىق شەكلىدىكى ئۆچـۈردىن يېڭـى ئۆچـۈر تۇغـدۇرۇپ، تارىخنـى تەكرارلاۋېرىـپ ئۇنى ئۆلـۈك، ئابستـراكت نەرسـىگە ئايلانـدۇرۇپ قويغان. ئۇلارنى «تېكىستولوگ تارىخچىلار» دېيىش مۇمكىن. شۇ-ڭا كىتـابىي تارىـختىن كـۆرە تارىخنـى ماددىيلاشـتۇرغان، ئۆچـۈر قىممىتىگە ئىگە بـولغان بۇيـۇملارغا كۆپـرەك ئەھمـىيەت بېرىـش كېرەك. بۇ خىل ماددىي بۇيۇملار تارىخنىڭ ئىزنالىرىنى، بەلگە-تامغىلىرىنى، سىگنال، سىـمۋوللىـرىنى، ئوبـراز-يالدامىلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، بىزنى ئىشەنچلىك ئۆچـۈرغا ئىگە قىلىدۇ. دېمەك، بىز ماددىي بۇيۇملارنى ئاساس، يېزىق ماتېرىيال-لىرىنى قوشۇمچە قىلغـان تەتقىـقات ئۇسۇلـىنى قوللىنىـشىمىز لازىم. مانا بۇ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنـنىڭ ئـۆچۈرلۈق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسـۇل تەتقىقاتىدا، پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا داۋاملىق ھالدا ماد-دىي بۇيۇملاردىن تارىخ ئىزدەپ، ماددىي بۇيۇمـلارنىڭ ئىچىگە يو-شۇرۇنغان تارىخنى تېپىپ چىقىپ، ئۆز تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ماڭغان. بولۇپمۇ ئۇ «غەربىـي يۇرت تاشكې-مىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدە ئۆچۈرلۈق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇ-لىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قوللىنىپ، بىزگە بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇ-لىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ دىيارىمىزدىكى تاشكېمىر ۋە تام رەسىملىرىدىن ئىبارەت ماددى پاكىتلار ئارقى-لىق ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىق، ھەيكەلتە-راشلىق، رەسساملىق، مۇزىكا ۋە ئۇسـۇل سەنئىتىنىڭ كۆلىمى ۋە سەۋىيەسىنى قىلچىلىك شۈبھىلىنىشكە ئورۇن قالمايدىغان دە-رىجىدە ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئۇ يەنە مۇشۇ ماددىي پاكىتلار ئارقى-لىق بىر قىسىم چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ «شىنجاڭدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتـى ۋە گىرېك مـەدەنىيىتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىدۇر» دەيدىغان كۆزقاراشلىرىغا كۈچلۈك

رەددىيە بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى، ئاپتور تاشكېمىر سەنئىتى ئارقى-
لىق ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم ئەدەبىياتىنىڭ بىزگە مەلۇم
بولمىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. دەرھەقىقەت، بۇنداق
ئۇچۇرلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ چەكلىك يازما ماتېرىياللىرىدىن ئىگى-
لەش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**4. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تارىخىي كەڭلىك نۇق-
تىسىدىن تەتقىق قىلغان.**

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىنى
يەككە تەتقىق قىلماستىن، ئۇنى ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ تارىخى،
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، پۈتكۈل شەرقنىڭ تارىخى، ھەتتا دۇنيا
تارىخىنىڭ ئىچىگە قويۇپ، ئۇنى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم
بىر قىسمى سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارى-
خىدىكى چوڭ - چوڭ ھادىسىلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت
بىر پۈتۈنلۈكى نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغان. ئۇ بىرەر مەسىلە ھەق-
قىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە مىللىي، جۇغراپىيە ۋە سىياسىي بىر
تەرەپلىمىلىك قاراشلاردىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنىڭ ھەر-
بىر دەۋرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران
ئورۇندا تۇرۇۋاتقان دۇنيا پەلسەپىسىدىن ئايرىپ قارىمىغان. فارا-
بىنى تەتقىق قىلغاندا، يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ئىسلام شارائىتى
ئاستىدىكى راۋاجىغا كۆز يۈگۈرتكەن، شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇس-
سۇلىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتكۈل جۇڭگو-
نىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى دائىرىسىگە قويۇپ تەتقىق قىل-
غان. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۆزبېك مۇقاملىرى،
تاجىك مۇقاملىرى، تۈركمەن مۇقاملىرى، ئەزەربەيجان مۇقاملى-
رى، تۈركىيە مۇقاملىرى، ئەرمەن مۇقاملىرى، ئىران مۇقاملىرى،
ئىراق مۇقاملىرى، سۈرىيە مۇقاملىرى ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى

ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس، لىۋىيە مۇقاملىرىغا نەزەر ئاغدۇ-
رۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە قويۇپ
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىش-
كەن: بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مىللەتلەر مە-
دەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن.
سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق مىللىي خاسلىقنى روشەن ئېچىپ
بەرگەن ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان زور
تۆھپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
بىلەن قەدىمكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا سېلىشتۇ-
رۇپ، ئورتاقلىقنى ۋە پەرقنى، تەقلىدچىلىك ۋە ئىجادىيلىقنى.
قوبۇل قىلىش ۋە چەتكە قېقىشنى، تۇرغۇنلۇق ۋە تەرەققىياتنى
ئېنىقلاپ چىققان.

**5. ھەر خىل پەنلەر نۇقتىسىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمى-
لىق تەتقىقات قىلغان.**

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى تىك
يۆنىلىشلىك تارىخىي نۇقتىدىن ۋە توغرا يۆنىلىشلىك جۇغراپىيە-
ۋى نۇقتىدىن ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان. بىز ھەربىر تەتقىقات
ئوبيېكتىنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىقىنىغا چۈشكەن
بۇيۇمغا ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن. ئۇ بۇ بۇيۇمنى ئۈستىدىن ۋە
ئاستىدىن، ئوڭدىن ۋە سولدىن، ئۇدۇلدىن ۋە ئارقا تەرەپتىن ئو-
مۇمىيۈزلۈك كۆزىتىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە جايىنىمۇ نەزەردىن سا-
قىت قىلمىغان. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى
ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىيىتى، ئەدەبىياتى، مۇزىكىسى،
دىراما سەنئىتى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، دىنى ۋە ئەخلاقى بىرلەش-

تۇرۇلگەن ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىدى. شۇڭا تارىخ-شۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، سەنئەتشۇناسلىق، پەلسەپە، ئېتنوگرافىيە، فولكلورشۇناسلىق، پىسخولوگىيە، دىداكتىكا، دىنشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە بىر قىسىم تەبىئىي پەنلەر نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇقام سەنئىتىنىڭ بۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىك قىممىتىنى سەزگەنىسېرى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە بۇرۇن ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىگە قانائەت قىلماي، ئۇنى قايتىدىن تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلغان. ئۇنىڭ مۇقام تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئىككىنچى كىتابىغا «ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» دەپ ئەمەس، بەلكى «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دەپ نام بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب مانا شۇ. بىز ئۇنىڭ تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدىمۇ، قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتىدىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىمۇ ئوخشاشلا بۇ خىل نۇرغۇن پەنلەرنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېلىپ بارغان يۇقىرى نەزەرلىك ۋە كەڭ دائىرىلىك تەتقىقاتىنى كۆرەلەيمىز.

### 6. مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق شەرھلىگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەرقانداق بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بۇ مەسىلىگە ئائىت قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇغراپىيە جەھەتتىن ئەلگىچە بولغان بارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تولۇق ئۆگىنىپ چىققان. شۇنداقلا مۇشۇ مەسىلىگە ئائىت ماددىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي پاكىتلارنى مۇ-پەسسەل توپلىغان. ئۇ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا تولۇق پاكىت كەلتۈرۈپ، ئاندىن خۇلاسە چىقارغان. پۇختا ئاساسقا تايىنىپ ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ

خۇلاسىلىرى ئىشەنچلىك، پاكىتلىرى قايىل قىلارلىق.

**7. ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە تەنقىدىي مۇ-
ئامىلە قىلغان.**

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نوپۇزلۇقلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا
قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، داۋاملىق ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تەنقىدىي مۇ-
ئامىلە قىلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتمىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسى-
يەسى قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئۆگەنگەندىمۇ، ھازىرقى مەشھۇر
شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىمۇ ئىزچىل گەۋدىلىنىپ
تۇرغان. مەسىلەن: ئۇ فارابىنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى ئورنىغا يۇ-
قىرى باھا بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ روھانىيەتچىلىك، ئىدىئا-
لىستىك قاراشلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى
خاتا قاراشلارنى، جۇملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانلاردى-
كى ياخشى - يامان پەزىلەتلەرنىڭ بەزىلىرى تۇغما بولىدۇ دەيدىغان
قارىشىنى، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان قارىشىنى ۋە تەلىم - تەربى-
يە مەسىلىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى ئېچىپ بەرگەن.
ئۇ يەنە رۇس ئالىمى بارتولدنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى خاتا،
بىمەنە يەكۈنلىرىنى كۈچلۈك دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئاغدۇ-
رۇپ تاشلىغان، ۋەھاكازا.

دېمەك، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقات جەريانىدا، ئۆز
ئوبيېكتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەتقىقات مېتودىنى قوللىنىپ،
ئوبيېكتىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئېچىپ
بەرگەن. مەلۇمكى، مېتود دېمەك ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ
يېتەكچى پىرىنسىپى دېمەكتۇر. ھەربىر ئىلىم-پەن خادىمى چو-
قۇم ئۆز ئوبيېكتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مېتودىنى تېپىپ چى-
قىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا

شەيئىلەرنى ئۇنۇملۇك ۋە توغرا ئۇسۇلدا ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىيەتلىرى بىر كەڭ مۇنبەت تۇپراق، ئۇنىڭ روھىيەت دۇنياسى بولدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق. بىز بۇ مۇنبەت تۇپراقتىن ھوسۇل ئېلىشىمىز، بۇ بۇلاقتىن ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپات بولغان چاغدا بەزىلەر كەلگۈسىدە ئابدۇشۇكۇرشۇناسلىق ئىلمى مەيدانغا كېلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى توغرا چىقتى: ئابدۇشۇكۇرشۇناسلىق ئىلمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئېھتىمال ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلىغان «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» ناملىق كىتابى مانا شۇ يولدا تاشلانغان تۇنجى قەدەم بولۇپ قالدى. بىز تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ يولدا مېڭىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىرلا: ئۇ بولسىمۇ بۇ تالانتلىق ئالىمنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مەن ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ ماقالىسىنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھەمىشە قولىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدىغان مۇنۇ چاقىرىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى توغرا تاپىمەن:

«مەن تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن كۆرە، تىرىك مىللەتكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى، مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە خىمىيەلىك ئانالىزدىن كۆرە، رېئال تۇرمۇشقا قىزغىن خەيرخاھلىق قىلىشىنى؛ يازغۇچى، شائىر، ئەنزارچىلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى چاتمىسىغا يوشۇرۇنغان ئەسىر ـ ئەسىرلىك چىنلىق قاتلىمىغا چۆكۈشىنى، ئۇلارنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن پاراخوت بولۇشتىن كۆرە، سۇ ئاستى كېمىلىرىدەك زېمىن باغرىدىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر

يۈرگۈزۈشىنى؛ بېيىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولغا كىرگۈزگىنى پاخال، قولدىن بېرىپ قويغىنى جاۋاھىرات بولۇپ قالماسلىقىنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئاشلىق، پولات ۋە نېفىت مەھسۇلاتى ھەققىدە باش قاتۇرۇشى بىلەن بىللە مىللەتنىڭ ئورۇقى، سۆڭەك - قوۋۇرغىسى، قەلبى ۋە قېنى ئۈستىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى، ئىللەت پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان ياش نوتا ۋە گۈللىرىمىزنىڭ ئۆز -ئۆزىنى تونۇپ، مىللەت كېلەچىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

مەنبە:

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 11 - بەت.

2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 2 - ئاي نەشرى، 455 - بەت.

3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 142 -، 143 - بەت.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر

ئاپتور ھەققىدە: پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر 1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ 30 نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلۇق ھاياتىدا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنجاڭ دىن تارىخى»، «ئۇيغۇر پىروزا تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»، «قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتى جەۋ-ھەرلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقادى» قاتارلىق يىگىرمە نەچچە خىل دەرسنى ئۆتكەن. ئۇ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى-دىن تېزىس» (1987)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2001)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2002، ئىككى قىسىم)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم، 2004 ~ 2005)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2012) قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ماقالە توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر

كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى» نامـ.
لىق بۇ ماقالىسى 2015 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتـ.
كۈزۈلگەن «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىنى
خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

* * *

كۆپ قىرلىق تەتقىقات قابىلىيىتىنى ھازىرلىغان ئۇستاز ئابـ.
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»
تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان تۆھپىكار ئالىم.
ئالىمنىڭ بۇ ساھەدە ئىزدىنىشىنىڭ تارىخىي ئاساسى ۋە سەـ.
ۋەبى تولىمۇ چوڭقۇرلۇق. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يىپەك يولىـ.
دىكى بىباھا گۆھەر، دەپ قارايتتى ۋە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئا.
مىلە قىلاتتى. مەلۇمكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇزۇن تا.
رىخقا، مول مەزمۇنغا، خاس ئۇسلۇبقا ۋە رەڭگارەڭ شەكىلگە ئىگە.
جۈملىدىن، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى نوقۇل ئەدەبىي مەزمۇن بىـ.
لەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ئىلمىگە ئەـ.
دەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن
بىلىملىرىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدىكى مەزمۇنلار ـ جاۋاھىراتلار
مۇجەسسەملەنگەن. پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئا.
لىي مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ يۇكسىلىشى ئۇ.
چۈن، 1950 ـ يىللاردىلا ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشلەشنى
قولغا ئالغان. بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى
خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزگەن. ئالىمنىڭ ئىلمىي تەتقىقات
ساھەسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن شىنجاڭدى.
كى قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، مەدەنى.
يەت، تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت، دىن ۋە فولكلور قاتارلىق تەرەپلە.
رىگە چېتىلغان. مانا مۇشۇنداق پەن تارماقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ
مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى قەدىمكى ئەدەبىيات ۋە يازما يادىكار.

لىقلار ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يىگىرمە نەچچە ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ـ ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىنى، ۋەسىقىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇنى ئۆزى ئىشلىمەكچى بولغان تەھقىقلەش تارماقلىرىنىڭ، تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى دەپ تونۇپ، مۇشۇ ئاچقۇچ بىلەن بۇ خىل ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى بىمالال ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان نۇرغۇن جاۋاھىراتلارنى قېزىپ چىقىپ، تەپەككۇر ئەلگىكىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى پەن تۈرلىرىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە دەسلەپكى قەدەمدە يەتكەن دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي سەۋەب ھەم ئالدىنقى شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن، پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، ئۇنى ئوبدان ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل ئۆگىنىشنى ئاڭلىق مەقسەتدارلىق ھەم جانلىق ئۇنۇمدارلىققا ئايلاندۇرغان.

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1956 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 3 ـ سان، خەنزۇچە 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» دېگەن ماقالىسىدىن باشلانغان بولۇپ، تاكى تىنىقى توختىغۇچە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىنى ئۈزۈپ قويماستىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇستازىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى خاراكتېر يېقىدىن خاس تەتقىقات (ئاساسىي تەتقىقات) ۋە ۋاستىلىك تەتقىقات (قوشۇمچە، يانداشما تەتقىقات) ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

خاس تەتقىقات دېگىنىمىزدە، مەخسۇس ئەدەبىيات پېنى نۇق-تىسىدىن تۇرۇپ، ئەدەبىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، بەدىئىي شەكلى تۇغ-رىسىدا مەخسۇس ئىزدىنىش، تەھقىقلەش ئېلىپ بېرىش كۆزدە تۇ-تۇلىدۇ. پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىنىدا، ئالدى بىلەن ۋاقىتچانلىقى كۈچلۈك، چاققان، ئەپچىل تەتقىقات ئۇسۇلى بولغان «ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۇسۇلى»غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. «ئىلمىي ماقالە» بايانچىلىق يولى بىلەن ئىلمىي مۇلاھىزە، ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، مۇئەييەن بىر نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ياكى مۇئەللىپىنىڭ شۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنى ئىخچام، مېغىزلىق، تېزرەك ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا قولايلىق يا-رىتىپ بېرىدىغان بىر خىل يېزىقچىلىق ئۇسۇلى. ئۇنىڭ ئىجتى-مائىي پەنلەر ۋە تەبىئىي پەنلەرگە خاس بايان ئۇسۇلى ۋە يېزىق-چىلىق ئۇسۇلى بار. پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدا تەھقىقلەش ئېلىپ بارغاندا، ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي پەنلەرگە خاس بولغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلى-نى قوللىنىپ، «ئىلمىي ماقالە خاسلىقى»نى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىلمىي ماقالىنىڭ تېمىسىنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئالدى بىلەن دىققىتىمىزگە ئېلىنىدۇ. ئۇستاز يېزىپ ئېلان قىلغان «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ــ ‹ئۇيغۇر ئەدەبى-ياتى›»، «‹قۇتادغۇبىلىك›، ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ـ ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «‹قۇتادغۇبى-لىك›نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە مائارىپشۇناس-لىق مەسىلىلىرى»، «يۇسۇپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتى-مائىي ئىدىيەلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «پۇتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەدەبىي يادىكارلىق» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى

ۋە يەسەۋىيچىلىك»، «‹پەرھاد - شېرىن› ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ‹سەددى ئىسكەندەر›»، «ئەلىشىر نەۋايى مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىممىتى»، «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى»، «مىرزا ھەيدەر ۋە ‹تارىخى رەشىدىي›»، «مۇھەممەت سىددىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى»، «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە»، «غوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەرنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى تېمىسى يېڭى، تېپىكلىكى يۇقىرى بولۇپ، يېتەكچى نەزەرىيەۋى خاراكتېردىكى ماقالىلەر ھېسابلىناتتى.

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل تىل - يېزىق ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىپ كېلىنگەنلىكىدەك ئىبارەت تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئېنىقراق يورۇتۇش ئۈچۈن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە ئالىملىرىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق يىرىك ماقالىسىنى ۋە مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغانىدى.

يۇقىرىقى قىسقىچە ماقالە تىزىملىكىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تىپىك، چوڭ تېمىلارنى يورۇتۇشنى ئالدى بىلەن كۆنتەرتىپكە قويغان ھەمدە ئۆزى تۇتقان ئاشۇ تېمىنى ئوبدان، ۋايىغا يەتكۈزۈپ تاماملىغان. بۇ مەسىلىگە ئالىم يازغان ئاشۇ ماقالىلەرنى بىرمۇبىر ئوقۇش، ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئۆگىنىش ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتىمىزغا تەتبىقلاش ئارقىلىق قانائەتلىنەرلىك يوسۇندا جاۋاب بېرەلەيمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئالىمنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق بىر مونوگرافىيەلىك ئەسىرى، يەنى مەخسۇس تېما بويىچە

يېزىلغان كىتابى بار. ئۇنىڭدا 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتە-پەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتاد-غۇبىلىك» ناملىق ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە داستانىنىڭ مەز-مۇنى ۋە شەكلى توغرىسىدا بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە بىرقەدەر ئەتراپ-لىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئىشتىياقى ئالاھىدە كۈچلۈك پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىر مىللەت-نىڭ مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئاۋۋال سىستېمىلىق تېزىس ئىشلەپ چىقىشنىڭ مۇھىم ئىلمىي خىزمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تۇنجى بولۇپ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت-لىنىپ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەتقىقات تېزىسى ۋە پىروگ-راممىسىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىشلەپ چىققان ھەمدە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى،نىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى» دېگەن نامدا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھ-بەرلىكىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تۆت توملۇق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىش پىلانلىنىپ، ئالدى بىلەن ئۇستازلاردىن ئابدۇ-كېرىم رەھمان، مۇھەممەتئىمىن خۇدابەردى، ئابدۇرېشىت ئىسلا-مى، ھىمىت مەخسۇت ۋە غەيرەتجان ئوسمانلارنىڭ ھەمكارلىقى، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قەلەم تۇتۇشى بىلەن خېلىلا مۇكەممەل بولغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى پىروگراممى-سى» ئىشلەنگەن. كېيىنچە، ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ پىروگراممىا نۇسخىسىنى قايتا ـ قايتا تولۇقلاپ، مەزمۇنىنى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەپ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1987 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سانى، 1988 ـ يىلى 4 ـ، 6 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلغان. بۇ پىروگراممىا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل، بىرقەدەر سىستېمى-لىق تۈزۈلگەن پىروگراممىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن داۋاملىق

قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك، ئەلۋەتتە. پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەممىدىن بۇرۇن ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، ئىلمىي قىممىتىنى چۈشەنگەن «‹ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى› پىروگراممىسى» كېيىنكى كۈنلەردە، مەيلى دەرسلىك قوللانمىسى تۈزۈش خىزمىتىدە بولسۇن، مەيلى خاس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشتا بولسۇن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ۋاسىتىلىك ئىشلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى قاتارىغا، ئۇنىڭ باشقا پەن تارماقلىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن مىساللارنى ئالغانلىقى، شۇ مىساللار ئارقىلىق شۇ خىل پەن تارماقلىرى ھەققىدە تەھقىقلەش ئېلىپ بارغىنىدا، ئۆزى تاللىۋالغان تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلەش، نۇقتىلىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش، پىكرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىگە يەتكەن تەتقىقات سەمەرىلىرى مىسال بولالايدۇ. مەسىلەن، ئون ئىككى مۇقام، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئېستېتىكا قاتارلىق تېمىلار بويىچە ئىزدەنگەندە، ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە، ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان. 1980 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» قاتارلىق سەنئەت تارىخىمىزغا ۋە سەنئەت مەدەنىيىتىمىزگە دائىر كىتابلىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ماقالىلىرىدە، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىدىيە ـ پەلسەپىگە دائىر كىتاب ۋە شۇ تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىدە، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، قاتارلىق نەزەرىيە كىتابلىرىدا ۋە «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» قاتارلىق تارىخشۇناسلىق كىتابلىرى

ۋە شۇ تېمىغا ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قە-
دىمكى ئەدەبىي مىراسلىرىدىن كەڭ ۋە ئەتراپلىق پايدىلانغان.
شۇنىسى ئېنىقكى، پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا يۈكسەك پوزىتسىيەدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇلگىلىك ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن روياپقا چىق-
قان، ئۇ پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكلىگۈچىسى، ئۈلگىسى، نەمۇنىسى، ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىسى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەدەبىيات بوشلۇقىنى تولۇقلىغۇچى مۇھىم مەنبە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا 11 ـ ئەسىر ئەدەبىيات دۇنياسىدا خاس سىستېما ھاسىل قىلغان ھەم ئەدەبىيات يادىكارلىقى بولغان خەنزۇلار، ھىندىلار، پارسلار، ئەرەبلەر، ياپونلار ۋە بىرقانچە ساناقلىق يازما ئەدەبىياتى بار مىل-
لەت قاتارىدا ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك، ئالتاي تىلى سىستېمى-
سىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە سىستېمىلىق يازما ئەدەبىيات ئەنئەنى-
سىنى ياراتقان خەلق دېگەن ئىلمىي خۇلاسىنى چىقارغان.
پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ قە-
دىمكى ئەدەبىياتى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، بۇ ئەدەبىياتنىڭ قىممى-
تىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەش، مەزمۇنىنى تولۇقلاش، مۇئەمما-
لىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش، چېتىلىش دائىرىسىنى روشەنلەشتۇ-
رۇش، مەنبە ۋە ئېقىنلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئوچۇن، ماكانداش، مەسلەكداش ۋە قوشنا خەلقلەر ئەدەبىياتى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، بۇ توغرۇلۇق بىر قاتار ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئىلىم مۇنبىرىگە ئېلىپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئىرانى ـ پارس ئەدەبىيا-
تىنىڭ ۋەكىللىرى بولمىش «سەئدى شىرازى»، «ھاپىز شىرازى — شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز»، «ئەمىر خۇسرەۋ

دېھلىۋى»، «خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ناسىر خۇسرەۋ»، «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامىي گەنجىۋى»، «مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كىلاسسىك ئەدە-بىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى»، «كىلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنى رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى»، «يىپەك يولى ۋە سىلىشتۇرما ئەدەبىيات»، «‹چىن› ۋە ‹ماچىن› ئى-بارىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى مانا مۇشۇ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ. ئىران خەلقىنىڭ دۇنياۋى شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋس-ىنىڭ كاتتا ئەسىرى «شاھنامە»نى ئۆزبېك تىلىدىن، (ھەجمى زور بۇ داستان ئۈچ قىسىم بولۇپ، 1 ـ قىسمىنى ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.) ئۇلۇغ شائىر چۇ يۈەننىڭ «توققۇز نەزم» ناملىق ئەسىرىنىمۇ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن تەر-جىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشى. بىرىنچىدىن، ئەي-نى زاماندا، باشلامچىلىق ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينىغان. ئىك-كىنچىدىن، قوللانمىلىق رولىنى ئوينىغان. ئۈچىنچىدىن، غى-دىقلاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. كەسىپداشلار ۋە ياش تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدەنمەكچى بولغاندا تەبىئىي ھالدا پىرو-فېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شۇ تېمىدىكى ئەسەرلى-رىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال سۇبيېكتىپ بولماس-تىن، بەلكى ئالىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغان ئەمەلىي خىزمەتلىرىدىن كەلگەن.

ئومۇملاشتۇرغاندا، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدە-

بياتى توغرىسىدا زاманداشلىرىغا قارىغاندا خېلىلا ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىشلەرنى قىلىپ، نىسبەتەن مول ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پەن تارمىقىنىڭ تە- رەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ھەسسىسىنى قوشقان. ئۇنىڭ بۇ جە- ھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى زاماندىش تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلى ئۇزاققىچە قىم- مىتىنى سۇسلاشتۇرمايدىغان ئىلمىي ئورنىنى تىكلىگەن. بىز ئا- لىمنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىلىرى، ئىنتىلىشچان شاگىرتلىرى، ھەقلىق ۋارىسلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقى- قاتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى دۇرۇس مەيداندا تۇرۇپ، لىللا ۋە ئىلمىي باھالايمىز، ئۇلارنى داۋاملىق ئوقۇيمىز، ئۆگىنىمىز، مۇتالىئە قىلىمىز، ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا تەتبىقلايمىز.

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىستىپتىكا تەتقىقاتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

مەتتۇرسۇن ئېلى

**ئاپتور ھەققىدە:** مەتتۇرسۇن ئېلى 1965 ـ يىلى 31 ـ دېكابىردا چىرا ناھىيەسىنىڭ دامكۇ يېزىسى گۈلتېرىغان كەنتىدە تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ «يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقى توغرىسىدا»، «ئېستېتىكا»، «يېزىقچىلىق» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە. «دون كىخوت»، «ئېستېتىكا ۋە ئېستېتىك تەربىيە»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان.

مەتتۇرسۇن ئېلىنىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) قاتارلىق يادرولۇق ژۇرناللاردا؛ «تارىم»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ژۇرنال ـ گېزىتلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېستېتىكىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە دائىر

60 پارچىدىن ئوشۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندىن تەربىيە ئالغان ئېستېتىكا مۇئەللىمى مەت-تۇرسۇن ئېلىنىڭ بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2008 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

* * *

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يالغۇز تۆھپىكار باغۋەنلا ئەمەس، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېتۈك ئالىم، ئىجتىھاتلىق، مول ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئىجادىي ئىزدىنىش سەمەرىلىرى ئارقىلىق يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىستېمىلىق، چوڭقۇر، ئەتراپلىق، نوپۇزلۇق ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ سەركىسىگە ئايلانغان بولسا، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردا ئېستېتىكا ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. يېتۈك ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئېستېتىكا كىتابلىرى تاكى يېقىنقى يىللارغىچە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىتابلىرىنىڭ دەرسلىكى قىلىندى. ئۇنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابى بۈگۈنگە قەدەر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپى تولۇق كۇرسى ئۈچۈن بېكىتىلگەن دەرسلىك بولۇپ كەلدى. خۇددى باشقا ساھەلەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئوخشاشلا، ئالىمنىڭ ئېستېتىكا ساھەسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك - ئۆزگىچىلىكلەرگە شۇنداقلا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، مەن بۇ ماقالەمدە مەرھۇم ئالىمنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

### 1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى ۋە قىممىتى

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتى دائىرە جەھەتتە كەڭ بولۇپ، يالغۇز ئېستېتىكا قائىدىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئېستېتىكا تەتقىقاتى ئەسلىدىلا كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، بۇ ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. مەرھۇم ئالىم ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، «ئېستېتىكا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بۇلار: ئومۇمىي ئېستېتىكا، خاس ئېستېتىكا ۋە ئېستېتىكا تارىخىدىن ئىبارەت»[1] دەپ يازىدۇ ۋە بۇ ئۈچ قىسىمنى تەتقىقات ئوبيېكتى نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ چىقىدۇ. مەرھۇم ئالىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بولغاندا، ئېستېتىكا تەتقىقاتى ئومۇمىي جەھەتتىن، ئېستېتىكا قائىدىلىرى — ئېستېتىكا نەزەرىيەسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى؛ خاس ئېستېتىكا — گۈزەللىك ۋە سەنئەت تۈرلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەخسۇس تەتقىقاتنى شۇنداقلا ئېستېتىكىلىق ئىدىيە ۋە تەلىماتلار تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە ئېستېتىكا تەتقىقاتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشى، ئېھتىياجلىرى بويىچە ئۆز تەتقىقاتلىرىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئومۇمىي ئېستېتىكا قائىدىلىرى توغرىسىدا ئىزدەنسە، يەنە بەزىلىرى سەنئەت ئېستېتىكىسى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، يەنە بىر تۈركۈم ئېستېتىكا تەتقىقاتچىلىرى بولسا ئۆز تەتقىقاتىنى ئېستېتىكا تارىخىغا قارىتىدۇ ـ دە، مەركەزلىك ھالدا غەرب ئېستېتىكا تارىخىنى ياكى ئۆز دۆلىتى، ئۆز مىللىتى ئېستېتىكا تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ. بىز پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا تەتقىقات مىراسلىرىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ دائىرە جەھەتتە مەلۇم بىر ساھە بىلەنلا چەكلەنمىگەنلىكىنى بايقايمىز. مەرھۇم

ئالىمنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىنى دائىرە جەھەتتىن ئومۇمىي ئېستېتىكا ــــ ئېستېتىكا قائىدىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئېستېتىكا تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئېستېتىكا قائىدىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئالىم ئىزچىل ئىزدەنگەن ۋە كۆپ قان - تەر ئاققۇزغان تەتقىقات ساھەسى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ھەمدە «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى مۇشۇ تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان. ئومۇمىي ئېستېتىكا تەتقىقاتى زادى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە ئېستېتىكشۇناسلارنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئېستېتىكا قائىدىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىنى چەكلەيدۇ. بەزىلىرى ئومۇمىي ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىنى كەڭ مەنىدە چۈشەنسە، يەنە بەزىلەر تار مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئومۇمىي ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىنى كەڭ مەنىدە چۈشەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ھال ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېستېتىكا ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى زور دەرىجىدە كەڭلىككە ئىگە قىلغان. بىز بۇنى ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىككى كىتابىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. يۇقىرىقى ئىككى پارچە كىتابتا، بولۇپمۇ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق كىتابتا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئومۇمىي ئېستېتىكىغا دائىر نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى «ئەسلىي گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىق»، «سەنئەت گۈزەللىكى»، «بەدىئىي ئىجادىيەت قائىدىلىرى»، «ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيەلەر»، «گۈزەللىك تەربىيەسى»دىن ئىبارەت بەش بۆلۈم («مۇقەددىمىلىك بايان» بىلەن قوشقاندا ئالتە بۆلۈم)، 19 باب بويىچە سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلغان. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ شۇكى، ئالىمنىڭ مەزكۇر كىتابىدا، مەملىكىتىمىزدىكى باشقا

ئېستېتىكىشۇناسلارنىڭ ئومۇمىي ئېستېتىكىغا دائىر تەتقىقات ـ ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان كىتابلىرىدا بىر كىچىك ماۋزۇدا ياكى بىر پاراگرافنىڭ كىچىك ماۋزۇسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان ئادەم گۈزەللىكى مەسىلىسىگە ئۈچ باب ئاجرىتىلىپ، بۇ مەسىلە تولىمۇ ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل تەتقىق قىلىنغان. تەتقىقات دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى نۇقتىسىدىن، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»نى ئەينى چاغدا دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنغان، ئېستېتىكا قائىدىلىرى مۇھاكىمىسىگە بېغىشلانغان تەتقىقات سەمەرىلىرىنىڭ ئالدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئومۇمىي ئېستېتىكا قائىدىلىرى ھەققىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۆلىتىمىز مىقياسىدىمۇ سىستېمىلىق، مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئېستېتىكىشۇناستۇر.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا قائىدىلىرى ھەققىدە سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېستېتىكا تارىخى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە غەرب ئېستېتىكا تارىخىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ئۈستىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتلارنى روياپقا چىقارغان تۇنجى ئېستېتىكىشۇناستۇر. ئالىمنىڭ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئېستېتىكا نەزەرىيەسىدىن مەلۇمات بەرگۈچى تۇنجى دەستۇر بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غەرب ئېستېتىكا تەلىماتلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى، فارابى ئېستېتىكا تەلىماتلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى تۇنجى ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىدىن تاكى رۇسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتلىرىغىچە بولغان غەرب ئېستېتىكىشۇناسلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق

تەلىماتلىرى ۋە ئىدىيەلىرىنى ئىخچام، ئەمما تولۇق تونۇشتۇرۇپ، غەرب ئېستېتىكا تارىخىدىن تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلارغا مەلۇمات بەرگەن. ئالىمنىڭ يۇقىرىقى كىتابىغا فارابى ئېستېتىكىلىق تەلىماتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھال مەزكۇر كىتابنى دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنغان باشقا ئېستېتىكا تارىخى كىتابلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئالىمنىڭ ئېستېتىكا تەلىماتلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر سەۋەبلىك سىستېما ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان.

ئالىمنىڭ فارابى ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى يالغۇز يۇقىرىقى كىتابىدىكى ئىزدىنىشلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «فارابىنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىلىرىنى فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسى، تەسەۋۋۇرنىڭ سەنئەتتىكى رولى، بەدىئىي ئوبراز، بەدىئىي تەقلىد، شېئىرىيەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە مەسىلىسى، شېئىرىي ۋەزىن، قاپىيە، شېئىرىي تىل مەسىلىلىرى، شېئىرىي تۈرلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ھەم نوپۇزلۇق تەتقىقاتلار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا نەزەرىيەسى، غەرب ئېستېتىكا تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئېستېتىكا تارىخى قاتارلىق ساھەلەردىكى قىممەتلىك ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق بۇ ساھەدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى ھەم نوپۇزلۇق تەتقىقات مېۋىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى سەركە بولۇپ قالدى.

**2. ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى قىلغان گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىق تەتقىقاتى**

ئادەتتە ئېستېتىكا مەسىلىلىرى تەتقىقاتى ھامان مۇئەييەن

پەلسەپۋى سىستېما ياكى تەلىماتلارنى يېتەكچى قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئېستېتىكىنىڭ گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا، ھەرقانداق بىر ئېستېتىكىشۇناس مۇئەييەن پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلىنىدۇ. ئېستېتىكىشۇناسلار ئاساسلانغان پەلسەپۋى سىستېمىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى ۋە گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىق ئاڭنىڭ مۇناسىۋە- تى توغرىسىدىكى جاۋابلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى ۋە گۈزەللىك بىلەن ئېستې- تىكىلىق ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە بېرىلگەن جاۋاب ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىكى باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگودىكى باشقا ئېستېتىكىشۇناسلارغا ئوخشاشلا ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىق (ئېستېتىكا ئاڭ) تەتقىقاتىدا ماركسىزملىق ماتې- رىيالىزمنى يېتەكچى مېتودولوگىيە قىلىدۇ. بىز «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىكى گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىق توغرىسىدىكى مۇ- ھاكىمىلەرگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرەلەي- مىز. ئالىم ئېستېتىكىدىكى يۇقىرىقى ئىككى تۈپ مەسىلە توغ- رىسىدا توختالغىنىدا، بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى تۈپ مەسىلە توغرىسىدىكى ھەر خىل ئىدېئالىستىك قاراشلارنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىستىك مونىزملىق ۋە ما- تېرىيالىستىك دىيالېكتىكىلىق قاراشلىرىنى شەرھلەپ، گۈزەل- لىكنىڭ ماھىيىتى ۋە گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنىڭ مۇنا- سىۋىتى مەسىلىسىدىكى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيدانىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇستازنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدى- كى قارىشىنى «گۈزەللىك بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيا تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىياتىدا ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ خاراكتېر» [2]، «گۈزەللىك بىر خىل ئەسلىيلىك ھادىسە»[3]، «ئىنساندىن ئىل- گىرى گۈزەللىك بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس»[1]، ئەسلىي گۈزەل-

لىكنىڭ سوپەت ئېنىقلىمىسى «ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق باھاغا
نىسبەتەن مۇستەقىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى ۋە بۇنداق ئوبيېك-
تىپ مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇتلەقلىقىدىن ئىبارەت»[5] دېگەنلەرگە يە-
غىنچاقلاش مۇمكىن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەردە ئالىم گۈزەل-
لىكنى ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئەزەلدىن يەنى ئىنسان پەيدا بولۇش-
تىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ھادىسە دېگەنلەرنى تەكىتلەش ئارقىلىق
ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى «دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا، ماددا ئە-
زەلدىن مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ، مۇتلەق مەۋجۇدىيەت» دېگەن
ماتېرىيالىستىك قاراشنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئۇستازنىڭ گۈزەل-
لىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرى سابىق سوۋېت ئىت-
تىپاقى ئېستېتىكشۇناسلىرىنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى
توغرىسىدىكى «تەبىئەت قارىشى»، «جەمئىيەت قارىشى»، «مۇجەس-
سەملىك قارىشى» قاتارلىقلارغىمۇ ئوخشاشمايدۇ، دۆلىتىمىز ئېس-
تېتىكشۇناسلىرىنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى
«گۈزەللىك تىپىكلىكتە»، «گۈزەللىك ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇب-
يېكتىپلىقنىڭ بىرلىكىدە»، «گۈزەللىك ئوبيېكتىپلىق بىلەن
ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىرلىكىدە» دېگەن قاراشلاردىنمۇ پەرقلىنىدۇ.
ئەمەلىيەتتىمۇ پىروفېسسور گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى-
دە مۇستەقىل ماتېرىيالىستىك كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
تىرىشىدۇ.

ئېستېتىكشۇناس ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ گۈ-
زەللىك توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك قارىشىنى گۈزەللىكنىڭ —
مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكى مەسىلىسى ئۈستىدىكى
ئىزدىنىشلىرىدىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ «گۈزەللىكتە مەزمۇن بىلەن
شەكىلنىڭ بىردەكلىكى مەسىلىسى ئېستېتىكىدا دىيالېكتىكىلىق
قاراشنى تىكلەش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تۈگۈنى»[6] دەپ قاراپ،
بۇ مەسىلىگە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ مەزمۇن بىلەن
شەكىلنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى قارىشى بويىچە ئىزاھات بېر-

دۇ ۋە «گۈزەللىك ھادىسىلىرى يالغۇز شەكىل ھادىسىلىرى بول-
ماستىن، گۈزەللىكتە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشكەن بولىدۇ.
ھەر خىل شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر گۈزەللىكنىڭ ھەرقايسى قاتلام-
لىرىدا ئۆز قاتلىمىغا ئائىت گۈزەللىكنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى
بىرلەشتۈرگەن بولىدۇ»[7] دېگەنلەرنى تەكىتلەيدۇ. مەرھۇم ئۇس-
تازنىڭ گۈزەللىكنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكىدىن ئى-
بارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشى، ئەمەلىيەتتە «ئوبيېكتىپ ۋە
سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ بولۇپمۇ ئۇنىڭ زامانىۋى شەكلى
بولغان سوتسيولوگىيەلىك ئىدېئالىزمنىڭ مەزمۇن - شەكىل
كاتېگورىيەلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش»[8] تەك قىلمىش-
نى، گۈزەللىكنى نوقۇل شەكىل ياكى نوقۇل مەزمۇن دەپ قاراش-
تەك تەشەببۇسلارنى رەت قىلىپ، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكى-
نىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكى قارىشىنى
ئېستېتىكا تەتقىقاتىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى.
ئالىم گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ
بىردەكلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ماتېرىيالىستىك دىيالېك-
تىكىنىڭ ماددا ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىل كاتېگورىيەسى ئاسا-
سىدا ئىزاھلىغاندىن كېيىن، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارى-
خىي ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى قىلغان ھالدا ئېستېتىكا تەتقىقا-
تىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن «ئېستېتىكىلىق — ئەسلىي
گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنسان ئېڭىدا
ئومۇملاشقان، ئۆلچەملەشكەن، ئوبرازلاشقان، باھا خاراكتېرى ئال-
غان ئىنكاسىدىن ئىبارەت»[9] دەپ ئېستېتىكىلىققا ئېنىقلىما بې-
رىپ، گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلى-
سىنى ماتېرىيالىستىك پرىنسىپ ئاساسىدا ھەل قىلىدۇ، شۇن-
داقلا سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك
ئېستېتىكشۇناسلاردىن ئېنىق چەك - چېگرا ئاجرىتىدۇ. ئاندىن
كېيىن، ئېستېتىكىلىقنىڭ ئىككىلەمچىلىك ۋە ئىنكاسلىق خا-

راكتېرگە، ئىجتىمائىي خاراكتېرگە، ئېستېتىكىلىق باھا خاراك-
تېرگە، نىسپىيلىق خاراكتېرگە، ئوبرازدارلىققا ۋە ھېسسىياتچان-
لىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى شەرھلەيدۇ. يۇقىرىقى ئىزدىنىشلىرىدە،
ئالىم بىر تەرەپتىن، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم پىرىنسىپلىرىنى
گەۋدىلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخىي ماتېرىيالىزم پىرىن-
سىپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئۇستازنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى
ئىزدىنىشلىرىگە سىڭىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق ئۇستىدى-
كى ئىزدىنىشلىرى مەيلى مېتودولوگىيە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى
تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن كەڭلىككە ئىگە قىلىنغان.
ئېستېتىكىلىق توغرىسىدىكى بايان — مۇھاكىمىلەردە ئەمەلىيەت
نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى قىلىش؛
ئىنساندىكى ئېستېتىكىلىق بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار-
دىكى ئاددىي گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىشنىڭ باغلىنىشى ۋە پەر-
قى، ئېستېتىكىلىق سەزگۈ بىلەن ئادەتتىكى فىزىيولوگىيەلىك
سەزگۈ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە پەرق، ئىنساندىكى ئومۇمىي
خۇشاللىق سەزگۈسى بىلەن ئېستېتىكىلىق خۇشاللىق سەزگۈسى
ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە پەرق قاتارلىقلارنى دىيالېكتىك ما-
تېرىيالىزم ئاساسىدا شەرھلەش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېستېتىكى-
لىق ئىدراك ۋە ئېستېتىكىلىق ئاڭ، ئېستېتىكىلىق ئىقتىدار،
ئېستېتىكىلىق ھەۋەس، ئېستېتىكىلىق ھۆكۈم ۋە ئېستېتىكىلىق
باھا، ئېستېتىكىلىق زوق ۋە ئېستېتىكىلىق لەززەت، ئېستېتى-
كىلىق غايە ۋە ئېستېتىكىلىق پائالىيەت قاتارلىقلار توغرىسىدا
پسىخولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئۇستازنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىنى
مېخانىك ماتېرىيالىزملىق كۆلەڭگىلەردىن خالاس قىلغان. نەتى-
جىدە، ئالىم گۈزەللىك تەتقىقاتىدا يەنى گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى-
نىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدىكى تەتقى-
قاتىدا سادىر قىلغان، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىنى
دوگما ھالدىلا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى ۋە گۈزەللىكتە مەزمۇن

بىلەن شەكىلىنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدىكى كونكرېت تەتقىقات-
نىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىشتىن ساقلىنالماسلىق، گۈزەللىك
مەسىلىلىرى تەتقىقاتىنى پەلسەپە قائىدىلىرىنىڭ بېقىندىسىغا
ئايلاندۇرۇپ قويۇش قاتالىق سەۋەنلىكلەر توگىتىلگەن.

**3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر**

مەن ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا تەت-
قىقاتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەردىن بىرنەچچىنى كۆرسىتىپ ئۆتىد-
مەن.

بىرىنچى، مۇستەقىل مۇلاھىزە، ئىجادىي ئىزدىنىش

ئالىمنىڭ ئېستېتىكا ساھەسىدىكى ئىزدىنىش — تەتقىقاتلىرى
مۇستەقىللىق ۋە ئىجادىيلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز-
لەشتۇرمە تەتقىقات يولىنى تۇتمىغان. مەيلى ئېستېتىكا تەتقىقاتى-
نىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بېكىتىشتە بولسۇن ياكى ئۆزى ئوب-
يېكت قىلغان ئېستېتىكا مەسىلىلىرى تەتقىقاتىدا بولسۇن، مەر-
ھۇم ئۇستاز مۇستەقىل، ئىجادىي ئىش كۆرۈشنى بىرىنچى ئو-
رۇنغا قويىدۇ. ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى مەسىلىسى
ئېستېتىكا تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا ئىزچىل تالاش - تارتىشتا
تۇرۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنغان
خەنزۇچە كىتابلاردا بۇ ھەقتە تۇرلۇك قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان.
بىز ئالىمنىڭ ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدىكى
قاراشلىرىنى ئاشۇ خەنزۇچە كىتابلاردىكى مۇناسىۋەتلىك قاراشلار
بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئالىمنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئۇلاردىن
پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. مەسىلەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 -
يىللىرىدىن تارتىپ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ
دەرسلىكى قىلىنغان ۋاڭ جاۋۋېن ئەپەندى باش تۈزگۈچىلىكىدىكى
«ئېستېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابتا ئېستېتىد-
كىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى «ئېستېتىكىلىق ئوبيېكت، ئېستېت-

تىكىلىق ئالىي ۋە سەنئەت»تىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىدا يۇقىرىقى كىتابتا ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن «ئېستېتىكىلىق تەربىيە»مۇ ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنغان. مەزمۇن سىستېمىسى جەھەتتىن يۇقىرىقى ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»نىڭ بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەكىل خاراكتېرلىك قاراشلارغىمۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋەكىللىك قاراشلارغىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىنىڭ ئېستېتىكا تارىخى قىسمىمۇ، دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنغان ئېستېتىكا تارىخى كىتابلىرىغا ئوخشاشمايدىغان مەزمۇن ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە. بىز ئۇستازنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مۇستەقىل مۇلاھىزە ۋە ئىجادىي ئىزدىنىش بىلەن تولغانلىقىنى بايقايمىز. مەزكۇر كىتابنى ئۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئاپتورلار نامىدىكى ئېستېتىكا كىتابلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئۆزلەشتۈرمە بايانلاردىن تەركىب تاپقان ئۇ كىتابلار ئالدىدا، ئالىمنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىكى مۇستەقىل، ئىجادىي ئىزدىنىش روھىنىڭ شاھىتى بولغان بۇ كىتاب ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئىككىنچى، سەنئەتنى تۈرلەرگە بۆلۈش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇستازنىڭ مۇستەقىل، ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «قاتلاملىق

ئېستېتىكا»دىن نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇلارنىڭ بىرسى دەل كىتابتىكى سەنئەتنى تۈرلەرگە بۆلۈش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكتۇر. خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ئېستېتىكا كىتابلىرىدا سەنئەتنى چوڭ تۈرلەرگە بۆلۈشتە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئۇسۇل، سەنئەتنى — ئەمەلىي ئىستېمال سەنئىتى (بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى)، ئورۇنلاش سەنئىتى (مۇزىكا، ئۇسسۇل)، شەكىل يارىتىش سەنئىتى (ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، فوتوگرافىيە، خەتتاتلىق)، تىل سەنئىتى (ئەدەبىيات)، مۇجەسسەم سەنئەت (تىياتىر، كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى)تىن ئىبارەت بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈشتىن ئىبارەت ئىدى. پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا سەنئەتنى تۈرمۇش - مۇھىت سەنئىتى (ھۈنەر - سەنئىتى، بىناكارلىق، مۇھىت سەنئىتى)، تەسۋىرىي سەنئەت (ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق)، مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى، تىل - يېزىق سەنئىتى (ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، خەتتاتلىق، ناتىقلىق)، مۇجەسسەم سەنئەت (تىياتىر، كىنو، تېلېۋىزىيە سەنئىتى)دىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھەربىر سەنئەت تۈرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بەرگەن (بۇ ھەقتە خەنزۇچە ئېستېتىكا كىتابلىرىدا سۆزلەنمەيدۇ). سەنئەتنى يۇقىرىقىدەك چوڭ تۈرلەرگە بۆلۈشنى گەرچە ئالاھىدە چوڭ ئىجادىيەت دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، بىراق بۇمۇ ئالىمنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىكى مۇستەقىل، ئىجادىي ئىزدىنىش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي ئېستېتىكىلىق ھادىسىلەرنى مىسال ۋە پاكىت قىلىپ قىستۇرۇش، مىللىي سەنئەت تارىخىدىن ئۈچۈر بېرىش

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىكى خەنزۇچە ئېستېتىكا كىتابلار ۋە باشقا ئۇيغۇرچە ئېستېتىكا كىتابلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان

بىر ئۆزگىچىلىك شۇكى، ئالىم ئىستېتىكا مەسىلىلىرىنى شەرھلىگەندە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان مىللىي ئىستېتىكىلىق ھادىسىلەرنى مىسال ۋە پاكىت قىلغان. بىز مەزكۇر كىتابنىڭ «سەنئەتنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى»، «سەنئەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى» دېگەن بابلارغا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تېپىلغان قىيا تاش سىزمىلىرى، ھۈنەر - سەنئىتى نەمۇنىلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى كۆرۈنۈشلىرى، قاپارتمىلىق ھەيكەل پارچىلىرى، قىزىل مىڭئۆيدىكى ئۇسسۇللۇق تام رەسىملىرى قاتارلىقلار قىستۇرما قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ قىستۇرما ئىستېتىكىلىق ھادىسىلەر بىر تەرەپتىن، سەنئەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۇچۇر بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي سەنئەت تەرەققىياتى ۋە مىللىي ئىستېتىكىلىق ئاڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىش رولىنى ئوينىغان. مەزكۇر كىتابتىكى سەنئەت تۈرلىرى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ھۈنەر - سەنئىتى، بىناكارلىق سەنئىتى، مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى سەنئەت تۈرلىرىگە دائىر تارىخىي مەلۇماتلارمۇ كۆپلەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇلارمۇ باشقا ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىستېتىكا كىتابلىرىدا پەقەتلا ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ئۆزگىچىلىكلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئۈچىنچى، ئىستېتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ ئايرىلىشىدىكى ئۆزگىچىلىك

مەيلى خەنزۇچە ئىستېتىكا كىتابلىرىدا ياكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ باشقا ئىستېتىكا كىتابلىرىدا بولسۇن، ئىستېتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنى نەپىسلىك، يۈكسەكلىك، تىراگېدىيەلىك ۋە كومېدىيەلىك دېگەندىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈش ئومۇملاشقان بولۇپ، بىز بۇلاردىن تاشقىرى تۈرلەرنى ئۇچراتمايمىز. ئەمما، بىز

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»نىڭ ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيەلەر بۆلۈمىگە قارايدىغان بولساق، ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، مەنپىيلىك ۋە مۇسبەتلىك، يۈكسەكلىك ۋە نەپسلىك، ساددا ۋە ھەشەمەتلىك، تەئەججۇپلۇك ۋە غارايىبلىق، تىراگېدىيەلىك ۋە كومېدىيەلىكتىن ئىبارەت ئالتە جۈپكە بۆلۈنۈپ تەتقىق قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. بۇنى بىز ئالىمنىڭ ئېستېتىكىلىق ھادىسىلەر ئۈستىدىكى ئىنچىكە كۆزىتىشىنىڭ مەھسۇلى دېمەي تۇرالمايمىز.

بەشىنچى، گۈزەللىك تەربىيەسى تەتقىقاتىدىكى ئۆزگىچىلىك

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ۋاڭ جاۋۋېن ئەپەندى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغان «ئېستېتىكىلىق تەربىيە»نى ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى دائىرىسىگە كىرگۈزمىگەن چېغىدا، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئۇنى ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە نۇقتىلىق تەتقىق قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان نۇرغۇن خەنزۇچە ئېستېتىكا كىتابلىرىدا «ئېستېتىكىلىق تەربىيە» مەسىلىسى ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى دەپ قارىلىپ تەتقىق قىلىندى. بىراق «قاتلاملىق ئېستېتىكا»نىڭ «گۈزەللىك تەربىيەسى» تەتقىقاتى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگىچىلىكىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۇستاز «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىدا باشقا ئېستېتىكا كىتابلىرىدا (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە كىتابلاردا) ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ تۈرلىرىنى سۆزلىگەندە بىر پاراگرافنىڭ كىچىك بىر ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدىغان ئادەم گۈزەللىكىنى «گۈزەللىك تەربىيەسى» بۆلۈمىگە (باشقا ئېستېتىكا كىتابلىرىدا بىر باب قىلىنمىدۇ) قويۇپ ئىنتايىن ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئادەم گۈزەللىكىنى گۈزەللىك تەربىيەسى بۆلۈمىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى گۈزەللىك تەربىيەسى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنساننى ھەر تەرەپلىمە

گۈزەللەشتۈرۈشنى مەقسەت ۋە تۈپ ۋەزىپە قىلىدۇ. تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەزكۇر كىتابىدا ئادەم گۈزەللىكىنى «تاشقى شەكىل گۈزەللىكى» (تۆت پاراگراف)، «خاراكتېر گۈزەللىكى» (بەش پاراگراف) ۋە «بىلىم ـ ئىقتىدار گۈزەللىكى»دىن ئىبارەت ئۈچ باب بويىچە تولىمۇ تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلغان. ئېلىمىزدە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئېستېتىكا كىتابلىرى ئىچىدە ئادەم گۈزەللىكى بۇنداق سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغان كىتاب ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىم «بىلىم ـ ئىقتىدار گۈزەللىكى»نى ئادەم گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىدۇ. بۇمۇ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىكى بىر يېڭىلىق بولۇپ، باشقا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئېستېتىكا كىتابلىرىدا بۇ ھەقتىكى مەخسۇس تەتقىقات كۆزگە چېلىقمايدۇ.

يۇقىرىقى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئاساسەن «قاتلاملىق ئېستېتىكا»نى ئۆزلەشتۈرمە بايانلاردىن مۇستەسنا بولغان، ئالىمنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «قاتلام نەزەرىيەسى» ئاساسىدا ئېستېتىكا مەسىلىلىرىنى مۇستەقىل ۋە ئىجادىي شەرھلىشىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە روياپقا چىققان ئىلمىي ئەسەر دېيىشكە ھەقلىقمىز.

**مەنبە:**

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 29 ـ بەت.

②③④⑤⑥⑦⑧⑨ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 71 ـ، 105 ـ، 106 ـ، 107 ـ، 111 ـ، 120 ـ، 116 ـ، 144 ـ بەتلەر.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
3. ۋاڭ جاۋۋېن قاتارلىقلار: «ئېستېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىلى نەشرى.
4. ليۇ شۇچېڭ قاتارلىقلار: «ئېستېتىكىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
5. سەي يى: «يېڭى ئېستېتىكا»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
6. جۇۋ گۇاڭچيەن: «غەرب ئېستېتىكا تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 ـ يىلى نەشرى.
7. ئابدۇللا مۇھەممەدى: «ئېستېتىكا توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
8. سەنئەت ھوشۇر، مەتتۇرسۇن ئېلى: «ئېستېتىكا ئاساسلىرى ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
9. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىلى 4 ـ سان.
10. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابىنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى 3 ـ سان.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ

يالقۇن روزى

*ئىلاۋە: بۇ ماقالە مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.*

* * *

مۇتەپەككۇرلار مائارىپقا سەل قارىغان ياكى مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان ئەلنىڭ نۇسرەتكە تولغان كېلەچىكى بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ بىر تالاش ـ تارتىشسىز ھەقىقەت! بىراق، مائارىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى تامامەن ئايرىم مەسىلە. شۇڭا، مائارىپ دېگەن نېمە؟ مائارىپنىڭ مەقسىتى نېمە؟ مائارىپتىكى ئۇسۇل بىلەن نىشانىنىڭ، يەنى مېتود بىلەن مەقسەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ ئۆتكۈنچى مەنپەئەت بىلەن مەڭگۈلۈك قىممەت مەسىلىسىنى مائارىپتا قانداق ئىپادە قىلىش كېرەك؟ دېگەندەك بىر قاتار نازۇك مەسىلىلەرنى قەدىمكى گىرېك پەيلاسوپلىرىدىن تارتىپ 20 ـ ئەسىردىكى مائارىپ مۇتەپەككۇرلىرىغىچە ھەممىسى دېگۈدەك مۇھاكىمە قىلىپ كەلدى. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مائارىپ مەسىلىلىرىگە

يۇقىرىقىدەك نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە بىلەن ياندىشالىغان كىشى پەقەت مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (1933 ـــ 1995) دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ ما-ئارىپقا ئالاقىدار پەلسەپىۋى مەسىلىلەردە ناھايىتى قىممەتلىك قا-راشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئابدۇشۇ-كۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇتەپەككۇرلۇقىنى ۋە كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى دۇنياسىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنمەيدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كۆپ قىرلىق مۇتەپەككۇر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قاتار مەخسۇس پەنلەرگە چېتىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان ھەم ئوخشاشمى-غان ئىجتىمائىي تېمىلاردا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ قىممەتكە ئىگە خاس قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ئۇنىڭ ئېستېتىكا قارى-شىنى، تارىخ قارىشىنى، مەدەنىيەت قارىشىنى، سەنئەت قارىشىنى، ئائىلە قارىشىنى، مىللەت قارىشىنى ۋە مائارىپ قارىشىنى ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلغىنىمىزدىلا، بۇ مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ بىر پۈ-تۈن دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز ۋە ئالىمغا باھا بېرىش جەھەتتە ئىلمىيلىككە يېقىنلىشالايمىز. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ قاتلاملىرىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى تەرجىمىھالىنى چۈ-شىنىشىمىزمۇ مۇشۇ جەرياندا روشەنلىشىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللى-نىشىنى 20 ياشلارغا قەدەم قويغان چاغلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىللىرى شەكىل-لەنگەن سىياسىي تۈزۈمنىڭ يېتەكچى ئىدېئولوگىيەسى مارك-سىزملىق پەلسەپە ئىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تۇنجى قې-تىم مانا مۇشۇ پەلسەپە سىستېمىسى بىلەن ئۇچراشقان. پەلسەپە-گە ئوتتەك ئىشتىياقى بار بۇ ياش بۇ پەلسەپە سىستېمىسىنى ئىنتايىن بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ماركسىزملىق پەلسەپە مەۋقەسى

ئاساسىدا دۇنياغا نەزەر تاشلاشقا باشلىغان. ئۆگىنىش ۋە ئىزدە-
نىش روھى كۈچلۈك، پەلسەپۋى پىكىر قىلىش قابىلىيىتى يۇ-
قىرى بۇ ياش زىيالىي ئەنە شۇ ئىدىيەۋى مەۋقە ئاساسىدا ئىجاد-
يەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئارىدىن 40 يىللار ئۆتۈپ
1993 - يىلى 60 ياشقا توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان
ئىدىيەۋى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ماقالىسى «ئۆمۈر تەلقىنلى-
رى»دە ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ ئۆزۈكسىز بولىدىغانلىقىنى، ھەق-
قەتنى بايقاشنىڭ نىسپىي بولىدىغانلىقىنى تەن ئېلىپ، «كېچىكىپ
ئويغاندىم ۋە تولۇق ئويغىنالمىدىم؛ دەۋر ۋە مۇھىت ھاۋاسىدا ئۇ-
زاق مەست بولۇپ، تەنتەك چۈشەكەپ، مۇستەقىل ۋە بىۋاستە
كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلىشقا مۇچەللەپ - مۇچەللەپ كېچىكتىم. تې-
ماتىك تەسەۋۋۇرۇم نۇرغۇن جەھەتلەردە تار، قاتمال، زەئىپ بولۇپ
قالدى» دەپ ئۆكۈنگەن.
روشەنكى، دۇنيا قاراش جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە
تاكامۇللاشتۇرۇش شاراپىتىمۇ تەپەككۇرانە پىكىر قۇۋۋىتىگە ئىگە
كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. بىز مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇ-
ھەممەتئىمىننىڭ دۇنيا قارىشى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا
50 — 60 - يىللاردىكى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ 70 —
80 - يىللاردىكى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسلىكىنى.
شۇنداقلا يەنە 1990 - يىللاردىكى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ
ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بىز بايقىغان پەرق قانداقتۇر ياش جەھە-
تىكى پەرق ياكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى
جەھەتتىكى پەرق ئەمەس، بەلكى مەنىۋى تاكامۇللۇق، ئىدىيەۋى
يۈكسىلىش ۋە قىممەت قاراش جەھەتتىكى پەرق.
دېمەك، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەنىۋى مۇ-
ساپىسى مۇرەككەپ ئالىم. ئۇ بىزنىڭ 20 - ئەسىر ئىدىيە - مە-
دەنىيەت تارىخىمىزدىكى مۇھىم تېما. بۇ تېما ئەستايىدىل تەتقىق

قىلىنىشنى، چوڭقۇر چۈشىنىلىشنى ۋە توغرا باھاغا ئېرىشىشنى كۆتمەكتە. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ھايات كەچمىشىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىر پۈتۈنلۈك، تەرەققىيات، ئۆز-گىرىش نۇقتىسىدىن چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇ ئوزۇقلان-غان ئىدىيەۋى مەنبەلەرنى قېزىش، ئۇنىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئېلان قىلىنغان ۋە قىلىنمىغان ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مائارىپ قارىشىنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشنىڭ پەقەت بىر كۆزنىكى، خالاس.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ مائارىپ مەسىلە-لىرى توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئەسەرلىرى «مائارىپ ۋە مائارىپ تارىخىمىزدىن بىر ئۇچۇر»، «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەر-يەۋى تەپەككۇر»، «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى»، «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى»، «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»، «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا»، «قۇتادغۇبىلىك›تە پەن ۋە مائارىپ مەسىلىلىرى» قاتارلىق ماقالىلىرى ۋە «ئائىلە» ناملىق كىتابىدىن ئىبارەت.

## 1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ نەزىرىدىكى مائارىپ

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەڭگۈلۈك كاتېگورى-يە بولغان مائارىپ پائالىيىتىنى ئومۇمەن ئۈچ قاتلاملىق مەنىدە ئىزاھلايدۇ.

بىرىنچى قاتلام مەنىدە «مائارىپ مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلاش-قان نوپۇزلۇق ئاڭنى، سىياسىي، ئەخلاقىي ئىدىيەنى ئۆز ئوب-يېكتلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلار تىزىمىغا ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى». ئالىم بۇ خىل خاراكتېردى-كى مائارىپنى «تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنى قىلىنغان ئاڭ ـ پىكىر-نى مۇكەممەل ئۇقۇم قۇرۇلمىسى مودېلى سۈپىتىدە، تەلىم بەر-

گۈچىدىن تەلىم ئالغۇچىغا كۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەيدۇ.
ئىككىنچى قاتلام مەنىدە «مائارىپ تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىدىن ئېلىنغان بىلىش تىزمىلىرى بولغان بىلىمنى مەلۇم جۈزئىي قىسىملار بويىچە، بىر لوقما ـ بىر لوقمىدىن تەربىيەلەنگۈچىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئەقىل خەزىنىسىنى بىلىم خەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇش» پائالىيىتى، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئالىم بۇ خىل خاراكتېردىكى مائارىپنى «ئۆز ئوبيېكتلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ماھارەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يېتەكلەپ ئۆز سەۋىيەسى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەيدۇ.
ئۈچىنچى قاتلام مەنىدە «مائارىپ ئومۇمەن ئىنساننى ئويغىتىش، ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىلىش ۋە پائالىيەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆزى ‹بىلدىم› دېگەن ئىلىملەرنى، ھازىر ۋە ئۆتمۈشنى، دۇنيا ۋە ماھىيەتلەرنى قايتىنباشتىن بىلىپ، باھالاشقا يېتەكلەيدىغان ‹ئارىق›لىقتا، يەنى ئويغاقلىقتا رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيىتى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئالىم «بۇنداق مائارىپنىڭ مەقسىتى ئىنساننى ئۆزىنىڭ ھېس ـ خاھىشلىرى تۇزىقىدىن، ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى تۇزىقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ماكان چەكلىمىلىرى تۇزىقىدىن، ھادىسە ـ كۆرۈنۈش، ۋەقە ـ ھېكايىلەر تۇزىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنساننى بىۋاسىتە روشەن ھالدا ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدىغان، تاشقى ئالەم بىلەن بولغان بىلىش پائالىيىتىدە ماھىيەتلەرنى كۆرىدىغان ۋە ئىگىلەيدىغان قىلىش» دەيدۇ. ئالىم بۇ ئۈچ تۇرلۇك مائارىپ ئىچىدە ئۈچىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپنى «ئەڭ ئالىي نىشانغا ۋە ئەڭ ئالىي مىزانغا ئىگە مائارىپ» دەپ ئۇلۇغلايدۇ.
مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مائارىپ پائالىيىتىنى ئۈچ تۇرگە ئايرىغان بۇ قارىشىنىڭ نەقەدەر ئىلمىي ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن گېرمانىيە مائارىپ پەيلاسوپى كارل ياسپېرس (Karl Jaspers) نىڭ

«مائارىپ دېگەن نېمە» ناملىق كىتابىدا مائارىپنى ئۈچ تۈرگە ئاي-
رىغان مەشھۇر قارىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ئادەتتە سې-
لىشتۇرۇش ھەقىقەتنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەڭ مۇ-
ھىم ئۇسۇلى. روشەنكى، كارل ياسپېرسنىڭ مائارىپنى ئۈچ تۈر-
گە ئايرىغانلىقى مائارىپشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر قاراش
ھېسابلىنىدۇ.

كارل ياسپېرس يۇقىرىقى داڭلىق كىتابىدا مائارىپنى مەدرىسە
شەكلىدىكى مائارىپ، ئۇستاز ـ شاگىرت شەكلىدىكى مائارىپ ۋە
سوقرات شەكلىدىكى مائارىپتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق تۈرگە
ئايرىغان.

كارل ياسپېرس مەدرىسە شەكلىدىكى مائارىپنىڭ تۈپ ئالاھى-
دىلىكى شۇكى، ئۇ «بىلىم بېرىش» بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئوقۇتقۇ-
چى كىتاب بويىچىلا مېخانىكىلىق تەربىيە بېرىدۇ، دەيدۇ. بۇ دەل
بىزگە تونۇش بولغان، ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك تەنقىدلىنىۋاتقان
جۇڭگونىڭ «ئۆردەك بورداش شەكلى»دىكى ئوقۇتۇشى ياكى فۇلەي-
نىڭ «بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇش شەكلى»دىكى ئوقۇتۇشىدىن
ئىبارەت. ياسپېرسنىڭ نەزىرىدىكى «بىلىم بېرىش» پائالىيىتى
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقان «قېلىپلاشقان نوپۇزلۇق
ئاڭنى سىڭدۈرۈش» پائالىيىتىدۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
بۇنداق پائالىيەت «تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنى قىلىنغان ئاڭ ـ پە-
كىرنى مۇكەممەل ئۇقۇم قۇرۇلمىسى مودېلى سۈپىتىدە، تەلىم
بەرگۈچىدىن تەلىم ئالغۇچىغا كۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دې-
گەن. ياسپېرس ئۆلۈك كىتابىي بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارغا مېخانى-
كىلىق شەكىلدە يەتكۈزۈشنى «جانسىز پائالىيەت» دېگەن. ئابدۇ-
شۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «مودېلنى كۆچۈرۈش پائالىيىتى» دېگەن.

كارل ياسپېرس ئۇستاز ـ شاگىرت شەكلىدىكى مائارىپنىڭ
مەركىزىدە ئوقۇتقۇچى تۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ
سىمۋولى، ئوقۇغۇچىلار مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئوقۇت-

قوچىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر. چۈنكى، ئىتائەت ئەخلاقى ھەر دائىم، ئىزچىل تەكىتلىنىش ئارقىلىق ئۆلارغا سىڭدۈرۈلگەن بو. لىدۇ، دەيدۇ.

كارل ياسپېرسنىڭ بايانىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تۇرغان بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى بولغان «ئۇستاز»، ئابدۇشۇكۇر مۇ. ھەممەتئىمىننىڭ بايانىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى «ئۆز سەۋىيەسى دە. رىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان» ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوخ. شاش. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بايانىدىكى ئوقۇتقۇچى ئۆ. زىنى مۇئەييەن دەرىجىدىكى سەۋىيەنىڭ ئۆلچىمى — بىلىم ۋە نو. پۇزنىڭ سىمۋولى، دەپ قارىمىسا، ئوقۇتۇشنى ھەرگىزمۇ ئوقۇ. غۇچىلارنى «ئۆز سەۋىيەسى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قى. لىپ» تەشكىللىمىگەن بولاتتى. بۇ خىل ئوقۇتقۇچى كارل ياس. پېرس ئېيتقان «بىلىم ۋە نوپۇزنىڭ سىمۋولى» بولغان ئوقۇتقۇ. چىدۇر. دېمەك، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىككىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپ توغرىسىدىكى قارىشى كارل ياسپېرسنىڭ ئۇستاز ـ شاگىرت شەكلىدىكى مائارىپ قارىشى بىلەن ئوخشاش.

كارل ياسپېرس سوقرات شەكلىدىكى مائارىپ قارىشىنى چۈ. شەندۈرگەندە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كىنايە، گۇمان ۋە مۇزاكىرە قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار باراۋەر سۆھبەتلىشىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئوقۇغۇ. چىلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى قوزغىتىش، بىلىم ئېلىش ئارزۇ. سىنى يېتىلدۈرۈش. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلى ئەڭ مۇۋاپىق، چۈنكى پەقەت مۇشۇ خىل ئۇسۇللا ئوقۇغۇچىلارغا ئەر. كىنلىك بېرەلەيدۇ، دەيدۇ.

كارل ياسپېرسنىڭ «باراۋەر سۆھبەتلىشىش» شەكلىدىكى ئو. قۇتۇش پائالىيىتىنى ئۇلۇغلىشى ئاجايىپ دانالىق، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ «پەقەت مۇشۇ خىل ئۇسۇللا ئوقۇغۇچىلارغا ئەركىنلىك

بىرەلەيدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. كارل ياسپېرس مۇشۇنداق
ئالاھىدە ئۇسۇل ئىچىدە «ئوقۇتقۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى قوزغىتىش، بىلىم ئېلىش ئارزۇ-
سىنى يېتىلدۈرۈش» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىن ئۈچىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپ قارىشىنى ئىزاھلىغان-
دا، «مائارىپ ئومۇمەن ئىنساننى ئويغىتىش»، «ئويغاقلىقنى رىغ-
بەتلەندۈرۈش پائالىيىتى» دەيدۇ. ئۇ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «بۇن-
داق مائارىپنىڭ مەقسىتى ئىنساننى ئۆزىنى ھېس - خاھىشلىرى
تۇزىقىدىن، ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى تۇ-
زىقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ماكان چەكلىمىلىرى تۇزىقىدىن،
ھادىسە - كۆرۈنۈش، ۋەقە - ھېكايىلەر تۇزىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ،
ئىنساننى بىۋاسىتە ۋە روشەن ھالدا ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدى-
غان، تاشقى ئالەم بىلەن بولغان بىلىش پائالىيىتىدە ماھىيەتلەرنى
كۆرىدىغان ۋە ئىگىلەيدىغان قىلىش» دەيدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-
مەتئىمىن زوق - شوق بىلەن تەرىپلىگەن بۇ «ئويغاق ئادەم»نى
كارل ياسپېرس كۆزدە تۇتقان «ئەركىنلىك» ئىچىدىكى ئادەم ئە-
مەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ نەزىرىدىكى ئۈچ
خىل مائارىپ پائالىيىتى كارل ياسپېرس تەرىپلىگەن ئۈچ خىل
تىپتىكى مائارىپ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مائارىپشۇناس بولمى-
غان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ مائارىپ پائالىيىتىنىڭ خا-
راكتېرىنى ئايرىشىنىڭ، مائارىپشۇناس بولغان كارل ياسپېرسنىڭ
قاراشلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى، بۇ مۇتە-
پەككۇر ئالىمىمىزنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە
چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مائارىپنى ئۈچ تۈرگە
بۆلۈپ بىرىنچى قاتلامدىكى مائارىپنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈر-
گەندە بۇ خىل «مائارىپ مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلاشقان نوپۇزلۇق

ئاڭنى، سىياسىي، ئەخلاقىي ئىدىيەنى ئۆز ئوبيېكتلىرىغا سىڭدۈ.
رۈپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلار تىزىمىسىغا ئايلاندۇرۇش
پائالىيىتى» دېگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خىل ئوقۇتۇش پائا.
لىيىتى «مەجبۇرىي تېڭىش»تەك مۇستەبىتلىك تۇسىگە ئىگە. ئا.
مېرىكىلىق مائارىپشۇناس جون دېۋېي «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ»
دېگەن كىتابىنىڭ «مائارىپنىڭ مەقسىتى» دېگەن بابىدا بۇنداق
«مەجبۇرىي تېڭىش» خاراكتېرىدىكى مائارىپنى قاتتىق ئەيىبلەپ
مۇنداق يازغان: «سىرتتىن مەجبۇرىي تېڭىلغان مائارىپ مەقسە.
تىنىڭ نۇقسانلىرىنىڭ يىلتىزى بەك چوڭقۇر بولىدۇ. ئوقۇتقۇ.
چىلار بۇ مەقسەتلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردىن قوبۇل
قىلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارمۇ بۇ خىل مەقسەتلەرنى
جەمئىيەتتە مودا بولغان مەقسەتلەردىن قوبۇل قىلىدۇ. ئوقۇتقۇ.
چىلار بۇ مەقسەتلەرنى بالىلارغا مەجبۇرلاپ تاڭىدۇ. بۇنىڭ بىرىن.
چى ئاقىۋىتى شۇ بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى
ئەركىن بولالمايدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلىي ئورگان
بەلگىلەپ بەرگەن مەقسەتلەرنى قوبۇل قىلىشىغىلا يول قويۇلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە
دەرسلىك بىلەن زىچ باغلانماي قالىدۇ.

پائالىيەت جەريانىغا سىرتتىن مەجبۇرلانغان مەقسەت مۇقىم،
ئۆلۈك بولىدۇ. بۇ خىل مەقسەت ئالاھىدە مۇھىتتا ئەقىل ـ پا.
راسەتكە ئىلھام بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئىشلارنى ئۇنداق ياكى
مۇنداق قىلىشقا نىسبەتەن تاشقى قىسمىدىن بېرىلگەن بۇيرۇق.
تۇر. بۇ خىل مەقسەت ھازىرقى پائالىيەت بىلەن بىۋاسىتە مۇنا.
سىۋەت قۇرالمايدۇ. ئۇ مەۋھۇم بولۇپ، مەقسەتكە يېتىشتە پايدى.
لىنىدىغان ۋاسىتە بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ. بۇ خىل مەقسەت
تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ مۇۋازىنەتلىك پائالىيەتلەرگە ئىلھام بې.
رەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇ پائالىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مائارىپتا
سىرتتىن مەجبۇرلاپ تېڭىلغان مەقسەتلەر كەڭ ئومۇملاشقانلىق.

تىن، مەۋھۇم، يىراق كەلگۈسىگە ھازىرلىق كۆرىدىغان تەلىم ـ تەربىيە قارشى تەكىتلىنىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتى مېخانىكىلىق، قۇللاشقان خىزمەتكە ئايلىنىپ كەتتى.»

جون دېۋېي قاتتىق تەنقىد قىلغان ۋە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان بۇ خىل مائارىپنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك مائارىپ سۈپىتىدە تونۇپ، بىرىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپ دەپ كۆرسەتكەن. ئۆزى ھاياجان بىلەن تەرىپلىگەن ئۈچىنچى قاتلام مەنىدىكى مائارىپنى بولسا «ئەڭ ئالىي نىشانغا ۋە ئەڭ ئالىي مىزانغا ئىگە مائارىپ» دەپ ئۇلۇغلىغان. بۇنىڭدىن بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بىلىش دەرىجىسىنىڭ خەلقئارادىكى داڭلىق مائارىپشۇناسلارنىڭ سەۋىيەسىگە ياندىشالايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئەلۋەتتە، بىز بۇ خىل بىلىشنىڭ بىر پۈتۈن سىستېما جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنىمۇ تەن ئالىمىز.

**2. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى گۇمانىتار مائارىپ**

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىنى قاپلىغان بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش دولقۇنىدا كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي ئەسەبىيلىك قويۇنىنى كۆزىتىپ، 1993 ـ يىلى بىر ماقالىسىدە مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: «نۆۋەتتە، ئىقتىسادنى چىقىش يولى دەپ قاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكتە. ئەگەر، ئىقتىساد ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرى بىردەك ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتىن داجىپ، روھىيەتتىن، يەنى ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، ئىقتىساد ۋە كۆپ قىرلىق گارمونىيە ھەم مۇۋازىنەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.» ئۇ ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا قانداق

ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازغان:
«مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇھاكىمە، ئەدەپ - ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە چارە -
تەدبىر جەھەتلەردە بىر قاتار نورمالسىزلىق، ھەتتا بۇزۇلۇش،
چىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ.» ئۇ مانا مۇشۇنداق روھىيەت
كىرىزىسىگە ھامىلدار رېئاللىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ئىستېمال
دەۋرىدىكى مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئالىي نىشان قىلغان مائارىپنىڭ
قىممىتىگە بولغان گۇمانىنى ۋە ئاقىۋىتىگە بولغان ئەندىشىسىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بۇ خىل قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:
«بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆزىمىزنى ئەۋلادلارغا پاك ۋە ئۈنۈمدار يەت-
كۈزۈش، شۇنىڭ بىللەن بىللە ئەۋلادلارنىمۇ پاك ۋە بىلىملىك
ھالدا كەلگۈسىگە يەتكۈزۈش. ئەۋلادلىرىمىز ھەرگىزمۇ باي، قابى-
لىيەتلىك، بىلىملىك، ئەمما بۇزۇلغان ‹ئىنس - جىن›لاردىن بو-
لۇپ قالمىسۇن!»
ھەقىقەتەنمۇ پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ماددىي
مەدەنىيەت يارىتىشنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش-
نىلا ئالىي نىشان قىلغان مائارىپ بىر قاناتلىق تازقاراغا ئوخشاپ
قالىدۇ. بۇ تازقارا كۆكتە پەرۋاز قىلالماق بولسىمۇ، لېكىن ئەسلا
ئۇچالمايدۇ.
مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ يەردە گۇمانتار
مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ نوقۇل ھالدا پەننىي ما-
ئارىپ بىلەنلا بولۇپ كېتىشنى يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دۇ، دەپ قارىغان. ئەلۋەتتە، پەننىي مائارىپ ئىنسانىيەتنى ماددىي
مەدەنىيەت جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئىنسانىيەتنى تەبىئەت
بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ قويۇش، ئىنساننى ئۆز ماھىيىتىدىن
ياتلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-
ئىمىن مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئالىي نىشان قىلغان ئىستېمال ئە-
سەبىيلىكى دەۋرىدىكى بۇنداق پەننىي مائارىپنى ئىنكار قىلىپ،

يۈكسەك گۈمانىتار پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق يازغان: «بىلىش كې-
رەككى، ئىنسانىيەت ماددىي بايلىق ئىشلەپچىقارغان بىرىنچى
كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى ئالى شەكىلگە، مەنىۋى شەكىلگە ئايلاندۇر-
غان. ئىنسانىيەت باي بولۇشنى ئەمەس، بەختلىك بولۇشنى ماھى-
يەتلىك ئىستەك قىلغان.»
مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئىنسانىيەت باي بو-
لۇشنى ئەمەس، بەختلىك بولۇشنى ماھىيەتلىك ئىستەك قىلغان»
دېگەندە دەل گۈمانىتار مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭسىز
ئىنساننىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى بەختىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى
بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ مەنپەئەتپەرەسلىك تىپىدىكى
پەننىي مائارىپنى تەنقىدلىگەندە يەنە «قارىغاندا، ماددىي پاراۋانلىق
قوغلىشىش، مەنىۋىيەتنى تولۇقلاشقا سەل قاراش؛ ماددىي مەدەنى-
يەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى نەزەردە تۇتالماسلىق؛ ماددىي
مەدەنىيەت رىقابىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، گۈمانىتارلىق
تەربىيەسىگە سەل قاراش؛ رېئاللىقنى كۆرۈپ تەجرىبە ـ ساۋاقلار-
نى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بىر ۋارقىراپلا ئىن-
كار قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئىشىنىش كېرەككى، بۇ ۋا-
قىتلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ، بىر مەزگىل
ئەۋجىرەپ كەتسىمۇ، لېكىن بەرىبىر تۈزىلىشكە يۈزلىنىدىغان
ھادىسە» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.
مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ خىل مائارىپ
قارىشى 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يازغان ماقالىلىرىدە ئۆز ئىپا-
دىسىنى تاپقان. ئارىدىن 10 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە جۇڭگو جەمئى-
يىتى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان كۆچەپ تەكىتلەپ كەلگەن پەن-
نىي مائارىپنىڭ بىر تەرەپلىمە نەتىجىسىنى چۆچۈش ئىچىدە تو-
نۇپ يەتتى. بۇ خىل مائارىپ ماددىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرگەن،
ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان، پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇر-
غان، ھەتتا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالار-

نىڭ ئادىمىيلىك ساپاسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىدە «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى» مەسىلىسى جىددىي كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 21 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن يولغا قويۇلغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ گۇمانىتارلىق روھنى يېتىشتۈرۈش، گۇمانىتارلىق مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ئالاھىدە تەكىتلەندى.

مائارىپتا پەنگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكمۇ، دېگەن بۇ مەسىلە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مائارىپ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مائارىپتا پەن تەربىيەسىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىش تەبىئىي ھالدا ئادەمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، پەننى مەركەز ۋە مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق مائارىپتا ئادەم پەقەت ۋاسىتە ۋە قورال ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئورنى قوش بىسلىق شەمشەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنسانلارغا بەختمۇ يارىتالايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بالايىئاپەتمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەن ـ تېخنىكا ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت رىتىمىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئادەمنىڭ ئەخلاقىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى ھېساباتتا ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

گۇمانىتار مائارىپ ئەخلاق ۋە قىممەت خاھىشىغا ئىگە مائارىپتۇر. چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى پەن مائارىپىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇ ئىككى خىل مائارىپ بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەبىئىي پەن دەۋرنىڭ پويىزى بولسا، گۇمانىتار پەنلەر دەۋر پويىزىنىڭ شوپۇرى. مائارىپ جەريانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ۋە كىشىلىك قەدىر -
قىممەت تۇيغۇسىنىڭ يۇكسىلىشىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىمىسا،
مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ئادا قىلىنمىغان بولىدۇ. يەنى
مەركەز قىلىنىدىغان يەنىي مائارىپ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى
كۆچەيتىش ۋە گەۋدىلەندۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئادەمگە سەل
قارايدۇ. ئادەمنى تۆت پۇتلۇق مەخلۇققا، ھەتتا تۇنجۇقۇپ قالغان
گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گۇمانىتار مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى
شۇ يەردىكى، ئۇ تەلىم - تەربىيە جەريانىدا ئادەمگە ئەھمىيەت بې-
رىشنى توپ ئەقىدە قىلىدۇ. شۇڭا مائارىپ مۇتەپەككۇرلىرى پەن-
نىي مائارىپ بىلەن گۇمانىتار مائارىپنى «دۇنيانىڭ ئىككى قانى-
تى» دەپ چۈشەندۈرۈشمەكتە. ئەمەلىيەتتىمۇ، مائارىپ ئادەمنىڭ
ئادىمىيلىكىنى ئويغىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا
قويماي، ئۇلارغا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىتىش، ئۇلارنىڭ
تېخنىكا قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئادەم-
دىن ئىبارەت ئالەمنىڭ جەۋھىرىنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇن-
داق مائارىپ ھەقىقىي مەنىدىكى مائارىپ بولماي قالىدۇ. جۇڭگو-
نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىرى ۋە مائارىپچىلىرى پەن مائارىپىغا زىيا-
دە ئەھمىيەت بېرىپ، گۇمانىتار مائارىپقا سەل قاراش تۈپەيلىدىن
كېلىپچىققان ناچار ھادىسىلەر ئۈستىدە پائال ئويلىنىپ، يېڭى
ئېراغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭلا يەنگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىشكە
ئادەتلەنگەن جۇڭگو مائارىپىغا ئەبەدىي ئىنتىلىشكە ئەھمىيەت بې-
رىپ، ربئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى دۇنيا ۋە كۆڭۈلدىكى ئىنسا-
نىي پەزىلەت ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئىزدىنىش، ئادەمنىڭ
قىممىتىنى ئۇلۇغلاش، ئۆزلۈكنىڭ تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ئىن-
تىلىش، ئادەمنىڭ نەپسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرۈش بىللە، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكتە
نابۇت بولۇشىغا قارشى تۇرۇش، خاسلىقنى ئازاد قىلىش، كىشىلەر
ئارا ئەركىن، باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى

نامايان قىلىش، ئەقلىيلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خۇراپاتلىققا، قارىغۇلار-چە ئەگىشىشكە ۋە بىلىش ساھەسىدىكى مەجبۇرىي بويسۇنۇشقا قار-شى تۇرۇشتەك گۇمانىستار روھنى سىڭدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. مائارىپتا ئالدى بىلەن پەنگە ئەمەس، ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەش مائارىپنىڭ ئەڭ توغرا تاللىشىدۇر.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز ماقالىلىرىدە ئالدى بىلەن ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان گۇمانىستار مائارىپنى دەۋرنىڭ يۈزلىنىشى بولغان پەن مائارىپىنىڭ رولچىسى قىلىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ مائارىپنى ئەنە شۇنداق كەڭ ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مۇتەپەككۇر ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىمۇ بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەر-زىيدۇ.

### 3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى مىللىي مائارىپ

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مىللىي مائارىپ مە-سىلىسى ھەققىدىمۇ بىر يۈرۈش قاراش ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇ-رىغا قويغان. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مائارىپى ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ ھالقىلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئېنىق بايقىغان ۋە قاراتمىلىققا ئىگە تەلىم ــ تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى روشەن گەۋدە-لەندۈرگەن بولۇشى لازىم.» ئۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇھىم ۋەزى-پىسى توغرۇلۇق توختىلىپ، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېي-دۇ: «مېنىڭچە، ھالقىلىق مەسىلە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ھېسسى-يات قۇرۇلمىسىنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىن ئۈستۈن بولۇش

ھادىسىسىنى تەربىيە ئارقىلىق تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت.» ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ھېسسىيات تەپەككۇردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارىغاچقا يۇقىرىقى تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «مىللىتىمىز ئومۇمەن ئەقلىي، مەنتىقىي، نەزەرىيەۋى، ئىلمىي تەپەككۇر بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە نىسبەتەن ھېسسىيات ۋە كۆز ئالدىدىكى روھىي كەيپىيات بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئېغىر دەرىجىدە مايىل.» ئۇ بۇ خىل روھىيەت قۇرۇلمىمىزنىڭ بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى توغرىسىدا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ يەككە ھاياتىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىقى ئاجىز؛ سودا ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، سىياسىي ئىقتىدارى ئاجىز؛ ھېسسىياتچانلىقى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى ئاجىز؛ يېڭىلىققا قىزىقىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، مىللىي كىملىكىنى بىلىش ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ئىقتىدارى ئاجىز. شۇڭا نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل مۇھىتىنى يارىتىش، مېنىڭچە، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئېڭى ۋە تارىخىي خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز كىشىلەرنى قائىدە ـ پىرىنسىپلار بويىچە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، سۆزلەيدىغان، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرەلەيمىز. خەلقىمىز شۇ چاغدىلا پىكىر قىلىشتىكى قۇرۇق قايىلچىلىق ۋە ئەقىدىۋازلىق ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلالايدۇ. مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتەلەيدىغان، ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن چۈشىنەلەيدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتسىز جۆيلۈمەيدىغان، لوگىكىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئەستىن چىقارمايدىغان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ‹ئالتۇن شۆپۈك› ۋە ‹يالتىراق پۆپۈك›كە تېگىشمەيدىغان بولىدۇ. ئاخىرقى

ھېسابتا مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى يۈكسىلىدۇ.»
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ خىل مۇتەپەككۇرانە پىكىر ۋە قاراشلىرى بىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزنى، مىللىي روھىيىتىمىزنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن تۇغۇلغان. شۇڭا ئۇ، «مىللىي مائارىپىمىز ئۆز ئوبيېكتى-لىرىنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇر جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىگەن ھالدا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە پەلسەپە، تەبىئەت پەنلى-رى، قانۇنشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخ پەنلىرىدىن نۇقتىلىق تەربىيە بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە سىياسىي - ئىقتىسادقا ئائىت پەنلەرنى ئىگىلىتىشكە كۆپرەك ئىلھام بېرىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەرقانداق غايىدىكى مائارىپنىڭ مەقسىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدا ئەڭ مۇھىم ئامىل ئوقۇتقۇ-چى ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇ ئالدى بىلەن رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنىسكىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ تەق-دىرى تەربىيە بىلەن ھەل قىلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئو-قۇتقۇچىلارغا ئەسلەتكەندىن كېيىن ئېنىق قىلىپ: «شۇڭا ئوقۇت-قۇچى ئۆز كەسپىنى ئەقلى، قەلبى ۋە ۋىجدانى بىلەن سۆيۈشى، ئۇنى ئۇلۇغ تارىخىي تەرەققىياتقا ئاڭلىق بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئۇ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ئۇنىۋان ئالغاندىمۇ ئۆزىنى توپ ۋىجدانىي ئۆلچەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا يۈكسەكلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ مۇنداق دې-گەن: «ئوقۇتقۇچىلار بىر مەھەللىك ئېتىبارسىز مۇئامىلە، ئىس-سىق - سوغۇق ئېقىملار ئالدىدا تارىخىي يىراقنى كۆرەلىكىنى يوقاتماسلىقى، تېگىرقىماسلىقى لازىم.»
مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مىللىي مائارىپىمىز-نىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇرچى توغرىسىدا ئېنىق پە-

كىر ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، مىللىي مە-نىۋىيىتىمىزدىكى سەنئەتخۇمارلىق پىسخىكىسى چەكتىن ئېشىپ كەتسە مىللەتنى كاردىن چىقىرىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ سەنئەتتىن ئىبارەت ئىككىلەمچى نەرسىنى خەلقنىڭ تۇپ خۇمارى قىلىپ قو-يۇش خەتەرلىك، دەپ كۆرسەتكەن. مائارىپ مىللىي روھىيىتىمە-مىزدىكى بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى، مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان ئىچكى - تاشقى كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۇس-تىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك، دېگەن. ئۇ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ بىز «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىر مىللىتى» دې-گەندەك ناملارغا مەست بولۇپ يۇرمەسلىكىمىز كېرەك، روھىيە-تىمىزدىكى ھېسسىيات ئۇستۇن بولۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئەقلىي تەپەككۇر ئۇستۇن بولۇش ھالىتىنى بارلىققا كەلتۇرۇشكە تىرىشىشىمىز لازىم، چۈنكى ئالدىمىزدا بىزگە شېئىر مۇسابىقە-سى دۇچ كېلىۋاتقىنى يوق ! دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ مۇتەپەككۇرانە ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بىزنى قانچىلىك ئويلاندۇرالىسا ۋە سەگىتە-لىسە، ئەنە شۇ چاغدىلا بىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىمىزدىكى زاماندىغا ماس كەلمەيدىغان نورمالسىزلىق ھالىتى تۇنجى قەدەمدە ئۆز-گىرىش ياساشقا باشلىغان بولىدۇ.

2005 - يىلى يېزىلدى.
2013 - يىلى تۈزىتىلدى.

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇيغۇرلاردا ئېستېتىكا قۇرۇلۇشى

ئىقبال تۇرسۇن

**ئاپتور ھەققىدە:** ئىقبال تۇرسۇن 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، ئەدەبىياتشۇناسلىق دوكتورى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى، تەنقىدچىلىك تارىخى تەتقىقاتچىسى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ھېكمەت ئۇنچىلىرى»، «ئۇيغۇرلاردا كىنو ـ تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى»، «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا 70 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك تۆت تەتقىقات تېمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىلىق پەن تۈرىنىڭ مەسئۇلى، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئاسپىرانتلىق ئۇنۋان نۇقتىسىنىڭ مەسئۇلى، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئىقبال تۇرسۇننىڭ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بەدىئىي ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىگە بولغان قايىللىقى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇ-

زى تەربىيەلەۋاتقان ئاسپىرانتلىرىنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا ئالاقىدار تېمىلاردا ماقالە يېزىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىقبال تۇرسۇننىڭ بۇ ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2015 - يىلى 12 - ئايدا مۇتەپەككۇر ئالىم «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

*　　　　*　　　　*

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىق ئىلمىي قۇرۇلۇشى ۋە تەتقىقاتلار تېزلىكتە قانات يېيىپ، ئالىي مەكتەپلەر، ئاكادېمىيەلەر ۋە تەتقىقات يۇرتلىرىدا ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئېستېتىكا پەنلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان فىلولوگىيە پەن قۇرۇلۇشى پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋى مىللىي ئوقۇشلۇق ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى پەن قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ پەلسەپە ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە پەن تەرەققىياتىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان كۆپ قىرلىق فىلولوگلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پەن ساھەسىدە ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئېستېتىكا نەزەرىيەسى ۋە قوللانمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئاساس سالغان ھەمدە مۇھىم رول ئوينىغان ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخ تەتقىقاتچىسى ۋە ئېستېتىكشۇناس دېيىشكە مۇناسىپ.

80 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر مىللىي تىل - يېزىقىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئېستېتى-

كا نەزەرىيەسى دەرسلىكى ئوقۇشلۇقلىرى تېخى بوشلۇق ئىدى.
ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ مەزگىلدە نەشر قى-
لىنغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەق-
قىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»،
«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» قاتارلىق كىتابلىرىدا
ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى، مۇقام سەنئىتى ۋە فارابىنىڭ
پەلسەپە ۋە ئېستېتىك ئىدىيە سىستېمىسى قاتارلىق تېمىلار بو-
يىچە ئۇيغۇر مىللىي ئېستېتىكىسىنى ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى
ئىپادىلىگەنىدى. كەينىدىنلا ئۇ تۈزگەن «ئومۇمىي ئېستېتىكا»
ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تۈنجى قېتىم تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپلەر
ئۈچۈن ئېستېتىكا دەرسلىكى بولۇپ قالدى. مۇشۇ مەزگىللەردە
شىنجاڭدىكى كونىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات -
سەنئەت كەسىپلىرىدە ئېستېتىكا دەرسلىكى تېخى تەسىس قى-
لىنمىغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىر قىسىم ئالىي
مەكتەپلەردە ئېستېتىكا دەرسى ئېچىلغان بولسىمۇ، دەرسلىك
قوللانمىسى بولمىغاچقا، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ
سۆزلەشكە توغرا كەلگەنىدى. بۇ ھەقتە ئاندا - ساندا يېزىلغان
ماقالىلەردىن باشقا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى يوق دېيەرلىك ئى-
دى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۈزگەن
«ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتاب ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تۈ-
زۈلگەن تۇنجى ھەم بىرقەدەر سىستېمىلىق دەرسلىك قوللانمىسى
بولۇش بىلەن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر، چوڭلار ئالىي مائا-
رىپى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر، سەنئەت كەسىپلىرى ۋە ئەدە-
بىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ يېگانە قوللانمىسى بولۇپ تا
ھازىرغا قەدەر كەڭ تۈردە قوللىنىلماقتا. مەن ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بۇ كىتابنى ئىخلاس بىلەن قايتا - قايتا
ئوقۇغان بولسام، شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل جەريانىدا
ئېستېتىكا دەرسى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىدا مۇھىم پايدىلىنىش

قوللانمىسى قىلىپ، پايدىلىنىپ كېلىۋاتىمەن.

بۇ كىتاب قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېستېتىكا نەزەرىيەسى ۋە ئېستېتىكا تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، جەمئىي توققۇز بابتىن تەركىب تاپقان. ئېستېتىكىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئورنى، گۈزەللىك نەزەرىيەسى، ئېستېتىك چۈشەنچە، سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيەسى، ئېستېتىك كاتېگورىيەلەر ۋە ھالەتلەر، گۈزەللىك تەربىيەسى، غەرب كىلاسسىك ئېستېتىكا تارىخىدىكى نەزەرىيەۋى تەلىماتلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى، ئېستېتىكىلىق ئىدىيەنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەر دىيالېكتىك ماتېرىيا-لىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي ئۇسۇل ۋە پىرىنسىپ ئاساسىدا شەرھلەنگەن، مۇھىم كەسپىي ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بې-رىلگەن.

ئېستېتىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەۋى قائىدە - قانۇنىيەتلى-رى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىدىيە - ئاڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر چوڭقۇر، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، گۈزەل-لىكنىڭ ساھەلىرى، ماھىيىتى، مەنبەسى، سەنئەت ئىجادىيەت قا-نۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇ-نىڭدىن كېيىن ئاپتور تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېستېتىكا ئىدىيەسى ۋە ئېستېتىك مەدەنىيىتىنى قىزىشقا بۇرىلىپ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن بايان»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشى-غۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى پەلسەپە - ئېستېتىك تەپەككۇرى، ماد-دىي، مەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىدىن قىيا تاش، تاشكېمىر، مۇقام ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى ئېستېتىك ئىدىيە، كۆزقا-راشلارنىڭ تارىخىي يىپ ئۇچلىرىنى ۋە ئېستېتىكا ئاڭ ۋە نەزە-رىيەۋى قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتكەنىدى. ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە 1994 - يىلى قاتلام نەزەرىيەسى ۋە مېتو-

دولوگىيەسى ئاساسىدا ئىلگىرىكى «ئومۇمىي ئېستېتىكا» نەزەرد-
يەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ ئۆزىنىڭ ئومۇملاشقان
«قاتلاملىق ئېستېتىكا» سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا» — ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ
پەلسەپۋى بىلىش ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيەسىدە پىششىپ يېتىلگەن-
لىكى ۋە ئۆزىگە خاس ئىدىيە، قاراش ۋە مېتودنى شەكىللەندۈر-
گەنلىكىنىڭ سەمەرىسى، شۇنداقلا «ئومۇمىي ئېستېتىكا»نىڭ
قاتلاملاشقان، تولۇقلانغان گەۋدىسى ئىدى. كىتاب مۇقەددىمىلىك
بايان، ئەسلىي گۈزەللىك ۋە ئېستېتىكىلىق، سەنئەت گۈزەللى-
كى، بەدىئىي ئىجادىيەت قائىدىلىرى، ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيە-
لەر ۋە گۈزەللىك تەربىيەسىدىن ئىبارەت ئالتە بۆلۈم، 19 باب
مەزمۇندىن تەشكىل تاپقان. ئاپتور غەرب ئېستېتىكا تارىخىدىكى
خىلمۇخىل ئېقىملارنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆزىنىڭ
قاتلاملىق ئېستېتىكا نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، پى-
رىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى شەرھلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، قاتلام كەڭ
بىر چۈشەنچىدىن ئىبارەت بولۇپ، «شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە
چوڭقۇرلاپ نەزەر سالساق، بارلىق ماددىي دۇنيا زەررىدىن قۇياش-
قىچە، ھۈجەيرىدىن ئىنسان مېڭىسىگىچە بارلىق روھىي ھادىسە-
لەرنىڭ ھېسسىي بىلىشتىن تەپەككۇرغىچە، ئىدېئولوگىيەدىن مە-
نىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگىچە ھەم قۇرۇلمىلىق، ھەم راۋاجلى-
نىش جەريانى جەھەتتە كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.»
«قاتلاملىق - ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ۋە بىزنىڭ بىلىش روھىيە-
تىمىزدىكى ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقتا ئىگە چىنلىقتىن ئىبارەت.»
ئاپتورنىڭ قاتلاملىق قارىشى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق قا-
راش، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش بولۇپ، «قاتلامسىز ھېچ-
قانداق قۇرۇلمىنى، ھېچقانداق تەدرىجىي تەرەققىياتنى، ھېچقانداق
تارىخنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، قاتلاملىق ھالەت تە-
بىئەت، جەمئىيەت، تەپەككۇر دۇنياسىدىكى بارلىق قۇرۇلمىلىق،

مۇناسىۋەتلىك، سەۋەبىياتلىق، تەرەققىياتلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، قاتلاملىق دۇنيا ۋە قاتلاملىق ھادىسىلەرنى قاتلاملىق بىلىش مۇمكىنچىلىكى بار. شۇڭا بىز تەكشۈرىدىغان ئوبيېكتنى قاتلاملىق تەھلىل قىلىش، قاتلاملىق ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. مۇنداق بىلىش ئۇسۇلىنى قاتلام نەزەرىيەسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.» ئاپتور قاتلاملىق ئالاھىدىلىكنى ھەم بىر خىل نەزەرىيە، ھەم بىر خىل ئىلمىي مېتودولوگىيە دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»سىنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇلى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»سى مۇنداق بىرنەچچە قاتلامنى ئىز-چىللاشتۇرىدۇ: بىرىنچى، قاتلام خاس ئەسلىي گۈزەللىك، گۈزەللىك پسىخىكا تۇيغۇسى، ئېستېتىكىلىق ھالەتلەر. سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى، غەرب - شەرقنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىدىيە ۋە ئالىي تارىخى. ئۈچىنچىسى، سەنئەت ئىجادىيىتى نەزەرىيەسى ۋە سەنئەت تارىخىدىن ئىبارەت. ئاپتور پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، دىداكتىكا، پېداگوگىكا، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتشۇناسلىق نۇقتىلىرى بويىچە كۆپ نۇقتىدىن، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قۇرۇلمىلىق ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېستېتىكا مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئېستېتىكا ئىدىيە - كۆزقاراشلىرىنى ئېستې-تىكا نۇقتىسىدىن شەرھلەپ بېرىشكە كۈچ سەرپ قىلغان. ئېس-تېتىكا نەزەرىيەسى تارىخى ۋە سەنئەت تارىخى قاتلاملىق ھالدا با-يان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرىدىكى تولۇق كۇرس، ئاسپىرانتلار، بىلىم ئاشۇرغۇ-چىلار ۋە كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئېستېتى-كا پىنىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشىدىكى سەر خىل دەرسلىك، مۇھىم قوللانما رولىنى ئويناپ ۋە ئىجادىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، رايونىمىزدا ئېس-
تېتىكا دەرسلىكى تۈزۈش ۋە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ،
ئىلگىرى ـ كېيىن ئابدۇللا مۇھەممەدى تۈزگەن «ئېستېتىكا
توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، سەنئەت ھوشۇر تۈزگەن «ئېستېتىكا
گۈزەللىك ۋە تەربىيە» قاتارلىق ئوقۇشلۇقلار بارلىققا كەلدى.
مەتبۇئاتلاردا فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشىغەرىي،
ئەھمەد يۈكنەكى، نەسىرىدىن رابغۇزى قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاس-
سىكلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئېستېتىكا ئىدىيە ـ قا-
راشلار، ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى
شېئىرىيەت ۋە پىروزا ئىجادىيىتى، ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە
سەنئىتى، قول ـ ھۈنەر سەنئىتىدىكى ئېستېتىكا ئالاھىدىلىك-
لەر، گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە مەنىۋى ساپا قاتارلىق مەسىلىلەرى
ھەققىدە مۇلاھىزىلەر كۆپەيدى. شۇنداق بولسىمۇ، چوڭقۇرلۇق،
يېڭىلىق، سىستېمىچانلىق ۋە نەزەرىيەۋىلىك جەھەتتە 20 يىلدىن
بۇيان مەيلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا بولسۇن ياكى تەتقىقات
ساھەسىدە بولسۇن، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قاتلاملىق
ئېستېتىكا»سى يەنىلا ئەڭ نوپۇزلۇق قوللانمىلىق ئوقۇشلۇق بو-
لۇپ ئىشلىتىلمەكتە. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بىزدە «ئومۇمىي
ئېستېتىكا» ۋە «قاتلاملىق ئېستېتىكا»نى بېسىپ چۈشكۈدەك بى-
رەر يېڭى ئىلمىي ئەسەر تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق.

ھالبۇكى 20 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار پەلسەپە ـ نەزەرىيەۋى پەن-
لەردە خېلىلا ئارقىدا قالغانلىقتىن ئۇيغۇرلاردا ئېستېتىكا پەن
قۇرۇلۇشى ۋە تەتقىقاتى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جىددىي
قولغا ئېلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئاجىز ساھە ئىدى. ئەگەر «بىر
مىللەت پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇشنى خالايدىكەن، ئۇ ھال-
دا نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالماسلىقى
كېرەك» (ئېنگېلس) لىكىنى تونۇپ يەتكەن ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر
مۇھەممەتئىمىن 80 ـ يىللاردىكى ئېستېتىكا قىزغىنلىقىدىن

ئىلھاملىنىپ، بىزنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى ساھەيىمىزدىكى بۇ
چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ
تۈنجى ئېستېتىكا نەزەرىيەسىنى تۈزدى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇ-
رۇپ، تولۇقلاپ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»نى ئىلىم ساھەسىگە سۇنۇپ
بىر بوشلۇقنى تولدۇردى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىغا
يول باشلاپ بەردى.

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايمىزكى «ئومۇمىي
ئېستېتىكا» بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى ئۆگىنىش ھاسىلاتى بولۇش
سۈپىتىدە ئىلمىيلىك، كەڭلىك، نەزەرىيەۋىلىك، يېڭىلىق جەھەت-
لەردە مۇئەييەن يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانغان. قاتلاملىق ئېستې-
تىكا بىر خىل نەزەرىيە ۋە مېتودولوگىيە بولۇش سۈپىتىدە ئۇ
ئەنئەنىۋى سىستېما نەزەرىيەسى، تىزگىنلەش نەزەرىيەسى قاتارلىق
مېتودولوگىيەلەرنىڭ داۋامى ياكى يېڭىچە ئاتىلىشى. بۇ خىل
قاتلام نەزەرىيەسى مېتودىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى، نەزەرىيەۋى تە-
لىماتى ۋە قۇرۇلمىسى ھەمدە ئېستېتىكىغا تەتبىقلىنىشى، ئاسا-
سىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى كۈتىدۇ. ئەسەر بىرقىسىم زىددىيەتلىك
پىكىر - قاراشلار ۋە مەنتىقسىزلىقلەردىن خالىي ئەمەس، شۇنداق
بولۇشىغا قارىماستىن ئۇ ئالىمنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش ئىرادىسى
ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى نامايان قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئېستېتىكا كەڭ مەنىدە بارلىق گۈزەللىك ساھەلىرى
ھەققىدىكى پەلسەپىۋى خاراكتېردىكى پەن. ئىنسان زاتىنىڭ گۈ-
زەللىك ھەققىدىكى بىلىش ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ئۆزىنى ئىز-
دەش، ئۆزىنى تونۇش ۋە گۈزەل دۇنيا قۇرۇپ چىقىش جەھەتتىكى
ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئىجادىيەتلىرىنىڭ
بەدىئىي جۇلاسى.

ئېستېتىكا گەرچە 18 - ئەسىردىكى گېرمانىيە پەيلاسوپى ئا-
لېكساندىر گوتتىلىق بائوم گارتىن (1714 ~ 1762) تەرىپىدىن

مۇستەقىل پەن قىلىپ تىكلەنگەن بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىكا ئېڭى ۋە ئىدىيەسى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ شەكىللەنگەن. ئېستېتىكا ۋە گۈزەللىك مەسىلىلىرى ھەققىدە ئەڭ قەدىمكى ياۋروپادا گىرېك - يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى-دىن سوقرات (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 469 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 399 - يىلىغىچە ياشىغان)، ئەپلاتون (مىلادىيەدىن بۇ-رۇنقى 428 - يىلىدىن 348 - يىلىغىچە ياشىغان)نىڭ «دىيالوگ» (غايىۋى دۆلەت)، ئارىستوتېلىنىڭ «پوئېتىكا»، «رىتورىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرى قەدىمكى رىم مۇتەپەككۇرلىرىدىن ھوراتىيوسنىڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 65 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 - يىلىغىچە ياشىغان) «شېئىرىي سەنئەت ھەققىدە»، لونگىنوس (213 ~ 273) «يۈكسەكلىك ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مۇھاكىمىلەر قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئاتاقلىق ئېستېتىكىچىلاردىن پىلوتىنو AC (205 ~ 270)، توماس ئاكۋىناس (1225 ~ 1274)، فىرانسىس باكون (1561 ~ 1626)، شاختىسبورىي (1671 ~ 1713)، فى-رانسىس ھوتچىسون (1694 ~ 1747)، ھوگارت (1697 ~ 1764)، يوم (1711 ~ 1776)، بۇركىي (1729 ~ 1797)، يې-قىنقى زامان ئېستېتىكىچىلاردىن روسسو (1712 ~ 1778)، لىسسىنىڭ (1729 ~ 1781)، كانىت (1724 ~ 1804)، گىيو-تى (1749 ~ 1832)، شىللىر (1759 ~ 1805)، ھېگىل (1770 ~ 1831)، رۇسىيە ئېستېتىكىچىلىرىدىن بىلىنىسكىي (1811 ~ 1848)، چېرنىشېۋسكىي (1828 ~ 1889) قاتارلىق ئېستېتىكىچىلار گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى ۋە سەنئەت ھەققىدە پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىكىلىق تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. غەرب ئېستېتىكا تارىخىدا بولۇپمۇ، قەدىمكى گىرېتسىيە پىروتگىلاس ئېقىمىدىكىلەرنىڭ «گۈزەللىك شەكىل دېمەكتۇر»، ئەپلاتوننىڭ «گۈزەللىك مۇناسىۋەت دېمەكتۇر»، 19 - ئەسىردىكى

روس ئېستېتىكىچىلاردىن چېرنىشېۋسكىينىڭ «گۈزەللىك تۇرمۇش دېمەكتۇر» دېگەن قاراشلىرى غەرب ئېستېتىكا نەزەرىيەسى تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

كانىت ۋە ھېگىلنىڭ ئېستېتىكا قاراشلىرى ھازىرقى زامان غەرب ئېستېتىكىسىنىڭ مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە پەلسەپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا ئېستېتىكا مەسىلىلىرىنى قاتلاملىق مۇھاكىمە قىلىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن. تەبىئىي پەنلەر، سانائەت پەنلىرى ۋە نەزەرىيەۋى ئىلىملەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ماركسىزملىق دىيالېكتىك پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىدە 20 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئېستېتىكىسى ساھەسىدە پەلسەپەسى ئېستېتىكا ئېقىمى (شوپېنخاۋېرنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپەسى، گىروگ سەزگۈ ئېستېتىكىسى، ھوسسانىڭ ھادىسىشۇناسلىق ئېستېتىكىسىدىن تەركىب تاپقان. پسىخىك ئېستېتىكا ئېقىمى (فىروئىد روھى ئانالىز ئېستېتىكىسى)، گىمىتائولىت پسىخولوگىيەلىك ئېستېتىكىسى (ئەنگلىيە تەجرىبىچىلىك ئېستېتىكىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن) ۋە سەنئەت سوتسىيولوگىيەسى ئېستېتىكىسى ئېقىمى (گىروسىن، تىنا، روسسىن سەنئەت ئېستېتىكىسى، بەلگە ئېستېتىكىسى، سان ـ سېپىر ئېستېتىكىسى، قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى، سىستېما ئېستېتىكىسى قاتارلىقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن) قاتارلىق ھازىرقى زامان ئېستېتىكىسى ئېقىملىرى ئەنئەنىۋى نەزەرىيە رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ رەڭدارلىق، كۆپ خىللىققا يۈزلەنمەكتە. تەتقىقات مېتودىمۇ كۆپ خىللاشماقتا.

جۇڭگودا ئېستېتىكا تەتقىقاتى يېقىنقى زاماندىكى سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە، غەرب يېقىنقى زامان ئېستېتىكىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. لياڭ چىچاۋ، ۋاڭ گوۋېي، سەي يۈەنپېي ۋە لۇشۈن قاتارلىقلار جۇڭگو يېقىنقى زامان ئېستېتىكىسىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئەينى چاغدا بېيجىڭ

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى سەي يۈەنپېي 20 ـ يىللاردا بېيجىڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېستېتىكا دەرسىنى تەسىس قىلغان ھەمدە
گۈزەللىك تەربىيەسى بارلىق تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئاساسى دەپ
تەشەببۇس قىلغانىدى. 30 ـ ، 40 ـ يىللاردا جۇڭ گۇاڭچيەن
ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئېستېتىكا نەزەرىيە تەلىماتلىرىنى تەر-
جىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ئاساسىدا جۇڭگونىڭ ئېستېتىكا پەن
قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان بولسا، زوڭ بەيخۇا جۇڭگو
كىلاسسىك ئەنئەنىۋى ئېستېتىكا چۈشەنچە ئىدىيەلىرىنى تەتقىق
قىلىپ، مىللىي پەلسەپە تارىخى ئاساسىغا قۇرۇلغان ھازىرقى زا-
مان ئېستېتىكا ئىلمىنى بەرپا قىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدا ئېستېتىكا ھەققىدە
ئېلىمىزدە تۆت خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى قانات
يېيىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەلىرىگە غايەت زور تەسىر
كۆرسەتكەن. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىزدە ئېستېتىكا قىز-
غىنلىقى قايتا قوزغىلىپ، تەتقىقات چوڭقۇرلىشىشقا، ئىنچىكى-
لىشىشكە قاراپ ماڭدى. تۇرمۇش ئېستېتىكىسى، سەنئەت ئېستې-
تىكىسى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېستېتىكىسى، ماتېماتىكا ئېستې-
تىكىسى، ئەدەبىيات ئېستېتىكىسى، سېلىشتۇرما ئېستېتىكا،
مىستىسىزملىق ئېستېتىكىسى، شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى، پە-
روزا ئېستېتىكىسى، ئىلاھىيەت ئېستېتىكىسى، ئۆلۈم ئېستېتى-
كىسى قاتارلىق يېڭى تارماق پەنلەر كېلىپچىقىپ، يەنە بىر يۇقى-
رى دولقۇننى پەيدا قىلدى. ئۇ بارغانسېرى مىللىي تارىخىي مەدە-
نىيەت ئېستېتىكىسى تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەكتە.

مېنىڭچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇ-
ناسلىق پەن قۇرۇلۇشىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشقا ئەھمىيەت
بېرىش بەكمۇ زۆرۈر دەپ قارايمەن. بىرىنچىدىن، چەت ئەللەرنىڭ
قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن داڭلىق پەيلاسوپ. مۇتەپەككۇرلىرى،
ئېستېتىكا نەزەرىيەچىلىرىنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە سەر خىل

ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىش، تونۇشتۇ-
رۇش، شەرھلەش، ئۆرنەك قىلىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.
بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى
ئەڭ يېڭى نەزەرىيە، تەلىمات قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىش، دىيا-
لوگلىشىش، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كې-
رەك. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر مىللىي ئېستېتىكا ئىدىيە تارىخى
ۋە ئېستېتىك مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقى-
قاتنى قانات يايدۇرۇش، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى
ھەم قانۇنىيىتى، سىستېمىسىنى تېپىپ چىقىپ، بۈگۈنكى پەن
قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئۆرنەك قىلىشى زۆرۈر. ئۈ-
چىنچىدىن، ئوقۇتۇش ۋە دەرسلىك تۈزۈشنى مۇھىم نۇقتا قى-
لىپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئېستېتىكا، گۈزەل-
لىك تەربىيەسى ۋە ئەخلاق دەرسلىكىنى يېڭىلاش تەخىرسىز بىر
ئىش بولۇپ قالدى. تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى
زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەدىب، سەنئەتكارلار ھەم ۋەكىل-
لىك ئەسەرلىرىنى ئېستېتىكا پەن نۇقتىسىدىن شەرھلەش يەنى
بىزدە ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە
ئېستېتىكىسى، زوقلىنىش ئېستېتىكىسى، مەدەنىيەت ئېستېتى-
كىسى، پىروزا ئېستېتىكىسى دېگەندەك يېڭىچە ساھەلەرنى ئې-
چىشقا يۈزلىنىش زۆرۈر. ئاخىرىدا تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر
نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر ئېستېتىكا ئىدىيە ۋە نەزەرىيەسىنى قېزىپ
چىقىپ ۋە يەكۈنلەپ ئۇنى ئېلىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەت-
لەرنىڭ ئېستېتىكا ئىدىيە تارىخى بىلەن سېلىشتۇرۇش، ئۆچرى-
شىش، دىيالوگلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىشىنى چىڭ تۇ-
تۇش، يەنە چەت ئەلنىڭ پەلسەپە، ئېستېتىك نەزەرىيە تەلىماتلىرى
بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، تەتقىقات ئورگانلىرىنى قۇ-
رۇش ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ھەربىر دەۋردە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن خاس ئىلىم ۋە ئالىم بو-

لىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە، مە-
دەنىيەت ئاڭلىقلىقىغا، مۇستەقىل ئىلىمگە ئىگە بولۇپ دۇنياغا
يۈزلىنىشىدە فىلولوگىيە پەنى، بولۇپمۇ پەلسەپە ۋە ئېستېتىكا
پەن قۇرۇلۇشى ئومۇمىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنى، ئۇنىۋېرسال سا-
پاسىنى يېتىشتۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق مەسىلىدۇر. چۈنكى گۈزەللىك
تەربىيەسى بىر مىللەتنىڭ ئەزاسىدىن تاكى پۈتۈن مىللەتكىچە،
ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئادىمىيلىك خاراكتېر، پەزىلەت يېتىش-
تۈرۈشكە، ئېچىۋېتىلگەن ھالدا تەرەققىي قىلىش يولىغا يېتەك-
لەشكە، مىللەتنىڭ ئوبرازىنى، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، تاكا-
ماللاشتۇرۇشقا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.
مەنمۇ ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي تەتقى-
قاتىدىكى ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە بىردەكلىكى مېتودى بويىچە
ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت
مېتودى ۋە قاتلاملىق ئېستېتىكا تەتقىقات مېتودىنىڭ تەسىرىگە
كۆچلۈك ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە ئۇنىۋېرسال
مېتودى ۋە ئېستېتىكا نەزەرىيەسىنىڭ ئىلھامى ۋە تەسىرىدە
«ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى ئىجادىدا ئازاب ئېڭى ۋە ئۆلۈم تېمىسى»،
«ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيەسى مەدەنىيىتى»، «20 ـ ئەسىر ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىدا ئۆلۈم ئېڭى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرلىرىمدە ئەدە-
بىيات تارىخىمىزدىكى ئازاب ئېڭى، ئۆلۈم، مۇھەببەت تېمىلىرىنى
پەلسەپە، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە ئېستېتىكا بىردەكلىكى مېتودى
بىلەن شەرھلەشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسام، ئۇيغۇر كى-
نو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى مەدەنىيەت، تارىخ ۋە
ئېستېتىكا يۈكسەكلىكىدە تورۇپ مۇھاكىمە قىلىشقا كۆپرەك
كۈچىدىم. بۇ مېنىڭ يېتەكچى تەتقىقات مېتودىمنى شەكىللەندۇ-
رۇپلا قالماي، ئۇيغۇر ئېستېتىكا تارىخى ۋە ئېستېتىك مەدەنىيەت
تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىمنى ۋە ئارزۇيۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ
كەلدى. ئەنە شۇ قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالىي مەكتەپ مۇنبى-

رىدە 20 يىلدىن بىرى ئىستېتىكا دەرسىنى ئۆزۈمنىڭ ئاساسلىق دەرسلىرىمنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۈستۈمگە ئېلىپ ئۆتۈش جەريا- نىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ياراتقان ئىستېتىكا پەن نەزەرى- يەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىستېتىك ئىدىيە كۆزقاراشلىرىنىڭ تارىخىنى تىكلەش ئارزۇسىنى كۆڭلۈم- گە پۈكۈپ ۋە ئىزدىنىپ كېلىۋاتىمەن. يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىدىكى ئاسپىرانتلارغا «شەرق ئىستېتى- كىسى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئىستېتىكىسىدىن لېكسىيەلەر» قا- تارلىق يېڭى دەرسلەرنى ئېچىش ۋە ياش ئۆگەنگۈچىلەرنى مۇشۇ تەرەپكە جەلپ قىلىش ۋە چېنىقتۇرۇشمۇ مېنىڭ ئىستېتىكا ئو- قۇتۇش ۋە تەتقىقاتىنى كېڭەيتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىمدۇر.

مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئىستېتىك ئىدىيە ۋە نەزەرىيە تارىخىنىڭ سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر فىلولوگىيە پەنلىرى قۇرۇلۇشىمىزدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە جىددىي ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

ناۋادا يېقىن كەلگۈسىدە بىز بۇ ئىستېتىك مەدەنىيەت تارىخى- مىزنى قۇرۇپ چىقالىساق، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەن قۇرۇلۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاڭلىق تەرەققىي قى- لىشى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەت- تە ئۆزىمىزگە خاس مەدەنىيەت تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە مىللىي پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچى رولىنىمۇ يەكۈنلەپ چىقالى- غان بولاتتۇق.

# فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ مەشئەلچىسى

بەختىگۈل ئىمام

**ئاپتور ھەققىدە:** بەختىگۈل ئىمام 1983 - يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزا باغلا كەنتىدە تۇغۇلغان. 1999 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇغان. 2013 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يۆنىلىشى بويىچە ماگىستېر ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان.

بەختىگۈل ئىمام ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدا «نەۋايىنىڭ ‹مەجالىسۇن - نەفائىس›تىكى شېئىرىيەت قارىشى» (خەنزۇچە «ياش يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىلى 12 - ئايلىق سانى)، «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى زامانىۋى باشقۇرۇش سەنئىتى ھەققىدە» (تۈركچە، 2015 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنلىرى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك «تۈرك مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتۇرۇلۇپ، قازاقىستان خەلقئارا قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

بەختىگۈل ئىمامنىڭ بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2016 - يىلىدىكى سانىدا ئېلان قى-

لىنغان. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلۈش ئالدىدا ئاپتور ماقالىسىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئىشلەپ چىقتى.

*　　*　　*

فارابىشۇناسلىق — 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىن شەرقشۇناسلىق ئىلمى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلىم تارمىقى بولۇپ قالدى. ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدە، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان فارابى تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ساھەدە ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ماقالىلىرى ۋە خاس تەتقىقات كىتابلىرى بىلەن يول ئاچقۇچىلىق رول ئوينىدى.

### 1. شىنجاڭدا فارابى تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى ۋە دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزدا تارىخچى ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىلى 6 - سانى)، ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ھەكىم، سەنئەتكار فارابى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1980 - يىلى 2 - سانى) ناملىق تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ فارابىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1980 - يىلى 4 - سانى)، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىدىيەلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1981 - يىلى 1 - سانى)، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىم-

مىتى» («پەلسەپە تەتقىقاتى»، (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يە-
لى 11 - سانى)، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىم-
مىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى» (بۇ ئىككى
ماقالە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» ناملىق كىتا-
لىپكىتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
1982 - يىلى نەشرى) «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققى-
دە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1985 -
يىلى 3 - سانى) قاتارلىق ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ ئالىمغا
خاس تەتقىقات كۆچى بىلەن رايونىمىزدا ئەمدىلەتىن بىخ سۇرۇۋات-
قان فارابىشۇناسلىقنى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىن بىراقلا تەتقى-
قات سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇنىڭ شاگىرتى
مەمتېلى دانى «فارابىنىڭ بەزى ئېستېتىك قاراشلىرى توغرىسى-
دا» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1984 - يىلى
4 - سانى) ئابدۇقادىر تۇردى «فارابى ‹غايىۋى دۆلەت› تەلىماتىنىڭ
ياۋروپا خىيالىي سوتسىيالىزىمىغا تەسىرى توغرىسىدا قاراشلى-
رىم» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنى-
لى»نىڭ 1986 - يىلى 1 - سانى)، ئابدۇقەييۇم خوجا «ئەبۇ نە-
سىر فارابى» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىلى 3 - سانى) قا-
تارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ فارابى تەتقىقاتىغا يې-
قىندىن يانداشتى.

1980 - يىللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە فارابى ۋە ئۇنىڭ
نەسەبى، فارابى ياشىغان دەۋر ۋە فارابىنىڭ ھايات پائالىيىتى
توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەندىن سىرت، فارابىنىڭ
پەلسەپە، لوگىكا، مۇزىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسى،
پىسخولوگىيە، ئەخلاق، ئېستېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلغار
قاراشلىرى ۋە فارابىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ
فارابى ئىدىيەسى بىلەن بولغان باغلىنىشى، فارابىنىڭ پەلسەپە ۋە
ئىجتىمائىي قاراشلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك تەھلىل ۋە مۇھا-

كىملەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇر-مەنلىرى ۋە فارابىشۇناسلىقتا قىزىققۇچى زىيالىيلارنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ فارابى تەتقىقاتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

1980 - يىللار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا فارابىشۇ-ناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، رايونىمىزدا بۇ ساھەدە ئېرىشىلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدە پىروفېسسور ئابدۇ-شۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان فارابىشۇناسلىقتا ئالەمت يىرىك ئەھمىيەتكە ھېسابلىنىدىغان «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابى شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقا-تىدىكى تۇنجى خاس ئىلمىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر پەلسەپە تەتقىقاتىدىكى جۇملىدىن فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك ئىلمىي نەتىجە بولۇپ قالدى. مەزكۇر كىتابنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالى فارابى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1100 يىل-لىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1970 - يىلى يېزىلغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەتۇر قويۇنلىرى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قىلچە ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان قىيىن شا-رائىتتا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كىتابنىڭ دەسلەپكى رامكى-سىنى تۈرغۇزۇپ چىققان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاش-قاندىن كېيىن ئاپتور يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماتېرىيال توپلاپ 1984 - يىلى كىتابنى تولۇق تاماملىغان. نەشرىياتنىڭ «خىراجەتنى تېجەشكە مەجبۇر بولۇشى» سەۋەبىدىن بۇ ئەسەرنىڭ يېرىمى دېگۇدەك قىسقارتىۋېتىلگەن ھالدا 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-مەتئىمىن بۇ كىتابتا فارابىنىڭ دەۋرى ۋە ھايات پائالىيىتى، تە-بىئەت ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپىسى تەلىماتلىرى، فارابىنىڭ پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرى، فارابى تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈر-

يىتى، فارابى پەلسەپۋى تەلىماتلىرى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرۇلۇق چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە دۇنيادا فارابى توغرىسىدا يېزىلغان نوپۇزلۇق كىتابلار، يۈرگۈزۈلگەن تەتقىقاتلار توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىپ، دىيارىمىزدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن.

1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ئاستا ـ ئاستا جانلاندى. تەبىئىي ھالدا فارابىشۇناسلىقتىكى يۈقىرىقى نەتىجىلەر ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىمىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تۈزۈش دولقۇنى باشلىنىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ۋە تېزىسلار تۈزۈلدى. دەسلەپتە ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى تېزىسلىرى» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى 1982 ـ يىلى باستۇرغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشر قىلغان) بىلەن ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن تۆت توملۇق «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى 1983 ـ يىلى باستۇرغان) ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئارقىدىنلا شەرىپىدىن ئۆمەر تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى)، غەيرەتجان ئوسمان ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى. بۇ كىتابلاردا مەخسۇس بابلار ئاجرىتىلىپ فارابىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.

1980 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فارابىشۇناسلىقتا كۆ-

رولگەن بىر ئالاھىدە ئەھۋال سەي دېگوينىڭ «ئەرەب پەيلاسوپى فارابى» («شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ خەنزۇچە 1987 ـ يىلى 3 ـ سانى) ناملىق ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بولدى. فارابىنىڭ مىللىي كىملىكىگە قارىتا خاتا قاراشنى كوچەپ بازارغا سالغان بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تونۇلغان پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تەتقىقاتچىسى زارىف دولات «فارابى ئەرەب پەيلاسوپىمۇ؟» («شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 1987 ـ يىلى 4 ـ سانى) ناملىق تەنقىدىي ماقالىسىنى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «فارابى پەلسەپە ئىدىيەسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقلىق زىددىيەت» («شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 1988 ـ يىلى 1 ـ سانى) ناملىق رەددىيە ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ سەي دېگوينىڭ ئاساسسىز قاراشلىرىغا ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق قاتتىق رەددىيە بەرگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى كېيىنچە ئىسلامجان شېرىپ، ئابدۇكېرىم راخمانلار تۈزگەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (1)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تېزىسلىرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق دەرسلىك كىتاب ۋە قوللانمىلارغا كىرگۈزۈلگەن.

فارابىشۇناسلىق ساھەسىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 1980 ـ يىللاردا شىنجاڭدا فارابىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تۇنجى بولۇپ فارابىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمە قىلغان «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» «تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۆمەر ئىبراھىم تەرجىمە قىلـ-

غان فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق كىتابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا» دېگەن بىر قىسىم بۆلەكلىرى («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1982 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى) ئېلان قىلىندى. «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە» (مەھمۇت زەيدى تەرجىمىسى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىلى 4 ـ سانى)، «شېئىر كىتابى»، («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1984 ـ يىلى 2 ـ سانى)، «ئەپلاتون قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتى» («بۇلاق ژۇرنىلى»نىڭ 1998 ـ يىلى 1 ـ سانى)، «ئەرەستۇ پەلسەپىسى» (جاپپار ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق ژۇرنىلى»نىڭ 1998 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سانلىرى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئېلان قىلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنى فارابى ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار قىلدى. بۇ ئەسەرلەر كېيىنچە ئەشرەپ ئابدۇللا رەتلىگەن فارابىنىڭ 120 پارچە ئەسەرىنىڭ بىبلوگرافىيەسى بىلەن بىللە («كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا) ئېلان قىلىندى ھەم ھۆرمەتجان فىكرەت بىلەن جاپپار ئەمەت تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىسىغا كىرگۈزۈلدى.

1990 ـ يىللاردا، شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا خېلىلا جانلىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەر خىل ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژۇرناللار، گېزىتلەردە فارابى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىلمىي ئەسەر ۋە ماقالىلەر يېزىلىپ ۋە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. مەسىلەن، ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك

ئەدەبىياتى تارىخىدىن نامايەندىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى)، ئىراقلىق مۇسا مۇساۋى يازغان «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» (داۋۇت ئۆبۇلقاسىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى)، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلەر نەشر قىلىندى، بۇلاردىن باشقا يەنە ئۆمەر داۋۇتنىڭ «فارابى» («بىلىم ـــ كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىلى 9 ـ سانى)، مەتتۇرسۇن ئىمىنايەتنىڭ «ئەبۇ نەسىر فارابى» («خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1991 ـ يىلى 3 ـ سانى)، ئىقبال تۇرسۇننىڭ «قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا ‹خەلق ئاساس، ئىدىيەسى ۋە دۆلەت تەقدىرىدىن قايغۇرۇش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىلى 1 ـ سانى)، ئىبراھىم ئاگاھ چۈبۈكچۇنىڭ «فارابى» («كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىلى 3ـ، 4ـ سانلىرى)، ئەشرەپ ئابدۇللانىڭ «فارابى پەزىلەت ئېڭىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 2 ـ سانى)، «ئەبۇ نەسىر فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلوگرافىيەسى» («كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 3 ـــ 4 ـ سانى)، پەتخۇللا تاشكەندىنىڭ «ئەل فارابى مېخانىكىسى» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى سانى)، ئابلىز ئابدۇقادىرنىڭ «فارابى نەچچە يىل ياشىغان؟» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىلى 2 ـ دېكابىردىكى سانى) قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ فارابى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ كېڭىيىپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

1990 ـ يىللاردا فارابىشۇناسلىقتا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت يەنىلا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 1992 ـ يىلى ئەنخۇي خەلق

نەشرىياتى دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى بولغان «جۇڭگودىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى» (24 مىللەتنىڭ پەل-
سەپە - ئىدىيە تارىخى يېزىلغان)نى نەشىر قىلىپ تارقاتتى. زور
ھەجىملىك بۇ كىتابنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى جۇڭگو ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەلسەپە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچى-
سى شاۋ ۋېييۈەن، ۋۇ يىڭۋۇ ۋە پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-
مەتئىمىن ئۈستىگە ئالغان. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىم «ئۇيغۇر پەلسەپە
تارىخى» قىسمىنى يازغان بولۇپ، ئالىم فارابىنى مەخسۇس پاراگ-
راف سۈپىتىدە يېزىپ چىققان. بۇ ئۇيغۇر - تۈرك پەيلاسوپى فارا-
بىنىڭ ئۇيغۇر پەيلاسوپى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەرىپىدىن
خەنزۇ تىل - يېزىقىدىن پايدىلىنىدىغان ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقات-
چىلارغا سۇنۇلغان ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىسى ئىدى.
شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق ساھەسىدە 21 - ئەسىرگە قەدەم
قويغاندىن بۇيان ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات جەريا-
نىدا ئابلاجان مەمەت تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزى-
نىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى)، زارىف
دولات باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ
پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، (شىنجاڭ ئۈنىۋېرسى-
تېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى)، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىن يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» (شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى)، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
يازغان «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
2003 - يىلى نەشرى)، ئىقبال تۇرسۇن يازغان «ئۇيغۇرلاردا ھايات
ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيا-
تى، 2006 - يىلى نەشرى)، مۇھەممەتقازى ئەيسا تۈزگەن «قەدىمى-
كى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» (قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى)، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگەن «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (تارىخ -

مەدەنىيەت قىسمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى)، كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۇزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق فارابى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىلىرى، ئىدىيەۋى قاراشلىرى توغرىسىدىكى مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەجىد پەخرۇنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى ئالاھىدە توپلىمى)، ئابدۇخەبەر سۇلايماننىڭ «فارابىنىڭ نەزەرىدە شائىرلىق» («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىلى 5 ـ سانى)، «فارابىشۇناسلىقنىڭ دۆلىتىمىزدىكى تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2014 ـ يىلى 9 ـ سانى)، ئىقبال تۇرسۇننىڭ «قەدىمكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»نىڭ 2015 ـ يىلى 1 ـ سانى)، يۈسۈپ ئەھمىدىنىڭ «ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئىنسانىيەت مۇزىكىسىغا قوشقان تۆھپىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2015 ـ يىلى 3 ـ سانى) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، فارابىنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى بىرقەدەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى ھەمدە فارابىشۇناسلىقنىڭ مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىنىشىغا يول سېلىندى.

فارابىشۇناسلىق تېمىسىدا 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يورۇق كۆرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە ئەڭ يىرىك ئەمگەك ھېسابلىنىدىغىنى يەنىلا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ يول ئاچقۇچىسى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق نادىر ئەسىرى بىلەن فارابىنىڭ ھۆرمەتجان فىكرەت ۋە جاپپار ئەمەت تەرجىمە قىلغان

«پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىن-
غانلىقى بولدى.

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق بۇ ئەسەر
1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندا قىسمەن سەۋەبلەرگە كۆرە يېرى-
مىدىن كۆپرەك مەزمۇن قىسقارتىلىپ نەشر قىلىنغان بولغاچقا،
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى قاتتىق ئۆكۈنۈپ، ئۆزىدىكى
ئارگىنالنىڭ ئۇستىگە «بۇ ئەسىرىم ‹خىراجەت يېتىشمەسلىك›
سەۋەبىدىن قىسقارتىۋېتىلگەن بولغاچقا، تولۇق ھالەتتە قايتا
نەشر قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دەپ يېزىپ قويغان. 1993 ـ
يىلى يېشى 60 قا توشقاندا يازغان ئېسىل ماقالىسى «ئۆمۈر تىل-
قىنلىرى»دىمۇ بۇ ئۆكۈنۈشىنى ئېنىق ئېيتقان. ئابدۇشۇكۇر مۇ-
ھەممەتئىمىننىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىسى ۋە ئىلمىي ئىشلىرى-
نىڭ ۋارىسى بولغان داڭلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى ئالىمنىڭ
ۋاپاتىدىن كېيىن ئالىمنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى باش
قىسمىغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش سۆزى يېزىپ ئەستايىدىل ھالدا
تولۇق نەشرگە تەييارلىغان. بۇ كىتاب 2004 ـ يىلى شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1985 ـ يىلى نەشر
قىلىنغان 346 بەتلىك نۇسخىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىم نەشر
قىلىنغان 634 بەتلىك نۇسخىنى فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزدى-
كى قالتىس ئىش دېيىشكە بولىدۇ. شۇ جۈملىدىن، يالقۇن روزى-
نىڭ بۇ جەھەتتىكى خالىسانە خىزمىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشقا ئەر-
زىيدۇ.

بۇ يىللاردا فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق
كىتابىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى (شىنجاڭ خەلق
سەھىيە نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى) قۇتلۇقلاشقا ئەرزىي-
دىغان يەنە بىر چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇيغۇر -
تۈرك ئالىمى فارابىنىڭ ئانا تىل ـ يېزىقىمىزدا كىتاب ھالىتىدە
نەشر قىلىنغان تۇنجى ئەسىرى. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى

فارابىغا قىزىققۇچىلار ۋە فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىغا كىرىشىۋاتقانلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ماتېرىيال.

**2. تەتقىقاتتىكى ئۆتۇقلاردىن قىسقىچە خۇلاسە**

1980 ـ يىللار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا فارابىنىڭ ھاياتى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، دۇنيادا فارابى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ماقالە ۋە كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىندى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن فارابىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتۇردى. ئۆزىنىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق مەخسۇس ئەسىرى، فارابى ھەققىدىكى بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن فارابىشۇناسلىققا قىزىققۇچى زىيالىيلارنى قىممەتلىك ئۇچۇر مەنبەلىرى، يېڭىچە ئىلمىي قاراشلار ۋە تەتقىقات مېتودى بىلەن تەمىنلىدى.

1980 ـ يىللاردا شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ فارابىشۇناسلىق ئوخشاشمىغان ساھەلەرگە كېڭەيدى. مانا مۇشۇ ئىلمىي پائالىيەتتە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇل سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ تۆھپىلىرىگە تەتقىقاتچىلار ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ ئالاھىدە ياخشى بولدى، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرۇلدى. مەسىلەن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق ژۇرنىلى «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر»نىڭ 1992 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ سانىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىنىپ «پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن فارابى ھەققىدىكى بىر قا-

تار تەتقىقاتلىرى بىلەن جۇڭگودا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئا-
ساس سالدى» دەپ يۇقىرى باھا بېرىلدى.

1990 - يىللار شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىرقە-
دەر جانلىنىش مەنزىرىسى شەكىللەنگەن مەزگىل بولدى. بۇ مەز-
گىلدە بارلىققا كەلگەن فارابى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەسەر ۋە ما-
قالىلەردە فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت
نەزەرىيەسى ھەققىدىكى قاراشلىرى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلىندى.

21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان بېرىلغان تەتقىقاتلاردا
مەزمۇن جەھەتتە كېڭىيىش بولدى. بۇ مەزگىلدە بىر تۈركۈم ئە-
دەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىغا
قىزىققۇچى ياش تەتقىقاتچىلار بارلىققا كېلىپ فارابى تەتقىقاتىنى
يەنىمۇ كېڭەيتىپ مەخسۇس تېمىلار بويىچە، يەنى فارابىنىڭ ئەدە-
بىيات - سەنئەت، بولۇپمۇ شېئىرىيەت، مۇزىكا ھەققىدىكى كۆز
قاراشلىرى توغرىسىدا مەخسۇس ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىن-
جاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى شەكىل-
لەندۈرۈشكە تىرىشتى.

### 3. تەتقىقاتتىكى يېتەرسىزلىكلەر

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بۈيۈك
ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ يول ئېچىشى بىلەن فارا-
بىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نەتىجىلەر بارلىققا
كېلىپ، فارابىشۇناسلىق ساھەسىدە دەسلەپكى راۋاجلىنىش ھالى-
تى بارلىققا كەلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن باشقا ئەللەرگە سې-
لىشتۇرغاندا يەنىلا ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساس-
لىق سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش
مۇمكىن.

بىرىنچى، فارابىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا ئېرى-
شىلگەن ئەڭ دەسلەپكى مەلۇماتلار ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب -

ئىسلام ۋە ياۋروپا مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلگەنىدى.
كېيىنكى ۋاقىتلاردا فارابىنىڭ ئەسلىي قول يازمىلىرى، كۆچۈ-
رۈلگەن ئەسەر نۇسخىلىرى، ئەرەبچە، تۈركچە، پارسچە، لاتىنچە ۋە
سۈرىيە يېزىقىدا ساقلىنىپ قالغان نۇسخىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات
ۋە تەرجىمە داۋام قىلىدى، ھازىرقى بەزى ئەرەبچە يېزىلغان فارابى
ئەسەرلىرى ئەمەلىيەتتە باشقا تىلدا ساقلانغان تەرجىمە نۇسخىسى-
دىن تەرجىمە قىلىنغان.
ئىككىنچى، شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق كۆرۈنەرلىك تەتقىقات
ساھەسى بولۇپ گەۋدىلەنمىگەنلىكتىن، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە
فارابىشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن
ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش، تونۇشۇش، يىغىپ توپلاش، سېلىشتۇرۇپ
مۇھاكىمە قىلىش، شەرھلەش، تەرجىمە قىلىش خىزمەتلىرى تازا
كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ.
ئۈچىنچى، شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتى مەلۇم كۆلەمگە
ئىگە بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مەخسۇس تەتقىقات ئورۇنلىرى يوق،
تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بىرقەدەر ئاجىز ۋە تارقاق ھالەتتە، تەتقى-
قاتتا سىجىللىق يوق، ئىزچىل ئۆرلەش ھالىتىنى ساقلىماي بە-
زىدە جانلىنىپ، بەزىدە پەسىيىشتەك ھالەتتە تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.
بۇ ھال ئۇيغۇر فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ
ئۆتكىنىمىزدەك بارغانسېرى فارابىنىڭ ھاياتى ۋە بەزى ئىجتىما-
ئىي كۆزقاراشلىرىغا بېغىشلانغان، يۈزەكى تونۇشتۇرۇش خاراك-
تېرلىك ماقالىلەر ۋە بايانلارنى يېزىش بىلەن چەكلىنىدىغان سە-
ۋىيەگە چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.
تۆتىنچى، شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى كو-
نا، نەزەرىيەۋىلىك جەھەتتىن يېڭىلىق ۋە چوڭقۇرلۇق بىرقەدەر
كەمچىل. ئوخشاش، تەكرار مەزمۇندىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى
بىرقەدەر كۆپ، مەخسۇس تور ۋە تېمىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان
تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاز، شۇڭا فارابىشۇناسلىق ھەققىدە يېڭىچە
چۈشەنچىگە ئېرىشىش قىيىن.

## 4. فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى

تۈركىي مىللەتلەر قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بۈيۈك خەلقلەردۇر. بۇ خەلقلەرنىڭ پەخىرلىك مۇتەپەككۇرى، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئارىستوتېلى فارابى مىڭ يىللاردىن بىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. جۈملىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەۋلانە لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى ۋە ئەلىشىر نەۋايىلارنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەلىرىمۇ ئەبۇ نەسىر فارابى ئىدىيەۋى تەلىماتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك باغلىنىشلىقتۇر. ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئۆمۈر بايانى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئومۇمەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى، قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق - غەرب مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خۇسۇسەن، ماتېرىيالىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش تارىخىنى، ئۇنىڭ مۇرەككەپ جاھالەتلىك تارىخىي مۇھىت ئىچىدىكى يېتىلىش جەريانلىرى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بىلەن كۈرەش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش ۋە روشەنلەشتۈرۈشتە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئېستېتىكا، مۇزىكا، مېدىتسىنا، تىل قاتارلىق مەدەنىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇيغۇر - تۈرك خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، بۈيۈك مۇتەپەككۇرى بولغان ئەبۇ نەسىر فارابىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش نوقۇل ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، سىياسىي - ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي - پەلسەپە قاراشلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كېڭەيتىشتە تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىرىنچى، ئومۇمىيۈزلۈك بايان، شەرھلەش شەكلىدىكى تەتقىقاتنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندۈرۈش زۆرۈر. بولۇپمۇ فارابى ئەسەرلىرىنى پەلسەپە، لوگىكا، ئېستېتىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، سەنئەت، تىلشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، دىن، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تېمىلار بويىچە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقى ۋە مېتودىنى يېڭىلاش زۆرۈر. نۆۋەتتىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق تەكرارلىق كۆپ، تەتقىقات مېتودى كونا، نەزەرىيەۋىلىكى ئاجىز. ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سوتسىيولوگىيەلىك ئانالىز، شەرھلەش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەتقىقات مېتودىدىن پەلسەپىۋى تەتقىقات، پسىخولوگىيەلىك، ئېستېتىكا، قۇرۇلمىچىلىق، سېلىشتۇرما تەتقىقات قاتارلىق نۇقتىلارغا يۆتكىلىپ تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، فارابى ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى تەشكىللەش، ئىلىم ساھەلىرى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش زۆرۈر. يەنى، دۇنيادا فارابىشۇناسلىق ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ۋە فارابى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭدا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يېڭى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ، دىيالوگلىشىپ مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بو-

لىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر پەلسەپە، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتشۇناس-
لىق ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە
ئېرىشتۈرۈپ، شىنجاڭدا فارابى تەتقىقاتىدىكى بوشلۇقلارنى تول-
دۇرغىلى بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.
2. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.
3. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.
4. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى-دىن تېزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 12ـ ئاي نەشرى.
5. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.
6. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلىدىكى نەشرى ۋە 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى نەشرى.
7. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.
9. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

10. ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.
11. فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، ھۆرمەتجان فىكرەت، جاپپار ئەمەت تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
12. ھاجى نۇر ھاجى: «ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1979 ـ يىلى 6 ـ سانى.
13. ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى: «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ھېكىم، سەنئەتكار فارابى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىلى 2 ـ سان.
14. ئەبۇ نەسىر فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا» (ئۆمەر ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى 3 ـ سان.
15. «مەشھۇر مۇزىكشۇناس فارابى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى سانى.
16. مەمتىلى دانى: «فارابىنىڭ بەزى ئېستېتىك قاراشلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 4 ـ سان.
17. ئىقبال تۇرسۇن: «قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا ‹خەلق ئاساس، ئىدىيەسى ۋە دۆلەت تەقدىرىدىن قايغۇرۇش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 1 ـ سان.
18. ئىقبال تۇرسۇن: «قەدىمكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2015 ـ يىلى 1 ـ سان.

19. ئابدۇخەبەر سۇلايمان: «فارابىنىڭ نەزەرىدە شائىرلىق»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2014 ـ يىلى 5 ـ سان.
20. ئابدۇخەبەر سۇلايمان: «فارابى تەتقىقاتى جۇڭگودا»، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى»، 2014 ـ يىلى 12 ـ سان.

# «رۇبائىيات» ــ ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى

**نۇرمۇھەممەت ئېركى**

**ئاپتور ھەققىدە:** نۇرمۇھەممەد ئېركى 1928 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 ـ يىلى 57 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولغان، ھايا- تىدا خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان، «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلى- رى»نى پارسچىدىن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇر- غان. نۇرمۇھەممەت ئېركى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئەمدىلەتىن بېسىققان 1980 ـ يىلى ئابدۇشۇكۇر مۇ- ھەممەتئىمىننىڭ «رۇبائىيات» ناملىق كىتابىنى تەھرىرلەش ۋەزى- پىسىنى ئۈستىگە ئالغاندا بۇ كىتابتىكى رۇبائىيلارنىڭ پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللى- كىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغىنىدىن ««رۇبائىيات» ــ ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى» ناملىق ئۇزۇن تەسىرات ماقالىسىنى يېزىپ مەز- كۇر توپلامنىڭ كىرىش سۆزى ئورنىدا ئېلان قىلغان. ماقالىدىن نۇرمۇھەممەت ئېركىنىڭ تالانت ئىگىلىرىنى باغرىغا ئېچىپ قوللايدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە بولغان قايىللىق تۇيغۇسىنى مۇبا- لىغىلەشتۈرۈپ مۇنداق يازغان: «ئابدۇشۇكۇر گويا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ‹ئىڭگە›، ئورنىغا ‹ئىلىم› دەپ تۇغۇلدى. ئۇ ئىلىم بۆشۈكىدە چوڭ بولدى، ئىلىم سۈيىدە ئاقتى، ئىلىم ئوتىدا كۆيې-

دى. ئىلىم ئۇنى دوستلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە قىلدى، ئىلىم ئۇ-
نى دۈشمەنلىرىنىڭ جازاسىغا يولۇقتۇردى. ئۇ دىيارىمىزدىكى زۇ-
ياللىلارغا تېرمومېتىر بولۇپ قالدىكى، قايسىبىر دەۋرنىڭ ئىلمۇ
ئىرپان بىلەن خۇشى يوق ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن خۇشى يوق بول-
دى؛ قايسى بىر دەۋر ئىلمۇ ئىرپانغا ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭغا
ئەھمىيەت بەردى، ئۇنى قەدىرلىدى.» ماقالىدىكى بايانلاردىن يەنە
نۇرمۇھەممەت ئىركىننىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىش
ئىشلىرىغا قانچىلىك ھېرىسمەنلىكىنى ھەم شېئىرىيەتنى قانچە-
لىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شېئىرىيەت
ھەققىدە مول چۈشەنچىگە ئىگە شائىر نۇرمۇھەممەت ئىركى «رۇبا-
ئىيات»نى ئوقۇپ قاتتىق ھاياجانلانغاندەك «رۇبائىيات»نىڭ نەشر
قىلىنىپ 1982 ـ يىلى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى تالاي
كىشىلەرنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈپ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدىكى يېڭى ھادىسە بولۇپ قالغان.

* * *

## بىزدىكى نەۋ باھار پەسلى

يېڭى زامان بوغۇلغان ئىلىم ـ پەنگە ئازادلىك ۋە كەڭ ـ
كۈشادلىك ئېلىپ كەلدى. بىزدە مەرىپەت ئۇچۇن بىر گۈللەش
دەۋرى ئېچىلدى. دىيارىمىزدىكى ھەر مىللەت ئالىملىرى، ئەدىب،
شائىرلىرى، دوختۇر ۋە ھۆكۈمالىرى ئۆز ئۆمرىدە مەرىپەت ھايا-
تىنىڭ بۇنچىلىك ئەركىن بىر نەپەس ئالغان ۋاقتىنى بىرىنچى
قېتىم كۆرۈشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەدىبلىرى فارا-
بى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈكنەكى، لۇتفى،
نەۋايى ۋە سەككاكىدىن تارتىپ ھىرقىتى، زەلىلى، نوۋبىتى، نە-
زارى، گۇمنام، غېرىبى، سەبۇرى، سايرامى، موللا بىلال نازىم،

ئابدۇقادىر ئارتۇشى، قۇتلۇق شەۋقى، ئا.ئۇيغۇر، تەجەللى، نىم
شېھىت ۋە قايىنام ئۆركىشىگىچە بوگۇن ئەدەبىيات دۇنياسىغا قايتا
تۆرەلدى. ئۇلار ھازىر بىزدە بولۇۋاتقان ئىلمۇھېكمەت بەزمىسى-
نىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇشماقتا. بىز بىلەن بىللە مەنىۋى ھايات كە-
چۈرمەكتە. بىز بىلەن بىرگە كىتاب يازماقتا، شېئىر ئېيتماقتا،
ناخشا ئوقۇماقتا، مۇقام تارلىرىنى چەكمەكتە، ئەسەرلىرى ئەتى-
ۋارلاپ بېسىلماقتا ۋە شەرھلەنمەكتە.
بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى كىلاسسىك ئۇستازلىرىمىزنى تىلغا
ئېلىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش، خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ مەدەنى-
يەت خەزىنىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى دۇرى ـ جاۋاھىراتلاردىن
پايدىلىنىپ، ھازىرقى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىياتنى يورۇتۇش –
پارقىرىتىش، بۇنىڭ بىلەن بىر دەۋران ئەدەبىياتىنى، ئەدەبىيات-
چىنى ۋە ئەدەبىياتچىلىقنى قىزىتىۋېتىشكە ئىمكان تاپتۇق.
بۇ دىياردا بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەتبۇئاتچىلىق، نەش-
رىياتچىلىق ۋە ئەدەبىياتچىلىق ساھەسىدە ھازىرقىدەك بېرىلىۋاتـ-
قان ئەھمىيەتنى تارىخىمىزنىڭ كۆزى كۆرگەن ئەمەس. بېشى
بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىدىن ئايىغى قەشقەر ئۇيغۇر نەش-
رىياتىغا قەدەر، يەتتە نەشرىيات قۇرۇلغان ۋە ئاز سانلىق مىللەت-
لەر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىشقا چوشكەن بىر ھالەت مەيدانغا
كەلدى. ھەر خىل ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قاتارلىق مۇددەتلىك
مەجمۇئەلەر ئارقىمۇئارقا نەرە تارتىپ مەرىكە مەيدانىغا چىقىشتى.
ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ۋەزىيەتكە خەلقىمىزنىڭ زوقلىنىپ:
«يېقىندا پالان گوڭشې ئەدەبىياتى، پالان دادۈي ئەدەبىياتى چىقى-
دىغان ئوخشايدۇ...» دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.
بىزدە بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئەدەبىياتچىدۇر، مەدەنى-
يەتچىدۇر. بۇ، ئەلىنىڭ ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ئۇچۇن چىرايلىق
ۋە پايدىلىق ۋەزىيەت ئېلىپ كەلدى.
بۆلەك جايلاردىكى مەنسەپ ئەھلى پىكاپ ھەۋىسى ۋە باغ سەي-

لىسى ئىشقىدا مەپتۇن ئىكەن، ھازىر، بىزدىكى رەئىسلەر، ۋا-
لىيلار ھەتتا ناھىيە، رايون شۇجىلىرى ئىشتىن سىرتقى چاغدا
گېزىت - ژۇرناللارغا شېئىر، ھېكايە يېزىشماقتا.
ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا، ئەينى زاماندا بۇخارا پادىشاھلىرىدىن
ئەمىر ئۆمەرخان شائىر كىشى بولۇپ، شېئىرىيەتكە ئەھمىيەت
بەرگەچكە ئۇ يەردە بىر مۇددەت ئەدەبىي ھايات جانلانغانىدى. پۇر-
قەت، مۇقىمى، خىسلەت، گۇلخانى، شەۋكەت، ھەزىنى قاتارلىق
شائىرلارنىڭ «باياز» — شېئىر توپلاملىرى شۇ چاغلاردا مەيدانغا
چىققان. ھازىر بىزدە ئىلمىي، ئەدەبىي زېمىندىن كەلگەن بىر
تۈركۈم رەھبىرىي ئادەملەر بۇ ئىشلارغا ئېتىبار بەرگەچ، بۇگۈن
نەشرىيات، ئەدەبىيات بۇلاقلىرى ھەر تەرەپتە قايناپ چىقىشتەك
مەرىپەتنىڭ، شېئىرىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى يۈز ئېچىۋاتىدۇ.
تېخى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا قەشقەر ھېيتگاھتا مۇنار - مۇ-
نار كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ، شەھەرگە ئاسماندىن بىرقانچە كۈن
كىتاب ئۇچقۇنلىرى ياغقان ئەمەسمىدى!؟
تېخى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شې-
ئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇش، شەرھلەپ بېسىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ
ئەسەرلىرىنى تۇتقان كىتابخان ۋە ساتقان كىتابپۇرۇش قامالغان
ئەمەسمىدى!؟
تېخى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا قىرائەتخانىلاردا ئوقۇغۇدەك
بىر ئەدەبىي كىتاب، كىتابخانىلاردا سېتىۋالغۇدەك بىر ئىلمىي
رىسالە، گېزىت - ژۇرناللاردا بىرەر ئەزاسى سەل - پەل شېئىرغا
ئوخشاپ قالغان بىر نەزم يوق ئەمەسمىدى!؟
بۇ خىل مەدەنىيەت كىرىزىسى شېئىرىيەتتە بەكلا چانغان ئى-
دى، شۇ چاغلاردىكى شېئىرلار توغرىسىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق
بىر نەزم يېزىلغان:

ئوقۇپ نەزمەڭنى تۆت ئادەم، قىزىپ كەتتى پارالڭ شائىر،
ياشاڭدىن باشقا ھېچ گەپ يوق، پەقەت شۇ كار - كارالڭ شائىر.

ياشاڭدىن باشقا گەپلەرگە تىلى كەلمەس قاشاڭ شائىر،
ئېتىڭنى شۇ دەلىل بىرلە، قويۇپ قۇيرۇق ياشاڭ شائىر.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى مەھشەرگاھ ھاياتىدا «جان بېقىش پەلسەپىسى»نى ئەقىدە قىلغان شائىرلارنىڭ يازغىنى «ياشاڭ»دىن ئىبارەت بولماي مۇمكىن بولمىدى. زامانىدىكى ئىسسىق - سوغۇقنى تېززەك ھېس قىلغۇچى، تېرىسى نېپىززەك شائىرلار «تۆھمەت قالپىقى»نى كىيىپ، زامان بەركەردىسى بولۇپ قالدى، يېزىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. ئىنسانىي ۋىجدانى دەپسەندە بولدى. بىر قىسىم ئەدىب، شائىرلارنى زامان ئىنكار قىلغاندىن بەكرەك، ئۇلار زاماننى ئىنكار قىلىپ، يازماسلىق — جىمجىتلىق كۈرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. شائىرلاردىن بىرى بۇ كۈرەشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئۇقتۇرغان:

يازسام يازغۇدەك ماغدۇرۇمۇ بار،
پۈتۈم پاتمايدۇ يولۇم شۇنچە تار.
بۇلبۇل سايرىماس، يوق ئىكەن باھار،
يازسام داغدا مەن، يازمىسامۇ داغ.

ئۇ شائىر ھەتتا ئاشۇنداق يىلىلاردا شائىر بولۇپ قالغانلىقىدىن مۇنداق ھەسرەت چەككەن:

ئەتراپىم قىلتاق، بىر تۇزاقتا مەن،
گويا گۆردىكى چوڭ سوراقتا مەن.
بولۇپتىمەن شائىر شۇنداق چاغدا مەن،
يازسام داغدا مەن، يازمىسامۇ داغ.

بۈگۈن ئەدىب، شائىرلارغا بولغان ئۇنداق مۇناسىۋەت ئۆزگەر-

دى، شائىرلار زامانغا بىردەك «نەۋ باھار» دەپ ئات قويدى. جەمئىيەت، 1970 ـ يىللاردىكى قەبرىستانلىقتەك جىمجىتلىقتا چۆككەن ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، «ئازات زامان» ناخشىسى يەنە ياڭرىماقتا...

توينى قىزىتىدىغان سازچى بولغىنىدەك، زاماننى قىزىتىدىغان ئەدەبىياتچى، سەنئەتچىدۇر. توي قانچە كاتتا بولغان بىلەن نەغمە ـ ناۋاسى بولمىسا «گاچا توي» بولىدۇ. زامان قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇنىڭ شانۇشەۋكىتىنى نامايان قىلىدىغان ئادەملىرى بولمىسا، ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولمايدۇ. زامانىمىز ئەدىب، شائىرلارغا ئوچۇق چىراي ئاچقاچ، ئۇنىڭ شائىرلىرى، ئۇنىڭ ئالىملىرى ئۇنىڭغا يېپىشتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۈلۈشمەكتە. بۇنداق ھالەت جەمئىيەتنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن بەك ياخشى.

ھازىر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئورمىسى باشلاندى. ئۇلار بالدۇرقىدەك يازغان نەرسىسىنى باستۇرىدىغان ئورۇندىن بېشى قاتمايدۇ، ئۇلارغا نەشرىياتلاردىن ئەسەر يېزىپ ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ خەتلىرى كەلمەكتە.

## بىزدىكى تۇنجى رۇبائىي توپلىمى

ياش ئالىم، ياش پىروفېسسور، ياش شائىر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يازغان قولىمىزدىكى «رۇبائىيات» — ئەدەبىياتىمىزدا باشلانغان مولچىلىق پەسلىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى. بۇ ياش ئالىمنىڭ يېڭى باھارنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن تەقدىم قىلغان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ۋە «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» قاتارلىق تۆھپىلىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ تۆھپىسى.

بۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە رۇبائىي شەكلى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى «رۇبائىيات» توپلىمى.

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا تۇنجى رومان ئەدىب قەييۇم تۇردى تەرىپىدىن يېزىلغانىكەن، ئەمدى تۇنجى «رۇبائىيات» تويلىمى شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولدى.

يېقىندىن بۇيان، شېئىرىيىتىمىزدە رۇبائىيچىلىق قىزغىنلىقى تۇردى. ئۇ، 1930 - يىللاردىن بۇيانقى شېئىرىيىتىمىز تارىخىدا ئانچە - مۇنچە ئۇچرايتتى. بىراق ھازىرقىدەك ھەممە قىزىقىدىغان بىر شەكىل ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىم بىزدە رۇبائىيلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى شېئىرىيىتىمىزدە بۇ شەكىلنى جانلاندۇرىدۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات پەللىسىنى يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

رۇبائىي دېگەن بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «تۆتلۈك» دېمەك بولۇپ، ئادەتتە شېئىر شەكىللىرى ئىچىدە تۆت مىسرالىق قىلىپ يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ شېئىر شەكلىگە قارىتا مەنىسى. «رۇبائىي»نى مەزمۇنەن تەرىپلىگەندە، بىر رۇبائىي مۇستەقىل بىر شېئىر. رۇبائىي 10 — 20 كۇپلېت شېئىر ئورنىغا خۇلاسە تەرىقىسىدە يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىر. ئۇ شۇنداق بىر كۇپلېت شېئىركى، ئۇنىڭدا بىر قانچە كۇپلېت شېئىرنىڭ جەۋھىرى بايان قىلىنىدۇ. رۇبائىي ئۇزىگە بېرىلگەن بىر كۇپلېتتا بىر پۈتۈن پىكىر، بىر پۈتۈن ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ ۋە بېرەلىشى لازىم. ئۇنداق قىلالمىسا ئۇ تۆت مىسرالىق قىلىپ يېزىلىشى بىلەن شەكلەن رۇبائىيغا ئوخشىسىمۇ، مەزمۇنەن رۇبائىي بولالمايدۇ.

رۇبائىيغا قويۇلىدىغان تەلەپ، ئادەتتىكى شېئىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپتىن يۇقىرى، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ — ھەجمى كىچىك، ۋەزنى ئېغىر بولۇش. مىتاللار ئىچىدە ئالتۇن شۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رۇبائىي ئەگەر مەزمۇنەن رۇبائىي بولسا، ئۇنى «شېئىرلارنىڭ ئالتۇنى» ياكى «ئالتۇن شې-

ئىر» دەپ ئاتاش مۇمكىن.
رۇبائىي ھازىرغىچە كىلاسسىك شېئىرلاردا مەلۇم بىر ۋەزىندە يېزىلىپ كەلگەن. رۇبائىيچىلىقنىڭ پېشۋالىرىدىن فارابى، ئىبىن سىنا ۋە ئۆمەر ھەييامدىن تارتىپ نىزامى، نەۋايى، بابۇر ۋە فۇزۇلى شېئىرلىرىغىچە قارىساقمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ قەلىمىدىن چىققان رۇبائىيلارنىڭ ۋەزنى تولىراق ئارۇز ۋەزنىنىڭ «مەپئۇلو / ماپا ئىلەن / ماپا ئىلتە / پا» (تام تامۇ / تىرام تىرام / تىرام تىرەۋان / تام) شەكلىدىدۇر.
شائىرلىرىمىزدا رۇبائىينىڭ ۋەزنى مەسىلىسىدە پىكىر ئوخشىماسلىقى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردە يۇقىرىقىدەك بەلگىلىك بىر ۋەزىندە يېزىلىپ كەلگىنىگە قاراپ، «رۇبائىنىڭ مەخسۇس ۋەزنى بار» دېسە، بەزىلەر: «ئۇنى ‹غەزەل›گە ئوخشاش بەھرى رەمەل، بەھرى ھەرەج قاتارلىق ئۇزۇن مىسرالىق ۋەزىندە يازغاندا، پىكىرنى ئەركىن، دولقۇنلۇق بايان قىلغىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. بەزىلەر: «رۇبائىي قىسقا قۇرلۇق، خەلق قوشىقىغا يېقىنراق بىر ۋەزىندە يېزىلغىنى ياخشى. بۇنىڭدا پىكىرنى بوغۇلماي ئازادە ئىپادىلىگىلى، ئۇنى ئەستە ئاسان قالدۇرغىلى ۋە بىر قىسىم ‹ئەگەر، مەگەر› قاتارلىق كاۋاك چالمىسى ۋە مىسرا توشقۇزۇش سۆزلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر: رۇبائىي بىر كۆپلېت شېئىردا بىر مەزمۇننى تولۇق ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىل بولغاچقا، بۇنىڭدا مىسرانى قىسقا قىلىشقا زورۇققاندا پىكىر - ھېسسىياتنىڭ ئىچىلىشى ھەم مۇزىكىلىق جەھەتتىن دېگەندەك بولمايدۇ» دەيدۇ. بىراق شۇنداق دەۋاتقانلاردىن قىسقا مىسرادا يازغىنىنىڭ ۋەزنىمۇ، ئۇزۇن مىسرادا يازغىنىنىڭ ۋەزنىمۇ ئۆزى ئېيتقان «رۇبائىينىڭ مەخسۇس ۋەزنى» ئەمەس.
بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىمىز باشقىچىرەك:
رۇبائىينىڭ ۋەزنىدىكى ئىختىلاپ، بىزنىڭچە كۆپ تالاش -

تارتىشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇ رۇبائىيدىكى شەكىل مەسىلىسى. مەزمۇن ھەر ۋاقىت شەكىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. رۇبائىيدا ئاساس قىلىندىغىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى، يەنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىققان پىكرىدۇر. بىر رۇبائىينى رۇبائىي بولۇش ـ بولماسلىق مىزانىغا سالغاندا، ئۆلچەم شۇكى، ئۇنىڭدىكى پىكىرنىڭ، ھېسسىياتنىڭ. مەنتىق كۈچىنىڭ رۇبائىي بولۇشقا ياراش ـ يارىماسلىقىدا. ئەگەر بىر رۇبائىي پىكىر تەرەپتىن رۇبائىي بولالمىسا، ۋەزنى ئۇزۇن يېزىلامدۇ، قىسقا يېزىلامدۇ بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس. ئەكسىچە، بىر رۇبائىي ۋەزنى تەرەپتىن، قاپىيە تەرەپتىن ياخشى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇتاملىق بىر پىكىر بولمىسا، ئۇنى رۇبائىي دېگىلى بولمايدۇ.

شېئىرنىڭ شەكلى ساماۋى نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا «رۇبائىي ۋەزنى»مۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس. ئۇ ئۆزگەرمەس، راۋاجلانماس نەرسە ئەمەس. ئۇ ئەلۋەتتە «شائىر» ئاتالغان ئادەم قىلغان نەرسە. ئۇنىڭ ئۇنداق شەكلى ئول زاماندا قىلىنغانىكەن. مۇنداق شەكلى بۇ زاماندا قىلىنسا بولىۋېرىدۇ. ماياكوۋىسكىدىن ئىلگىرى چاچما شېئىر شەكلى يوق ئىدى. ئۇ بۇ شەكىلنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، ئادەملەر يارىتىپ يېزىپ، يارىتىپ ئوقۇشماقتا. سېنىڭ تامىقىڭ مايلىق، مەززىلىك بولسۇن. ئۇنى قانداق قاچىدا بەرسەڭ بەرىبىر ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەززىسىز ئىكەن، ئۇنى گۆھەر قاچىدا بەرسەڭمۇ لاۋزىلىقى لاۋزا. ئەگەر تامىقىڭ تەملىك بولۇپ، قاچاڭمۇ گۈزەل بولسا، ئۇ نۇر ئۈستىگە نۇر.

قولىمىزدىكى «رۇبائىيات» ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇزۇن مىسرالىق شەكىللىرىدە يېزىلغان. بىزنىڭچە «رۇبائىيات»تىكى رۇبائىيلار پىكىر يېڭىلىقى، ھېسسىيات نازۇكلۇقى، مەزمۇن تېرەنلىكى تەرەپتىن ھەقىقەتەن رۇبائىيلىق ئۆلچىمىگە توشقان.

## بىزگە سۇنۇلغان جەۋھەرلەر

**1. قەھرىماننى ئانا يۇرت تۇغقان**

ئانا يۇرت — ۋەتەن تېمىسى ئۇلۇغ تېما. شۇنداقلا كۆپ يېزىلغان تېما. دۇنياغا كەلگەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ۋەتەن ھەققىدە بىر نېمە دېمەي ۋاپات بولغىنى يوق. گەپ بۇ تېمىنى بىر قەدەر ياخشىراق ھەل قىلىشتا، «يەنە دېسە يەنە شۇ» گەپلەردىن ھالقىپ ئۆتۇشتە، جان - جىگەردىن چىقىرىپ ئېيتىپ، جان - جىگەرگە تەسىر بېرىشتە، «رۇبائىيات»نىڭ ئاپتورى بۇ تېما ئۈستىدە بىر قاتار سەمىمىي، تەسىرلىك ۋە چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قەھرىماننى ئانا يۇرت تۇغقان، بۇنىڭدا يوق گۇمان،
قەھرىمان بەرپا قىلۇر ئۆز يۇرتىنى. ساقلار ئامان.
تۇغسا باتۇرنى ۋەتەن، تۇغقاي ۋەتەننى قەھرىمان،
بىل، ۋەتەن مۇردا ئەمەس — جانسىز، ئەركسىز، بىزۋۋان.

شائىر بۇ رۇبائىيدا دەيدۇ: ۋەتەن بولغاچ قەھرىمان بولدى، قەھرىمان ۋەتەننىڭ مەھسۇلى. ئۆز نۆۋىتىدە قەھرىمان ۋەتەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئازادلىقى، ئامانلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچ نەرسىسىنى، گېزى كەلسە ھاياتىنى ئايىمايدۇ. «تۇغقاي ۋەتەننى قەھرىمان» دېگەن سۆز ئازاد بىر ۋەتەن شۇ ۋەتەن پەرزەنتلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىسىز ئاپىرىدە بولمايدۇ، مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ، دېگەن سۆز. بىر ۋەتەن ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرى بولغاندا، ئەركسىز، جانسىز، تىلسىز نەرسىدىن ئازاد نەرسىگە، جانلىق نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇلۇغ خاھىش بىلەن ئاقسۇن ئاياغىڭ ئاستىغا قانىم،
كى تۇپراق ئاستىدا كۆرسەممۇ بەختىڭنى قەدىردانىم.
شەپەق ئاسمانىدا ھۆردەك لەۋەن ئاۋاز بىلەن ئۇچساڭ،
نېچۇن كۈلمەس قۇچۇپ شەبنەم لەھەت ئۈستىدە رەيھانىم.

شائىر بۇ رۇبائىيسىدا ۋەتەن بىلەن مۇڭدىشىپ، ئىرادە بىلدۈرۈۋاتىدۇ: ئۇلۇغ خاھىش يەنە ئازادلىقىڭ، تەرەققىياتىڭ يولىدا قېنىم تۆكۈلسىمۇ مەيلى، مەن سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، بەختىڭنى لەھەتتە ياتقاندا كۆرسەممۇ مەيلى. شائىر بۇ يەردە ۋەتىنىنىڭ شەپەق ئاسمىنىدا ھۆردەك ئۇچىدىغانلىقىغا، يەنى ئۇنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە ئىشىنىدۇ - دە، ۋەتەن شۇنداق چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكەندە ئۆزىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئۇنۇپ چىققان گۈللەرنىڭ كۈلىدىغانلىقىنى بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

سامىا چاچىڭ، كۆزۈڭ خۇرشىد، جامالىڭ قىبلىگاھىمدۇر،
لېۋىڭ — زەر چەشمىدىن تامغان مەيىڭ ئابى ھاياتىمدۇر.
ۋەتەن شەيداسى مەن دائىم غەزەلخانلىق مېنىڭ ئىشقىم،
خالايىق رەھمىتى — جەۋلان قىلارغا پەي - قاناتىمدۇر.

شائىر بۇ رۇبائىيدا ۋەتەننى بىر گۈزەل يار قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ چېچىنى ئاسمان، كۆزىنى قۇياش، جامالىنى قىبلىگاھ، لېۋىدىن تامغان مەينى ئابى ھايات دەيدۇ. بۇ يەردە ۋەتەن ئوبرازىنى مەھبۇب ئوبرازىدا مەدھىيىلەش شەخسكە بولغان مۇھەببەت بىلەن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.
شائىر دېمەكچى بولىدۇ: سەن يارىڭنى چىرايلىق دەيسەن، مېنىڭ ۋەتىنىم ماڭا ئاشۇنداق گۈزەل كۆرۈنىدۇ. سەن قانداق چى-

رايلىقىنىڭ شەيداسى بولساڭ، مەن ۋەتەنىنىڭ شەيداسى. سەن ئۆزۈڭنى كۆيلەپ غەزەل ئوقۇساڭ، مەن ۋەتەنىنىڭ غەزىلىنى ئوقۇيمەن، مېنىڭ بۇ يولدىكى پەرۋازىمنىڭ قانىتى بولسا، خەلقىنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان رەھمىتى. مەن بۇ رەھمەتنى قانچە كۆپ ئالسام، شۇنچە كۆچىيىمەن، شۇنچە ئەركىن جەۋلان قىلىمەن. قېنى قايسى ئاشىقىنىڭ مۇھەببىتى يۇكسەك؟

سۆيۈپ ئۆتسەم باھارنىڭ يامغۇرىدەك بۇ دىيارىمنى،
شەپەقتەك سەيلىتىپ كۆرسەم جۇلالىق لالىزارىمنى.
ئېقىپ تاغ سۈيىدە ھەر گىياھقا ئۈنچىلەر تاقسام،
پاياندار ئەيلىسەم باسقان ئىزىڭغا روزىغارىمنى.

ئاپتورنىڭ بۇ رۇبائىيسىدىكى ئارزۇسى نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن سەمىمىي. ئۇ ۋەتەنىنىڭ ھەممە يېرىنى سۆيۈۋېلىش ئارمىنىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن باھار يامغۇرى بولغۇسى كېلىدۇ. ۋەتەنىنىڭ چاقناپ كەتكەن گۈل - گۈلىستانلىرىغا قاراپ سەيلە - تاماشا قىلىش ئۈچۈن بۇلۇت ئۈستىدىكى شەپەق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ تاغ سۈيى بولۇپ ئېقىپ، ۋەتەنىنىڭ ھەربىر يېشىل ئوتلاقلىرىنى ئارىلاپ ئۆتكۈسى، بۇ يەردىكى مايسا - گىياھلارنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ بىرىلىيانت تامچىسىدىن ئۈنچە - مارجان تاقاپ ئۇنى ئەركىلىتىپ ئۆتۈشنى ئويلايدۇ. ئۇ، بۇنىڭلىق بىلەنمۇ يۈرىكىدىكى ئوتنى باسالمايدۇ - دە، «ياق، پۈتۈن تىرىكچىلىكىمنى سېنىڭ يولۇڭغا پاياندار قىلىپ سالاي، پۈتۈن بار - يوقۇمنى سېنىڭ كويۇڭدا تىكەي» دەپ ئاتەشىن ھېسسىياتىغا تەسكىن بېرىدۇ. «روزىغارىمنى يولۇڭغا پاياندار قىلاي» دېگەن سۆز ھەم نەپىس، ھەم كەسكىن بولۇپ، بۇنداق يۈرەكنىڭ قېتىدىن چىققان پىكىر دەل يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدۇ.

## 2. ئۆز غېمىمدۇر ئەل غېمى

شائىرنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا تەپەككۇر ھەم كەسكىن، ھەم قىزىق:

يۇزلىرىمدۇر بەرگى گۈل، قان تامچىسىدۇر شەبنىمى،
بىخەۋەرمەن ئۆز غېمىمدىن، ئۆز غېمىمدۇر ئەل غېمى.
بەند ئېتىلسە قاپقا غەملەر، بولسا ئەل غەمدىن خالاس،
تەننى قاپ قىلسام، يىغىلسا ئەلئارا غەملەر جىمى.

ئاپتورنىڭ بۇ نۇقتىدىن پىكرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر نەۋائىينىڭ پىكرى بىلەن بىر، نەۋايى يازىدۇ:

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادىمى،
ئانىكى يوق خەلق غېمىدىن غېمى.

شائىر نەۋائىينىڭ بۇ پىكرىنى ئۆز رۇبائىيسىدا بېيىتىدۇ، شەرھلەيدۇ، تولۇقلايدۇ، ھەتتا شېئىرىيەتتىكى تەپەۋۋۇق (يۇقىرى كۆتۈرۈش) ماھارىتى بىلەن كۈچەيتىدۇ.

ئاپتور شۇ رۇبائىيدا ئۆزىنى گۈلنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشىتىپ، يوپۇرماقتىكى شەبنەمنىڭ ئاددىي شەبنەم ئەمەس، بەلكى قان ئىكەنلىكى، يەنى ئۆزىدە كۆتۈرۈپ قويۇشۇسىز دەرد ـ ئەلەم بارلىقى، لېكىن بۇ ھەقتە غەم قىلمايدىغانلىقى، بىردىنبىر غېمى — ئەلنىڭ غېمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى تۈگىمەس غەملەردىن ئىچى پۇشۇپ ۋە زەردە بولۇپ، شۇ غەملەرنى بىر قاپقا سولاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى غەمدىن قۇتقۇزۇشنى ئويلايدۇ، بۇ ئارزۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش ـ ئايلانماسلىقى نەچچىنچى مەسىلە. بىراق بۇ يەردە شائىرنىڭ ئارزۇسى يۈكسەك، پىكرى مۇتىمۇەر. ھەتتا شائىر بۇ ھەقتە شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى، گويا ئۆزىنىڭ

تېنىنى بىر قاپ قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئېغىر غەملىرىنى شۇ «قاپ»قا قاچىلاپ تۆكتىشنى، جىمى ئىنساننىڭ غېمىنى بىر ئۆزىلا تارتىپ ئايرىلىشىپ كېتىشنى خىيال قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە شائىر بابا رەھىم مەشرەپ مۇنداق دېگەنىدى:

«ئاسىي ـ جاپى كۆيمىسۇن، تەنھا دوزاخقا مەن باراي»

«رۇبائىيات»نىڭ ئاپتورىنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا ئەنە شۇنداق ئۇتلۇق پىكىر، نازۇك ھېسسىيات، ئاجايىپ سەممىمي قەلب ئىپادىلەنگەن:

گەر خىيال قىلسام مۇشەققەت ئىچرە راھەت نازىنى،
ئەۋجى شاتلىقتىن سېزەرمەن قايغۇنىڭ ئاۋازىنى.
مەيلى راھەت، مەيلى كۈلپەت بولمىغان مىزان ماڭا،
ئەلگە شەيدالىق چالۇر چىن ئىپتىخارىم سازىنى.

شائىر مۇشەققەت ئىچىدىمۇ راھەتنىڭ ھىدىنى ھېس قىلىدىغانلىقى، شادلىق قانچە كۈچەيسە، ئۇنىڭدىن قايغۇنىڭ شەپىسىنى سېزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەلگە مۇئامىلە قىلىشتا ئاشۇ ئىشلارغا قاراپ، ئۇنداق ياكى مۇنداق خىيالدا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇ بۇ يەردە، مېنىڭ ئىپتىخارىم، شانۇ شەۋكىتىمنىڭ سازىنى ماڭا دۇچ كەلگەن ياخشى ـ يامان تەقدىر ئەمەس، مېنىڭ ئەلگە ھېرىسلىقىم ۋە يۈرىكىمدىكى ئىشتىياقىم چېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ.

بۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەل ـ ئاۋامنى يادىغا ئېلىپ مىسكىن بولىدىغان، قوڭىغا ئىسسىق ئۆتكەندە، ئەل ـ ئاۋامنى يادىدىن چىقىرىپ مەلئۇن بولىدىغان نائەھلىلەرگە ئاپتورنىڭ بىر تەنبىھىدۇر.

گۈل ئېچىلماس بولمىسا گۈل بەرگىنىڭ ھىمايىسى،
ھۆل - يېغىن بولماس مادار سۇنغاندا گۈلنىڭ پايىسى.
گۈل گۈزەل بولغان بىلەن، موھتاج يوپۇرماققا دېسەم،
دېدى بۇلبۇل: پىكرىڭىز ئىككى جاھان سەرمايىسى.

ئاپتورنىڭ مەزكۇر رۇبائىيسىدىكى پەلسەپىۋى پىكىر «شەخس» بىلەن «جامائەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى شېئىر تىلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئادەملىك تەرەققىياتىدا ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ، ئەتراپىدىكى ئەل - جامائەتنىڭ يار - يۆلەك بولىدىغانلىقىنى، زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاساسلايدۇ. شائىر بۇ نۇقتىدا روشەن جامائەتچىدۇر، ئۇ لىبېرال ئەمەس، سوتسىيالدۇر.

دۇرۇس، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەدە جەمئىيەتنىڭ شەخسكە تەسىرى، جەمئىيەت شەخسنىڭ مۇرەببىيسى ئىكەنلىكى يېڭى گەپ ئەمەس. بىراق بۇ ھەقىقەتنى بۇ رۇبائىيدا تەكىتلەشتىكى مەنتىق كۈچ ئالاھىدە.

رۇبائىينىڭ 1 - مىسراسىدىكى «گۈل» ئوبرازى شەخس، «گۈل بەرگى» ئوبرازى ئەل - جامائەت. سەن قانچە ياخشى كىشى بولۇپ كەت، — دەيدۇ ئاپتور، — ئىشىڭ قانچە ياخشى بولسۇن، بۇ خەلقنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن بولغان. شەخس قولغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەلنىڭ، جامائەتنىڭ ھەسسىسى بار. ئۇ رۇبائىينىڭ 2 - مىسراسىدا بولسا، تۆۋەندىكى نۇقتىئىنەزەرنى ئالغا سۈرىدۇ: ئەگەر گۈلنىڭ پايىسى سۇنۇپ كەتسە، يەنى شەخس بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپ مۇزتەرلىك - چارىسىزلىق ھالەتكە چۈشسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا پالانى ئەرباب، پۈكۈنى تونۇش يار - يۆلەك بولالمايدۇ. ئادەم ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تايىنىدىغان ئىشەنچلىك مەنبە ئەل - جامائەتتۇر.

ئاپتور 3 - مىسرادا گۈل گۈزەل بولغان بىلەن يوپۇرماققا

ئىپتىياجلىق، ئادەم قانچە يوغان بولۇپ كەتكەن بىلەن ئەل ـ جا-
مائەتكە ئىپتىياجلىق، دۇنيادا ھەممىدىن خەلق بۈيۈك، شەخس
ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلسا
بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ دەيدۇ، ھەتتا بۇ پىكىرنى 4 ـ مىسرادا
بۇلبۇلنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

بولمىسا قەلبىڭدە شام، تۇندە قالارسەن بىزىيا.
يانمىسا قەلبىڭدە بىر ئوت، نەزم بولمايدۇ سىيا.
ئەلنى سەن كۆيلەپ، سېنى ئەل كۆيلىسە ئۆلمەس ئىشىڭ.
بەرق ئۇرار «ھەسەن ـ ھۆسەن» گويا بولۇپ ئاسماندا يا.

مەزكۇر رۇبائىي، ھەربىر كىشى ئۈچۈن، خۇسۇسەن ئەدىب،
شائىرلار ئۈچۈن «ئۆلمەس ئىش» يارىتىش توغرىسىدا مۇنداق
دەرس ئۆتىدۇ:

يۈرىكىدە ئەل ئىشقىنىڭ نۇرىدىن يورۇقلۇق بولمىغان بىر
كىشى، دۇنيادا يولۇققان بوران ـ چاپقۇنلۇق پەيتلەردە گاڭگىراپ
قالىدۇ. ئەگەر باغرىڭدا ئېلىڭنى سۆيىدىغان بىر مۇھەببەت ئوتى
يوقكەن، قەلەمنى قانچە تۈتۈپ ئولتۇرساڭمۇ، ئالدىڭدىكى سىياھ
قۇر ـ قۇر نەزمگە ئايلانمايدۇ. سەن ئەگەر «ئۆلمەس» ئىش قىلاي
دەيدىغان بولساڭ، ئەلنى كۆيلە، سەن ئەلنى كۆيلىسەڭ، ئەل سې-
نى كۆيلەيدۇ ـ دە، بۇ «ئۆلمەس ئىش» ياراتقانلىقتۇر، دەرۋەقە پە-
قەت ئۆزىنى كۆيلەش غېمىدىلا بولغان كىشىلەر تارىخ تەرىپىدىن
تولىمۇ ئىلدام ئۇنتۇلىدۇ.

**3. كارامەت كۆرسىتەلمەس ئەھلى ئەمگەكتەك ۋەلى، راھىب**

شائىر «ئەل» دېگەندە، ئۇنى ئېغىزىدا رەسمىيلىشىپ قالغان
رەسمىيەت بويىچە ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدىكى «ئەل»

ئابستراكت ئاتالغۇ ئەمەس، كونكرېت ئىبارىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئې-
غىزى ۋە شېئىرىنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان ئارقىلىق:

مېنىڭ قەددىمنى تىك قىلغان ئەمەس شاھ، يا ۋەزىر، نايىب...
پەقەت بولغا بىلەن ئورغاق تۇتار ئەل، پاسىۋان ساھىب.

دېگەن سۆزنى زىكرى قىلىدۇ. شائىر بۇ خىل زىكرى ـ ساناسى
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئازادلىق، تەرەققىيات، بەخت ـ
سائادەت ئىشلىرىنىڭ تۈپ ئامىلى دەپ پەقەت ئەمگەك ئەھلىنى
كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكى ۋە شۇلار-
دىن مىننەتدار بولۇشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جىددىي ئەسكەر-
تىدۇ. ئۆزىنىڭ قەد كۆتۈرۈش ئىشىنى ئىلاھىي قىسمەتكە ياكى
شەخسكە باغلاپ قويمايدۇ.
مەزكۇر رۇبائىي ئىدىيەۋىلىك بايرىقىنىڭ روشەنلىكى بىلەن
ئۇتۇقلۇق چىققان. بىراق ئۇنىڭدىنمۇ ئالاھىدىرەك بولغان پىكرىي
جەۋھەر تېخى بۇ رۇبائىينىڭ 3 ـ، 4 ـ مىسرالىرىدا:

ھەرەمگاھىم ئەمەستۇر كۆلبە ئىبراھىم ۋە يا قۇددۇس،
كارامەت كۆرسىتەلمەس ئەھلى ئەمگەكتەك ۋەلى راھىب.

شائىر شۇ مىسرالاردا ئۆزىنىڭ كىمنى ئۇلۇغ بىلىدىغانلىقىنى
ئېلان قىلىپ، مېنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان يېرىم ئىسلام دىنىدىكى
ئەنبىيالاردىن ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ ئىبادەت ئۆيى ياكى يەھۇدىي
دىندىكىلەرنىڭ مۇقەددەس جايى قۇددۇس ئەمەس. مېنىڭچە، مەيلى
ئەۋلىيا، مەيلى راھىب بولسۇن، كارامەت كۆرسىتىشتە ئەمگەك
ئەھلىگە يېتىشەلمەيدۇ دەيدۇ.
ئۇ بۇ يەردە ھازىرقى دۇنيادىكى ئەمگەك ئەھلىنىڭ قانداق كا-
رامەت كۆرسەتكەنلىكى ۋە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىزنىڭ

يادىغا بىر ـ بىرلەپ سالىدۇ. بۇ ھەقىتىكى دەلىل ئۇچۇن ئەنە دۇنيا، ئەنە ئۇنىڭ تۇنۇگۇنكى ۋە بۈگۈنكى قىياپىتى، ئەنە ئادەمزات پۈتى ئاينىڭ يەلكىسىگە قويۇلغان ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى كۆز ئالدىمىزدا!؟

بۇ كارامەت — ئەمگەك ئەھلىنىڭ كارامىتى ئەمەسمۇ؟

**4. ئارچا ـ قارىغاي خىسلىتى ئاشقاي زىمىستاندىن ئۆتۈپ**

«رۇبائىيات»تا كۆپرەك ئۇرۇن بېرىلگەن پىكىرنىڭ بىرى قەھرىمانلىق خىسلەتتۇر. مېنىڭچە، بىر ئەلنىڭ ئىنقىلابىي ئىشىدا قەھرىمانلىقتىن زور نەرسە يوق. قەھرىمانلىق خىسلەت دېگىنىمىز جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش، ئۆلۈم ئالدىدا سارغايماسلىق، دۈشمەن ۋە قىيىنچىلىقلارغا تىز پۈكمەسلىك. باشقا كۆن چۈشكەندە زارلانماسلىق ۋەھاكازا.

شائىر تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا يۇقىرىقىدەك خىسلەتنى، يەنى ئارچا ـ قارىغاي بىلەن قىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھەقىقەت ئاپتىپىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، يەنى رېئاكسىيە دەۋرى يۈزلەنگەن دەۋر بىلەن بىر ئىنقىلابچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، شۇنداقلا باشقا «كۈن» چۈشكەن ۋە كۆڭۈل قايغۇغا چۆككەن ۋاقىت بىلەن بىر ئۈمىدلىك كىشىنىڭ ھېسسىياتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

لالىزار تاغ باغرىغا سوغ قەھرىتان قار تۆكتى پەس،
كەلمىگى تەس كېيىنەكنىڭ گۈل كۆرۈشكە بىر نەپەس.
ئارچا ـ قارىغاي خىسلىتى ئاشقاي زىمىستاندىن ئۆتۈپ،
ئېچىلىشقاي نەۋ باھاردا مىليون چېچەك قوزغاپ ھەۋەس.

سىز بۇ ھەقتە جانابى «دىيالوگ»نى ئىشقا سېلىپ كۆرۈڭ:

— نېمە ئۈچۈن قىشتا باشقا دەرەخ يوپۇرماقلىرى يوق؟

— ئۇ سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.
— نېمە ئۇچۇن ئارچا - قارىغاي قەھرىتان قىشتىمۇ ياشىرىپ تۇرىدۇ؟
— ئۇ چىداملىق.
— قايسىسى قەھرىمان؟
— ئەلۋەتتە چىداشلىق بەرگىنى - دە!

ئادەم مۇختەلىپ، ئۆزگىرىشچان زامانلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققاندىن كېيىن بىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى رىيازەتكە چىداپ، ئەھدىدە بەرقارار تۇرغاندىن كېيىن ئاشىدۇ.

كۆزۈڭنى ئەيلىگىن روشەن، قۇياشنىڭ شەمئى ئۆچكەندە،
جاھانغا قاپقارا لەيلى گۇلىنىڭ بەرگى چۈشكەندە.
چويۇن كۆكسۈڭنى رۇس ئەيلەپ، كۇلۇشنى سەن غۇرۇر بىلگىن،
جاپا تاغى چېچىپ تاش قەھرىنى بېشىڭغا كۆچكەندە.

ئادەتتىكى چاغدا ھەممە كىشى كۆكرەك كېرىدۇ. جەڭ تۇگـ- گەندە پالۋان كۆپ. گەپ قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچكەن يەنى ھەقىقەت ئاسمىنىنى شۇملۇق بۇلۇتلىرى قاپلاپ، يورۇقلۇق توسۇلغان چاغ- دا ئەقىل كۆزىنى چاپاق باستۇرماي روشەن تۇتۇشتا! ۋۇجۇدۇڭنى مۇشەققەت تېغى باسقانچە، مەيدەڭنى كۆتۈرۈپرەك تۇرۇشتا.
مانا بۇ قەھرىمانلىق، مانا بۇ ئىنسانىي غۇرۇر، مانا بۇ مەرد- لىك سىيماسى!

دىلىڭ قايغۇغا چۆككەندە، غۇرۇرىڭ كەپتىرى بولغىن،
خۇشاللىق ئاشىيانىڭدۇر، جىمىنىڭ كەمتىرى بولغىن.

شائىر مەزكۇر ئىككى مىسرادا قانداق چاغدا غۇرۇرنىڭ، قانداق ۋاقىتتا «كەمتەرلىك»نىڭ لازىملىقىنى ئايرىپ بېرىدۇ. بېشىڭغا

مسكىنلىك چۈشكەندە، روھىي ياقتىن يانجىلىپ كەتمە، ۋىجدانىي ياقتىن ئۆلمە! ھەتتا يۈرىكىڭنى تېخىمۇ پاك تۇت! ئادەتتىكى چاغلاردا، ئاما ئىچىدە ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتقىن، بۇ ساڭا خۇشاللىق كەلتۈرىدۇ.
بىزدە چىدام، غەيرەت، غۇرۇر، كەمتەرلىك ھەققىدە خېلى كۆپ شېئىر يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ تېمىلارغا ئالاقىدار پىكىرلەر «رۇبائىيات»تا جانلىق، ئوبرازلىق، ئىنچىكىرەك ئىپادىلەنگەن.

**5. تەكەببۇر، ھەسەتخور، تەمەخور بولما!**

ئاپتور ئۆز رۇبائىيلىرىدا كىشىلىك ئەخلاق ئۈستىدىمۇ خېلى كۆپ توختالغان. ئۇ، ئەخلاقنىڭ ياخشىلىرىنى تاللىغاندا، ئادەمنىڭ كۆڭلى ياخشى بولۇشنى، گۈزەل قەلب ئىگىسى بولۇشنى ئالدىنقى قاتاردا قويىدۇ. ئۇ دەيدۇ:

گۈزەل قەلب چىن سائادەتتۇر، ئاڭا كۈلپەتمۇ راھەتتۇر،
خۇنۇكلۇك باسسا قەلبىڭنى، ھەسەل ئىچسەڭ نە لەززەتتۇر؟
گۈزەل قەلب ــ كائىنات گويا، پەرىزات مىسلى ئىدراك ــ ھېس،
ئېچار چاچماق ئاڭا دائىم، كۆڭۈل باغىغا ئادەتتۇر.

گەپ چۈشىنىشلىك: ئادەمنىڭ يامان كۆڭلى ئۆزى ئۈچۈنمۇ زەھەر، ياخشى كۆڭلى ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھەسەل، گۈزەل قەلب ئۆزى ئۈچۈن سائادەت بولۇپلا قالماي، باشقا ئادەم ئۈچۈنمۇ سائادەت. ئۇ باغلار ئىچىدىكى شۇنداق باغكى، باشقا كۆڭۈل باغلىرىغا ئېچار چاچىدۇ. تارىختىكى مۇنەۋۋەر مەرىپەتلىك زاتلار قەلبى گۈزەللەردىن ئىدى، ئۇلارنىڭ گۈزەل قەلبى باشقا قەلبلەرگە ئېچار چاچقان، ياخشى ــ ياماننى تونۇتقان ۋە سائادەت بېغىشلىغان ئەمەسمۇ!؟

شائىر تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا تەكەببۇرلۇقنى مەنسىتمەيدۇ:

سەن تەكەببۇر ئەيلىمە ئەقلىم پاراسەت ئايى دەپ،
لەۋھەلەر ئاسما بويۇڭغا «نەزمىلەر دەرگاھى» دەپ.
قانۇنى ئالەمنى سەن پىكرىمگە بەيئەت قىل دېسەڭ،
مەسخىرە ئەيلەر جاھان: بىر تۇپ قوناقنىڭ پايى دەپ.

شائىر مەزكۇر رۇبائىينىڭ 3 ـ، 4 ـ مىسرالىرىدا تەكەببۇر-غا دىمىقىدا بىرنى كۈلۈۋېتىپ ئېيتىدۇكى: سەن باشقىلار مېنىڭ پىكرىمگە تەسلىم بولسا، مېنىڭ كەينىمگە ئەگەشسە بولاتتى دەۋا-تىسەن، بىراق باشقىلار سېنى ئۇنچىلىك چوڭ دەپ ھېسابلىمايدۇ.
شائىر تۆۋەندىكى رۇبائىيسى بىلەن ئۆز ئىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن يېنىشقا مەسلىھەت بېرىدۇ:

تەكەببۇر قىلمىغىن ھەرگىز سېنىڭدەك كۆرمىگى ئۆتكەن،
بۇ كۆرمىگلار تۆرەلمەيمۇ، جاھان چەرخى داۋام ئەتكەن!
تەكەببۇرلۇق كىشىلىك ئالتۇنىغا مىسلى لاك سۇرتمەك،
تەكەببۇرلار ئەزەلدىن خاھىشىنىڭ ئەكسىگە يەتكەن.

مەزكۇر رۇبائىينىڭ 4 ـ مىسراسى تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئاجايىپ جايىدا چىقىرىلغان يەكۇندۇر. تارىخنىڭ بىز-گە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقىنى شۇكى: كىمكى كىبىر بىلەن غاداي-دى، ئاقىۋەت ئۇنىڭ بېشى چۈشتى.

غۇرۇر ئۇ خىسلىتى ئىنسان، ئۇنىڭ نۇر بەرقى سەنئەتتە،
خۇشامەت ھەم خۇراپات ئۇخلىتار ئىنساننى غەپلەتتە.

تەمەخورلىك بىلەن قەقنۇس بولۇشنى قىلغۇچە ئارمان،
جامائەت بىرلە لاچىنلىق ساماسىن ئويىنا جۇرئەتتە.

ئاپتور ئاخىرىغا كېلىپ ئادەم خۇلقىدىكى گىدىيىش - يېلىن-
نىش، غۇرۇر، خۇشامەت ۋە تاماگەرلىك، قانائەت قاتارلىق بىر -
بىرىگە تەتۈر قىلىقلارنى تەڭشەشنى ئەسكەرتىدۇ، تەكەببۇر بول-
مايمەن دەپ، كىشىلەرگە ئورۇنسىز يېلىنىپ، ئىنسانلىق ئىززى-
تىڭنى يوقاتما، تەمەخورلۇق بىلەن يۇقىرىغا ئۆمىلەشنى ئويلاپ
سىقىلىشتىن كۆرە، ئاددىي ئادەملىك ئەركىنلىكى بىلەن لاچىن-
دەك پەرۋاز قىلىپ يۈرگەننىڭ ھۇزۇرى چوڭ.

ئىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ پەس قىلىق ھەسەت قىلىش ھېسابلان-
غاندەك، شائىرنىڭ رۇبائىيسىدا ئەڭ ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىن-
غان كىشى ھەسەتخور بولغان.

ئۆمۈر گۈلشەنلىرىڭ ئەلۋەك، خەلقنى دىلگە جا ئەتسەڭ،
كۆڭۈل ئەينەكلىرىڭ روشەن، ئىلىمگە ئىلتىجا ئەتسەڭ.
سائادەت ئۇل سائادەتنى ئۆتۈنمەك بىرلە بولغاي تەل،
سۇلايمان ئامىتىڭ بەربات، ھەسەتنى مۇددىئا ئەتسەڭ.

ھەسەتخورنىڭ ھالاكەتلىك ئاقىۋىتى تارىختا ھازىرغىچە چوڭ -
كىچىك ئىشلاردا يېڭى - يېڭى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ كەل-
مەكتە. ھەسەتخور بولدۇڭمۇ، — دەيدۇ شائىر ئاشۇ رۇبائىيدا، — تۈ-
گەشتىڭ! چاپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشمايدۇ، ھەتتا سۇلايمان پەيغەم-
بەرگە كەلگەندەك ئامەت كەلسىمۇ، ئاخىر دوم چۈشىسەن!

### 6. ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي زىننەت — ئىلىم

«رۇبائىيات»تىكى ھەربىر رۇبائىينىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن
بىللە قىزىل سىزىق باردۇر. بۇ قىزىل سىزىق مىسرالارغا بېكى-

تىلگەن ئىلىم ـ مەرىپەت، پەلسەپىگە مۇھەببەت مەزمۇنىدۇر. شا-
ئىرنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېسسىياتى يەنىمۇ كۈچلۈك.

زىنىنىتى قەلبىدە يوقلار ئۈستىگە زىنىنەت تاقار،
ئىدراكى كۆزىدە يوقلار ئۈشبۇ زىنىنەتكە باقار.
ئىلمۇئېرپان بىرلە ياۋلار پىتنىسى زىنىنەت ساڭا،
گۈلباھار زىبالىقىڭ، دانالىقىڭ دەريا ئاقار.

ئاپتور شۇ رۇبائىيدا دەيدۇ: بىر قىسىم ئىچى خۇنۇك كىشى-
لەر تېشىنى زىنىنەتلىسە، كۆزىدە ئىدراك نۇرى يوق ئەقىلسىز
كىشىلەر ئاشۇ قاپاق سۆلەت زىنىنەتكە قاراپ مەستخۇش بولىدۇ؛
بىزدە تېخى ئاشۇنداق بازار بار. سەن ھەقىقىي زىنىنەتنى بىلەم-
سەن؟ ئىچىڭدە ئىلمۇئېرپان بولسا، يەنە كېلىپ دۈشمەنلەر ساڭا
پىتنە ـ پاسات قىلسا مانا شۇنى ئۆزۈڭگە زىنىنەت دەپ بىل!
ئىنسانغا بىلىمنىڭ زىنىنەت ئىكەنلىكى — مۇنازىرە تەلەپ
قىلمايدىغان سۆز ئىدى. ئاپتور بۇ رۇبائىيدا ئۇنىڭغا يەنە بىر يې-
ڭى جۈملىنى قوشقان: دۇرۇس ئادەمگە دۈشمەنىنىڭ پىتنىسىمۇ
زىنىنەت دېگەن. بۇ يېڭى پىكىر، ئەڭ توغرا باھا، ئىنچىكە تەپەك-
كۇر ۋە مەردانە سۆز.
ئاپتور ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈستىدە گەپ قىلغاندا، ھازىرغىچە
دېيىلىپ شاما بولۇپ كەتكەن ئىبارىلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايدۇ،
ئۇ بىر يېڭىۋاتقان ئىلىم ئۇنداق ياخشى، بۇنداق گۈزەل دېگەن
ئۇگۇتچىلىك، ۋەز ـ نەسىھەتچىلىك ئۇسلۇبىدىن ھالقىپ، ئادەم
تەسىرلەنگۇدەك، ئىبرەت ئالغۇدەك ۋە ھەممىشە يادىدىن كەتمىگۇ-
دەك بىر ئوبرازنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ رۇبائىيغا قاراڭ:

تۇرىدۇ قورقۇنچ سېلىپ، تەنھا ھەشەمەتلىك تېرەك،
شاخلىرى گويا دېۋە ئەلپازىدىن بېرىپ دېرەك.

يۈزلىگەن شاپتۇل، ئاناردىن ئاشسىمۇ گەر ھەيۋىتى،
ئىچى پۇر بولغاچ ئوتتۇندىن ئۆزگىگە بولماس كېرەك.

رۇبائىيدىكى تۇرقى ھەشەمەتلىك قاپاقتېرەك ئوبرازى خۇددى ئىلىم، مەرىپەتسىز يوغانچى كىشىنىڭ تەق - تۇرقى. شائىر بۇ تېرەكنىڭ قالايمىقان شاخلىرىنى گويا پۈت - قوللىرىنى ھەرەڭ - سەرەڭ ئۇزاتقان دىۋىنىڭ غەلىتە ئەلپازىغا ئوخشىتىدۇ - دە، ئۇنى سىزىۋېتىپ ئۆزى ئۇنىڭدىن مەسخىرىلىك كۈلىدۇ. خۇسۇسەن بۇ رۇبائىينىڭ 3 -، 4 - مىسرالىرىدىكى مەرىپەتلىك ئادەملەر ئوبرازى — شاپتۇل، ئانارلار بىلەن مەرىپەتسىز شەخس ئوبرازى — ھەشەمەتلىك تېرەكنىڭ سېلىشتۇرمىسى نېمىدېگەن ھەققانىي!

سېزەمسەن دىلبىرىم ! كەلدى باھار ئاۋازى ھەر ياندىن،
زامانەم مۇترىبى چالدى مۇقامنى يېڭى دەۋراندىن.
بەختىنىڭ توز قۇشى ئاچتى جۇلالىق ھۆسنىنى ھەيھات،
بېزەكلە كەڭ دىيارىڭنى دېگەندەك ئىلمۇ ئېرپاندىن.

بۇ رۇبائىي دەۋر قىياپىتىنى ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئەسىرىيلىشىش — زامانىۋىلىشىش خىزمىتىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋەزىپىسىگە ھەممىمىزنى ئۆزى تەرەپتىن تەنتەنىلىك ھالدا چاقىرىق قىلىدۇ، قېنى يەڭ شىمايلى، — دەيدۇ شائىر بۇ يەردە، — دىيارىمىزنى ئىلمۇ ئېرپاندىن توزدەك بېزەكلەش پەيتى كەلدى!

ئاپتور ئىلىمنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ ھەم بىزگە قەدىرلەشنى تاپىلايدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئىلىملىككە ھۆرمەت قىل! دۇنيانىڭ ئىشىغا ئولپاڭ ئەمەس ئىلىملىك بىلەن مۇئامىلە قىل! ھەربىر مەسىلىگە ئىلمىي قارا، ئالەمدە ئىلمىي ياشا، دەيدۇ:

مەيلى سەن هايات دەپ ئۆزۈڭنى بەزلە،
مەيلى سەن ئۆلۈم دەپ ئىبادەت ئىزلە.
هەق ـ ناهەق چىرمىشىپ كەتكەن ئالەمدە،
ئىلىمنى قەدىرلەپ، هەق سۆزنى سۆزلە.

## بەدىئىيلىك ئەۋرىشكىلىرى

**1. ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئوخشىتىش**

ئوخشىتىش (تەشنى) ـــ شېئىرىيەتتىكى ئاساسىي ئىستىـلىستىكىلىق ماهارەت ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر بىر شائىر شېئىردا ئوخشىتىشقا ئۇستا ئىكەن، ئۇ شېئىرغا ئۇستا دېگەن سۆز. شېئىر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئوخشىتىش دېمەكتۇر.

ئەتىرگۈل كۆڭلىكىڭ ئىچرە قىزىلگۇلدەك چىرايىڭ بار،
كۆزۈڭدە خوش تەبەسسۇم، سۆزلىرىڭدە ئىلمۇ رايىڭ بار.
قارا چاچىڭ ئەگەر تۈن بولسا، گۈل هۆسنۈڭدە ئايىڭ بار.
بىراق، قەلبىڭدە كىملەرگە سىنىڭ پىنهان سارايىڭ بار؟

شائىر بۇ رۇبائىينىڭ 1 ـ مىسراسىدا يارنىڭ كۆڭلىكىنى ئەـتىرگۈلگە، چىرايىنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىپ ئۇنىڭ گويا ئاق كۈمۈش رومكىغا قىزىل ياقۇت كەبى مەي قۇيغاندەك، گويا سۇبهى ئۇپۇقىغا شەپەق قىزىللىقى رەڭ بەرگەندەك رەڭدارلىقىنى تەسـۋىرلەيدۇ. 3 ـ مىسراسىدا بولسا، مەهبۇبىنىڭ قارا چېچىنى تۈنـدەك دېسە، ئۇنىڭ هۆسنىنى شۇ «تۈن»نى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئايـغا تەمسىل قىلىدۇ. بۇ كېيىنكى ئوخشىتىش بالدۇرقىسىدىنمۇ ئەپچىلرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاق كىشىگە قارا كىيىم شۇنداق يارىشىدۇ، قاراڭغۇ كېچىدە ئاينىڭ هۆسنى شۇنداق كۆركەم بولۇپ كېتىدۇ. بىراق، ھەممىدىن مۇهىم ئوخشىتىش 4 ـ مىسرادا.

ئۆزۈڭ شۇنداق ساھىبجامال، — دەيدۇ شائىر، — لېكىن قەلبىڭدە كىملەرگە ھازىرلىغان پىنھان سارىيىڭ بار؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭدە قانداق سۇپەتتىكى كىشىگە ئورۇن بار؟ شائىر بۇ يەردە ساھىبجامالنىڭ قەلبىنىڭمۇ ئالىيجانابلىقنى مىزان قىلغان بولۇشنى، ئۇنىڭغا كەلسە - كەلمەس يالتىراق سۆلەت بايۋەچچىلەرگە ئورۇن بېرىلمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ساھىبجامالنىڭ قەلبىنى «پىنھان ساراي»غا ئوخشاتقان، شۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئول ئاينى ئاھ ئوقى بىرلە ئېتىپ، ئوۋ قىلمىقىڭ تەستۇر،
چىرايى ئەرش بىلەن كۇرستا، بىراق قەلبى ھامان پەستۇر.
تولۇنئاي جامىنى زىبا بىلىپ ئىچمە ئۇنىڭدىن مەي،
ئۇنىڭ نۇر شولىسىدىن لەززەت ئەپتۇرغان چاۋار - خەستۇر.

شائىر بۇ يەردە ۋاپاسىز، ئۇچمە كۆڭۈل بىر «يار»نىڭ ئوبرازىنى سىزىپ، ئۇنىڭ ساھىبجاماللىقىنىڭ دەرىجىسىنى ئەرش بىلەن كۇرستەك ئېگىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاتسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ پەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ يەردىكى چىراي بىلەن كۆڭۈل دەرىجىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا، گەرچە ئۇنىڭ چىرايى ئەرشتەك ئېگىز دېيىلىپ كۆڭلى پالان نەرسىدەك پەس دېيىلمەسىمۇ، ئىسمى ئاتالمىغان بىر ئوخشىتىش يوشۇرۇنغان. ئۇ چىراينىڭ دەرىجىسى قانچە ئېگىز بولسا كۆڭلى شۇنچە پەس دېگەن ئوخشىتىشتۇر.

بۇ رۇبائىيدىكى ئوخشىتىشنىڭ تىپىك بولۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن يېرى 3 -، 4 - مىسرالاردا. ئاپتور شۇ مىسرالاردا «ئۇنىڭ جامالىنىڭ ‹ئاي›لىقىغا قاراپ «جام»ىدىن مەي ئىچىپ قالما، ئۇ شۇنداق ‹ئاي›كى ئۇنىڭ نۇر شولىسىدىن چاۋار - خەسلەرمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ» دەپ، رەقىب - كۇنداشلارنى «چاۋار»، «خەس»لەرگە ئوخشاتقان.

### 2. ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بالاغەت

بالاغەت — تەلەپكە يېتىش دېمەك بولۇپ، شېئىرىيەتتە سۆزنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ۋە ئۆتكۈر قىلىپ ئېيتىش ماھارىتىدۇر. بىر شېئىرنىڭ كۈچلۈكلىكى بالاغىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

سېنىڭ ئوق - يالىرىڭ قىلدى تېنىمنى تۇزۇتۇپ ۋەيران،
شىپا قىلما تېۋىپ بەس! ئول بولۇپ قالسۇن ساداق ئورمان.
سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭ گويا قىلىچتەك تىلدى سىنەمنى،
يارامنى تىكمە، قان دەرياسىدىن ئۈزسۇن كېمەڭ ھەر يان.

بۇ رۇبائىيدا ئاساسىي ماھارەت 2 -، 4 - مىسرالاردا، ئاپتور بۇ يەردە تېۋىپقا خىتاب قىلىپ: «ئىشق ئوقى كۆپ تېگىپ، ئوق قادىلىپ تۇرغان مەيدەمنى داۋالىمەن دېمە، مەيلى شۇنداق سانسىز ئوقلاردىن كۆكرىكىم ئوقلار ئورمىنى بولسۇن»؛ يارغا خىتاب قىلىپ: «سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭنىڭ قىلىچى تىلغان مەيدەمنىڭ يارىسىنى تىكمەن دېمە، مەيلى ئۇنىڭ قان دەرياسىدىن كېمەڭ ئۈزسۇن» دەيدۇ.

شائىر بۇ رۇبائىيدا سۆزنى بالاغەتكە كۆتۈرۈپ، ئىشق ئوقى تېگىشتىن مەيدىنىڭ «ئوق ئورمانلىقى» ئايلىنىشىنى، يارنىڭ كۆڭلىنى ئالاقزەدە قىلىدىغان سۆزدىن يارا بولغان كۆكسىدىن ئاققان قاننىڭ «كېمە ئۈزگۈدەك دەريا» ھاسىل قىلىشىنى ئېيتقان.

### 3. مۇھتەمىلات (تۇيۇق) ۋە سۆز ئويۇنى

«رۇبائىيات»تا شېئىرىيەت ماھارىتىدىن سۆز ئويۇنى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا مۇھتەمىلات (تۇيۇق) ۋە تەجنىس (شەكىلداش سۆزلەر) بىلەن يېزىلغان رۇبائىيلار كۆپ، كۆپ بولغاندىمۇ ئۇنىڭ

دەرىجىدىن يۇقىرى بولغانلىرى بار.

مۇھتەمىلات (تۇيۇق) — تۆت مىسرالىقتىن يېزىلغان ۋە ئۇ-نىڭ 1 -، 2 -، 4 - مىسرالىرى بىر قاپىيەدە كېلىدىغان (رۇبا-ئىيغا ئوخشاش) شېئىر بولۇپ، مەزكۇر ئۈچ قۇردىكى قاپىيەداش سۆزنىڭ يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، ئەمما مەنىسى بۆلەك بولىدۇ.

لەئلىدىن جانىمغا ئوتلار ياقىلۇر.
قاشى قەددىمنى جاپادىن يا قىلۇر.
مەن ۋاپاسى، ۋەدىسىدىن شادمەن.
ئول ۋاپا بىلمەمكى، قىلماس، يا قىلۇر.
— نەۋايى

مەزكۇر شېئىردىكى ئۈچ «ياقىلۇر»نىڭ ئۈچ خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى ئوت يېقىلىدۇ. ئىككىنچىسى ياچاق قىلىدۇ، ئۈچىنـ-چىسى قىلمايدۇ، يا قىلىدۇ. شېئىرىيەتتە مۇنداق شەكىلداش كەلگەن سۆزلەر، مەنىسى باشقا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزى قاپىيەلىك رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا يەنە قاپىيە كەلتۈرۈش تەلەپ قىـ-لىنمايدۇ. (ئۇلار شەكىلداش سۆز بولسىمۇ، مەنىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، رادىپ - تەكرار سۆز قاتارىغا كىرمەيدۇ). بىراق، «رۇبائىيات»نىڭ ئاپتورى شېئىرىيەت سەنئىتىدە ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە ھالقىپ ئۆتكەن:

ماڭا قىسمەت ئىدى بىر سىر، ئۇنىڭ پالىنى ئەل ئاچتى،
ئادالەت زەر ئۇزۇككە كۆز بولۇپ ياقۇت لەھەل ئاچتى.
خۇشال خەندان ئېتەرمەن، زوق ئېتەر كۆلكەمگىمۇ بۇلبۇل،
كۆرۈڭ پەرھادىغا شېرىن گۈزەل رەڭگىن تۇگەل ئاچتى.

مەزكۇر رۇبائىينىڭ 1 - مىسراسىدىكى «ئاچتى» پال كۆردى،

2 ـ مىسراسىدىكى «ئاچتى» زىنىنتىنى ئاشۇردى، 3 ـ مىسرا ـ سىدىكى «ئاچتى» يۈزىنى ئاچتى مەنىسىدە كەلتۈرۈلگەن. بۇ رۇبا ـ ئىيدىكى ئۈچ «ئاچتى» ئۈچ مەنىدە كەلگەچكە مۇھتەمىلات (تۇ ـ يۇق) بولۇپ، ئىش ئۆز ئۆلچىمى بويىچە ئورۇنلىنىپ بولغان ۋە ئۆلارنىڭ يېنىغا يەنە قاپىيەسىمۇ زورۇر ئەمەس ئىدى. ئاپتور بۇ يەردە شەكىلداش سۆزنىڭ يېنىغا ئەل، لەھەل، توگەل دېگەن قاپىيە ـ يەلەرنى كەلتۈرۈپ، قوش قاپىيەلىك رۇبائىي، قوش قاپىيەلىك مۇھتەمىلات ياراتقان.

شائىر يەنە بىر قىسىم رۇبائىيلارنى يەككە ۋە بەزىسىنى قوش تەجنىس (شەكىلداش سۆز) بىلەن يازغان.

تەجنىس — يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، مەنىسى باشقا بولغان سۆز بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەردىن پايدىلىنىپ شېئىردا سۆز ئويۇ ـ نى ياساش ۋە ماھارەت نامايىش قىلىش كىلاسسىك ئەدەبىياتتا بىر خىل ئەنئەنە. شۇنداق شېئىردىن بىر مىسال:

ئالا بولغان ئالا بولغاندىن ئارتۇق،
كۆمۈلگەن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن ئارتۇق.

مەزكۇر مەسنەۋىنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى ئىككى «ئالا» سۆزى بىر خىل يېزىلغان، بىر خىل ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەربىـ رىنىڭ مەنىسى بۆلەك: بىرىنچىسى «ئالا» بولغان (يا ئاق، يا قارا ئەمەس)، ئىككىنچىسى بەرەس بولغان (پېسى) مەنىسىدە كەلتۈ ـ رۈلگەن. شائىر بۇ شېئىردا ئادەم بىر ئىشتا ئالا (يا ئوغرى ئە ـ مەس، يا توغرى ئەمەس) بولغاندىن پېسى بولغان ياخشىراق، بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا بى ھاجەت ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن، ئۆلۈپ كۆمۈلگەن تۈزۈك دەيدۇ.

«رۇبائىيات»نىڭ ئاپتورى بەزى رۇبائىينى يەككە، بەزىسىنى قوش تەجنىس (شەكىلداش سۆز) بىلەن يازغان.

يەككە تەجنىسنىڭ مىسالى:

ئاڭلىغانتىم بۇ گوزەلنىڭ تۆت تەرەپتىن داڭقىنى،
شەنگە ياققان ئىدىم ھەر كۈندە ئىسرىق داڭقىنى.
....................................

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرادىكى «داڭقىنى» سۆزى «شۆھرىتىنى» دېگەن مەنىدە كەلسە، 2 ـ مىسرادىكى «داڭقىنى» ئىسرىق سالىدىغان داڭقان مەنىسىدە كەلگەن.

قوش تەجنىسنىڭ مىسالى:

مۇھەببەت تويىغا سەۋزە نېنىمنى سەن قەلەم قىلدىڭ،
ساداقەت شەجرىگە قاش ـ كىرپىكىڭنى قەلەم قىلدىڭ.
لېۋىڭدە مەست قىلىپ جەڭگە ئېتەكىڭنى ئەلەم قىلدىڭ،
قىلىپ بەند ئىشقى زىندانىڭ ئارا ئاخىر ئەلەم قىلدىڭ.

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرادىكى «قەلەم» سۆزى «توغراش»، 2 ـ مىسرادىكى «قەلەم» سۆزى ئادەتتىكى قەلەم مەنىسىدە، 3 ـ مىسراسىدىكى «ئەلەم» سۆزى «بايراق»، 4 ـ مىسرادىكى «ئەلەم» سۆزى «دەرد» مەنىسىدە.

«رۇبائىيات»تا سۆز ئويۇنلىرىنىڭ باشقا خىللىرىمۇ بار، بۇنىڭدا مەلۇم سۆزدىكى ھەرپلەرنى باش ـ ئايىغىغا يەڭگۈشلەش ياكى مەلۇم سۆزدىن بىرەر ھەرپنى ئېلىۋەتكەندە بىر خىل، قوشقاندا بىر خىل مەنە ئاڭلىتىدىغان تېپىشماق يەنى مۇئەمما (چىيىستان) خاراكتېرىدىكى شېئىرىيەت سەنئىتى نامايان قىلىنغان.

«قىپ»نى «پىق» قىلساڭ قوشۇپ باشىغا «رە»،
بال قۇيار نەشتەر تۇتۇپ تۇرغان ھەرە.

تەسكىرى قىلساڭ ئۇنى باغىڭ خازان،
ئەجدىھا بوپ تەۋرىگەي ھەتتا پىلە.

رۇبائىينى بىر ئوقۇش بىلەن يازغۇچىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىش تەس. بۇنى ئالدىرىماي ئاڭلاپ، بىر ئاز ئىدراك ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاشكارە بولىدۇ.

«قىپ» — ئىككى ھەرپ (ق ، پ)، ق باشتا، پ ئايىغىدا، بۇ ھەرپلەرنى يۆتكەپ، «قىپ»نى «پىق» قىلىپ كۆرەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا «رە» ھەرپىنى قوشايلى، «پىق»نىڭ بېشىغا «رە»نى قوشساق «رەپىق» بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا، — دەيدۇ شائىر، — نەشتەر تۇتۇپ تۇرىدىغان ھەرە ھەسەل بېرىدۇ. يەنى «رەقىب» (دۈشمەن) «رەپىق» (دوست) قا ئايلىنىدۇ، «پىق»نى «قىپ» قىلىپ بېشىغا «رە»نى قوشساق «رەپىق» «رەقىب»قا ئۆزگىرىدۇ ـ دە، ئاددىي پىلە قۇرتى ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، يەنى دوستلۇق دۈشمەنگە ئۆزگىرىپ بېشىغا بالا بولىدۇ. بۇ بەزىدە بىر خىل مېڭە ئىشلىتىدىغان سۆز ھۈنىرى.

### 4. ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك كۈلكە

دۇنيادا ھېچنېمىدىن قورقمىغان ئادەم زاڭلىق كۈلكىدىن قورقىدۇ دېيىشىدۇ. زۇلمەتلىك يىللارنى 10 يىل تىللاپ، ئۇنىڭ چاقلىرىنى 100 شېئىر بىلەن پاش قىلغاندىن، بىزنىڭ ئاپتورىمىزدەك ئاساسىي مايماق يېرىگە قاراپ، خەلق بىللە كۈلگۈدەك بىر كۈلۈپ قويۇش كۇپايە. ئۇ بۇ رۇبائىيدا شۇنداق كۈلكىنى كۈلىدۇ:

چەرىخنىڭ دەردى تولا ئاۋارىسىدىن ئۆرگۈلەي،
خار ئېتەرگە بىگۇناھنى چارىسىدىن ئۆرگۈلەي،
پېشۋارىم دەپ ئۇنى كۆكسۈم قاناتسام، بىۋاپا،
مەي قۇيۇپ سۇنغان سۇنۇق جام ـ كاسەسىدىن ئۆرگۈلەي.

### 5. ئاپتورنىڭ شېئىرىي تەرجىمىھالى

ئاپتورىمىز شائىر كىشى، شائىرنىڭ تەرجىمىھالى مېنىڭچە شېئىرىي پائالىيىتىدۇر. شائىرلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ھەر كۈنى نەزمىلىرىدە ئىپادىلەيدىغان كىشىلەردۇر. ھەربىر شائىرنىڭ شېئىرى ئۆزى ھەققىدىكى ھۆججەت، ئىسپات ۋە تەرجىمىھالدۇر. شۇڭا بىزمۇ «رۇبائىيات»نىڭ ئاپتورىنىڭ تەرجىمىھالىنى رۇبائىيلىرىدىكى مىسرالاردىن ئاختۇرايلى.

بالىلىق ماڭا ئىستەك سەۋداسى بىلەن كەلمىش،
ياشلىق ماڭا مۇھەببەت بالاسى بىلەن كەلمىش.
شۇنچە ئۆمۈر سۈيى ھايات غوۋغاسى بىلەن كەلمىش،
ئاھ، قېرىلىق يەنە قايغۇ سوۋغىسى بىلەن كەلمىش.

شائىرنىڭ ئۆمۈر سۈيى شاۋقۇنسىز كەلمىگەن، ئۆزى دېگەندەك «ھايات غوۋغاسى بىلەن» كەلگەن، ئۇ نېمە ئۈچۈن، شۇنداق بولغانلىقىنى مۇنداق ئىپلان قىلىدۇ:

كۆيۈپ چوغ ئۈستىدە سەندەل تېنىم دەۋراننى ئۆتكۈزدۈم،
كى سەيياد ئالدىدا بولغاچ ئىپارىم دەشتۇچۆل كەزدىم.
يىپەك بەرگەچكە بەند بولدۇم قۇرتتەك مەن غوزەك ئىچرە،
يېنىپ شامدەك ئادا بولغان گۈزەللىك مەنىسىن سەزدىم.

شائىر ئۇ دەيدۇ: كىندىكىمدە ئىپارى بار كېيىك بىلەن ئوۋچى ھەپىلەشىدۇ. مەندە سەيياد (ئوۋچى)نى قىزىقتۇرىدىغان ئالاھىدە نەرسە بولغاچقا، ئۇ مەن بىلەن ھەپىلەشتى، ئۇ ماڭا كۆپ ئاۋارىچىلىك سالدى، مەن چۆل، دەشتتە سەرسان بولدۇم. ھۈنىرىم يىپەك بېرىش تۇرۇقلۇق غوزەك ئىچىگە بەند بولدۇم. يورۇق چاچىمەن دەپ شامدەك كۆيۈپ رىيازەت تارتتىم. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈردى.

ئاپتورنىڭ ئىسمى كىتاب بېشىدا يېزىقلىق، بىراق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان كىشى قايسى ئابدۇشۇكۇر؟ دەپ سورايدۇ. بىز ئۇنىڭغا دوپپا كىيدۈرمەي، هازىر خەلق ئاتاۋاتقان ئېتىنى دەيمىز: داشۆ ئابدۇشۇكۇر.

بىزنىڭچە بۇ تاسادىپىي ئاتالغان نام ئەمەس، ئۇ تارىخنىڭ بەرگەن ئۇنۋانى، ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبى خەلق ئۈچۈن شەيدا بولغىنىدەك، ئۇنىڭ پۈتۈن هاياتى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن هەمراھ. قىزىق ئىش: ئۇنىڭ ئىسمىغىمۇ داشۆ كېلىپ ئۇلىنىپ بولغان. بۇ نېمىدېگەن بەخت؟ بىر ئادەمنىڭ ئېتىغا يامان ئەمەس، مەكتەپ، مەرىپەت، يەنە كېلىپ ئالىي مەكتەپ، ئىلمۇھېكمەت مەنىسىدىكى نام قوشۇلسا ـ هە. بۇنى ئاتايىن قۇراشتۇرغىلى بولمايدۇ.

تەپەككۇر ئاش ـ ئوزۇقى، جانانى ـ يارى،
كىتابى ئۇلپىتى هەم روزىغارى،
قەلەمنى گەر ئاتا تۇلپار دېگەندە،
پىكىر جەۋلانىغا قەغەز دىيارى.

ئابدۇشۇكۇر گويا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئىگە ئورنىغا «ئىلىم» دەپ تۇغۇلدى. ئۇ ئىلىم بۆشۈكىدە چوڭ بولدى، ئىلىم سۇيىدە ئاقتى، ئىلىم ئوتىدا كۆيدى، ئىلىم ئۇنى دوستلارنىڭ هۆرمىتىگە ئىگە بولدى، ئىلىم ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ جازاسىغا يولۇقتۇردى. ئۇ دىيارىمىزدىكى زىيالىيلارغا تىرىمومېتىر بولۇپ قالدىكى، قايسىبىر دەۋرنىڭ ئىلمۇئىرپان بىلەن خوشى يوق ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن خوشى يوق بولدى؛ قايسىبىر دەۋر ئىلمۇئىرپانغا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنى قەدىرلىدى.

زامانىمىز ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەيدىغان بولغاچ، ئىلىم ئاشىقى ئابدۇشۇكۇر قەدىرلەندى. ئۇنىڭغا پىروفېسسور دەپ ئۇنۋان بېرىلدى.

قەدىرلەپ مەي كۆتۈرگىن كۆرگىنىڭدە ئەھلى پۇرقەتنى،
جۇدۇن مۆلدۈرلىرى تاقىغان ئۇنىڭ بويىنىغا زۇمرەتنى.
تېپىش تەس باغى فىردەۋس بىلەن شەھىرى پەرىزاتتىن،
بوران دەھشەتلىرىدىن ھۆسن تاپقان مۇنچە زىننەتنى.

بۇ رۇبائىي ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەرجىمىھالىدۇر، ئۇ بۇ يەردە ئۆز ئوبرازىنى توغرا سىزغان: «بوران دەھشەتلىرىدىن ھۆسن تاپ-قان» كىشى كەم — كوتىسىز ئۇنىڭ ئوبرازى.

ئابدۇشۈكۈرنىڭ تەرجىمىھالىدىكى ئالاھىدىلىكتىن بىرى سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكىدۇر. ئۇنىڭ «رۇبائىيات»تا ئېيتقان-لىرى ئۆز سەرگۈزەشتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ ۋە ئوقۇپ — بىلىپ ئۆگەنگەنلىرىنى يەكۈنلەيدۇ. ئەگەر شائىر ئۆزى خەلققە دەۋەت قىلغاندەك، ھاياتتا، خۇسۇسەن سىياسىي ھاياتتا بىر يۈز بىلەن ياشىغان، بىر تىل بىلەن سۆزلىگەن ئىكەن ئۇنىڭ سۆزىنى يۈز ھەسسە ئارتۇق ئەزىز كۆرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق سۆز ئاب-رويلۇق سۆزدۇر. ئاپتورىمىز ئەينى زاماندا مۇنداق دېگەن ۋە دېگەن گېپىدە تۇرغان:

مۇشەققەت تاغى باشىمدا، بىراق پەريادى ئەتمەسمەن،
كى، «ئىستىغپار» بىلەن ئىشرەت كۆرۈشنى يادى ئەتمەسمەن،
ھاياتىم نامەئى ئاشكار، ماڭا ئاردۇر سىرى پىنھان،
ئىچىشكە شەربىتى ئامەت، قىسسىپ كۆز جادۇ ئەتمەسمەن.

ئەمدى ئۇ مۇنداق دېمەكتە:

ئاشۇ ناكەس ئەپسۇننى ئوقۇغان تەتۈر ئۇ كۈن،
نامەلىق ئىقرار بىلەن گۇم بولدى كۆپ يىللىق تۈگۈن،
مەن قۇياشقا تەلمۈرۈپ كۈتكەن ئىدىم تاڭ لۇتپىنى،
ئۆرلىدى باشىمنى ئاسمانچە قىلىپ قەلبىمدە كۈن.

شۇنداق، بۈگۈن ئۇنىڭ بىشى ئاسمانچە بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ھەقىقەتنىڭ قۇياشى ئۆرلىدى. بۇ ئىلىم - ئېرپان بۇلبۇلى ھا-زىر مۇنداق سايرىغىلى تۇردى:

نەۋ باھار بولدى ئېچىلدى بۇ ۋەتەن — بۇ گۈل يەنە،
سايرىماقتا گۈل ئۈچۈن شەيدا بولۇپ بۇلبۇل يەنە،
قىلدى جىلۋە، بىزىدى تاڭنىڭ نۇرى باغ ھۆسنىنى،
قايتىدىن كىردى ساداغا پەنجىگاھ، مەرغۇل يەنە.

خۇلاسە شۇكى، بىر ئەلنىڭ روناق تېپىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل — ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق ئادەملىرىنى بايقاش ۋە قەدىر-لەشنى بىلەلىشىدە.

# ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ پېشۋاسى
# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

قەييۇم قۇربان

ئاپتور ھەققىدە: قەييۇم قۇربان، 1936 ـ يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 1956 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي ـ مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، كۆزگەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ قېلىنغان. 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا مۇھەررىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1996 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان.

«جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلغان 28 كۈن»، «قانۇندىن ئاساسىي بىلىملەر»، «ئىنسان تەبىئىتىدىكى يورۇقلۇق» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرگە)، «مەمۇرىيەتشۇناسلىق»، «دەل سەن ئۆزۈڭ»، «سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن»، «يېڭى ئەسىر توغرىسىدا مۇتەپەككۇرلارنىڭ ساداسى» قاتارلىق كىتابلارغا تەكلىپلىك مۇھەررىر بولغان.

ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە، «قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيەسىدىن كونسۇلتاتسىيە»، «جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن سوئال ـ جاۋابلار» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە «بەخت ئىجادىي ئەمگەكنىڭ لەززەتلىك مېۋىسىدۇر»، «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «قانۇن بىلەن

ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «كىشىلىك ھوقۇق مەسىلە-سى توغرىسىدا»، «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئىلىم ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈت ــــ زامانىمىزدى-كى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن توغرى-سىدا»، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ پېشۋاسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرى توغرىسىدا»، «يەر ـ جاي ناملىرىنى توغرا قوللىنايلى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان.

قەييۇم قۇربان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە بېغىشلانغان بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى سەۋەبىنى «ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسى-ۋىتى بىلەن» دەپ چۈشەندۈرگەن.

*　　　*　　　*

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىمى، يېتىلگەن مائارىپچى، تالانتلىق ئەدىب، ئىستېداتلىق پروفېسسور ئابدۇ-شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1995 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋاپات بولغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، «شىنجاڭ مائارىپى» گېزىتىنىڭ 1996 ـ يى-لى 9 ـ يانۋار كۈندىكى سانىدا مېنىڭ «ئىلىم ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈت» ناملىق ماقالەم ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-تېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا كۆرەش مەھمۇتجان بىلەن شېرىن قۇربانىنىڭ «غايە ــــ ئىزدىنىش ــــ مۇ-ۋەپپەقىيەت» ناملىق زور ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قى-لىنىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپە-

قىيەتلىرى، ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى. بولۇپمۇ ئۇ-
نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقى جەھەتتىكى ئۆچمەس
تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغاندى.

ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئۆرلەپ، ئاجايىپ زور
كارامەت كۆرسىتىۋاتقان بۇ قەيسەر ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ قالغى-
نىمىزغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىل-
لىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېس-
سىياتىمىزنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، بۇ ماقالىمىزدە ئۇنىڭ تەت-
قىقات تېمىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلا-
ھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە مول
مەھسۇلات يارىتىپ، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان داڭلىق تەتقىقاتچى.
ئۇ باشلىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ
ئۇنتۇلۇپ، كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە شەرق مەدەنىيىتى
بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ غول
بىر تارمىقى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى تارىخىدىن ئىبارەت بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ تېخى
تولۇق ئېچىلمىغان بىر خەزىنە ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئى-
مىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار-
نىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى مەدەنىيەت بايلىقىنى، ئۇنىڭ ئوت-
تۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى
تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى
ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى
ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نىشانى ۋە توپ ۋەزىپىسى قىلدى. بۇ ئىش ئۇ-
چۇن ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ
قىلىپ، بارلىق ۋاقتىنى تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش،
پىكىر قىلىش، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۆزگىچە شەكىل-

لەنگەن كۈچلۈك خاراكتېرى، هارماي ـ تالماي تىرىشىپ ئۆگە-
نىش روھى، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا بارلىقىنى
بېغىشلاشتەك پىداكارانە خىسلىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى
ئۇنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيەدىكى زور بىر
تۈركۈم ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى
ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1956 ـ
يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىر-
دىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» (خەنزۇچە تەرجىمىسى شۇ ژۇرنالنىڭ
خەنزۇچە 4 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن تۇنجى ئىلمىي ماقالىسى
بىلەن باشلانغانىدى. 23 ياشلىق مۇئەللىپنىڭ يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياشىغان دەۋرى، كۆزقاراشلىرى
ۋە تارىخىي تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان بۇ ئىلمىي ماقالىسى
شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي
تىللار دىۋانى» توغرىسىدىكى چارەك ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان
تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى بولۇپ قالغانىدى. بىراق ئاب-
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنى باشلاپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەينى چاغدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق سىياسىي ۋە-
زىيەت تۈپەيلىدىن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئەسەر ئېلان
قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. پەقەت 1980 ـ يىلىدىن
باشلاپلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەرقايسى نەشرىيات ۋە گېزىت ـ
ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆم-
رىنىڭ قىسقىغىنە مۇساپىسىدە 30 پارچىگە يېقىن كىتاب، 200
پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ماقالە، 50 پارچىگە يېقىن
نەسر، 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئىككى كىنو سىنارىيە-
سىنى ئېلان قىلدۇردى. باشقا تىللاردىن سەككىز پارچە كىتاب ۋە
نەچچە ئونلىغان شېئىرلارنى تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ 20 پارچە-

دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى تۈرلۈك ماقالىلەر توپلاملىرىغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى، 35 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئۈچ پارچە كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى؛ ئۇنىڭ يەنە بىرمۇنچە ئەسەرلىرى ياپون، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياپونىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى: ئىككى پارچە كىتا-بى ۋە بىرقانچە ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتلاندى. ئەپسۇسكى، ئاب-دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «تۇران تارىخى» ناملىق توققۇز توملۇق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى توملىرىنى يېزىپ تاماملىغان بولسىمۇ، قالغان توملىرىنى پۈتكۈزەلمەي قالدى: «فا-رابى» ناملىق رومانى بىلەن «ئانالىتىك پوئېتىكا» ناملىق كىتا-بىنى يېزىپ يېرىملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرلاشتۇرالمىدى: «بە-دىئىي ئىجادىيەتتىكى ئاياللار تەسۋىرى مەسىلىسى توغرىسىدا»، «سىكتايلارنىڭ مېتالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى توغرىسىدا»، «ئوت-تۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغ-رىسىدا مۇلاھىزە»، «يىپەك يولىدىكى يېڭى ئويلىنىش». «مىرزا ئۇلۇغبەگ» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى يېزىلىپ تاماملانغان بولسىمۇ، ئېلان قىلىنىشقا ئۇلگۈرمەي ئارگىنال پېتى قېپقالدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بو-لۇپ، ئۇ ئاساسەن پەلسەپە، ئېستېتىكا، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، تۈركولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېت-نوگرافىيە، جۇغراپىيە، دىن، مائارىپ، ئېتىكا، فولكلور، تېبا-بەتچىلىك قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئۇنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدە مەر-كەزلىك ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بەش تۈر-گە يىغىنچاقلاپ كۆرسەتمەكچىمىز.

**1. ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقاتى**

هازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى روشەن-لەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمى-دۇر. مۇشۇ ئۇقۇم بويىچە قارىغاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» (ئېتنىك گەۋدە) ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» مەۋ-جۇت ئەمەس. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلگىرى كىشىلەر تە-رىپىدىن «كۆمۈلگەن»، « يوقالغان» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئاشۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىنسانلار تۈركۈمى ۋە ئۇلارنىڭ مە-دەنىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى يېقىنقى زامان نامايەندىلى-رىگىچە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرى-كى ئىچىدىكى ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ ئەبۇ ناسىر فارابى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيەلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدى-يە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى» (ئامانۇللا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ يازغان)، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ تە-بىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە»، «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىنى يورۇتۇپ بەردى ۋە نوقۇل ئىسلامى-يەتتىن كېيىنكى دەۋر بىلەن چەكلەپ قويۇلغان ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ باشلىنىشىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي كىشىلىك قا-

راشلىرى دەۋرىگىچە سوزۇلدى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى مەم-
لىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىدى. بۇنىڭدا
ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن -
مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ مۇ-
تەپەككۇر فارابىنى تەتقىق قىلىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى.
چۈنكى، فارابى توغرىسىدىكى تەتقىقات جۇڭگودىكى بەزى ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا
مەدەنىيىتى تارىخىنى روشەنلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ
بىرى ئىدى. ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى فارابى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان
بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرى ئاساسىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە
سىستېمىسى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، فارابىنىڭ ياشىغان دەۋرى،
ئىلمىي پائالىيەتلىرى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى، بۇ تەلىماتلارنىڭ
مەنبەلىرى، فارابىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپە-
لىرى، فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە تا-
رىخىي تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىدىكى تارقاق ئى-
دىيەلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ - ئۇلارنى بىلەن كىرىشتۈ-
رۈپ، ئۇنى بىر يىلتىزدىن شاخلانغان بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىگە
كەلتۈردى ھەم فارابىنىڭ پائالىيەتلىرى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى
ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئومۇمەن، ئۇيغۇر ۋە
باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا
ۋە ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى تارىخىنى،
بولۇپمۇ ماتېرىيالىستىك خاھىشتىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا
ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش تا-
رىخىنى، ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي مۇھىت ئىچىدىكى ئىپادىلە-
نىش شەكىللىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش ۋە روشەن-
لەشتۈرۈشتىكى غايەت زور ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇ-
ڭا، ئۇنىڭ فارابى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى دۆلىتىمىزدە مۇشۇ

تېما بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەنە پەلسەپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئېستېتىكا ساھەسىدىمۇ كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دېگەن يىرىك كىتابلارنى ۋە بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئېستېتىكا نەزەرىيەسىنى گۈزەللىك نەزەرىيەسى، ئېستېتىكىلىق ئۇقۇم نەزەرىيەسى، سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا كاتېگورىيەلىرى نەزەرىيەسى، ئېستېتىكىلىق تەربىيە نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا تارىخىدىكى ھەرقايسى مەزھەپ — ئېقىملارنىڭ ئېستېتىكا نەزەرىيەلىرى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە بايان قىلىپ، بىر پۈتۈن ئېستېتىكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيەلىك گۈزەللىك (ئەسلىي گۈزەللىك)، ئېستېتىكىلىق گۈزەللىك (بەدىئىي گۈزەللىك)، ئېستېتىكىلىق تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى، زوق ۋە باھا قاتارلىق قاتلام ۋە تارماقلارغا ئايرىپ، ئۇنى ئۆز سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت شەرھلەپ، قاتلاملىق ئېستېتىكا نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 2. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر تەتقىقاتى

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارمىقى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدۇر. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىنى، شۇنداقلا شەرق ۋە غەربنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەنئەنىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئىزچىل ئىپادىلىرىنى يورۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئېقىمىدا، كۆپلىگەن ئۇلۇغ يازغۇچىلار، شائىرلار، دىراماتورگلار، سەنئەت-كارلار ۋە كىشى قەلبىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇنلىغان يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە شا-ئىر ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد فارابى، داڭلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي، ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ئەھمەد يەسەۋى، مەشھۇر شائىر ئەھمەد يۈكنەكى، ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ يىرىك نامايەندىسى نەسىرىددىن رابغۇزى، ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ مەشھۇر نامايەندى-لىرى ئەلشىر نەۋايى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ئايازبېك، سە-ئىدخان، ئامانىساخان، قىدىرخان، ھىرقەتى، خاراباتى، زەلىلى، نۆبىتى، مۇھەممەت سادىق، نىزارى، موللا بىلال... قاتارلىق ئالىم - ئەدىبلەر يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئې-لىمىزنىڭ، جۇملىدىن دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يۇقىرى ھۆر-مەت بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر زاتلاردۇر. «ئو-غۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھە-قايىق»، «قىسسەئى رابغۇزى»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»... قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نەمۇنىلىرى ۋە ئىپتىخارىدۇر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ھەرقايسى ئىل-مىي ئېقىملارغا مەنسۇپ بولغان ئاشۇ ئالىم - ئەدىبلەرنىڭ ئىجا-دىي پائالىيەتلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈ-نەرلىك مەھسۇلى بولغان ئاشۇ بىر قاتار نەسرىي ۋە نەزمىي ئە-سەرلەرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

دەرسلىكى پىروگراممىسى»، «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «پۈتمەس - تۈگمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق»، «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «پەرھاد - شېرىن تىراگېدىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «يىپەك يولى سىلىشتۇرما ئەدەبىياتى»، «نەۋايى مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك›» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مۇشۇ تېمىغا دائىر يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتىمۇ ئاز بولغان بىر قىسىم ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى بۇ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرى، ژانىرلىرى، مەزمۇنلىرى، بەدىئىي شەكىللىرى، ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، تارىخىي ئېقىملىرى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاساسلىق نامايەندىلىرى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان يېتەكچىلىك ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەردى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئەزىمەتلەردىن بولغان يۈسۈف خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋايىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي نۇقتا قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە چېلىقارلىق بولدى. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئېلان قىلغان نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە كېيىنكى تەتقىقاتى ئاساسىدا «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» دېگەن چوڭ تىپتىكى ئەسىرىنى يازدى. (بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ

تۈرماقتا). ئۇ بۇ ئەسىرىدە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نامى، ھەجمى، خاراكتېرى، نۇسخىلىرى، ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى، ئىدىيەۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتشۇناسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ، ئەسەرنىڭ يۈكسەك ئىلمىي بەدىئىي قىممىتىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ تېخى تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان بىر چوڭ خەزىنە ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرى، تۇرپان تېكىستلىرى، قاراخانىيلارنىڭ بەدىئىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۇزاقتىن بېرى تالاش ـ تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تىل ۋە مەدەنىيەت ئىرسىيىتى مەسىلىسى ھەققىدە ئۆزىگە خاس قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنىڭ سىڭفۇسەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»تا قەيت قىلغان تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلى دېگەن تىل بىلەن بىر تىل ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈردى.

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»نى «قۇتادغۇبىلىك»كە دائىر بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن چوڭ خەزىنە، قامۇس ۋە مەدەنىيەت بىناكارلىقى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

### 3. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە دائىر تەتقىقاتى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ مەنبە ئېقىملىرى، ئەلنەغمە ۋە كىلاسسىك شەكىللىرى، بەدىئىي تۈزۈلۈشى ۋە قىممىتى جەھەتتىن ئاجايىپ چوڭ خەزىنە بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا يارىتىلغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى»،

«ئۇيغۇر بۇددا ـ مانىزم تەسۋىرى سەنئەت خەزىنىسى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى»دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ خەزىنىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى، بولۇپمۇ كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، رىتىم، ئۇدار، ۋەزىنلىرى، شېئىرىي تېكىستلىرى، كىلاسسىك شائىر ۋە مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «ئامانىنىساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام»، «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۆردى ئاخۇن»، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا»، «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە 24 مۇھاكىمە»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ۋە شۇ ئاساستا «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دېگەن چوڭ تىپتىكى كىتابنى يېزىپ چىقتى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى، ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلار ۋە دەۋرلەردىكى شەكىللىرى، تەرەققىيات جەريانى، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى، تارىخىي قىسمەتلىرى، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق، ئېستېتىكىلىق ۋە تېكىستولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئېستېتىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق قىممىتى، خەلقئارالىق ئەھمىيىتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يوللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە روشەن يورۇتۇپ بەردى. ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرى-

سىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ مىغىزلىق يېرى شۇكى، ئۇيغۇر
مۇقاملىرى قانداقتۇر ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ھىندى سەنئىتىنىڭ
ئېشىندىلىرىدىن قوپۇرۇلغان سۇنئىي، جانسىز گەۋدە ئەمەس،
بەلكى ئۇيغۇر ئېتنولوگىيەلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يىلتىزى-
دىن كۆكلەپ چىققان گۈلزارلىق. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقىي
ئانىسى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەن-
ئىتى ۋە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ قەشقەر مۇقامى،
كۇچا مۇقامى، دولان مۇقامى، خوتەن مۇقامى، قومۇل مۇقامى،
تۇرپان مۇقامى ۋە ئىلى مۇقامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە را-
ۋاجلانغان. ئۇيغۇر مۇقاملىرى نوقۇل مۇزىكىلىق سەنئەت ئەمەس،
بەلكى مۇزىكا، ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە چالغۇ ئەس-
ۋابلىرى قاتارلىق ئامىللارنى بىر گەۋدە قىلغان كۆپ ژانىرلىق ۋە
مول مەزمۇنلۇق، شۇنداقلا ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ نەپىس نەغمە-
لەر تىزمىسى. شۇڭا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن خەۋەردار بولماي تۇ-
رۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي، ئەخلاقىي ۋە غايىۋى ئى-
دېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىنى، مىل-
لىي ھېسسىيات ئۇرغۇلىرىنى ۋە باشقا مىللىي پىسخىك تۈزۈل-
مىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا،
ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچلى-
رىدىن بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى ۋە كىلاسسىك
ئۇن ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.
خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى كىلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ ئا-
ساسى، كىلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقام بولسا، خەلق مەشرەپ مۇ-
قاملىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى-
دىكى ئەڭ كامالەتلىك گۈزەل جەۋھەر بولۇپ، ئۇ سەئىدىيە –
يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ دەسلەپكى
گەۋدىسىنى تىكلىدى ۋە تارىخنىڭ شۇنىڭدىن بۇيانقى بوران –

چاپقۇنلىرىغا قارىماي بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى.

ئومۇمەن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدىمۇ ئۆزى ئۇچۇن ھەم ئۆز خەلقى ئۇچۇن بىر مۇنار تىكلىدى. شۇڭا، 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە «مۇقامشۇناس» (مۇقام سەنئىتى ئالىمى) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

**4. غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتىگە دائىر تەتقىقاتى**

بۇ تەتقىقات ئالىمنىڭ غەربىي دىيارنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ساھەلىرىدىكى تەتقىقاتىغا قارىتىلغان. يىپەك يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ زېمىندا كۆپلىگەن قىيا تاش رەسىملىرى ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلار، شەھەر ـ قەلئەلەر، لايدىن ياكى تۇچتىن ياسالغان ئېكونلار (بۇتلار) بولغان. كېيىن يىپەك يولى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بارلىققا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى بۇ دىيارنىڭ تەسۋىرىي سەنئىتىگە يېڭى كۈچ بېغىشلىدى. خوتەندىن قومۇلغىچە بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بېكسۇنلار (راھىبلار) ئىستىقامەتگاھلىرى، بۇددا ھېكمەت زاللىرى، جەسەت مۇنارلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرى ۋە «مىڭئۆي»لىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىكى ئېكونلار، قورچاقلار، تام رەسىملىرى، سىزما ۋە ياغاچ ئويما رەسىملەر، يىپەككە سىزىلغان رەسىملەر قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، كۆرۈنۈشىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە كۆركەم ـ نەپىسلىكى بىلەن ھەيران قالارلىق ئىدى. غەربىي دىيارنىڭ بۇ تاشكېمىر سەنئىتى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگۈچە، ۋاقىت ئېقىمىنىڭ ئېكەكدىشى بىلەن بۇزۇلۇپ خارابىلىشىشقا باشلىغانىدى. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۆز زامانى ئۇچۇن ناھايىتى يۇقىـ

رى بەدىئىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىت-
نىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كېتمۇاتقاندى. ناھايىتى يۇقىرى مالىيە كۈچى ۋە مەدەنىيەت
فوندى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مۇشۇنداق بىر بۈددىزم
سەنئىتى خەزىنىسىنى مۇكەممەل بىر ئۆرنەك كىتاب شەكلىدە
بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاشۇنداق
بىر ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قانچە ـ قانچىلىغان كىتابلارنى كۆرۈپ چىققان، نۇرغۇنلىغان
بۈددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە
ئەينى چاغلاردا ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، روسىيە قاتارلىق
دۆلەتلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى جەۋ-
ھەرلىرىنىڭ رەڭلىك فوتو سۈرەت نۇسخىلىرىنى ئامالىنىڭ بارى-
چە قولغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ ئېنىق بولغان بىرىنچى قول ماتې-
رىيالغا ئىگە بولغان ۋە بۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا كەڭ تەتقىقات
ئېلىپ بېرىپ، «كۇسەن ئۇسسۇلى ھەققىدە»، «قەدىمكى كۇسەنىنىڭ
كىلاسسىك ئۇسسۇلى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئى-
تى»، «كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى توغرىسىدا»،
«ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەسۋىرىي
ئۇچۇرى»، «شەرقىي تىيانشان ئېتەكلىرىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىز-
لىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئى-
تى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ۋە
شۇ ئاساستا «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى» (بۇ
كىتاب ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىۋاتىدۇ) دې-
گەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى-
نىڭ تارىخىي ئۇتۇقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئويناپ،
يوقىلىش خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان غەربىي دىيار بۈددا سەنئىتى
قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئى-

تى خەزىنىسى» دېگەن كىتابىدا، شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ
كۆچلۈك يەرلىك پۇراقىقا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە
ئىكەنلىكىنى، «مىڭئۆي» سەنئىتى بولسا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى
قىيا تاش سەنئىتىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە، ھىندى، قەز-
دىھار، گىرېك ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتى ئۇسلۇبىدىكى
ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تە-
رەققىي قىلغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەردى. شۇڭا، بۇ
كىتاب ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا غايەت زور تەسىر قوز-
غايدىغان مەدەنىيەت ئەلچىھرامىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**5. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىگە دائىر تەتقىقاتى**

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ ماكان ئۇيۇقىدا
تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈش ۋە زامان داۋىنىدا تۇتقان ئوبرازىنى
بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋردىن ھازىرغىچە بولغان مەدە-
نىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق يىپەك يولىدىكى
ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يىپەك يولى دەۋرىدە «توققۇز ھېك-
مەت»كە ئىگە مەرىپەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، كې-
شىلەرگە ئىپتىخارلىق بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللە-
تىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە روھىي مۇھىتىدا ساقلانغان ھەم ئە-
سىرلەر داۋامىدا نۇرغۇنلىغان پاجىئەلىك ۋەقەلەر ۋە ھەسرەتلىك
ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاشۇنداق
خەۋپ تۇغدۇرۇش ئېھتىمالى بولغان مەنىۋى ئىللەتلىرى توغرى-
سىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ 10 چوڭ
كاساپىتى»، «ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ»، «بىر ـ بىرىگە
ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش»، «روھنى
ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»،
«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ بىر-
لىك ـ ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتبازلىققا يەملىكى»، «مىللەتنىڭ

ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇچ بۇر-جىكى»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «يىپەك يولى ۋە تۆگمقۇشى روھى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسى، مەدە-نىيەت پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىكى بىر قاتار ئىللەتلىرىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

بىر مىللەتنىڭ قايسى ئېتنىك تۈركۈمگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تارىخ سەھىپىسىدە ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق. لېكىن بۇ ئامىللارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى ۋە ھەممە ۋاقىت باشتىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر. مىللەت تۈركۈمى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىلا دىنىي ئېتىقاد، مۇراسىم، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رىتىمىنى شەكىللەن-دۈرگەن بولىدۇ. مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلىپ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويا-لىشى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مال ـ دۇنيا ھېرىسمەنلىكى، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە پەس ئارزۇ ـ ھەۋەس-لەرگە بېرىلگەن مىللەتنىڭ تەقدىرى تولىمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدىكى ناچار ئىللەتلەر بىر ئۇچۇر بو-لۇپ، ئۇ تارىخىي كەچۈرمىشلەرنىڭ مەنىۋى لاتقىلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدە، يەككە ھايات كەچۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما مىللىي ئۇيۇ-شۇشچانلىق ئىقتىدارى ئاجىز، سودا ۋە تەۋەككۇلچىلىك ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما سىياسىي پائالىيەتچانلىق ئىقتىدارى ئاجىز، ھېسسىي بىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەمما ئەقلىي بىلىش ئىق-تىدارى ئاجىز بولۇشتەك نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئاجىز-

لىقلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق، تەمە-خورلۇق (روھىي تىلەمچىلىك)، خۇشامەتچىلىك (قۇللۇق)، ئىككى يۈزلىمىلىك (مۇناپىقلىق)، چېقىمچىلىق، ساتقۇنلۇق، رەھىمسىز-لىك، زالىملىق، تەكەببۇرلۇق، مەنسەپخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، نامەردلىك، ھەسەتخورلۇق، ئالدامچىلىق، پىتنىخورلۇق، ئاچ كۆز-لۈك، ھاماقەتلىك، تەنتەكلىك، ھورۇنلۇق، ھاۋايى ھەۋەسخور-لۇق... قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەر-دى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز مىللىتىنىڭ نۇقسانلىرىنى بايقاش، ئېچىپ تاشلاش ۋە تۈزىتىش مەسىلىسىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ بىرى. بىراق، ئۆز مىللىتىنى ھېسسىي مۇھەببىتى بىلەن سۆيىدىغان بەزى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر دەسلەپ-كى چاغلاردا بۇنى توغرا چۈشىنىپ كېتەلمەي، بۇ «ئۆز مىللىتى-مىزنى سۆككەنلىك»، «مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈر-گەنلىك»، «مەرىپەتچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىللىغاز-لىق»... دېيىشتى. بىلىش كېرەككى، ھازىر ئۇچۇر دەۋرى، رىقابەت دەۋرى، بۇ ھال بىزدىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن دەرھال ئويغىنىپ، دۇنياغا كۆز تىكىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر كۈن كېچىكىپ ئويغى-نىش دەۋردىن نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل كېيىن قالغاز-لىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا، بىز بېكىنمىچىلىك، نادانلىق، ھاماقەتلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، روھىي جەھەتتىن پاكلىنىشىمىز، ھەر تەرەپكە يول ئېچىش ۋە ئەتراپلىق قوبۇل قىلىش روھىمىزنى يېتىلدۈرۈپ، تاشقى دۇنيادىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ تۇرۇشىمىز، ھېسسىي تەپەككۇر ئالىمىگە ئۆتۈ-شىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇ-زۇپ، دۇنيادىكى مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولغان ئىلغار مىل-لەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

### 6. يېڭى قاراش، يېڭى نەزەرىيەۋى يەكۈنلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئاساسىدا يېزىپ چىققان كىتاب - ماقالىلىرىدە بىر قاتار يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئۇنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى تەپەككۇر قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئىخچاملاپ تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىمىز.

بىرىنچى، «قاتلام نەزەرىيەسى» مېتودولوگىيەسى قارىشى.

ئۇنىڭ بۇ قارىشى بارلىق تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي زاتلىق) قاتلامغا ئىگە. شۇڭا ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ گىنوسېئولوگىيەلىك (بىلىش نەزەرىيەسى) جەھەتتىن قاتلام مېتودولوگىيەسى پىرىنسىپى بويىچە بولۇشى لازىم دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ.

ئىككىنچى، تارىخنى ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش مېتودولوگىيەسى قارىشى.

بۇ قاراش تارىخنى ماددىي بۇيۇم، يېزىق ۋە ۋەسىقىلەر قاتارلىق تارىخ ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود بولۇشى لازىم دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ.

ئۈچىنچى، تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى قارىشى.

بۇ قاراشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى مۇنداق: ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە ۋە ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ؛ يەنە بىر قىسمى ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ۋە يېڭى قاتلامنىڭ ئۇلىنى راسلايدۇ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىدۇ؛ بۇ تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندى.

تۆتىنچى، قىسمەنلىكتە ئومۇمىيلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى قارىشى.

بۇ قاراش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەربىر دېتاللىرىدا، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىر شاخچىلىرى، تارماقلىرى ۋە

ھۆجەيرىلىرىدە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قىسمەنلىكى ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە مىللىي پىسخىكىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ.

بەشىنچى، مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى قارىشى.

بۇ قاراش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى، تارىخىي شەكىللىرى (فورماتسىيەلىرى)، پەيدا بولۇش مەنبەسى، تىپى، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

ئالتىنچى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يوقالمايدىغانلىقى قارىشى.

بۇ قاراش تارىختا ئەسلىي نامى تارىخىي قاتلام شەكلى «يوقال-غان» مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى «ئۆلگەن مىللەت»، «يوقالغان مە-دەنىيەت» دېيىش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى قاتلامدىكى ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمى ساقلانغان ۋە داۋام قىلغان بولىدۇ دېگەن قاراشتۇر.

يەتتىنچى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈ-كى قارىشى.

بۇ قاراش ھەرقايسى مىللەت تارىخىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت تا-رىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت باھا-نىسى بىلەن چەك قويۇشقا ئۇرۇنىدىغان كۆزقاراشقا قارشى ھالدا، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە تەكشىسىزلىك بىر پۈ-تۈنلۈككە زىت ئەمەس دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سەككىزىنچى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق تەرەققىي قى-لىش قانۇنىيىتى قارىشى.

بۇ قاراش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئىجادى-يىتىدىن چوڭ بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە لازىملىق قىسمىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىش يولى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ بارىدۇ، بۇنداق راۋاجلىنىش جەريانى قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ

دېگەندىن ئىبارەت.

توققۇزىنچى، «ئىككى مەدەنىيەت» ۋە «بەش مەدەنىيەت» تېپى قارىشى.

بۇ قاراش خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە «خەلقئارالىق مەدەنىيەت» (دۇنياغا يۈزلەنگەن) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدىغان ھەم «گىرېك ــ رىم مەدەنىيىتى»، «كوسەن ــ كۇشان مەدەنىيىتى»، «سۇي ــ تاڭ مەدەنىيىتى»، «ئەرەب مەدەنىيىتى»، «مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىنكى ياۋروپا مەدەنىيىتى»دىن ئىبارەت بەش خىل مەدەنىيەتنى دۇنياغا يۈزلەنگەن كىلاسسىك مەدەنىيەت تېپى دەپ ئايرىيدىغان قاراشتۇر.

ئونىنچى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى قارىشى.

بۇ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ 7 ــ 9 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىينى ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ باش ۋەكىلى دەيدىغان قاراشتۇر.

ئون بىرىنچى، يېڭى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش بېشارىتى قارىشى.

بۇ، شەرق خەلقىنىڭ ئويغىنىشى، يېڭى يىپەك يولى ئاللىقاچان رىنىڭ كۆچىيىشى، غەرب بىلەن شەرقنىڭ تەڭپۇڭلىشىشى، شەرقتە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە مالىيە ئۈستۈنلۈكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشتۇر.

ئون ئىككىنچى، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن قاراش.

بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق، ئەمگەك ۋە بازارلىرى قويۇق مەركەزلەشكەن چوڭ قۇرۇقلۇق يەنىلا يىپەك يولىنى بويلاپ كېڭەيگەن ئاساستا يېڭى گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، دېڭىز ــ ئوكيان قاتنىشى ئۈستۈنلۈكى ئورنىغا يېڭى، زامانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇق

قاتنمشى ئۇستۇنلۇكى دەۋرى باشلىنىدۇ دېگەن قاراشتۇر.

ئون ئۇچىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى ئۈچ تارىخىي دەۋرى دەپ ئايرىش توغرىسىدىكى قاراش.

بۇ قاراش ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرىنى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر، سىمىيان، سكتاي دەۋرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۈللىنىش، خارابىلىشىش ۋە قايتا ئېچىلىش دەۋرى دەپ ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئون تۆتىنچى، قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى قارىشى.

بۇ، گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيەلىك گۈزەللىك، ئېستېتىكىلىق گۈزەللىك، ئېستېتىكىلىق تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماقلارغا ئايرىش قارىشىدۇر.

ئون بەشىنچى، پەلسەپە ئىسلاھاتى قارىشى.

بۇ قاراش پەلسەپە ئۇقۇمىغا يېڭى ئېنىقلىما بېرىش (پەلسەپىنى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنى توغرىسىدىكى ئىلىم دەپ تەرىپلەش) مەسىلىسى، بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيەسىنى بەش ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن باشقا يەنە ئانىمىزم (روھىيەتچىلىك)، تېئىزىم (ئىلاھىيەتچىلىك)، پانتېئىزم (كۆپ خۇدالىق)، ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت بەش تىپقا ئايرىش مەسىلىسى، ئاڭنىڭ مەنتىقىي تىپى ۋە تارىخىي تىپى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى، تۈپ مەقسىتى، ئالىي مەسىلىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تۈركۈم كاتېگورىيەلىرى مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى قاراشتۇر.

ئون ئالتىنچى، مۇقام مەدەنىيىتى قارىشى.

بۇ قاراش ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتى ئا-

ساسىدىكى فولكلور مەدەنىيىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشتۇر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ كۆزقاراشلىرى ئۇنىڭ ئالاقىدار كىتاب ۋە ماقالىلىرىدە روشەن بايان قىلىنغان. لېكىن، ئۇنىڭ چىنلىق دەرىجىسى داۋاملىق تۇردە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە هايات مۇساپىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا هارماي - تالماي ئىزدىنىپ، كىشى قەلبىنى سۆيۈندۇرىدىغان ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلدى، بۇ ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان ئەمەلىي پاكىت. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاشۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

يۇقىرىدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى ۋە مۇھىم مەزمۇنلىرى دەپ قارىغانلىرىمىزنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئاشۇ بىرقانچە مەسىلە بىلەنلا چەكلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى تېخى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن تېخى خېلى يىراق تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ھەممە مەزمۇنلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىل تەتقىقاتى توغرىسىدا

مۇھەممەدتۇرسۇن داۋۇت پاختەكلى

**ئاپتور ھەققىدە:** مۇھەممەدتۇرسۇن داۋۇت پاختەكلى 1959 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ پاختەكلى يېزىسى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى)دا تۇغۇلغان. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (ھازىرقى قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى) جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە چىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ مەزكۇر ئورۇندا تىلشۇناسلىق ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى پائال بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلىنى، خۇسۇسەن ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم مەشھۇر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تىل نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، ھازىرغا قەدەر «ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى»، «‹نەۋايى› رومانىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خاتالىقلار»، «‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قاپىيە لۇغىتى›نىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى»، «ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر توغرىسىدا»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى»، «‹تارىم-

نىڭ يۇرىكىدىكى ئوت، نىڭ دىيالېكتىلىق قىممىتى توغرىسىدا»، ««باھادىرنامە» رومانىنىڭ تىل مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا»، ««كونا قايقان» رومانىنىڭ تىلىدىكى مەسىلىلەر» قاتارلىق 40 پارچىغا يېقىن ماقالىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. مۇھەممەدتۇرسۇن داۋۇت پاختەكلى بۇ ماقالىسىنى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 يىلىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىپ ئېلان قىلغان.

ماقالىدە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق نادىر ئەسىرى ۋە باشقا ماقالە ــ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تىل تەتقىقاتىغا دائىر مەزمۇنلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن ھەم ئالىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

*　　　　*　　　　*

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىي، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ نامايەندىلىرىمىزدىن كېيىن تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولى، پايدا ــ زىيىنى ۋە پەزىلەت ــ قۇسۇرى خۇسۇسىدا ئەڭ چوڭقۇر ۋە كونكرېت مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

مەلۇمكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن داڭلىق ئەدەبىي ئوبزورچى يالقۇن روزى يازغاندەك «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى ھەم يېتەكچىلىك رولىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە

نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن يوروۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ
ئاساسىي نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى
تەتقىقاتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، مەزمۇنى ناھايىتى
مول بولۇپ، دىن، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، مۇقام، سەنئەت،
ئېستېتىكا، فولكلور، مائارىپ، تېبابەت، تىل، ئارخېئولوگىيە
قاتارلىق كۆپ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنداق قۇرۇلۇش
خاراكتېرلىك زور ئەمگەك ئۇنىڭ پۇتكۇل ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ
تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، سىېلىشتۇ-
رۇش، تەتقىق قىلىش، يېزىش ھالىتىدە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتـ
تى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شۇنداق ياشىدى ھەم شۇنداق ئۆزگىچە
خىسلىتىنى شەكىللەندۇردى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشتىكى كۈچ-
لۇك خاراكتېرى، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىزدىنىش روھى،
مۇستەقىل مۇلاھىزىگە، يېڭىچە يەكۇنگە ئىگە تەتقىقاتلىرى، ھېك-
مەتكە، ھېسسىياتقا باي بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى ئۇنى ئۆز مىللىي
تۇركۇمى ئىچىدىكى زاماننداشلىرىنىڭكىدىن سان ۋە سۈپەت جە-
ھەتتە كۆپ ئارتۇق بولغان زور بىر تۇركۇم ئەسەرلەرنى يارىتىش
ئىمكانىيىتىگە ۋە «ئىزچى» (يول ئاچقۇچى) ئالىم بولۇش سالاھـ
يىتىگە ئىگە قىلدى[1]»، «20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا
يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئىلمىي خادىملىرى ئىچىدە ئىلمىي تەتـ
قىقات تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، يورۇتۇپ بەرگەن مەزمۇنلار-
نىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەسەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ تېزلىكى، سانىنىڭ
كۆپلۈكى، ئىجادىيلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بۇسۇش خاراكتېرلىك
ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتـ
ئىمىنىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ باش-
قىلار ئاچمىغان يولنى ئاچقان، باشقىلار يازمىغان تېمىنى يازغان،
ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ھوسۇل بەرگەن ھەقىقىي ئىجتىھات ئىـ
گىسى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، ھايات پائالىيىتى
بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقاتنى قانات

يايدۇرۇش ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا شەرھلەش، خەلقنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرلەندۇرۇش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش نۆۋەتتىكى تەتقىقات پائالىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[2]»، «ھەممىمىزگە ئايانكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەھسۇلاتلىق ئالىم. بۇ جەھەتتە ئۇ كۆپلىگەن كىشىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىكى تېما كەڭلىكى، ھەجىم، شۇنداقلا ئۇ تۇتقان تېمىنىڭ قىيىنلىقى ۋە نازۇكلۇقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئىجتىھاتلىق، ئەمگەكچان ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تەبىئىي رەۋىشتە تىلىمىز ۋە دىلىمىز بىلەن تەستىقلايمىز. ئۇ تەتقىقات مەبلىغى، ھەتتا تەتقىقاتنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى كاپالىتى بولمىغان شارائىت ئاستىدا كۆپ قىرلىق، ۋەزنى ئېغىر تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى تولىمۇ ئېغىر دېسەك ئارتۇقچە بولمايدۇ[3]»، «ئومۇمەن، ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىجتىمائىيەن ئالىمى. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى سان جەھەتتە ئالاھىدە كۆپ بولۇش بىلەن بىللە سۈپەت جەھەتتىمۇ تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە.»[4]

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا قارايدىغان بولساق، بۇلاردا مەرھۇمنىڭ ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەمگەكلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدىغان تىل تەتقىقات پائالىيەتلىرى تىلغا ئېلىنماي كەلدى. مەن تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئالىمنىڭ تىل تەتقىقات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنى تىل نۇقتىسىدىن

چىقىپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تىل قۇدرىتى — تىل پەزىلىتى بىلەن» دېگەن ماقالىسىدە، بولۇپمۇ ئالىمنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق يەنە بىر گۆھەر ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

«تىلشۇناسلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تىل تەتقىقاتىنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە تارماقلىرىغا قارىتىلغان ئومۇمىي نام. تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ ئىلىمدىمۇ بىرقانچە تارماق پەنلەر بارلىققا كەلگەن. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئەسەرىدە گەرچە تىلنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقات تەتقىقاتچىدىن ھامان تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ غول قىسمى ھېسابلىنىدىغان نەزەرىيەۋى تىلشۇناسلىققا ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولمىش ئومۇمىي تىلشۇناسلىققا دائىر بارلىق بىلىملەرنى پۇختا بىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بولغاچقا، ئالىمنىڭ تىل تەتقىقاتىدا تىلشۇناسلىقنىڭ مەزكۇر تارماق پەنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مۇئەييەن سىستېما ھاسىل قىلغان. شۇڭا، ئالىمنىڭ تىل تەتقىقاتىغا خاس تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن نەزەر ئاغدۇرۇشقا تولىمۇ ئەرزىيدۇ.

«تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تىلنىڭ خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىرىشى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تىل ھەققىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي بىلىم تەرىقىسىدە يىغىنچاقلاپ، بۇ نەزەرىيە ۋە بىلىملەرنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ۋە ئىگىلىتىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ

تىل ئۆگىنىش ئۇنۇمىنى ۋە تىل ئىشلىتىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.[1] » ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، پەقەت تىلنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى كىشىلەرگە ئىلمىي يوسۇندا تونۇتۇش، بىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلەنمەسلىكى، بەلكى مىللىي تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى كۈچەيتىدىغان ئامىللار ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشى ھەم شۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك دەپ قارىغان. ئالىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، تىلشۇناسلىقنىڭ پەلسەپەۋى قىممىتى مىللىي تىلنىڭ مەنە - تەپەككۇر سالمىقى، ۋەزىندارلىقى ۋە مىللىي تىلنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى كامالەتكە داۋاملىق يۈزلەندۈرۈشتە گەۋدىلىنىدۇ.

قەدىمكى دۆلەت ئەربابى كاتون: ‹تىل ھەممە كىشىگە، ئەمما دانالىق كەمدىن - كەم ئادەمگە نېسىپ بولغان›، دېگەن. بۇ، ھايۋاندا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئاجايىپ ئىقتىدار — تىلنى، يەنە ئىنساننىڭ دانالىقىغا لايىق تەپەككۇر ھالىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىملىقىدىن ئۈچۈر بېرىدۇ. ئېيتىش مۇمكىن، پەقەت شۇ مەلىكىگە كۆتۈرۈلگەن مىللىي تىللا ئۆز مىللىتىدىن ھالقىغان شۆھرەت ۋە ھاياتىي كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ مەسىلىدە يىراق نەزەرسىزلىك گۆدەكلىكتۇر.[2] »

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا مىللىي تىلنىڭ مەنە، تەپەككۇر سالمىقىنى(مەنە ئىپادىلەش كۈچىنى) ھەم گۈزەل ئەخلاقىي تەسىرىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

بىزگە ئايانكى، تاشقى سەۋەبتىن قارىغاندا، تىلنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. جەمئىيەتتە يېڭى شەيئىلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى تىل

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تىلدا يېزىلغان ئېسىل ـ نادىر ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مىللىي تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆز مىللىتىدىن ھالقىغان شۆھرەت ۋە ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. قارايدىغان بولساق، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەر، ئوتتۇرا زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە»، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»، «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق ئەسەرلەر (گەرچە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان بولسىمۇ) ئۆز دەۋرىدە مىللىي تىلىمىزنىڭ مەنە، تەپەككۇر سالمىقىنى، ۋەزىندارلىقىنى ۋە گۈزەللىكىنى كۈچلۈك نامايان قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى ساپاسى ۋە روھىي قىياپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغاندى. بولۇپمۇ ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۈركىي تىلنى، تۈركىي تىلدا يېزىلغان ياكى قەلەمگە ئېلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر، كونكرېت ـ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق ـ ئەۋزەللىكلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن ئەينى دەۋر مىللىي تىلىمىز مىللەتتىن ھالقىغان زور شۆھرەتكە ۋە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەنىدى. دېمەك، بۇ، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىلشۇناسلىقنىڭ قىممىتى مىللىي تىلنىڭ مەنە، تەپەككۇر سالمىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىي تەسىرىنى ئاشۇرۇش، يەنى ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى ۋە روھىي قىياپىتىنى كامالەتكە يۈزلەندۈرۈشتە گەۋدىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىشى مۇھىم رېئال

ئەھمىيەتكە ئىگە.

تىلشۇناسلىقتا «تىل دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا بىز ئادەتتە تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن چىقىپ: «تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاستىسى» دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن بۇ سوئالغا: «تىل — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىقتىدارى — تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەرگەندىن باشقا، مەشھۇر تىلشۇناسلارغا خاس ئىلمىي چوڭقۇرلۇق، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارچە دانالىق ۋە ئىقتىدارلىق ئەدىبلەرگە خاس ئوبرازچانلىق بىلەن تۆۋەندىكىدەك تەبىرلەرنى بېرىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ:

«تىل — تەپەككۇر ئېقىمى، تەپەككۇرنىڭ سىرتلىنىشى، تەپەككۇر — تىلنىڭ بۇلىقى، تىلنىڭ ماھىيىتى، تىل — غايە، ھېس - تۇيغۇ، تەپەككۇرنىڭ ئۇلۇغ قەسرى. ‹دىل جىلۋىسىنىڭ شاھىتى› (ئابدۇراخمان جامى سۆزى). فېيىرباخ ‹خىرىستىياننىڭ ماھىيىتى› ناملىق كىتابىدا: ‹تىل — دۇنيانىڭ نۇرى، تىل — ھەقىقەتكە باشلاپ كىرىدۇ، سىرلارنى روشەنلەشتۈرىدۇ›، ‹تىل — ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ›، ‹تىل — ھەقىقەتنىڭ ھاياتى›، ‹ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمىگەن كىشى قۇل›، ‹تىل تەربىيەسى بارلىق تەربىيەنىڭ ئاساسىي ئۇلى› دەپ يازغان. ئۆز تىلىنى ئۆز قەلبى بىلەن بىرلەشتۈرۈش — ئىنسان ئىقتىدارىدىكى مۇھىم كامالەت. ئۆز قەلبىنى ئۆز تىلىغا يىغىنچاقلاپ ئىپادىلەش ئەلخارەزمى ئېيتقاندەك، تەپەككۇرنىڭ گۈل - چېچەكى بولسا، ئۆز تىلىنى ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش — تەپەككۇرنىڭ مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل — مىللەتنىڭ بايلىقى، تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم، ھەتتا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن، كۆپ باسقۇچلۇق تىل تەرەققىياتى ئارقىلىق بېيىغان تۇپ ئالامىتى، مىللىي روھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزلۇق قورغىنى ۋە خەزىنىسى، تىل — مىللەتنىڭ قەل-

بى. ئەلىشىر نەۋايى:

‹كۆڭۈل دۇرلىرى ئىچىدە گۆھىرى سۆز، بەشەر (كىشىلىك) گۈلشىنىنىڭ سەمەرى سۆز› دېسە، ئابدۇراخمان جامى: ‹مال، مەنسەپ بولسىمۇ جانغا يېقىنراق، سۆز كامالىتى ئۇنىڭدىن ياخشىراق› دەپ يازغانىدى.

تىل ــ مىللەتنىڭ ئۆتمۈش ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەتنى، هازىرقى كىشىلىرى يارىتىۋاتقان مەدەنىيەتنى كەلگۈسى ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۇلۇغ ئۈچۈر قانالى.

تىل ــ مىللەتنىڭ ئالدىنقى بوغۇنلىرى تۇپراققا كىرگەندىمۇ، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق مىراس.

تىل ــ ئەسىرلەر داۋامىدا تىرىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتنىڭ يۈرىكى، قېنى ۋە جېنى.

تىل ــ مىللەت تارىخىنىڭ تېغى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋان دەرياسى، مىللىي تۇرمۇشنىڭ تىنىقى ۋە يىمىرىلمەس سېپى.

نېمىس تىلشۇناسى ۋىلھېلىم كۇمبولدت: ‹خەلق تىلى دائىما مىللىي روھ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان› دەپ توغرا ئېيتقان. هەربىر مىللەت تىلى خۇددى شۇ مىللەت ياشىغان ئانا زېمىندىن ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريادەك، شۇ مىللەت هاياتىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، تارىخىي مەنزىرىسىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ ‹مىنېرال›لىرى بىلەن تويۇنغان بولىدۇ. مىللىي تىل ــ شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ۋەتىنى سۈپىتىدە مۇقەددەس. تارىخ تېخى مىللىي تىللاردىن مۇستەسنا بىرەر مەدەنىيەت ‹ئەلئىھرامى›نى ئۇچراتقان ئەمەس! مەيلى ئېغىز نۇتۇق تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنىڭ تىلى، ياكى يازما ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت تىلى، هەتتا مۇزىكا تىلى، ئۇسسۇل تىلى بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىگە خاس، يېقىملىق ۋە ئىپتىخارلىق» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 579 ــ 581 ـ بەتلەر).

«تىل — تەلىم ـ تەربىيەنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى. شۇنىڭدەك تىلشۇناسلىقتا ئائىت ھەر دەرىجىلىك كەسپىي تەربىيە — خەلق مائارىپىنىڭ، مىللىي مائارىپنىڭ دائىمىي، غوللۇق بىر مەزمۇنى. تىل — بىلىم مۇقەددىمىسى، شۇنىڭدەك، بىلىم قەسرى. تىل ھەربىر شەخسكە ئىلىم، مەدەنىيەت، ئەخلاق، سەنئەت نۇرىنى بېغىشلايدىغان ئالىي ـ پىكىر مەشئىلى. تىل — ھېسسىيات، ھېسداشلىق، جۇشقۇن روھىيەت يېتىشتۈرىدىغان باغۋەن. تىل بايلىقى، تىل مەدەنىيىتى، تىل نوپۇزى ھەربىر مىللەت مەنىۋى ساپاسى، تارىخىي ئۇتۇقلار جۇغلانمىسى، يىراق تەسىر ھاياتىي كۈچىنىڭ مۇھىم ئىلىكى.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 583 ـ بەت)

«تىل تولىمۇ سېھىرلىك كۈچ. ئۇ ئىبارىلەر تەختىدە مەنىلەر مەلىكىسىنى كۆتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن بېزەيدۇ. شۇ چاغدا تىل خۇددى رىم ناتىقى كىۋىنتىلىيان ئېيتقاندەك:‹ئەڭ ياخشى سۆزنى ئادەم ئەمەس، ھەقىقەت ئۆزى سۆزلىگەندەك، قۇدرەت تۇغۇلىدۇ. فىرانسۇز يازغۇچىسى ژىراردىن دېگەندەك: ‹چېكىنگەن قوشۇننى ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرىدىغان، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرىدىغان سېھىرلىك كۈچ يارىلىدۇ.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 587 ـ بەت)

«تىل ـ يېزىق ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي قۇرۇلما ۋە خاراكتېر ئوبرازى يارىتىشتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت ۋاسىتىسى. ئۇ مۇزىكىدا ئاھاڭ، رەسساملىقتا شەكىل، رەڭ، ئۇسسۇلدا بەدەن ھەرىكىتى قانداق بەدىئىي ۋاسىتە، بەدىئىي ھاۋالە بولسا، ئەدەبىياتتىمۇ خۇددى شۇنداق ئورۇن تۇتقان بولىدۇ. تەكىتلەش ھاجەتكى، تىل ـ يېزىق ئەدەبىياتتا بەدىئىي ۋاسىتە، بەدىئىي ھاۋالە بولۇپ، ئەدەبىياتتىكى تىل ئادەتتىكى تۇرمۇش تىلى ئاساسىدا(قايتا ئىشلەنگەن)، بەدىئىي تىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتىكى تۇرمۇش تىلىنىڭ ئۆزى ئەمەس.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 340 ـ بەت)

...
روشەنكى، ئالىمنىڭ تىل ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدىكى مەز-كۇر تەبىر ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى تىل ۋە ئۇنىڭ رولىنى پەقەت تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا يورۇتۇپ بېرىپ قالماي، بەلكى ئۇنى تىلشۇناسلىقتىن ھالقىغان تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن — پەلسەپە، ئە-دەبىيات، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېستېتىكا قاتارلىق پەنلەر نۇقتىسىدىنمۇ ئاجايىپ ئوبرازلىق ۋە جانلىق شەرھلەپ بەرگەن. بۇ بىزنىڭ تىل ۋە ئۇنىڭ رولىنى كۆپ نۇقتىدىن تونۇشىمىز ۋە چۈشىنىشىمىزگە، تىل ھەققىدىكى نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، بىلىمىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشىمىزغا زور پايدىلىق، ئەل-ۋەتتە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى مەن باشتا ئېيتقاندەك مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكي، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ نامايەندىلىرىمىزدىن كېيىن تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولى، پايدا - زىيىنى ۋە پەزىلەت - قۇسۇرى خۇسۇسىدا ئەڭ چوڭقۇر ۋە كونكرېت مۇلاھىزە يۈرگۈز-گەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر دېيىشكە تولىمۇ ئەرزىيدۇ. ئالىم بىر ئا-دەمنىڭ ئادىمىيلىكىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە قىممەت قارى-شىنى ئۇنىڭ تىلىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنىمۇ ئۇنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنىڭ تىلىدا، سوقا - سۆھبەت، پاراڭ ۋە مۇنازىرىلىرىدە ئىلىم - مەرىپەت كەلىمە-لىرىنىڭ ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىدە پەلسەپە - ھېكمەت دۇردانە-لىرىنىڭ بار - يوقلۇقى، ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغى-لى بولىدۇ دەيدۇ. ئالىم مۇنداق دەيدۇ:

«تىلنىڭ ئەزمىلىكى، يەڭگىلتەكلىكى، تېتىقسىزلىقى، مەنى-سىز — ۋەزنىسىز - پۇچەكلىكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئەقلىي ساپا-

سىنىڭ تۈۋەن، تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئېچىلمىغانلىقىدىن ئۇ-
نىڭ ئۆز سۆزى ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ ئاسا-
سىي ئاھالىسى تىلىدا ئەرزىمەس ئۇششاق - چۇششەك مەزمۇنلار-
دىن باشقا ئىلمىي، مەدەنىيەت، سەنئەت، تەپەككۇر مەنىسىگە ئىگە
دۇردانىلەر ئاز بولسا، بۇ مىللەت تېخى زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنى-
يەتتىن چەتتە قالغان مىللەت بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خىل دىياگنوز-
غا ئېتىراز بىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قان ئانالىزىدەك ئەمە-
لىي ۋە ھەقىقىيدۇر.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 586 - بەت)

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەرقانداق تىلنىڭ ئىناۋەت -
ئابرۇيى ئۇنىڭ مەنە ئىپادىلەش كۈچى ۋە شۇ تىل بىلەن يېزىلغان
ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇ تىلنى قول-
لىنىدىغان مىللەت - خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئەقلىي كاما-
لىتى تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول
ئوينايدىغان مۇھىم ئامىل دەپ قارايدۇ: «تىل نوپۇزى — تىلنىڭ
ۋەزىندارلىقى بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا، تىلنىڭ ئەقلىي بىساتى
بىلەن، ئوخشاشلا، تىلنىڭ ئەقلىي كامالىتى تىل تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرىدىغان، تىلنىڭ لېكسىكىلىق خەزىنىسىنى، گىرام-
ماتىكىلىق تۈزۈلمىسى ۋە ئىستىلىستىكىلىق جۇلاسىنى راۋاجلان-
دۇرىدىغان پىشاڭ.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»،587 - بەت)
ئالىم ھەربىر شەخس ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە
ئەخلاق - پەزىلىتى ئۇنىڭ تىلىدا، تىلنىڭ تاۋۇش شەكلىدە، يە-
نى تەلەپپۇزىدا، شۇنداقلا سۆز - جۈملىلىرىنىڭ مەنە قاتلاملىرىدا
ئىپادىلىنىدۇ، تىل تىل ئەخلاقى مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە شەرت قى-
لىدۇ. تىل ئەخلاقى شەخسنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئەخلاقىي كامالىتى-
نى ئىپادىلەيدۇ، تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ: «تىل يالغۇز
تەلەپپۇز مەدەنىيىتىنى، تىل مەنە بايلىقى — تىلغا يىغىنچاقلانغان
ئەقلىي كامالەت مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە يانداشتۇرۇپ قالماستىن،

يەنە تىلنىڭ ئەخلاقىي مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. تىل ئەخلاقى ھەربىر شەخسنىڭ ۋە مىللەتنىڭ كامالىتىنى ئىپادىلەيدۇ... ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىل ئەخلاقى ۋە تىل ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىر بېكىتكۈچىدۇر.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 588 ـ بەت) ئالىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تىل بوستانىدا ئەقىل مېۋىلىرى يېتىشتۈرەلىگەن مىللەت بىلەن تىل قورالىدىن يانغىن چاچراتقان مىللەتنىڭ تەقدىرى ـ قىسمىتىمۇ تامامەن باشقا ـ باشقىچە بولىدۇ... ئادەم خاراكتېرى ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئاشكارىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ياكى نەپرىتىنى قوزغايدۇ.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 588 ـ، 589 ـ بەتلەر)

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن جانلىق ـ ئاغزاكى تىلنىڭ توغرا ـ ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىنىشىنى، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ روشەن ـ ئېنىق بولۇشىنى، مۇشۇنداق بولغاندىلا تىل ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىسىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، جەمئىيەتتە يۇقىرى نوپۇز ۋە كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «تىل — ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقىگە كىرگەن. بۇ سۈرەت توغرا تەلەپپۇر ۋە مەنە روشەنلىكى بىلەن دەلمۇدەل نۇتۇق ئۈچۈرىغا ئايلانغاندىلا، ئىجتىمائىي ئالاقە رولىنى جارى قىلالايدۇ. بۇنداق تىل قۇدرەتلىك قوماندانلىق نوپۇزىنى تىكلەپ، ئاڭ ۋە ھەرىكىتىمىزنى تىزگىنلەيدۇ.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 585 ـ بەت)

ئالىم تىلدىكى مۇھىم گىرامماتىكىلىق بىرلىك بولغان سۆز ھەققىدە بىرقەدەر كەڭ توختىلىدۇ. مەلۇمكى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تىل بىلەن سۆز گەرچە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بىرلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش ئۇقۇم ئەمەس.

يەنى تىل ـــ تاۋۇش (شەكىل)، سۆز (مەنە) ۋە گىرامماتىكىلىق قا-
ئىدىلەردىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ مۇكەممەل بىر گەۋدىسى بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆز بولسا شۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر تەر-
كىبىي قىسمى، يەنى «تىل بىناسى»نىڭ «قۇرۇلۇش ماتېرىيا-
لى»دۇر. روشەنكى، تىل بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدا ھەم ئورتاقلىق -
بىرلىك بار، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاسلىق - ئۆزگىچىلىكمۇ بار.
ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىل تەتقىقاتىدا تىل بىلەن
سۆز بەزىدە ئوخشاش بىر نەرسە سۈپىتىدە قارالغان، بەزىدە بولسا
باشقىچە قارالغان. شۇڭا، ئالىمنىڭ تىل تەتقىقاتىدىكى «سۆز»نى
كەڭ مەنىدە، يەنى «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ۋاسى-
تىسى» دېگەن مەنىدە («تىل، گەپ، نۇتۇق» دېگەندەك مەنىلەردە)،
بەزىدە تار مەنىدە، يەنى «تاۋۇش جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە
بولۇپ شەكىللەنگەن، ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ئۇقۇمنى
ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى ‹سۆز›دەپ ئاتىلىدۇ»
دېگەن مەنىدە (تىلشۇناسلىقتىكى «سۆز»گە بېرىلگەن تەبىر مەنە-
سىدە) ۋە يەنە بەزىدە مۇئەييەن ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان
تىل بىرلىكى ـــ «جۈملە» مەنىسىدە چۈشىنىشىمىزگە توغرا كې-
لىدۇ.

ئالىم سۆزنى ئۇنىڭ مەزمۇن - مەنە گۈزەللىكى، تۈزۈلۈش -
قۇرۇلما گۈزەللىكى، سۆزنىڭ ئەدەپلىكلىكى ۋە سۆزنىڭ ئاۋاز -
تاۋۇش تۈسىدىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن تولىمۇ ئىنچىكە ۋە نا-
ھايىتى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئالىم سۆزنىڭ مەزمۇن -
مەنە گۈزەللىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سۆزنىڭ مەزمۇن گۈزەل-
لىكى مۇنداق ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، سۆز
قەلب گۈزەللىكى ئاساسىدا بولۇشى، قەلب گۈزەللىكىنىڭ نۇتۇق
ئىپادىسى بولۇشى لازىم. ئۇنداق ‹تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر› بول-
غان ساختا سۆز، سوفىستىكىلىق سۆز نەيرەڭلىرى، ئويۇنلىرى
سۆز گۈزەللىكى ھېسابلانمايدۇ. ئىككىنچى، سۆز ھەقىقىي پاكىتقا

ئاساسلانغان بولۇشى، سۆز بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسە بىردەك بولۇشى لازىم. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي، ئاساسسىز سۆزلەش «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال»، «ئاڭلىساڭ قىلار خوش، باقساڭ ئىچى بوش» بولۇپ قالىدۇ. چوڭ گەپ، يالغان گەپ، قۇرۇق گەپ قىلىش سۆزنىڭ مەزمۇن گۈزەللىكىگە پۈتۈنلەي زىت.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 590 ـ بەت)

ئالىم تىلنىڭ (ئالىمنىڭ گېپى بويىچە سۆزنىڭ) قۇرۇلما گۈزەللىكى ھەققىدە ناھايىتى ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ:

«سۆزنىڭ قۇرۇلما گۈزەللىكى دېگىنىمىز — سۆز تەركىبىنىڭ لوگىكىلىق، گىراماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق، رىتورىكىلىق، ئېتىكىلىق، ئېستېتىكىلىق بولۇشىغا قارىتىلغان.

لوگىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزدە توغرا تەپەككۇر قۇرۇلمىسى بولۇش. لوگىكىلىق زىددىيەت ۋە ئىزچىلسىزلىق بولماسلىق دېگەنلىك؛

گىراماتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزدە جۈملىلەرنىڭ توغرا تىزىلىشى، مەنە توغرا ۋە ئېنىق ئىپادىلىنىشى دېگەنلىك؛

ئىستىلىستىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، تىلنى تىلشۇناسلىق دائىرىسىدە جۇلالاندۇرۇش دېگەنلىك؛

رىتورىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، مەھلىيا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىك؛

ئېتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى دېگەنلىك؛

ئېستېتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ سەنئەتلىك، ئوبرازلىق، جانلىق، يۇمۇرلۇق، كومېدىيەلىك، تىراگېدىيەلىك، تەمسىللىك ئامىللىرىغا قارىتىلغان.

سۆزنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى سۆزلىشىش جەريانىدىكى سۆز ئەخلاقىغا قارىتىلغان. بۇ، سۆزنىڭ مۇلايىم، سىلىق، كەمتەر، قىزغىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سۆزنىڭ مۇلايىملىقى ــ سۆزدە باشقىلار بىلەن ئۆزىنى بارا-ۋەر تۇتۇپ سۆزلەش، سۆزلىشىۋاتقان كىشىنىڭ كىشىلىكىنى ھۆرمەتلەش، تەكەللۇپ قىلىش، ھەرقانداق خۇشامەتچى ياكى خۇ-شامەت تەلەپ قىلىدىغان ئىپادىلەر بولماسلىقى لازىم. سۆزدىكى مۇنازىرە، ئېتىراز ياكى ئۇقۇشماسلىقلارنى ئىزاھلىغاندا ھەقىقەت-نى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىلەن خاراكتېر ئالمىجانابلىقىنى توغرا بىر-لەشتۈرۈش لازىم.

سۆزنىڭ سىلىقلىقى ــ سۆزدە قوپال ۋە پەسكەش جۈملە ياكى ئاۋازلار بولماسلىقى، ھاقارەت خاراكتېرلىك ئالامەتلەر مۇتلەق بولماسلىقى، ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا زورلىماسلىق، ئەپۇ ۋە مەر-ھەمەت كۆرسىتىش، سۆزنى ئىمكانقەدەر ئىجابىي جەھەتتە تۈز، سەلبىي جەھەتتە ئەگىتىپ سۆزلەش كېرەك. بۇ يەردە «ئەگىتىپ سۆزلەش» ــ راستچىللىقنىڭ، ھەقىقەتنىڭ «زىننىتى» رولىنى ئوينايدۇ. قوپال سۆز ــ ئەقلىي، ئەخلاقىي، روھىي گادايلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇكرائىنا خەلق شائىرى تاراس شېۋچېنكو: «قوپاللىق-نى ھېچقانداق باھانە ئاقلىيالمايدۇ» دېگەنىدى.

سۆزنىڭ كەمتەرلىكى ــ سۆزدە سەممىيلىك ئىپادىلەش، سۆزدە پوچىلىق، ماختانچاقلىق، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك بولماس-لىقى، كىشىگە ھەرگىزمۇ دارتىملاپ تەھدىت سالىدىغان، كىشى-نى كەمسىتىپ خارلايدىغان، بېسىم ئىشلىتىدىغان سۆزلەر مۇتلەق بولماسلىقى لازىم. شۇنى بىلىش لازىمكى، گەپتە ئۇتقانلىق، يې-رىك گەپلەر بىلەن بېسىم ئىشلەتكەنلىك غەلىبە ياكى شۆھرەت ئەمەس. ھەقىقىي غەلىبە ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسى، گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسى، كىشىلەر قەلبىنىڭ غەلىبىسى.

سۆزنىڭ قىزغىنلىقى ــ سۆزدە باشقىلارغا قىزغىن سۆزلەش، باشقىلارنى سۆزگە دەۋەت قىلىش، باشقىلارنىڭ سۆزىنى قىزغىن-لىق بىلەن ئاڭلاش، سۆزلىگەندە باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلە-

مەي قۇرۇق ۋە ئۆلۈك سۆزلەۋەرمەسلىك قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇ-
لىدۇ.» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 590 ـ، 592 ـ بەتلەر)

ئالىم تىلنىڭ، جۈملىدىن سۆزنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ياكى
مەنىنىڭ تاشقى پوستى ھېسابلىنىدىغان تاۋۇشنى تىل ـ سۆز دا-
ئىرىسىدە ئۇنىڭ فىزىكىلىق ـــ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەت-
تىن، يەنى تاۋۇشنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، كۈچلۈك ـ ئاجىز-
لىقى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە ئاۋاز تۇسى (تاۋۇش تېمبىرى) قا-
تارلىق جەھەتلەردىنمۇ شۇنداق ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە ئۇ-
نىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئاكتىپ تەرەپلىرىنىڭ رېئال ئەھمى-
يىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«... ئومۇمەن، ئاۋاز يۇمشاقراق، تۆۋەنرەك چىقىرىلىشى، جىد-
دىي ياكى ئۇدارلىق ئاۋاز تەلەپ قىلىنغاندىمۇ ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق
قاتتىق، يۇقىرى، قاتمال بولۇپ كەتمەسلىكى، سۆزدە جۈملىلەر
تولىمۇ سوزۇلۇپ كەتمەسلىكى، ئاۋاز ساغلام، يېقىملىق جاراڭلى-
نىشى، تەرتىپلىك بولۇشى، ھۇدۇقما ياكى ئېشىقما بولماسلىقى،
سۆز ـ ئىبارىلەر توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى، ئېنىق بولۇشى، چەت
تىل ئىبارىلىرى ئازراق بولۇشى، سۆزگە ئالاقىسىز ‹سۆز ئەخلەت-
لىرى›، ئۇشۇقچە سادالار، ئورۇنسىز ئاۋازلار بولماسلىقى لازىم.
سۆزلىگەندە ئاۋاز ئاھاڭدار، رىتىمدار بولۇشى، ئۇ مۇزىكىلىق،
شېئىرىي، يۇمۇرلۇق، خىتابەتلىك قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز لايى-
قىدا ئىپادىلىيەلىشى كېرەك. بۇ تەلەپ ئارتىس، ناتىق، شائىر،
ئادۋوكات، ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. ئاۋاز گۈزەللىكى
باشقىلارغا زوقلىنارلىق تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، سۆزلى-
گۈچىگىمۇ زوق، ئىلھام بېغىشلايدۇ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى، ھېسسى-
ياتىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سۆزدە ئاۋازنىڭ قايپىيەداش بولۇشى، ئو-
چۇق ـ يېپىق بوغۇملارنىڭ رىتىمدارلىقى، نەقرات، ئۇرغۇ ـ ئۇ-

دارلىق كېلىشى، سۆزدىكى ئۆركەشلىك، سۆزدە قارشى تەرەپ ئا-ۋازىنى ئاڭلاش، سۆزدىكى كۈلكە، سۆزدىكى ئاھاڭ جىددىيلىكى ۋە مۇلايىملىق، خاس دوستانە ياكى ئىشق - مۇھەببەتتىكى ئاۋاز گۈزەللىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۆزنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە تەسىرىنى ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.» («قاتلاملىق ئىستېتىكا»، 592 - 593 - بەتلەر)

ئالىم قوش تىللىق بولۇش، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ نەرسىنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت تىللىرىنى قانچە ياخشى ۋە قانچە كۆپ بىلسە، ئۇ خۇددى كۆپ چالغۇ قوراللىرىدىن خەۋەردار بولغان، ھەر خىل قولۇپلارنى ئې-چىشقا لازىملىق ئاچقۇچلىرى بولغان كىشىدەك مەنپەئەتلىك ئىش. كۆپ تىل بىلىش — كۆپ قورالنى ئىگىلەش دېمەكتۇر. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، كۆپ تىل بىلىش، ئۆز تىلىگە مۇ-ھەببەت، ئۆز تىلىنى ئاساس قىلغان بولۇشى لازىم. كۆپلىگەن ئا-لىملار چەت ئەل تىلىنى شۇنچە ياخشى بىلگەن ئاساستا ئۆز تى-لىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكلەرنى قايتىمباشتىن سېزىپ، ئۆز تىلىگە مەدھىيەلەر ئوقۇغان. تۇرگېنېف، لومونوسوف، بېلى-نىسكىي، گوگول، پۇشكىن، ئالېكسىي تولستويلارنىڭ رۇس تىلى ھەققىدىكى ئوتلۇق ئىپتىخارغا تويۇنغان سۆزلىرىنى بۇنىڭغا مى-سال قىلىش مۇمكىن. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹مۇھاكىمەتۇللۇغەتەين› ناملىق تىلشۇناسلىق ئەسىرىمۇ مۇشۇ خۇسۇستا يېزىلغانىدى.» («قاتلاملىق ئىستېتىكا»، 584 - بەت)

ئالىمنىڭ قوش تىللىق بولۇش، چەت ئەل تىللىرىنى ھەم كۆپ ھەم ياخشى ئۆگىنىشنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئانا تىلنى قىزغىن سۆيۈش، ئۇنى جەزمەن قېتىرقىنىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىشنىڭ ھەرقانداق بىلىمنى، جۈملىدىن چەت ئەل تىللىرىنى ئىگىلەشتە-

كى ئاچقۇچلۇق رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىشى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، «ئانا تىلدا پىششىق بولۇشنى كۆچلۈك تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، يەنە قوش تىللىق بولۇش ياكى كۆپ تىللىق بولۇشمۇ دەۋرنىڭ، زاماننىڭ، يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپى. ئانا تىلنى ئۆگەنمىسە بولمايدۇ، ئانا تىلسىز ئاساسىي بىلىملەرنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.»

ئالىم تىلنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆچۈرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي شەكلى سۈپىتىدە ئاددىي ئاۋازلىق تىلنى شەكىللەندۈردى. دەسلەپكى ئاۋازلىق تىل تولىمۇ ئاددىي، لۇغەت تەركىبى كەمچىل ئىدى. قول ئىشارە، بەدەن ھەرىكەتلىرى، ئىملىق ۋە قىيапەت شەكىللىرى ئۇنىڭ قوشۇمچىسى ئىدى. كېيىنچە مىللىي تىللار ۋە تىل سىستېمىلىرى كېلىپچىقتى. بۇ تەخمىنەن مىس قوراللار دەۋرىدىكى ھادىسە...» («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 338 ـ بەت)

ئالىم يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى، رولى ۋە ئەھمىيىتىنىمۇ خېلى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى، مەدەنىيىتى تارىخىدا غايەت زور يېڭىلىق پەيدا قىلدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، يېزىق ئۇزاققا سوزۇلغان ئىپتىدائىي قەدىمكى دۇنيادا ئوبرازلىق ئىما ـ ئىشارەتلەر، تەسۋىرىي كۆرۈنۈش شەكىللىرى، سىمۋوللۇق تەقلىد قىلىشلار، ئۆزئارا تەسىرلىنىشلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى بىر قاتار تامغا ـ ئالامەتلەر دەسلەپكى كالېندار، رەقەم ۋە سىمۋول ئېروگلىفلىرىنىڭ ئاددىي شەكلى سۈپىتىدە ھاسىل بولغانىدى. ھەرقايسى خەلقلەر بىرلا ۋاقىتتا يېزىققا ئېرىشكەن ئەمەس.

يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ناخشا تېكىستى بولغان قوشاق ـ بېيىتلار بىلەن مۇزىكىلىق كۈيلەر ئايرىلىپ چىقىشقا

باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، يازما ئەدەبىيات شەكىللىنىش مۇمكىن-لىكى تۇغۇلدى...» («قاتلاملىق ئىستىتىكا»، 339 ـ بەت)

ئالىمنىڭ تىل ۋە يېزىقنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە تەرەققىي قى-لىشى توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى مۇستەقىل قاراش ۋە ئىجادىيلىق ئىپادىلەنگەن. چوڭقۇر كۆزىتىش، كۆپ تەت-قىق قىلىش ۋە كۈچلۈك ئابستراكت تەپەككۇر ئاساسىغا تۇرغۇ-زۇلغان، شۇنداقلا يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنى-مىزدەك، تىلنىڭ رولى، ۋەزىپىسى، تىلنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان تاۋۇشنىڭ، تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدىغان سۆزنىڭ رولى ھەم خۇسۇسىيەتلىرى، تىل ۋە يېزىقنىڭ پەيدا بو-لۇشى، تەرەققىياتى ئۈستىدە كونكرېت، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن باشقا، يەنە «ئەدەبىياتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تىلشۇ-ناسلىق ئەندىزىسى بويىچە تەتقىق قىلىدىغان ئەدەبىيات تىلشۇ-ناسلىقى»[9] بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم ژانىر ۋە ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم مەسى-لىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى ياكى ھەل قىلدى. مەسىلەن، ئالىم ئۆزى-نىڭ «شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىرقانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق ئېسىل ماقالىسىدە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ: «شېئىر دېگەن مىسرالاردا ئىگە بىلەن خەۋەرنى دوم كۆمتۈرۈپ قويسىلا بولىدىغان پاراڭ» دەيدىغان بىمەنە ۋە تېتىقسىز گەپلىرى-گە رەددىيە بېرىدۇ، «شېئىر»غا بېرىلگەن تۈرلۈك تەبىر ۋە ھەر-خىل چۈشەندۈرۈشلەرنى شېئىرىيەتنىڭ خاس بەدىئىي ئالامەتلىرى نۇقتىسىدىن، خۇسۇسەن تىل نۇقتىسىدىن تولىمۇ ئىنچىكە، چوڭقۇر ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەھلىل قىلىپ، ئاخىرىدا شېئىرىيەتنى ھەرقانداق ھالەتتە شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان بەدى-ئىي ئالامەت نېمە؟ دېگەن سوئالغا: «ئۇنداقتا، شېئىرىيەتنى ئا-ھاڭدار ۋە رەڭدار تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدىغان

سەنئەت ياكى بەدىئىي ژانىر دېسەك بولامدۇ؟ بۇنىڭغا بىز شەرتـ-
لىك ئاساستا «ھەئە» دېيىشىمىز مۇمكىن.
مەلۇمكى، ئىنسان تىل بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ. بىز ئادەتتىـ-
كى تىل بىلەن شېئىرىيەت تەلەپ قىلىدىغان تىلنىڭ پەرقى ۋە
چېگراسىنى قانداق ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن؟ خېلى بىر قىسىم
شېئىرلار ھېلىقى دوستۇم ئېيتقاندەك، گىراماتىكىلىق دۇم
كۆمتۈرۈش بىلەنلا يېزىلىۋاتامدۇ؟ ...» دەپ جاۋاب بېرىپ، تىلـ-
نىڭ شېئىردىن ئىبارەت بۇ كۆپ قاتلاملىق سەنئەت ژانىرىدا تۇتـ-
قان ئورنى ۋە ئوينىغان رولىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ بەر-
گەن.[1] يەنە مەسىلەن، ئالىم ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك، خەزىنىـ-
سى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك، تە تىل ۋە تەپەككۇر
مەسىلىلىرى» دېگەن قىسمىدا: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش
نەزەرىيەسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر ئالاھىدە قىممىتى
شۇكى، ئۇ تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالـ-
غان، تىلنى قەلبنىڭ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئىپادىسى، شاھىتى
ۋە تەرجىمانى سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ تىل توغـ-
رىسىدىكى بايانلىرى پەلسەپىلىك، ئېستېتىكىلىق، لوگىكىلىق
ۋە ئىستىلىستىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ تىل ۋە تەپەكـ-
كۇر، شۇنىڭدەك بىلىم، تىل ۋە گۈزەل پەزىلەت مەسىلىلىرى
ئۈستىدە كەڭ توختالغان. بۇ يەردە پەقەت تىلنىڭ ئىنسان مەنىۋى
دۇنياسىنى ئىپادىلەشتىكى رولى ئۈستىدە توختىلىمىز»دەيدۇ. ئاـ-
لىمنىڭ ئۇلۇغ قامۇسىي ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ئۈسـ-
تىدىكى تەتقىقاتى ئادەتتىكى تەتقىقات بولماستىن، بەلكى مەزكۇر
ئەسەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى تالاش -
تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم ئىستراـ-
تېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تەتقىقات بولغاچقا، ئۇ مۇئەللىپتىن
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ئۈستىدىلا ئەمەس، بەلكى قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېزىلغان ھەرخىل شەكىل ۋە تۈر-

لۇك مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۇستىدىمۇ ئەتراپلىق تەتقى-
قات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان سالمىقى زىيادە ئېغىر
ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئالىم
ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن ئىلىمگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلى-
قى، مىللەت مەدەنىيىتىگە بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ
كۈچلۈك تۈرتكىسىدە بۇ ھەقتە كۆپ يىللار ئىزدىنىپ، ئاخىر بۇ
شاھ ئەسەرنىڭ تىل تەۋەلىكىنى ئايرىپ چىققان. ئالىم بۇ ھەقتە
مۇنداق دەيدۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك، خەزىنىسى› ناملىق كىتابىم 1956
ـ يىلى ئىككى تىلدا ئېلان قىلىنغان ‹ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ
ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى› دېگەن ماقالەم
بىلەن باشلانغان ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا شۇ مۇئەل-
لىپىنىڭ يېشىدا يېزىلغان. ... بۇ كىتابنى يېزىشقا بەش نەرسە
تۈرتكە بولدى... بۇ كىتابنىڭ مىللىي ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدى-
كى تالاشلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بۇ كىلاسسىك ‹نوم› غا شەرھ-
نامە كېرەك ئىدى. بۇ دەل ئەبەدىيلىك يوپۇق ھېسابلىناتتى. مەن
‹مەڭگۈ تاشلار›، ‹تۇرپان تېكىستلىرى›، ‹قاراخانىيلار ھۆججەتلى-
رى›، ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ‹قۇتادغۇبىلىك، تىلى ۋە
پىكرىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئىزدەندىم. ئارستوتېل ـ فارابى،
فىردەۋسى ـ كەيكاۋۇس ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. كىتاب-
نى سىياسىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشتىن ساقلاندىم. ئۇنى كېسىۋال-
ماي، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىزاھلاشقا ئۇرۇندۇم. نەتىجىدە تالىشىپ
يۈرگەن تىل ۋە مەدەنىيەت ‹ئىرسىيىتى› ھەل بولدى. يۈسۈفنىڭ
تىلى سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تىلى بولۇپ چىقتى.[*]»

سۆزسىزكى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قۇتادغۇ-
بىلىك» ئۈستىدىكى خاس تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ تىلى
ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ھەم ئۇنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئالىمنىڭ
مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلى-
رىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم ئۆزىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود — ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» ناملىق جەمئىي 15 بۆلەكتىن تەركىبلەنگەن ماقالىسىدە تىل - يېزىقنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەرەپلىرىنى بىرنەچچە نۇقتىدىن كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ نۇقتىلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئالىمنىڭ تىل - يېزىقنى ئۇنىڭ كېلىپچىقىشى، رولى ۋە تەرەققىياتى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ماھىيىتىدىن ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئالىم شۇ ماقالىنىڭ 12 - بۆلىكىدە مۇنداق دەيدۇ:

«مەلۇمكى، تىل - يېزىق ئالدى بىلەن بىۋاستە نەرسىنىڭ ئەمەس، بەلكى سۇبيېكت تەپەككۇرىنىڭ سىرتلاشقان سىگناللىق ئۇچۇرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە ‹ئەسلىي بويۇم ئۇچۇرى› بىلەن ‹كىشى تەپەككۇرىنىڭ ئۇچۇرى› دىن ئىبارەت ئىككى قاتلام ئېنىق سالاھىيەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلۈشى لازىم.

ئېيتىش كېرەككى، يېزىق — ئابستراكت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك تەپەككۇرنى ئابستراكت بەلگە خاراكتېرلىك ھەرپلەر بىلەن، ئابستراكت چاتقۇچى خاراكتېرىدىكى گىراماتىكىلىق جۈملە تۈزۈش ئارقىلىق ئىككىنچى كىشىگە يەتكۈزۈپ، ئابستراكت چۈشەنچە ھەتتا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئوبراز بىلەن پەيدا قىلىدىغان ئالاقە ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىۋاستىلىكتىن خالىي بولغان ‹تۆت ئابستراكت›، تا لېنىن ئېيتقاندەك، ئىدېئالىزمنىڭ بىلىش نەزەرىيەسى جەھەتتىكى يىلتىزى ساقلانغان بولىدۇ*.»

«تىل بىلىملىرى بىلەن ئەدەبىيات بىلىملىرى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلسە بولمايدىغان زۆرۈر پەنلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، يازغۇچىلار تىل بىلىملىرىگە، تىل تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئەدەبىيات بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى كې-

ـرەك...

بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تىل بىلىملىرى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدا ئىملا مەسىلىلىرىدىن تارتىپ، لېكسىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىسقىچە چېتىلىدىغان چاتاقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. روشەنكى، بۇنداق چاتاقلار تىلنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا، بىر قىسىم تىل تەتقىقاتچىلىرى ئەدەبىيات بىلىملىرىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرمىگەن. ئۇلار يازغان بەزى ماقالىلەردە گەرچە تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئىلمىي، نەزەرىيەۋى پاكىتلار تولۇق ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا قانائەتلىنەرلىك، قايىل قىلارلىق، جەلىپ قىلارلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تۆۋەن، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە تەسىر قوزغىيالمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، تىلچىلارمۇ ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى، ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.*»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پەنلەر ئالىمى، خۇسۇسەن مەشھۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، تاكامۇل ئەدەبىياتشۇناس، تارىخشۇناس، كۆرۈنگەن شائىر ۋە ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن تىلغا، تىل تەتقىقاتىغا غايەت ئېتىبار بىلەن قارىغان، تىلنى مەخسۇس تىلشۇناسلىق ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. مانا بۇ ئالىم ئەسەرلىرى تىلىنىڭ، جۈملىدىن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ۋە مورفولوگىيەلىك تۈزۈلۈش جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك مۇستەھكەملىككە، تىلنى سەنئەتلىك - ئىستىلىستىكىلىق ئىشلىتىش جەھەتتە ئىنتايىن روشەنلىككە ۋە

قالتىس دەللىككە، لوگىكا جەھەتتە مەنتىقىلىق زىددىيەتلەردىن
خالىي ۋە ئەقلىي ئىزچىلسىزلىقتىن مۇستەسنا ھالدا زور قايىل
قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر. روشەنكى، ئا-
لىمنىڭ تىلنى ئىلمىي ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا شۇ قەدەر
ئېتىبار بىلەن قاراش روھى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە، شۇ
جۈملىدىن شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۈلگە قى-
لىشىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەمدى، گېپىمىزنى ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئىلىم بىلەن ئۆتكەن
ئۇلۇغ ھاياتىغا مەردانىلىك بىلەن ئوبيېكتىپ ۋە ئىللا باھا بې-
رىپ:«مېنىڭ ھايات يولۇم پۈل چېكى ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلى-
رىنى ساناش، سىلاش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب - ژۇرنال سە-
ھىپىلىرىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. مېنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىم
ئائىلىدىن مەكتەپكە ئۆتۈش بىلەن داۋاملاشتى[*]» دېيەلىگەن بۇ
جەننەتماكان ئەزىمەت ئالىمنىڭ تىل ھەققىدىكى بىرقىسىم ھېك-
مەتبەخش سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

مىللىي تىل — ئائىلىدە مىليونلىغان ئانىلار، مومىلار، ئا-
تىلار ۋە بوۋىلارنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىمكانقەدەر توغرا تەلەپ-
پۇزدىكى جانلىق، باي، بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىل — «ئانا
تىلى»دا قوراللاندۇرۇشقا موھتاج. ھەقىقىي ئائىلە ئىگىلىرى
ھەممىدىن ئىلگىرى تاملارغا گىلەم، جاۋەن تىزىشقا ئەمەس، بەل-
كى كىتاب ئىشكاپلىرى تىكلەشكە، باللارغا پەن - مەدەنىيەت
مۇھىتى، «كىتاب گۈلشىنى» ھازىرلاپ بېرىشكە ئالدىرىشى لازىم.
رۇس مۇتەپەككۇرى چېرنېشېۋسكىي توغرا ئېيتقان: «ھەربىر
كىشى ئۆز ئەقلىي كامالىتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن جەم-
ئىيەت ئالدىدا قەرزدار. ئائىلىنىڭ مەنىۋى مۇھىتى دەل بۇ خىل
ئەقلىي كامالەتنىڭ ئاساسىي بازىسىدىن ئىبارەت.

مىللىي تىل پۈتكۈل نەشرىيات ـ ئاخبارات، ئىجتىمائىي ماد-
دىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھە ـ تارماقلىرىدا تەبى-
ئىي ۋە زۆرۈرىي ئىشلىتىلىش نوپۇزى ۋە ئىقتىدارىغا مۇيەسسەر
بولۇشى لازىم. («قاتلاملىق ئىستىتىكا»، 583 ـ بەت)

تىلنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدە؛ ھەرقانداق مىللىي
تىلنىڭ ئېغىزدىن قېلىشى، بولۇپمۇ قىزلار ۋە ئانىلار، يىگىتلەر
ۋە ئاتىلار ئاغزىدىن قېلىشى؛ ئوقۇتۇش ۋە يېزىقچىلىقتىن قېلى-
شى — ئۇنىڭ ئەجىلىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق باشقا جانلىق شەي-
ئىگە ئوخشاش ھەرىكەتتىن توختاش تىلنىڭ ھالاكىتىنى كۆرسى-
تىدۇ. ۋاھالەنكى، تىل ھالاكىتى مىللەتنىڭ ھالاكىتىدۇر.

تىلنىڭ ئېغىز، ئوقۇتۇش ۋە يېزىقچىلىقتىن قېلىشى بىر تە-
رەپلىمە، خاتا ئاڭ ۋە مۇھاكىمىلەر تەسىرىدە؛ تىل ـ يېزىق تەر-
بىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى نابابلىقى مۇھىتىدا؛ تىل تەرەققىيا-
تىنى داۋاملىق يېڭى ئىلمىي ۋە مىللىي ئاتالغۇلار بىلەن ئىمكان-
قەدەر دەللىككە ئىگە، ئىخچام ناملار بىلەن تەمىنلىمەسلىك سەۋە-
بىدە تەدرىجىي يۈز بېرىدۇ. بۇ، بىخۇدلۇق قىلىش مەنئى قىلىنى-
شى لازىم بولغان تۈيغۇن ھالقىغا كۆتۈرۈلۈشى لازىم. ھەر خىل
مىللىي تىللارغا قىلىنغان ئېتىبارسىزلىق بەينەلمىلەلچىلىككە
قىلىنغان سوغۇق مۇناسىۋەت بولۇپ، جاھان مەدەنىيىتىنى گا-
دايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. («قاتلاملىق ئىستىتىكا»، 582 ـ بەت)

تىل ئۆلگەن جايدا مىللەتنىڭ ھاياتى خازان بولغان بولىدۇ.
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى: «تىل تۇپەيلى ئۆلۈك تەندە
جان، سۆز تۇپەيلى تىرىك جاندا جانان» دېسە، داغىستان شائىرى
رەسۇل ھەمزاتوف: «تىلىم ئۆلگەندە مەنمۇ ئۆلۈرمەن» دەپ يازغان.
تىلنى بىلمەي تۇرۇپ، ئېلىنى بىلىمەن دېيىش، تىلنى

سۆيمەي تۇرۇپ، ئىلىنى سۆيۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. نېمىس سەنئەتچىسى گېنرىخ لائۇبى: «خەلقنىڭ تىلىغا قىلىنغان ھۇجۇم، ئۇنىڭ قەلبىگە قىلىنغان ھۇجۇمدۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 581 ـ بەت)

تىل ئېگىلىزمى (ئىنكارچىلىقى) ـــ مىللىي مەدەنىيەت ئېگىلىزمىنىڭ ئاساسى. تىل ئېگىلىزمىنىڭ ھەرقانداق ئىپادىلىرى ـــ ئۆز مىللىي تىلىنىڭ ھەرقانداق باشقا مىللەت تىللىرى ۋە ھازىرقى زامان مىللەتلىرى تىللىرىدەك ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە گۈزەل ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىدىغان ئېگىلىزملىق ئالىڭ؛ ئۆز مىللىي تىلى تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى راۋاجلىنىش باسقۇچلىرىنى بىر پۈتۈن مىللىي تىل تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي شەكلى دەپ قارىماستىن، ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويىدىغان ئېگىلىزملىق قاراش؛ ئۆز مىللىي تىلىنى ھەم ساپلىقى جەھەتتە، ھەم يېڭى تارىخىي مۇھىتتىكى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئاقىلانە كۆزەتمەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك نۇقتىئىنەزەر قاتارلىقلار مىللىي تىل ئېتىبارى، ئىقتىدارى ۋە ئىقبالىغا جىددىي نۇقسان، ھەتتا ئەجەللىك بوھران كەلتۈرىدۇ. («قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 581 ـ بەت)

مەنبە:

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (يالقۇن روزى تەرىپىدىن يېزىلغان تونۇشتۇرۇشقا قاراڭ)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ بەت.

② ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 6 ـ بەت.

③ ئابدۇقادىر جالالىددىن: «يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 171 - بەت.

④ غەيرەتجان ئوسمان: «ئالىمنىڭ توغۇلغان جايىنى ئۆزگەرتىشتىن پەيدا بولغان تەسىراتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2005 - يىلى 2 - سان، 31 - بەت.

⑤ خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، 3 - بەت.

⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 586 - بەت.

⑦ ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 4 - بەت.

⑧ ئابدۇرازاق تۆمۈر: «يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقاتىنى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرەيلى»، «تىل تەتقىقاتىمىزنىڭ ئوتتۇز يىلى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، 13 - بەت.

⑨ كۈرەش تاھىر: «ئەدەبىيات تىلشۇناسلىقىدىكى تۈپ مەسىلىلەر ھەققىدە»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2004 - يىلى 4 - سان.

⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىرقانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا»، «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 281 - 289 - بەتلەر.

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇبىلىك، خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 253 - بەت.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 403 - بەت.

② پەرھات جىلان: «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىلى 1 - سان، 30 - بەت.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 392 - بەت.

# «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» توغرىسىدا

خۇ يى، ئابدۇسالام ئابلىز

ئاپتور ھەققىدە: خۇ يى 1950 - يىلى 4 - ئايدا شەنشى ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۇ 1975 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلى كەسپى بويىچە باكلاۋۇرلۇقنى تاماملىغان. 1985 - يىلى «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» كەسپى بويىچە ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزگەن. كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى ۋە رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى قىلغان، فىلولوگىيە فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان.

دۆلەتلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسىدىن بىرىگە، ئاپتونوم رايون ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك كۆپلىگەن تەتقىقات تېمىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان. ئۇنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى قاموسى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى، «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەتقىقاتىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «ئېلىمىز قىرغىزلىرىنىڭ جەنۇبىي دىيالېكتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئابدۇسالام ئابلىز بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2004 - يىللىق 3 - سانى-

دا ئېلان قىلىنغان.

ئابدۇسالام ئابلىمىز 1959 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى. ئۇ «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ئۆتكەن. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاللانما»، «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزگەن ۋە نەشر قىلدۇرغان. 25 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە، ئون پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ماقالە ئېلان قىلدۇرغان.

* * *

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 80 يىللىق تەرەققىياتى جەريانىدا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى گەۋدىلىك نەتىجىلىرى ۋە ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئىجادىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان، تەتقىقات جەھەتتە مول مېۋە بېرىۋاتقان پەيتتە ئالەمدىن ئۆتتى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ئەسىرى «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»نى نەشر قىلدى. بۇ كىتاب نەشردىن چىقىشى بىلەنلا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. چۈنكى بۇ ئەسەر نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر مۇشۇنداق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى نوقۇل سەنئەت تۇغرىسىدا ياكى شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى

ئاساس قىلغان ماقالىلەر بىلەنلا چەكلەنگەچكە، ئانچە زور تەسىر قوزغىيالمىغانىدى. ھالبۇكى، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئالىملارغا خاس كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن بۇ تېمىنىڭ زور قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ناخشا ــ ئۇسسۇل سەنئىتىنى پۈتكۈل جۇڭگو مەدەنىيەت سەنئىتى مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تەتقىق قىلدى. جاھانغا مەشھۇر تاڭ شېئىرلىرىدىن شىنجاڭنىڭ ناخشا ــ ئۇسسۇلىغا ئائىت خاتىرىلەر ۋە تەسۋىرلەرنى توپلىدى ۋە مۇشۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا كۈسەن ئۇسسۇل ــ مۇزىكىسى ۋەكىللىكىدىكى قەدىمكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇل ــ مۇزىكىسىنىڭ ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت ــ سەنئىتىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى شەرھلىدى. بۇ توغرۇلۇق پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز ئەسىرىدە: «تاڭ دەۋرى جۇڭگو تارىخىدىكى مۇھىم بىر دەۋر بولۇپ، ئۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىمىز تارىخىدا كۆپ مىللەتلىك، مەدەنىيەتلىك، گۈللەنگەن مەنزىرىنى ياراتتى. بۇ مەدەنىيەت ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ شەرقتىكى مۇھىم بىر ئۈچىقى سۈپىتىدە جاھان تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ۋە كېيىنكى دەۋرلەر مەدەنىيىتى ئۈچۈن كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دانالىقى «سۈيىنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»دىن شىنجاڭنىڭ ناخشا ــ ئۇسسۇلىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش جەھەتتە كۆرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىمۇ شىنجاڭنىڭ ناخشا ــ ئۇسسۇلىغا ئائىت تەسۋىر ۋە خاتىرىلەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ئاساستا تاڭ دەۋرىدىكى لياڭجوۋ، چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە شىن-

جاڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىللىگەنلىكىدە ھەمدە بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنىڭ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا ئۆگىنىش جەريانى، دەپ يەكۈن چىقارغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى جەھەتتە خېلى ئىزدەنگەن.

**1. شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا سەنئىتى**

شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشى خەن سۇلالىسى ۋە خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا باشلانغان، بۇ خىل ئالماشتۇرۇش جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىن كېيىن تېخىمۇ كېڭەيدى. سۈي - تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ كۇسەن مۇزىكىسى، سۇلى (قەشقەر) مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى، يايپان مۇزىكىسى ئەترەتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان. مەسىلەن، كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىدىكى ليۈگۇاڭ بىر ھۇجۇم بىلەن كۇسەننى ئىشغال قىلىپ، كۇسەن مۇزىكا ئەترىتىنى لياڭجۇۋغا ئېلىپ بارغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، كۇسەن مۇزىكا ئەترىتىنى لياڭجۇۋدىن شىمالىي جۇڭگودىكى يىڭجېڭ شەھىرىگە ئېلىپ بارغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرت ئارقىلىق سۇلى (قەشقەر) مۇزىكىسى بىلەن بۇخارا مۇزىكىسىنى كىرگۈزگەن. غەربىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرت بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت مۇزىكىسىنى چاڭئەنگە كىرگۈزگەن. شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىكى ۋۇدى —

يۇ ۋېنيى تۈرك خاقانىنىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئالغاندىن كېيىن. تۈرك خاقانى كۇسەن، قەشقەر، بۇخارا ۋە سوغدىيانا مۇزىكا ئەت-رەتلىرىنى قىز مېلى ئورنىدا چاڭئەنگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەن. بۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ مۇزىكىسى، ئۇسسۇلى شىمالىي سۇلالىلەردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان، كۇسەن مۇزىكىسى يەنە جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ بىرى بولغان لياڭ سۇلالىسىگە كىرگەن.

سۈي سۇلالىسى مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۈي ۋېندى —— ياڭ جيەن چىڭ شياڭ (جەنۇبىي سۇلالىلەر)، كورېيە، ھىندىستان، بۇخارا، كۇسەن، سەمەرقەنتتىن ئىبارەت يەتتە قىسىملىق مۇزىكا تەسىس قىلغان. كېيىن سۈي ياڭدى —— ياڭ گۇاڭ يەنە چىڭ، غەربىي لياڭ، كۇسەن، ھىندىستان، سوغدىيانا، قەشقەر، بۇخارا، كورېيە، لىبى مۇزىكىسىدىن ئىبارەت توققۇز قىسىملىق مۇزىكا تەسىس قىلغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇزىكانتلار سۈي سۇلالىسى تەسىس قىلغان توققۇز قىسىملىق مۇزىكىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. كېيىن ئۆزلىرى يەن، چىڭ، غەربىي لياڭ، كۇسەن، كورېيە، ھىندىستان، بۇخارا، قەشقەر، ئىدىقۇت، سوغدىيانادىن ئىبارەت ئون قىسىملىق مۇزىكا تەسىس قىلغان. بۇ ئون قىسىملىق مۇزىكا ئىچىدە كۇسەن، قەشقەر ۋە ئىدىقۇت مۇزىكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مۇزىكا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىسىدۇر.

تاڭ شۈەنزۇڭ —— لى لۇڭجى زامانىسىدا بۇ ئون قىسىملىق (خىل) مۇزىكىنى ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلايدىغان مۇزىكا بىلەن ئولتۇرۇپ ئورۇنلايدىغان مۇزىكىغا ئۆزگەرتكەن. ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلايدىغانلار ئۆرە تۇرۇپ چالىدىغان سازەندىلەر، ئولتۇرۇپ ئورۇنلايدىغانلار ئولتۇرۇپ چالىدىغان سازەندىلەر دېيىلگەن. ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغانلار ئەن مۇزىكىسى، تەيپىڭ مۇزىكىسى، پوجېن مۇزىكىسى، چىڭشىيەن مۇزىكىسى، دادىڭ مۇزىكىسى، شاڭيۈەن

مۇزىكىسى، شىڭشۇ ۋە كۇاڭشىڭ مۇزىكىسىدىن ئىبارەت. پوجىن مۇزىكىسى ھەممە چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە كۇسەن مۇزىكىسى كىرىشتۈرۈلگەن. ئولتۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكىلار يەن مۇزىكىسى، چاڭشۇ مۇزىكىسى، تيەنشۇ مۇزىكىسى، ياشىسۇن ۋۇگېي مۇزىكىسى، لوڭچى ۋە پوجىن مۇزىكىسىدىن ئىبارەت ئالتە قىسىملىق (خىل) مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان. بۇ مۇزىكىلارنىڭ ئىچىدە چاڭشۇ مۇزىكىسىدىن كېيىنكى تۆت مۇزىكىدىن لوڭچى مۇزىكىسىنى چىقىرىۋەتكەندە، قالغانلىرى ھەممىسىگە تونۇش بولغان كۇسەن مۇزىكىسىدۇر. يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن ئون قىسىملىق (خىل) مۇزىكا ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغان ۋە ئولتۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئورنىنىڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، مەيلى ئولتۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغان ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكىدا بولسۇن، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ باشلامچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئوردا مۇزىكىسى ئىچىدە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، باشقا خىلدىكى مۇزىكىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭ مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلق ئارىسىغا تارقىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە لى بەي، بەي جۈيى، ليۇ يۈشى، ۋاڭ جى، لى چى، ياڭ جۇڭ، ۋاڭ جيەن قاتارلىقلارنىڭ نادىر شېئىر مىسرالىرى بار. مەسىلەن، لى بەي «سۇڭشەنگە كېتىۋاتقان فېي تۇنەننى ئۇزىتىش» ناملىق شېئىرىدا:

ئۇزىتىپ چىققاندا مەن بولماق ئۈچۈن سىزدىن جۇدا،
چىن چىمەن دەرۋازىسىغا ھەم كېلىپ قالدۇق مانا.

خۇ قىزى قول ئوينىتىپ مەي ئىچكىلى تەكلىپ قىلۇر،
جىلۋە ئەيلەر مەي ـ شاراب قولىدىكى زەر جامىدا.

دەپ يازسا، گو كالڭ بىر شېئىرىدا، خەن كۈيلىرى ۋە ئۇيغۇر نەغ-
مىلىرى ئارىلاش چېلىنغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان:

خۇ مۇقامى، خەن كۈيى ئوينالسا ئۇندا ماسلىشىپ،
چېكىدۇ ئىلىك ـ جىگەرنى ئېرىتىپ بىر دەمدىلا.
گەر ئۇچۇپ كىرسە ئاھاڭ شامال بىلەن ھەر ھۇجرىغا،
قونىدۇ باھار گىياھلار ئۈستىگە شۇ دەمدىلا.

يۈەن جىڭ «نەمۇنىلىك نەغمىلەر» (فاچۇي) ناملىق شېئىرىدا
مۇنداق يازغان:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
«سۇمۇرغ ئاتاش»نىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
«نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى» ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ ـ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەسبەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

لى چى «ئەن ۋەنشەن چالغان بالىماننى ئاڭلاپ» دېگەن شېئىرىدا:

جەنۇب تاغ قومۇشىدا ياسىلىدۇ بالىمان،
بۇ مۇزىكا ئەسلىدە كۇسەن شەھىرىدىن چىققان.
غارايىپ بوپ ئۆزگەردى خەن يېرىدە كۈيلىرى،
ئۇنى لياڭجوۋ ئۇيغۇرى چالىدۇ بىزگە بۇئان.

ياندا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر پەرياد چەكسە،
يۇرت سېغىنغان مۇساپىر كۆزلىرىدە ياش راۋان.

دەپ يازىدۇ. بىز كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان بۇ نادىر مىسرالاردىن تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ مۇزىكىسىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە مەشھۇر مۇزىكانتلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بەي جۈيى «بەرباپ نەزمىسى»دە:

شاراقلايدۇ ئېرەنزار، ساما قىلار توزغاقلار.
بارسام مېھمان ئۈزىتىپ، تۇندە دەريا بويىغا.
مەست بولساقمۇ شاد بولماي، ئايرىلىشمۇ يات بولماي.
چۈشكىنىدەك بىلىندى، كەڭ دەرياغا تولۇن ئاي.

چۈشتى ئاتتىن ساھىبخانا، تۇرار قولۋاقتا مېھمان.
مەي بىلەن كەيپ قىلىشقا، تەڭكەش ساز يوق ئۇنىڭغا.
ئۇنتۇپ مېھمان مېڭىشنى، ساھىبخانا ھەم يېنىشنى.
ئاڭلاپ قالدى كىمنىڭدۇ، ئۇندا بەرباب چېلىشنى.

دەپ يازسا، لى چى ئۆزىنىڭ «دوڭ تىڭلەن چالغان بوربيانى ئاڭلاپ» دېگەن شېئىرىدا:

نەۋجۇۋان سەي ۋېنجى چالدى بوربيانىڭ سازىغا،
ئۇ يەنە سەككىز غەزەلنى تەڭشىدى ئاۋازىغا.
يىغلىغان ھۇنلار كۆزىدىن چۈپكە ياش چۈشكەن چېغى،
مۇڭلىنىپ خەن ئەلچىسى ماڭدى بېقىپ دەرۋازىغا.

دەپ يازىدۇ. جاڭ فۇ «فىن قىزى چالغاندا داپ» دېگەن شېئىرىدا:

شۇ تېرە داپقا ئۆگەتتى يېڭىدىن قىمىزنى،
قىلدى ئىزھار داپمۇ دەسلەپ بار ماھارەت ئۆزىنى.
چىقتى بىر ئالەمچە نەغمە ئىككى تاق ـ تاق ئىچىدىن،
دۇم قىلىپ، جىڭجىلڭ قىلىپ ئېيتقانغا ئوخشاش سۆزىنى.

دەپ يازغان.

بىز يۇقىرىقى شېئىرلاردىكى تەسۋىرلەردىن شىنجاڭنىڭ تاڭ دەرۋىدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن borija, balaman, pipa قاتارلىقلارنى (barbap), (rabap), bāΘtarligpipa,dap – dumbaq ۋە مەشھۇر مۇزىكانتلاردىن بەي مىڭدا، ۋايسارا چىن، بىي شېنفۇ، پىسارنىم، ۋېي چىجاڭ قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولىمىز.

**2. شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى**

شىنجاڭنىڭ مۇزىكىسى بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇلى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. ناخشا بولىدىكەن ئۇسسۇل بولىدۇ. ئۇسسۇل بولىدىكەن ناخشا بولىدۇ. بىز تاڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەر ۋە تەسۋىرلەردىن شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ ناملىرىنىمۇ بىلەلەيمىز. ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە، بەزى مۇزىكىلارنىڭ نامى ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ نامى بىلەن، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ نامى بولسا مۇزىكىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئالايلۇق، پىرقىرىما ئۇسسۇلى، سەكرەش ئۇسسۇلى، چەش ئۇسسۇلى، چاچ تاشلاش ئۇسسۇلى، ئالان ئۇسسۇلى، سۇ ـ مۇز ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا سۇ ـ مۇز ئۇسسۇلىنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: سۇ ـ مۇز ئۇيغۇر تىلىدىكى su – muz دېگەن سۆزدىن كەلگەن يەنى ئۇ سۇ ۋە مۇز دېگەن مەنىنى بىلدۇ-

رىدۇ. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ چېچىشىغا ئوخشاپ كېتىدى-
غان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ مۇراسىم تۇسىنى ئالغان ئۇسسۇلىدۇر.
ئۇيغۇرلار ھەر يىلى يېڭى يىلدا يەنە نوروز كۈنلىرىدە مۇشۇنىڭغا
ئوخشاش مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇ كۈنلەردە
ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، چېچىلغان سۇ ناھايىتى تېزلا مۇز بولۇپ
قېتىپ قالاتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى گۈزەل مەنزىرە ھاسىل
بولاتتى. مانا بۇ خىل مۇراسىمدا ئوينالغان ئۇسسۇل سۇمۇز ئۇس-
سۇلى دەپ ئاتالغان. «كونا تاڭنامە. سۇلۇ تەزكىرىسى» ۋە «كىتاب
مەھكىمىسىنىڭ ئەسلىي پۈتۈكلىرى»دە كۆرسىتىلىشىچە: «ھەر
يىلى 11 ـ ئايدا داپ ئۇسسۇلى بىلەن سوغۇق سۇ چېچىلىدۇ، بۇ
ئاۋات ئويۇن مەنزىرىسىگە ئايلىنىدۇ» دېيىلگەن. ئۇيغۇر بۇددا ئا-
لىمى خۇيلان (慧琳، 820 ــ 737 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ «نوم
سۆزلىرىنىڭ شەرھىسى» ناملىق كىتابىدا: «سۇمۇز غەربىي دىيار
ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، سامۇر دەپ ئېيتىلاتتى. بۇ ئويۇن
غەربىي يۇرتتىكى كۇچا ئېلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى
ھېلىمۇ بار» دەپ يازغان.

بىز پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ سۇمۇز
توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ۋە چۈشەندۈرۈشىدىن «سۇمۇز» دېگەن بۇ
ئاتالغۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسىنى بىلىۋالالايمىز.

بىز پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «شىنجاڭ-
نىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» توغرىسىدىكى
تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، يەنە مۇنداق ئۈچ جە-
ھەتتىن ئىلھام ئالىمىز:

بىرىنچى، ماتېرىيال توپلاش ماھارىتىدىن ئىلھام ئالىمىز. بى-
رەر تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشتە ماتېرىيال توپلاش ناھايىتى
مۇھىم. يېتەرلىك ماتېرىيال توپلىمىغاندا ماتېرىيالدىن مۇۋاپىق
ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، تەتقىقات
تېمىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەشكە ئامالسىز قالىمىز.

شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى تەتقىق قى-
لىشتا كىشىلەر ئادەتتە «تاڭ سۇلالىسى تارىخى مۇزىكا تەزكىرى-
سى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىن ماتېرىيال توپلايدۇ. بۇ ھال
ئېنىقكى، ماتېرىيال كەملىك مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئەمما، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزگىچە يول
تۇتقان. ئۇ كىشىلەر ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان ۋە كىشىلەرگە ئىنتا-
يىن تونۇش بولغان تاڭ شېئىرلىرىدىن ماتېرىيال توپلاپ ناھايىتى
زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ نۇقتا بىزگە ھەقىقىي بىر مۇنەۋ-
ۋەر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىمنىڭ نېمىنى تەتقىق قىلىشنى بىلىپ
قالماي، يەنە ئۆزگىچە تەتقىقات ئۇسۇلىنى بايقاشقا ۋە شۇنداقلا ما-
تېرىيال توپلاش ئۇسۇلىغا ماھىر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ
بەردى.

ئىككىنچى، نېمىنى يورۇتۇش ماھارىتىدىن ئىلھام ئالىمىز.
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئالىم ئادەتتىكى نېمىدىن زور قىممەتكە
ئىگە ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى قېزىپ چىقالايدىغان بولۇشى كې-
رەك. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»
دېگەن تېمىنىڭ قارىماققا ئانچە چوڭقۇر مەنىسى يوقتەك. ئىلگى-
رى مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۈزەكىلا
يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل-
نى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا ئىشنى تامامىلىغان، چوڭقۇرلاپ كىرەل-
مىگەن. پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا شىن-
جاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات ـ
سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتتى، تەھلىل قىلدى ۋە تەتقىق قىلدى.
شۇڭا ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا
مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرى قوشقان تۆھپە-
لىرى بىلەن تارىخ بېتىگە خاتىرىلىنىدۇ. كۇسەن مۇزىكىسى،
قەشقەر مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى، ئۇدۇن مۇزىكىسى، ئى-

ۋىرغول مۇزىكىسى قاتارلىقلار قەدىمكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز مۇزىكا مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم تۆھپە-
سى. بىزنىڭ بۈيۈك ۋەتىنىمىز قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەل-
گەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى تاڭ
سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى خەن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر
دەۋرىدىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەن. ھالبۇكى، تاڭ دەۋرى بۇ
خىل ئالماشتۇرۇش گۈللەنگەن دەۋردۇر، دېگەن يەكۈننى چىقار-
غان.

ئۈچىنچى، بىلىم قۇرۇلمىمىزنى كېڭەيتىش جەھەتتە ئىلھام
ئالىمىز. بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش، كۆپلەپ پاكىت
كۆرسىتىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئالىملار ھازىرلاشقا تېگىش-
لىك ساپانىڭ بىرىدۇر. بىز پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىننىڭ كىتابىنىڭ ئارقىسىدا كۆرسەتكەن پايدىلىنىش ماتېرى-
ياللىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، ئالىم بۇ كىتابىنى يېزىش
ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاب ۋە يازما ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى ئوقۇ-
غان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەل
تىل - يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردۇر.
پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ماقالىلىرىنىڭ ما-
تېرىيالى مول، مەزمۇنى تولۇق بولۇشى ئۇنىڭ چەت ئەل تىلى ۋە
خەنزۇ تىلىنى جاپاغا چىداپ پۇختا ئۆگەنگەنلىكى، ئىگىلىگەن ما-
تېرىياللىرىنى قىلچە كۆچمەيلا تەتقىق قىلالىغانلىقى ۋە بۇ ئار-
قىلىق تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ يۈكسەك ئىلمىيلىككە ئىگە ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىز بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، نۆۋەتتە بەزى ئاپ-
تورلار ماقالىلىرىنىڭ تېمىسى ياخشى تاللانغان، مەزمۇنى يېڭى
بولسىمۇ، لېكىن پايدىلانغان ماتېرىيالى ناھايىتى ئاز، يەنە كېلىپ
ئاپتورنىڭ ئۆز سەۋىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشى چەكلىك، ماقالى-
نىڭ چوڭقۇرلۇقى كۆزلىگەندەك ئەمەس. بۇ جەھەتتە پىروفېسسور

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئۆلگىمىزدۇر. ھاياتىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان كىشى داۋاملىق ئۆگىنىشى، ئۆزۈكسىز پىكىر يۈرگۈزۈشى، چەت ئەل تىلى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

پايدىلانمىلار:

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇلى سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.

② «سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»

③ «تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»

④ «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

⑤ «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300 پارچە»

# بولغاچ ئىلىم پەرۋانىسى، ئۆچمەس ئىجاد يادنامىسى

مەتتۇرسۇن ئېلى

ئىلاۋە: پىروفېسسور مەتتۇرسۇن ئېلىنىڭ بۇ ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2015 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزگەن «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

* * *

1995 ـ يىلى 27 ـ فېۋرال كۈنى ئىلىم كۆكىمىزدىن بىر نۇرانە چولپان ساقىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلىم ئاسمىنىمىز خىرەلەشتى! بۇنىڭدىن 20 يىل مۇقەددەم، بىر ئىلىم ـ ئىجاد پەرۋانىسىنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز بىر يېتۈك ئالىمىدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالدى! بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى 27 ـ فېۋرال كۈنى، يېرىم ئەسىرگە يېقىن تىنىمسىز قەلەم تەۋرەتكەن ۋە تالاي ئىجادىي مېھنەت مېۋىلىرىنى روياپقا چىقارغان بىر ئەدەبىيات شەيداسىنى ئەزرائىل ۋاقىتسىزلا ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز بىر ئىستېداتلىق ئەدىبىمىزدىن مەھرۇم بولغىنىمىزنى تۇيمايلا قالدۇق!

بۇ ئىلىم ـ ئىجاد پەرۋانىسى، يېتۈك ئالىم ۋە ئىستېداتلىق ئەدىب دەل ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ يو-

قىتىش بولغانىدى. شۇڭىمۇ جۇدالىق ئازابىدىن يۈرەكلەر زەرداپ
بولدى، دىللار ھەسرەتكە تولدى؛ قەلبلەر ئۆرتەندى، كۆڭۈللەر
تىلغاندى. جۇدالىقتىن باغرى ئېزىلگەن، ئەمما ئەبەدىي مەھرۇم-
لۇقتىن ئەقىل تاپقان بىر قىسىم زىيالىيلار ھەمدە تاراتقۇ مۇخ-
بىرلىرى 20 يىلدىن بۇيان ھايات ۋاقتىدا سوغۇق مۇئامىلىلەردىن
خالىي بولالمىغان بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان
يىل خاتىرىلىرىگە بېغىشلانغان ئىلمىي يىغىن ۋە باشقا تۈرلۈك
پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئەجدادلىرد-
مىزنىڭ ئالىم - ئۆلىمالارنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت مەرىپەتپەر-
ۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ياندىشقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەرھۇم
ئۇستازىمىز ھايات چېغىدىلا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان، ئەم-
ما ھەسەتخورلار، كۆرەلمەسلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋا، تۆھمەت -
ياللىرى دەستىدىن ئېرىشەلمىگەن قەدىر - قىممەت، ئىززەت -
ھۆرمەتنىڭ ئورنىنى ھەقلىق رەۋىشتە تولدۇرماقنى ئىستەشتى.
ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ساھەلىرىدىكى
ئاۋانگارتلىق ھەم سەركىملىك رولى، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ۋە
كىشىلىك پەزىلەتلىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى ماقالە - ئوب-
زورلار، ئەسلىمە - سۆھبەتلەر ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىنىپ تۇردى.
بۇ كۆپ قىرلىق ئالىمىمىز ۋە كۆپكە ماھىر ئەدىبىمىزنىڭ ھايات
ۋاقتىدا ئېتىبارسىز قارالغان توم - توم كىتابلىرى، يۇقىرى
ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلىرى ئىلىم ئاشىنالىرى ۋە ئۇس-
تازنىڭ ئىخلاسمەنلىرى تەرىپىدىن 20 يىلدىن بېرى بەس -
بەستە نەشر قىلىنىپ كەلدى.
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، تۆھپىكار باغۋەن، يې-
تۈك ئالىم، ئىستېداتلىق ئەدىب ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
1933 - يىلى 28 - سېنتەبىردە ئاتۇشنىڭ مەشھەت بازىرىغا تۇ-
تاش باغئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.
ئۇ 1950 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىيوخىمىيە

فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1952 ـ يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ئانا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1953 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئۇ شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىق بۆلۈمىدە پەلسەپە پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئانا مەكتىپىگە قايتىپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1959 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ ئىلىم پەرۋانىسى 1962 ـــ 1966 ـ يىللار ئارىلىقىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلەشتىن ئىبارەت پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۈتۈپخانىسىدىكى مول كىتاب زاپىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىگە پۇختا ئاساس سالغان. 1979 ـ يىلى سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە كەلگەن ئۇستاز ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ھايات چېغىدا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى»، «جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى»، «ئۆسۈملۈكلەر پاتالوگىيەسى»، «ھاشاراتشۇناسلىق»، «ئېستېتىكا» قاتارلىق دەرسلەرنى، ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» دەرسىنى ئۆتۈپ، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى بەجانىدىل ئورۇنلىغاندىن سىرت، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي كامالىتىنى ۋە بەدىئىي تالانتىنى تولۇق نامايان قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات يولى، ئوقۇتۇش ۋە پەن ـ تەتقىقات ئەمەلىيىتى، ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق بىزگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ

قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەم قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇتقانىدى. شۇڭىمۇ ئۇنى «تۆھپىكار باغۇەن، يېـ ـتۈك ئالىم ۋە ئىستېداتلىق ئەدىب» دېگەن نامغا ئەڭ مۇناسىپ زات دېسەك ھەرگىز تىلىمىز كۆيمەيتتى.

دەرۋەقە، ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم كۆپكە قابىل يېتۈك ئالىم ۋە ئىستېداتلىق ئەدىب سۈپىتىدە ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتـ ـنى، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان تۆھپىكار مائارىپچى ئىـ ـدى. ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇشنى، ئىلمىي تەتقىـ ـقاتنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتەك ئەمەـ ـلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، بىرىنچىدىن، جامائەتكە شىنجاڭ ئۇنىـ ـۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ «ئۈچنى ئورگانىك بىرلەشـ ـتۈرۈش» ئەنئەنىسىنى ئەڭ گەۋدىلىك نامايان قىلىپ بەرگەنىدى. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىلىرىغا «ئۈچنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش»نىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنىدى. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتـ ـقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىش ھەم ئۇلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىنىڭ مۇكەممەللىشىـ ـشىدە شۇنداقلا ئىزچىل داۋاملىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغاـ ـنىدى. ئەينى چاغلاردا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى نۇرغۇن ئوقۇتـ ـقۇچىلار ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، شېرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ «ئۈچنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش»تەك ئىستىلىدىن ئىلھاملانغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەـ ـدەبىيات كەسپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ـ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەم ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئارقىلىق مىلـ

لىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتەك خىسلىتىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغانىدى. 1980 — 1990 - يىللاردىكى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئابدۇكېرىم رەھمان، بۇغدا ئابدۇللا، نۇرمۇھەممەد زامان، تۇرسۇن قۇربان، ھېمىت مەخسۇت قاتارلىق ئوقۇتۇشقا ماھىر، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قابىل تۆھپىكارلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە شېرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ بىۋاستە تەسىرى ھەم تەربىيەسىدە يېتىشىپ چىققان دېيىش خاتا بولمىسا كېرەك. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم سەركىلىكىدىكى، يۇقىرىقى ئۇستازلاردىن تەركىب تاپقان بۇ قوشۇن ھازىرلىغان «ئۈچنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش» ئىقتىدارى ئەمەلىيەتتە ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات كەسپى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەر ھېسابلىناتتى. بۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا سۆزلىگەننى ياكى ئۇنىڭدىن ئىشلەشنى تەلەپ قىلغاننى ئاۋۋال ئۆزى ئەمەلدە كۆرسىتىش مەسىلىسى ئىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئىلمىي تەسىر دائىرىسى جەھەتتە مىللەت ھالقىغان، رايون ھالقىغان ۋە دۆلەت ھالقىغان ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ «35 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئۈچ پارچە كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى» (ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، 18 - بەت). ھەتتا بەزى خەنزۇچە نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلار ئالىمغا مەخسۇس ماقالە زاكاز قىلدۇرۇپ ئېلان قىلىشتى. ئۇستازنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى»نىڭ (جۇڭگو مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى باشقۇرىدىغان، جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيەسى چىقىرىدىغان ئېلىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق - يادرولۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى) 1995 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق مۇھەررىر

ئىلاۋىسى بېرىلگەن: «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى. ژۇرنىلىمىز ئەپەندىگە مەزكۇر ماقالىنى مەخسۇس زاكاز قىلىپ يازدۇرغانىدى. ئەپسۇسكى، ماقالە تېخى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىد- لىنىپ بولماستىلا ئۇ تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى بىلەن مارتتا ۋاپات بوپتۇ. بۇ ئەپەندىدىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پار- چە ماقالە. بىز بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىش (بىرئاز قىسقارتىلدى) بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرىمىز ۋە ئۇنى ياد ئېتىمىز.» ئېلىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ بىرى بولغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى»نىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمگە ما- قالە زاكاز قىلدۇرغانلىقى ھەققىدىكى بۇ ئۇچۇردىن بىز ئۇستاز- نىڭ ئېلىمىزدىكى ئىلمىي تەسىرى ۋە نوپۇزىنىڭ ھەقىقەتەن يۇ- قىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر پاكىتنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز (بىلىشىمچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا خىزمەت قىلغان ۋە قىلىۋاتقان خەنزۇ پىروفېسسور ھەم مۇتە- خەسسىسلەر ئىچىدىمۇ 1980 ـ يىللاردىن ھازىرغىچە مەزكۇر ژۇرنالدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىرى يوق ئىكەن). ئالىمنىڭ بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ياپونىيە ۋە ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللى- رىدە نەشر قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ دۆلەت ھالقىغان ئىلمىي تەسىرد- نى دەلىللەشكە يېتەرلىك بولسا كېرەك. ئۆزبېكىستاندا چىقىد- غان، مۇھەممەد يۇسۇف نامىدىكى ئەدەبىيات ـ ئىجتىمائىي فوندى نەشر قىلغان «ئالتۇن قەلەم» گېزىتىنىڭ 2010 ـ يىلى نويابىر 21 ـ سانىنىڭ 8 ـ، 9 ـ بېتى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئى- مىنگە ئاتالغان. بۇ بەتلەردە «ئەللامىنى خاتىرىلەپ» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئالىمنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ۋە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنى- سى» («ئون ئىككى مۇقام، خەزىنىسى» دەپ ئېلىنغان)، «فارابى

ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي كىتاب-
لىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى نەتىجىلىرى قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، مەرھۇم ئۇستازنىڭ تۆت پارچە شېئىرى بې-
رىلگەن. بۇ قىسقا ئوبزوردىكى مۇنۇ جۈملىلەر ئالىم ئابدۇشۈكۈر
مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي كىتابلىرىنىڭ ئۆزبېكىستان ئىلىم ئەھ-
لى ئارىسىدىكى تەسىرىنى تولىمۇ روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ:
«ئالىمنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدىن
يەنە بىرى فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى تۇنجى بولۇپ
ئېنىقلاپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. ئۆزبېكىستانلىق ئاكادېمىك
ئالىم مۇزەففەر خەيرۇللايېف ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ بۇ تەتقىقاتىغا
يۇكسەك باھا بەرگەن.»

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئىسمى جىسمىغا لايىق مول ھوسۇللۇق
ھەم يېتۈك ئالىم ئىدى. مەرھۇمنىڭ ئېستېتىكا، ئۇيغۇر پەلسەپە
تارىخى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئۇيغۇر
تارىخى قاتارلىقلارغا ئائىت «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق
ئېستېتىكا»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك
مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنى-
سى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»،
«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستې-
مىسى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «قەدىمكى مەركىزىي
ئاسىيا» ناملىق ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان نوپۇزلۇق
ئىلمىي ئەسەرلىرى شۇنداقلا شەرق ئەدەبىياتى، مىللەتشۇناسلىق،
جەمئىيەتشۇناسلىق، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتشۇناسلى-
قى، تۈركولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، فولكلور، دىنشۇناسلىق، تېبا-
بەتشۇناسلىق ساھەلىرىگە دائىر ئاشكارا ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن-
لىغان يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلىرى ئۇنىڭ ئەڭ
مول ھوسۇللۇق ۋە ئەڭ يېتۈك ئالىملىقىنىڭ كەم ـ كۈتىسىز
شاھىتى بولالايتتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم يەنە باشتا دېمىلگەندەك، ئەدەبىياتنىڭ
ھەممە ژانىر ـ تۈرلىرىدە دېگۈدەك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ
ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغان ئىستېداتلىق ئەدىب ئىدى. ئۇ ھايات
ۋاقتىدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، 2000
پارچىگە يېقىن شېئىر ئېلان قىلدۇرغانىدى. 1980 ـ يىللاردا،
ئەدىبنىڭ «چۇغلۇق»، «رۇبائىيات» (ئىككى توپلام) قاتارلىق شې-
ئىرلار توپلىمى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق شېئىرىي روما-
نى نەشر قىلىنغانىدى. ئېرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «مەدەنىيەت
دالاسىغا سەپەر»دە بەرگەن مەلۇماتىچە، ئۇستازنىڭ نەشىر قىلىن-
مىغان شېئىر توپلاملىرىدىن «ھەمرايى غەزەللىرى»، «غەزەلى-
يات»، «باھارىيات»، «شېرىن ۋە سېرىن»، «ئاق تۇز»، «شەبنەم ۋە
ئۇچقۇن» قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ «سەۋ-
دالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى، «كۆمىراجىۋا»،
«كوسەن مەلىكىسى» (ئېلان قىلىنمىغان) ناملىق كىنو سېنارىيە-
لىرى، «كېسىلگەن قولاق»، «زۇلۇم ئوچىقى»، «ئاق خالات»، «كى-
چىككىنە ئاسىگۇل»، «نىلۇپەر»، «تاش پەرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى
ۋە ««مۇھەببەت يىغلايدۇ» (تاماملانمىغان) پوۋېستى، «فارابى» (ئۈچ
بابى تاماملانغان) رومانى شۇنداقلا بىرمۇنچە ئەدەبىي ئوبزورلىرى
ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ قىرلىق ئەدىب ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە
يېتەرلىك ئىدى.
ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «چۇغلۇق قىز»،
«توققۇز نەزم»، «شېكىسپىر سونىتلىرىدىن تاللانما»، «شاھنامە»
(ھەمكارلاشما تەرجىمە) قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر
قىلدۇرغان ھەمدە «ئېستېتىكىدىن لېكسىيەلەر»نى تەرجىمە قى-
لىپ تۈزگەن تىلماچ ئىدى.
ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئە-
جەللىك ئىللەتلەرنى تۈنجى بولۇپ سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسى-
تىپ بەرگەن ۋە مىللەتنى مىللىي يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلىنىپ كەت-

كەن مەنۋى ئىللەتلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قۇدرەت تاپ-
قۇزۇشىنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ ئىزدەنگەن مىللەت غەمـ-
گۇزارى ئىدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ ئىلىم يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدە-
نىشلىرىنى، مۇناسىۋەتلىك پەنلەر قۇرۇلۇشىغا، ئالىي مەكتەپ
دەرس بەرپاچىلىقى ۋە دەرسلىك قۇرۇلۇشىغا پىداكارلارچە قوشقان
تۆھپىلىرىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تەمەسىز —
خالىس تۆككەن قان — تەرلىرىنى خەلقىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ!

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەزىرىدىكى تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق

ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار

**ئاپتور ھەققىدە:** ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار 1987 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيەسى ئۆردەكلىك يېزىسىنىڭ تۈگمەنئازار كەنتىدە تۇغۇلغان. قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنى تاماملىغان. 2014 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ۋەسىقەشۇناسلىق كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن يازغان «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى قاتارلىق ھەرقايسى ژۇرناللاردا 10 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار باكلاۋۇرلۇقنى پۈتكۈزۈش مەزگىلىدە تەرجىمە قىلغان ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئوقۇشقا تېگىشلىك نادىر كىتاب «0 نومۇردىن 100 نومۇرغىچە ــــ ئەمدى ئۆگىنىش قىلىشتا قىينالمايمىز!» شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە بالىلار مائارىپى توغرىسىدىكى مەشھۇر ئەسەر «بۆزغۇنچىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» (ئاماننىسا يۈسۈپ بىلەن بىللە تەرجىمە قىلغان) ۋە «سالام مۇئەللىم»،

تولستوينىڭ قىزى ئىلىيا يازغان ئەسلىمە «مېنىڭ دادام تولس-
توي» قاتارلىق تەرجىمە كىتابلىرى نەشردىن چىققان.

*　　　　*　　　　*

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھاياتىدا كۆپ قىرلىق نۇقتىدىن ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى، يىرىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى روياپقا چىقارغان كۆلەمدىكى ئالىم. ئالىم ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق بەلگىلىك ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما، ئالىمنىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىگە قارىتا باشقىلارنىڭ ئىزدىنىشى، تەتقىقاتى ۋە باھاسى يېتەرلىك بولمىدى. ئالىمنىڭ ئۇيغۇر تارىخ-شۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسى ئىلمىي رەۋىشتە مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات يوق دېيەرلىك بولدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ بوشلۇقنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇرۇش مەقسىتىدە مەزكۇر ماقالە يېزىلدى.

**1. تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەرلىرى**

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىققا دا-ئىر تەتقىقاتلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەپلا قالماي تارىخشۇ-ناسلىق تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئۇ 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1995 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، جۇڭ-گودىن ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بار-غان. ئۇ تارىخ تەتقىقاتى ئۇچۇن زېھنى ۋە قان ـ تەرىنى سەرپ قىلىپ، ئۆمرىنى تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قى-لىش، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر

ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ تارىخ قارىشى ھەر-قايسى ئەسەرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئالىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت ئۈچ پارچە كىتابى، 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى بار. ئۇلار 1956 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە بولغان يىللاردا پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا يازغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتار-لىق كىتابلىرى، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈ-يۈك ئالىمى» («شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ، 1956 - يىلى ئۇيغۇرچە 3 - سانىدا، خەنزۇچە 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)، شۇنداقلا ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يازغان مۇھىم ماقالىلىرىدىن «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يې-ڭى مېتود — ئۈچچۈرلۈق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى». («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ، خەنزۇچە، 1993 - يىلى 2 - سانى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 - يىلى 1 - سانى)، «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى»، «مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ئويلىنىشقا موھتاج» قاتارلىق ماقالىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئالىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى 1956 - يىلىدىكى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈ-يۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلانغان بولسا، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابى، ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ تۆ-گەنچىسى بولۇپ قالغان.

### 2. تارىخ قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى

ئانا دىيارىمىزدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەر-لىكى ئورنىتىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يىللاردا سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ تەسىرىدە بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار ماركسىزملىق

پەلسەپە ـ ئىدىيەلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1950 ـ يىللاردا ماركسىزمنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماركسىزملىق ئاڭ ـ ئىدىيەلىرىنى شۇ ۋاقىتتا يازغان ئەسەرلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1956 ـ يىلى يېزىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار: «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىزم مۇھىتىدا يېڭىچە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، كىشىلىك تەرەققىياتىغا كۈنسېرى كۆپرەك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

خەلقلەرنىڭ شۇ كۈنگىچە ياخشى يورۇتۇلمىغان تارىخىنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ خەلقلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مۇنەۋۋەر ۋە ئىلغار تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش — سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى مىللىي مەدەنىيەتنى ئاۋغلىق يارىتىشىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرمەكتىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ماركسىزم ـ لېنىنىزم پرىنسىپى ئاساسىدا ئىشلىنىشى ۋە يورۇتۇلۇشى كېرەك.[1]»

دېمەك، ئالىمنىڭ 1950 ـ يىللىرى يېزىلغان ئەسەرلىرىدىكى قاراشلىرى، مۇھاكىمىلىرى، تەھلىللىرىدىن بىلىشكە بولىدىكى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ماركسىزملىق تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

**3. تارىخ قارىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى (1960 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە).**

بۇ باسقۇچتا ئالىمنىڭ ئىدىيەسىدە چوڭقۇرلىشىش ۋە قىسمەن ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن، بۇ خىل چوڭقۇرلىشىش ۋە قىسمەن ئۆز-

گىرىشلەرنى ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان «سەۋدالىق تەئەججۇپ-نامىسى» ناملىق نەسر توپلىمى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق ئىلمىي رومانى، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق تەتقىقات ئەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى ئاساسىي ئىدىيەسى مەدەنىيەت روھىغا، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە تارىخنى ئۇلۇغلاش. مەسىلەن:

«ئەنە چىڭگىزخان، ئۇنىڭ ئات تۇيىقى چاچراتقان چاڭ - توزاڭلار ئىچىدە مەدەنىيەت سەمەرىلىرى غەرق قىلىندى.

ئەنە تۆمۈرلەڭ، ئۇنىڭ مىللەتمۇ دورىسى ئەل قىلغان دىيارلاردىكى سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىچە خاس يېڭى ئۇرۇقلىرى ئۇنىڭ سەمەرقەند، بۇخارا، ھىرات، مەرۋى باغلىرىنى باراقسان قىلدى.

ئەنە بابۇر، ئۇ ئۆز ئېلىدىن ۋىدالىشىپ، ئۆزگە دىيارلارغا مەدەنىيەت بوستانلىرى بەرپا قىلىشنىڭ ئۈرنىكىنى ياراتتى.

ئۇلار ھەققىدە خىيال سۈرىمەن ۋە تەنتەنىسى ھەممىدىن كەمەرەك بولغان بابۇرنى ئۇلۇغلايمەن.[2]»

«تارىخ روھلىنىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت ئادالىتىنىڭ ئورتاق تەنتەنىسى.[3]»

— «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىن

«.... ئۇنىڭدا مىڭ - مىڭ يىل ھېكايىتى بار،
ھەر ئۆركەش مىسالى بىر قىسسە - داستان.
ئوغۇزخان، ئورۇمخان، ئايچۈرەك، ماناس،
سۇغارغان خاكىڭنى ئىسسىق قان.
قانچىلىك تەڭرىقۇت، تېگىنلەر قىيقاس كۆتۈرگەن
جەڭلەرگە سەن شاھىت ماكان.
نۇزۇگۇم، گۈلەمخان قىسسىسى سەندە،

سەرگەردان مەشرەپكە سەن بولغان پاناھ.
ساڭا، ماڭا ئىشتىياق سالغان مىكەنبە،
قارلىق تاغ ئۆزۈڭسەن ئۆلۈمگە دەرگاھ.[1]»
ــ «قارلىق تاغ شەجەرىسى»دىن

«ئىنسانىيەت تارىخى ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمرانلار ياكى سەلتەنەتلەر تارىخ بولماستىن، خەلق تارىخى ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخىدىن ئىبارەت. تارىخ ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تاللاش، ھەقىقەتنى دەلىللەش، يورۇقلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەتنى تاۋلاش پىرىنسىپلىرىنى بىزگە ئۆقتۇرۇپ كەلدى. تەكرار ئېيتىش كېرەككى، گەرچە تارىخ سەھنىسىدە ھەرقانداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، كىشىلىك تارىخ ئەقىلگە سىغدۇرۇپ بولماس ۋەقەلىكلەر بىلەن ئۆز يۈزىنى تىرنىلىۋالغان ئەسەبىي مەجنۇنغا ئوخشاپ قالغان ھالەتتە يەنە داۋام قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپى يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈر قانۇنىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.[5]»
ــ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

دېمەك، بۇ مەزگىلدە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ خىلمۇخىل ئېقىملارنىڭ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە قاراشلىرى مۇكەممەللىشىپ بارغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ماركسىزملىق ئىدىيەدىن سىرت، باشقا يېڭى ئىدىيە ـ ئېقىملار بىلەن ئۇچراشقان. بولۇپمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، تارىخلىرىمىزغا تېۋىنغان، يىلتىز ئىزدىگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش لازىمكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تىنىم تاپماي، ئۆمۈر بويى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان مىللەتپەرۋەر تارىخشۇناس. ئىنسانىيەتنى ئۇلۇغلايدىغان ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قەدىمكى مەركىزىي

ئاسىيا» دېگەن كىتابىدىكى مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەردىن ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، ئۇ تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنى ھەر جەھەتتىن يۇقىرى ئورۇندا كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىگە ۋە يارىتقان شانلىق مەدەنىيەت سەمەرىلىرىگە يۈكسەك باھا بەرگەن.

**4. تارىخ قارىشىنىڭ تاكامۇللىشىشى (1989 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە).**

بۇ باسقۇچ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ خىلمۇخىل ئىدىيەلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، قاراشلىرى پىشقان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيەسىدىن قىسمەن بۇرۇلۇپ، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە مايىللاشقانلىقىنى ئالىمنىڭ بۇ دەۋردە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇددىزم پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىسالەن، 1993 ـ يىلى يېزىلغان «ئارىفنامە» دېگەن پەلسەپىۋى نەسرلىرىدىن ئالىمنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىدا روشەن بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى، تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيەلەر بىلەن تويۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نادىر ئەسىرىدە تۆۋەندىكىدەك بايانلار بار:

«دەر ھەقىقەت، ‹ئۆزلۈك› بىر سۈزۈك ئەينەكتىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئەينىكى ـ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيەتلىرى بويىچە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ‹كۆرۈنمەي كۆرسەتكۈچى› ئەينەك. ئۇنىڭ قىرلىرىدىن مۇقەددەس نۇر جىلۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددەس نۇرىدا ‹ئۆزۈڭنى تونۇ!› دېگەن مۇقەددەس سادا جاراڭلايدۇ. ئۇ، ئىنسانلىق ھەققىدىكى ھەقىقىي ئۇچۇر بۇلىقى![6]»

«ئۆزلۈك ئەينىكى ـــ مىراجى ئەلاكى ئۇنىڭدا تەڭرىنى كۆرىسەن. ئۇ ـــ سەن، سېنىڭ ئاشىقلىڭ، مەھبۇبەڭ ۋە مەقسىتىڭ.

جالالىددىن رۇمى مۇنداق يازغانىدى:

ھېچنېمە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە پەقەت،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئېرۇر بىلسەڭ ئەبەد.

ئۆزلۈك ئەينىكى — كامىل ئىنسان قەلبىدىكى يېشىلگەن ۋەھدەتتۇر.[7]»

دېمەك، ئالىمنىڭ تەسەۋۋۇپقا تويۇنغان بۇ ئىدىيەلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى تارىخ قاراشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

### 5. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىغا باھا

ئالىم تارىخقا باھا بەرگەندە پۈتۈنلۈك قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەقەت ئۆتمۈشنىڭ ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىنىمۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ تارىخ قارىشىدىن ئۇمىدۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ تارىخنى گۈزەللىك رەزىللىك ئۈستىدىن، ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، مەرىپەت جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان جەريان، بۇ جەريانلارغا تارىخ شاھىت بولىدۇ، دەپ قاراپ، تارىخقا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. تارىخقا يۇقىرى باھا بېرىپلا قالماي، تارىخقا خىيانەت قىلىشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. تارىخقا ئۆز تەتقىقات مېتودى بويىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. زامان — ماكان چەكلىمىلىرىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تارىخقا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. تارىخنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەقسىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئالىمنىڭ تارىخ قارىشى ئەسەرلىرىگە ھەر خىل شەكىلدە، ئوخشاشمىغان دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن. تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە يېڭى ئۇچۇرلار مول،

نەزەرىيەۋى تەپەككۇر قويۇق.
ئىككىنچى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن سىلمشتۇرما تارىخ-شۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوللانغان. مەسىلەن: «بىز تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىدە — خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا، كاسپى دېڭىز ساھىلىدا، يىراق شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى جەڭگىۋار پائالىيىتى بىلەن قىسمەن تونۇشتۇق. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قىسمەنكى، بىزگە مىلادى-يەدىن ئىلگىرى ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى زاماندىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 — 7 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئاجايىپ تارىخنىڭ پەقەت قىسمەن، تولىمۇ ئاددىي ئۈچۈرى يېتىپ كەلگەن. بۇ ئاجا-يىپ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ رىقابەتلىك يى-راق تارىختىكى جەڭگىۋار تارىخى ۋە سەلتەنەت تەنتەنىلىرىدىن بىزگە خەۋەر بېرىدۇ. بۇ تارىخ تېرەن ۋە تەكرار گەۋدىلەنگەن ئۆل-مەس ھېكمەتلەر بىلەن تولغان.[8]»
ئۈچىنچى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دەسلەپتە مارك-سىزملىق قاراشنى كۆچەپ تەشەببۇس قىلغان، تارىخ ۋە تارىخشۇ-ناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە ماركسىزملىق قارىشى بو-يىچە تارىخقا باھا بەرگەن. ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەردە، يەنى 1989 - يىلىدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە باشقا ئىدىيە، ئېقىملارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئارىفنامە» ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپقا مايىللىقى چىقىپ تۇرى-دۇ.
تۆتىنچى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ماركسىزملىق تارىخچى، ماتېرىيالىستىك تارىخشۇناس. باشقا ئىدىيە، قاراشلارنىڭ تەسىرىگە قىسمەن ئۇچرىغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى مەسلەك، تۈزۈلمە ۋە

كاتېگورىيەنىڭ تەسىرىگە، بولۇپمۇ ئۆزى ياشىغان ھەربىر دەۋرد-
كى مەۋجۇت سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئىنساد-
پەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى يۇقىرى تا-
رىخشۇناس.

بەشىنچى، تارىخ ياكى تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئەسەرلىرىدە مەلۇم
تارىخىي مەسىلىگە نىسبەتەن دەلىل - پاكىت مول، دەلىل - پا-
كىتلارنى كۆپ خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئالىم تارىخ تەت-
قىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنى
ئاشۇرۇش، قاراشلىرىنى دەلىل - ئىسپات ئارقىلىق ئوتتۇرىغا
قويۇش مەقسىتىدە، ھەر خىل سۈرەت، ھۆججەت ۋە يادىكارلىقلار-
نى يىغىپ توپلىغان ۋە بۇلاردىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلانغان. بۇلار
ئالىمنىڭ قاراشلىرىنى دەلىللەش، ئىسپاتلاشتا مۇھىم رول ئوي-
نىغان. مەسىلەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «بالاساغۇن-
نىڭ ئورنى مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدىن يۇقىرىدىكى ھۆكۈ-
مىمىزنىڭ پاكىتلىرىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئالتىنچى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن باشقا ئىجاد-
يەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر-
گە يەنە تارىخىي قىسسە، تارىخىي ئوچېرك يېزىشقا شۇغۇللى-
نىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تالانتىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق تا-
رىخىي ئوچېركى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق شېئىرىي رو-
مانى مانا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئالىم ھاياتىدا تارىخنىڭ پا-
يانسىز كەڭلىكلىرىگە تەكشى نەزەر سېلىپ، كۆمۈلگەن تارىخىي
مىراسلارنى قېزىش، تارىختىكى تۈرلۈك جەريانلار ئىچىدىن ھېك-
مەتلىك جاۋاھىرات سۈزۈش بىلەن ئۆتتى. ئۇ جەرياننى مۇشكۈل،
تەتقىق قىلىش تەس بولغان تېمىلارنى ئىشلەشكە زور كۈچ سەرپ
قىلدى. ئالىم ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن سىرت، شېئىر-
لىرى، رۇبائىيلىرىدىمۇ، تارىخىي پۇراقنى ئاساس قىلىپ ئانا دى-

يارىمىزنىڭ تارىخى ۋە تارىختا ئۆتكەن شەخسلەرنى ئۆز ئەسىرى-
نىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» نام-
لىق شېئىرىي رومانى ئاپتورنىڭ تارىخقا بولغان مەپتۇنكارلىقىنىڭ
بىر نامايەندىسى.

### 6. ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسى

ئالىم تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە
نۇرغۇن يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. يىغىنچاق-
لىغاندا تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، «تارىخنى ئۆز ئۆچۈرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش
ئۇسۇلى»

بۇ، تارىخنى يېزىق بىلەن بايان قىلىش هازىرغىچە تارىخ تەت-
قىقاتىدىكى ئاساسىي ئۇسۇل بولۇپ كەلگەنلىكى، هازىرقى ئۆچۈر
دەۋرىدە بۇ ئۇسۇلنىڭ بىرمۇنچە نۇقسانلىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكى،
شۇڭا بۇ كونا ئۇسۇلدىن هالقىپ تارىخنى ئۆچۈرلۈق تەتقىق قى-
لىشتەك يېڭى ئۇسۇلغا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلە-
لەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«تارىخ — ۋاقىت (زامان) كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ
كەڭ مەنىدە خاتىرىگە ئايلانغان ئۆتمۈش بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنى-
ۋاتقان پائالىيەتنىكى رېئاللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ — ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان
رېئال ۋە راۋان ئېقىمى بولۇپ، توختىمىغان تارىخ ۋە ئۆتمۈشكە
ئايلانمايدىغان رېئال پائالىيەت مەۋجۇت ئەمەس.

تارىخ — ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي، ئەقلىي كا-
مالىتىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. تارىخنى ئارقىغا،
جاھالەتكە بۇراش مۇمكىن ئەمەس. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەل-
لىكنىڭ ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن، نۇرانە-

لىقىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشىنى توساپ قالالاي-دىغان ھەرقانداق كۈچنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئە-مەس.»

«بۇ تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى خا-ھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىگە قارشى قويۇلغان يېزىقنى ئۇچۇر قىلىشتەك يېگىنچە ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر سىستېمىسى ساقلانغان بو-لۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ، مۇھىمى ماددىي بۇيۇم، يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، تارىخ ھەر خىل يېزى-لىپ، ئەسلىي ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ سى ماچيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ جەھەتتە چىنلىق، ئىلمى-غارلىققا ئىگە. بۇ، ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.»

ئىككىنچى، «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش» قارىشى.

ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە، ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ئىنسانىيەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. يېڭى قاتلامنىڭ ئۆلىنى تۈزىدۇ. ماھىيەت ۋە ئۇسلۇب-تا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ ساقلىنىدۇ. بىر تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قارىشى»

ئالىم بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بۇ، ھەرقايسى خەلقلەر تا-رىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادى-سىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھاسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا

ئەمەسلىكى ھەققىدىكى يېڭىچە قاراش. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشلىكنىڭ بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.»

دېمەك، ئالىم تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرى، يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە.

مەنبە:

① ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، 57 ـ بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 170 ـ بەت.

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 198 ـ بەت.

④ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قارلىق تاغ شەجەرىسى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، 2 ـ بەت.

⑤ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، 61 ـ بەت.

⑥ ⑦ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى تۇتقۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى، 344 ـ، 346 ـ بەتلەر.

⑧ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، 209 ـ بەت.

# يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورىغا كىرىش ۋە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

**ئوبۇل مۇھەممەتئېلى**

ئاپتور ھەققىدە: ئوبۇل مۇھەممەتئېلى 1968 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1984 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ بىناكارلىق كەسپىدە ئوقۇغان. 1989 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ھازىرغىچە شۇ ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئوبۇل مۇھەممەتئېلى 2004 ـ ياپونىيەگە چىقىپ سۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيا مىراسلىرىنى قوغداش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل زىيارەتچى ئىلىمگەر سۈپىتىدە ئوقۇپ، شۇ جەرياندا «يىپەك يولى غەربىي يۇرت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياپونىيە بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى تاماملىغان. ئۇ كېيىن 2008 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە بېيجىڭدىكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىناكارلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

دوكتور ئوبۇل مۇھەممەتئېلىنىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا يازغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى «يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى قۇرۇلۇشلار ئۈستىدە تەتقىقات» بېيجىڭدىكى پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن 2015 ـ يىلى نەشر قىـ

لىنغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئۇلارنى قوغداش» ناملىق كىتابى 2016 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

* * *

شەك - شۈبھىسىزكى يىپەك يولىنى مەركىزىي ئاسىيادا «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نى ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئاچقان. ئۇلار يىراق ئەجدادلىرى ئارىيان، سىكىتاي، ساكلارنىڭ جاھانكەزدى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە يۆتكەش جەريانىدا ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

### 1. يىپەك يولى مۇلاھىزىسى

دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالەم يىپەك يولى توغرۇلۇق يېزىلىدىغان بولغاچقىمىكىن، بۇ يول ئۈستىدە ئىزدىنىشىم زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ياپونىيە سوكابا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا يىپەك يولى توغرىسىدىكى ياپونچە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قېلىپ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئاچقان بۇ قەدىمىي يول تېمىسىدا، ياپونلارنىڭ بۇنچىلىك سىستېمىلىق ئىزدىنىشىدىكى مەقسىتىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ ماتېرىيال ئاساسلىقى يىپەك يولى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەت، دىن، مىللەت، شەھەر، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق، قەدىمىي ئىزلار... قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئۆتكەن ئەسىردە دىيارىمىزدا ئېلىپ بارغان، نەق مەيدان تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىمۇ ئۆز يېزىقى بىلەن ساقلانغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، يەنى 2002 - يىلى 10 - ئايدا ب د ت پەن مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ ئوبراز ئەلچىسى، دۇنياغا داڭلىق رەسسام

خىراياما ئىكو ئەپەندىنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىن قوللىشى بىلەن، شىئەندە ئېچىلغان ‹ب د ت 2002 ـ يىلى يىپەك يولى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى›دا 20 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 120 نەپەر، خىراياما ئەپەندىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى فوندى ياردىمىدە ئېرىشكەن ياش ئالىملارنىڭ يىپەك يولى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن بۇ يولنىڭ شۇنچىلىك «ئۇزۇن»لىقىغا ھەيران بولسام، يەنە بىر ياقتىن، بۇ ياش تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ئۆزىمىزدىن بىرەرسىنى ئۇچرىتالماي ئەپسۇسلانغان ئىدىم. چۈنكى بۇ يىغىندا يىپەك يولى ۋە مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە كۆپلىگەن ئانالىزلار ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ بۈيۈك يول ئۈستىدە ئويلىنىپ، بۇ قەدىمىي يولنىڭ بىزنىڭ تارىخىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى غۇۋا ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىدىغىنىمنىڭ چولتىلىقىدىن ئۆكۈنگەنىدىم. بۇ قېتىمقى يىغىندا بۇ بۈيۈك يولنى، دۇنياۋى مىراسقا يوللاش «شىئەن تەشەببۇسنامىسى» ئېلان قىلىنىدى. دېمەك، بۇ بۈيۈك يولنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر تولىمۇ بالدۇر ھېس قىلغان. ئۇنىڭسىزمۇ ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ياپونلارغا «مەن ئۇيغۇر» دېسەم، چۈشەنگەندەك قىلىپ ئەدەپ يۈزىسىدىن باش لىڭشىتىپ قويغاندا ئۇلاپلا، «مەن يىپەك يولىدىن كەلدىم» دېسەم، دەرھال قايتىدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، «بۇ بىر سىرلىق ماكان، يىپەك يولى تولىمۇ بۈيۈك يول» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ تېلېۋىزىيە قانىلىدا بۇ يولنى كۆرگەنلىكىنى ياكى تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بارغانلىقىنى ناھايىتى قىزغىن سۆزلەپ كېتىشەتتى. دېمەك، بۇ يول ياپونلاردەك تەرەققىي قىلغان، پۈتكۈل ئاۋامنىڭ مائارىپ سەۋىيەسى يۇقىرى دۆلەتتە، خەلق ئومۇميۈزلۈك بىلىدىغان پەننىي ساۋاتقا ئايلانغانىدى. بۇ يول شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرگە كۆۋرۈكلۈك يول ئويناپ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېگىچە

ئالماشتۇرۇشنى سىلجىتقانىدى. شۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقاي-
سى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىشنى، تىنچلىقنى ئەمەلگە
ئاشۇرغانىدى. تەرەققىي قىلغان ئەللەر يۇكسەك قىممەتكە ئىگە بۇ
بۈيۈك يولنى، مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدا دۇنيا مىراسلىرىغا
كىرگۈزۈپ ئەبەدىي قوغداپ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ زور بايلىقىنى كې-
يىنكىلەرگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار دەپ قارىغانىدى. كې-
يىن بىلسەم ياپونىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ
داڭلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى، كيوتو ئۇ-
نىۋېرسىتېتىدەك داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىملارنى تەش-
كىللەپ 10 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يىپەك يولى توغرۇ-
لۇق ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپتۇ. 1964 ـ يىلى توك-
يو ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مەشئىلىنى يەتكۈزگەندە،
يىپەك يولىنى بويلاپ گىرېتسىيەدىن توكيوغا قۇرۇقلۇق يولى
ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈپتۇ. شۇڭلاشقىمۇ بۇ دۆلەتتە، مۇشۇ ساھەدە
تەتتقىقاتتا دۇنياغا داڭلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئولىم-
پىك تەنھەرىكەت يىغىنىدەك دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەشۋىقاتنىڭ
نەتىجىسىدە ياپونىيەدە مەيلى ھۆكۈمەت ياكى ئاۋام بولسۇن يىپەك
يولىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەنىدى.
يۇقىرىقىلارنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى قارىشىم بويىچە
«بۇددا دىنى مۇشۇ يولدىن ياپونلارغا تارقالغان بولغاچقا، بەلكى بۇ
خەلق بۇ يولغا قىزىقسا كېرەك» دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. كېيىن-
كى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشلىرىم بۇ قارىشىمنى تېخىمۇ چوڭ-
قۇرلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ يول بۇ خەلقنىڭ دىنىدىن باشقا ئىلىم ـ
پەن، مەدەنىيەت، ئىدىيە، يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق نۇرغۇن سا-
ھالەرگە تەرەققىيات ئەكەلگەنىدى. دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا
مودا بولغان نەرسىلەرنى تېز سۈرئەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش،
تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان بۇ خەلق، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ
يىپەك يولىدىكى تەتقىقاتىنىڭ تەسىرىدە، بۇ دۇنياۋى تېمىنى تەت-

قىق قىلىشنى بالدۇر باشلاپ، يىپەك يولى تەتقىقاتىدا ئاسىيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنىدى. مۇشۇ خىل تەتقىقات دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ياپونىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق، دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق، يايلاق مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، بوستانلىق ـ شەھەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىمۇ ئەۋج ئالغانىدى.

دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى مەركىزىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يىپەك يولىنى دۆلەت ھالقىغان ھالەتتە دۇنياۋى مىراسقا يوللاش ئىشى 2006 ـ يىلى تۇرپاندا ئېچىلغان «يىپەك يولىنى دۇنياۋى مىراسقا يوللاش خەلقئارالىق كېڭەشمىش يىغىنى»دا باشلاندى. جۇڭگو، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق بەش دۆلەت بىرلىكتە كېڭەشمىش، «تۇرپان خىتابنامىسى»نى ئىمزالاپ، يىپەك يولىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يوللاش بۈيۈك پىلانىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلدى. بۇ بىر بۈيۈك باشلىنىش بولغاچقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، جۇڭگودىكى قەدىمىي يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان بەش ئۆلكە ئۆزلىرىنىڭ يارقىن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قايتىدىن باھالاشقا كىرىشتى. ھەممىسى دېگۇدەك يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئىشلار، مەشھۇر شەخسلەر، مۇھىم ئۆتەڭ، مۇھىم جۇغراپىيەلىك قاتناش تۈگۈنى قاتارلىقلارنى يىپەك يولى بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. جاڭ چيەن قەبرىسى، كۇمراجىۋا ئىستىقامەت قىلغان بۇددا مۇنارى، شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى غەربىي دىيار تەزكىرىسى»دە يېزىلغان شەھەر خارابىلىرى تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان مەركىزىي شەھەرلەر ئىدى، مەسىلەن: يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى، كۇسەن شەھىرى، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى، كىروران، مىرەن قاتارلىق شەھەرلەر شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ئائىت بۇيۇملار بايقالغان شەھەر خارابىلىرى ۋە

قەدىمكى قەبرىلەر تىزىملىككە ئەڭ باشتا كىرگۈزۈلدى. دۆلىتى-
مىز بەش ئۆلكىدىن جەمئىي 22 ئورۇننى تۈنجى تۈركۈمدە بۇ
خەلقئارالىق تۈرگە قاتناشتۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ سو-
ياب قەدىمكى شەھىرى، فاياس تۆپە، ئاجىنا تۆپە قاتارلىق ئون
نەچچە ئورۇننى يىپەك يولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بار دەپ بېكى-
تىشتى. بۇنىڭسىزمۇ لىوياڭ غارى، دۇنخۇاڭ موگاۋ غارى، قازا-
قىستاندىكى ئەھمەد يەسسەۋى مازىرى، ئۆزبېكىستاندىكى بۇخارا،
سەمەرقەنت قاتارلىق يىپەك يولىدىكى مەشھۇر جايلار خېلى يىللار
بۇرۇن دۇنياۋى مىراسقا كىرىپ بولغان. شۇ ئارقىلىق مەملىكى-
تىمىزدە يىپەك يولى ۋە يىپەك يولى بويلىرىدىكى قەدىمكى مى-
راسلارنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى باشلان-
دى. دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەردىكى
ئالىملار، دوكتور ئاسپىرانتلار ئارىسىدا، قەدىمكى مەدەنىيەت ئال-
ماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن چىقىپ يىپەك يولى تەتقىقات قىزغىنلى-
قى كۆتۈرۈلدى. ئىسپانىيە، فىرانسىيەدە پەيدا بولغان ھەمدە ئال-
لىبۇرۇن دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كىرىپ بولغان «خىرىس-
تىيانلار سانتىياگو ھەجە يولى»، جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىن-
دىستان، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان دۇنيادىكى ھەرقانداق
بىر مەدەنىيەت يولىدىن قىممەتلىك بۇ قەدىمكى قاتناش تونېلى-
نىڭ يارقىن تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ھەرقېتىم شى-
ئەندە، ئالمۇتادا، ئۈرۈمچىدە، سەمەرقەنتتە، بىشكەكتە ئېچىلغان
يىپەك يولىنى بىرلىكتە دۇنياۋى مىراسقا يوللاش خەلقئارا يىغىنى-
لىرىدا، بۇ يول تىلغا ئېلىنىسىلا ئانا دىيارىمىزدىكى مەدەنىيەتلەر-
نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي قىممىتى چوقۇم سۆزلىنەتتى. يۇر-
تۇمدىكى تارىم ئويمانلىقى، تەكلىماكان قۇملۇقى، بېزەكلىك مىڭ-
ئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى، قەشقەر شەھىرىدەك مەشھۇر جايلىرىمىز
يىغىن سورۇنىدا تىلغا ئېلىنسا چەكسىز ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇ-
سىغا چۆمەتتىم. 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىنجاڭدا ئېچىلغان

يىپەك يولىنى دۇنيا مىراسلىرىغا يوللاش مەملىكەتلىك يىغىنىدا دۆلىتىمىزدىكى مەشھۇر ئارخېئولوگ شۇ پىڭفاڭ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدىكى ھەرقانداق مەدەنىيەت مىراسى يىپەك يولى بىلەن زىچ باغلانغان» دەپ كېسىپ ئېيتقان سۆزى ھېلىھەم ئېسىمدە. دوكتور يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم «يىپەك يولىنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە يېزىپ چىققىن، سىنىڭ قارىشىڭ بىلەن پىشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشىماسلىق بار، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىمىز» دېگەندە، بېشىم ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ماتېرىيال كۆرۈپ تەستە تەييار قىلغان «يىپەك يولىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا» ناملىق ئارگىنالىمىنى مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق ئارخېئولوگ، تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان يىغىندا ئوقۇغانلىقىم، ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولۇپ بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە بىۋاستە ئۇچراشقانلىقىمنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ئېيتىپ ئۆتكەنلىكىم، ئاندىن يىپەك يولىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى — دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ تارقىلىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە پەيدا بولۇشى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈشى، ئىلىم ـ پەن، كەشپىياتلارنىڭ تارقىلىشى، دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر، ئۆسۈملۈك، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق تېخنىكىسى، قەدىمكى يېزىق، قەدىمكى تىل، قەدىمكى پۇل قاتارلىقلارنى بۇ ئۇلۇغ يول بىلەن باغلاپ مۇشۇ يول ئارقىلىق شەرق ـ غەربكە تارقالغانلىقىنى سۆزلىگىنىمدە يىغىنغا قاتناشقان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى رۇڭ شىجاڭ ئەپەندىنىڭ «ناھايىتى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپسىز، بىز سىزدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك» دېگىنىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىم، مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، بۇ يول مەيلى خىزمىتىمنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى يۈر-

تۇمغا بولغان ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىمىنىڭ سەۋەبىدىن بولسۇن تەبىئىي ھالدا قىزىقىشىمنى قوزغىغانىدى. دېمىسىمۇ دۇنيا ئىقتىسادى يەرشارىلىشىۋاتقان، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئەۋج ئالغان، ھەركىم ئۆزىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ قوغداپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزلۈكىنى ئىزدەۋاتقان، مەدەنىيەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئۇلغىيىۋاتقان بۇ دەۋردە ئەجدادىمىز ئاچقان بۇ يولدا قانداق ھېكمەتلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. ئۆزىمىز ئاچقان، ئۆزىمىز ئىز قالدۇرغان، ئۆزىمىز شەرق ـ غەربنى تۇتاشتۇرغان بۇ بۈيۈك يولدىن مەدەنىيىتىمىزنى ئىزدەپ، ئەجدادىمىز روھىدىن ئىپتىخارلىنىش بىلەن بىللە، يەنە قانداق ئاچچىق ساۋاقلار بارلىقىنى بىلىشىمىزمۇ تامامەن زۆرۈر! دېگەندەك خىياللار تۆرتكىسىدە ماتېرىيال ئىزدەشكە باشلىدىم. مەن پايدىلانغان ماتېرىياللار خەنزۇچە ۋە ياپونچە ئىدى. تۆۋەندىكىلەر مەن كۆرگەن ماتېرىياللارنىڭ ھاسىلاتى.

## 2. يىپەك يولىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شىنجاڭ بۆلىكى

1275 ـ يىلى جۇڭگوغا كەلگەن ئىتالىيەلىك سودىگەر، ساياھەتچى ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»دە جۇڭگو توغرۇلۇق نۇرغۇن خاتىرە قالدۇرغان. بۇ ماتېرىياللاردا يەنە قەدىمكى غەربىي دىيار توغرۇلۇقمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلار يېزىلغان. بۇ خاتىرىنىڭ تۆرتكىسىدە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ شەرققە بولغان قىزىقىشى قوزغىلىپ مۇنداق ئىككى چوڭ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۆرتكە بولغان.

بىرىنچى، «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دىن ئىلھام ئالغان كولومبو 1442 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا يېزىپ بەرگەن دۆلەت خېتىنى ئېلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئۇقۇشماستىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا بېرىپ قالغان ۋە ھىندىستانغا كەلدىم دەپ يەرلىك خەلقنى «ئىندى-

يان» دەپ ئىسىم قويغان. بۇنىڭدا ماركوپولونىڭ ياۋرو ـ ئاسىيا ـ
نىڭ شەرقىي قىسمى توغرۇلۇق بەرگەن مەلۇماتلار تولىمۇ مۇ ـ
ھىم رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، 20 ـ ئەسىردە غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ
يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى تەكشۈرۈش دولقۇنى قوزغال ـ
غان. گېرمانىيە، شۋېتسىيە باشچىلىقىدىكى ئونغا يېقىن غەرب
دۆلەتلىرى ئۆز دۆلىتىدىكى داڭلىق شەرقشۇناسلارنى بۇ رايونغا
ئەۋەتكەن. بۇ كىشىلەر كېيىنچە ياۋروپادا يىپەك يولى تەتقىقاتى
شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە مەشھۇر كىشىلەرگە ئايلانغان. مەسى ـ
لەن، ستەيىن، گېرىندىۋىل، لىكوك، پېللوت قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلارنىڭ قىممەتلىك ئۇچۇرلىرى يېقىنقى زامان يىپەك
يولىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال
مەنبەسى بولۇپ قالغان. كۆپچىلىككە مەلۇم، ياۋرو ـ ئاسىيا قۇ ـ
رۇقلۇقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدۇر. بۇ رايوندا
ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيەسىگە تەسىر قىلغان بىرنەچچە چوڭ
مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. بۇلار، گىرېك ـ رىم مەدەنىيىتى،
ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى، جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنى ـ
يىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە مىسسوپوتامىيە مەدەنىيىتىدىن
ئىبارەت. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن كې ـ
يىنكى 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان 1700 يىل مابەينىدە ياۋرو ـ
ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىنسانلار بۇ يولدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ
زور كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. يىپەك
يولى مۇشۇ ئۇزاق يىللاردا توختىماستىن، ئىزچىل ھالەتتە تولى ـ
مۇ «جۇشقۇن» كەيپىيات بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق مەدەنى ـ
يىتىنى بىر ـ بىرسىگە باغلىغان ۋە ئۇچراشتۇرغان. تەسىر دا ـ
ئىرىسى يەر شارى كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ
يول ئۆزىنىڭ ئۈچ مېتىرغىمۇ يەتمىگەن كەڭلىكى (ھارۋا چاقى ـ
نىڭ كەڭلىكى بىلەن باراۋەر) بىلەن 8000 كىلومېتىر ئۇزۇن ـ

لۇقتا، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن سېرىق دېڭىز (شەرقى دېڭىز)نى تۇتاشتۇرۇپ شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنى ئۇلاشتۇرغان. دۇنيادىكى ئوندىن توققۇز كىشى (ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقنىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوندىن توققۇزىنى ئىگىلەيدۇ) بۇ قەدىمكى يولدىن مەنپەئەتلەنگەن. دېمەك، بۇ قەدىمكى قاتناش بەلبېغى دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي قاتناش قورالى (تۆگە، ئات، هارۋا قاتارلىقلار) ئارقىلىق غەرب ـ شەرق ئوتتۇرىسىدا كارىدور هاسىل قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. «ئىزدىنىش، تەرەققىيات روھىغا باي ئىنسانلار چۈمۈلە روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، بۇ قەدىمكى يول تولىمۇ ئۇلۇغ ۋە بىھېساب قىممەتكە ئىگىدۇر. كونكرېت قىلىپ شەرھىلىگەندە، شەرقتە جۇڭگونىڭ شىئەن (قەدىمدە چاڭئەن دېيىلەتتى)دىن باشلىنىپ، غەربتە جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىۋاستە ياۋروپاغا بارىدىغان بۇ يولنى كىشىلەر هەر خىل ئاتاشقان. مەسىلەن: مەدەنىيەت يولى، سودا يولى، كارۋان يولى، تېخنىكا يولى، قاشتېشى يولى، ئىستىقامەت يولى، هەج يولى... قاتارلىقلار.

تەتقىقاتچىلار بۇ يولنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئوينىغان رولىغا قاراپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تازا گۈللەنگەن باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن دەپ قارايدۇ. يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگىچە (بۇ دەۋر بۇددىزم گۈللەنگەن دەۋر)، ئىككىنچى دەۋرى بولسا 5 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىق، ئۈچىنچى باسقۇچى بولسا، موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرى، يەنى 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە.

غەرب ـ شەرق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىشقىلىپ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا غەربتە شەرقنىڭ، شەرقتە غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بويۇم، هادىسە، ئەپسانە، چۆچەك، مەدەنى-

يەت ھادىسىسى ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارلىقلارنى يىپەك يولى بىلەن باغلايدۇ. بۇ خىل تەسىر ئىنسانىيەت جەمئىي-تىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سىڭگەن، ئىنسانلار دۇنياسىدى-كى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇ مەدەنىيەت تونېلىنى ئاخىر 1877 - يىلى گېرمانىيەلىك مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى رىچسوفېن (ferdinand.von richthofen) ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «جۇڭ-گودىكى ساياھەت نەتىجەم» ناملىق كىتابىدا تۇنجى بولۇپ يىپەك يولى (Seidenstrassen) دەپ ئاتىغان ھەمدە غەرب ئالىملىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يول خەلقئارادا «يىپەك يولى» نامى بىلەن تەرىپلىنىپ، تەتقىق قىلى-نىپ، تەسىر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ باردى. مەسىلەن: رىچسوفېن ئەينى ۋاقىتتا ئېنىقلىما بەرگەن دائىرىسى پەقەت جۇڭگو، غەربىي يۇرت، ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قاتناش يولى يا-كى سودا يولىنى كۆرسەتكەن بولسا، كېيىنكىلەر، مەسىلەن: ئال-بېرت ھېرمان (A.Heerman) نىڭ «جۇڭگو بىلەن سۈرىيە ئوت-تۇرىسىدىكى قەدىمكى يىپەك يولى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ يولنى تېخىمۇ ئۇزارتىپ غەربتە ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا دېڭىز)غىچە ئاپار-غان، بۈگۈنكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن كۆرە بۇ يول تېخىمۇ ئۇزۇ-راپ تەسىرى ھەتتا ئافرىقا قىتئەسىگىچە بارغانلىقى مۆلچەرلەن-مەكتە. شەرق - غەرب يۆنىلىشى جەھەتتىن قۇرۇقلۇق يىپەك يو-لى ۋە دېڭىز يىپەك يولى دەپ ئايرىلىپ، ئىنسانلارنىڭ دېڭىز قاتنىشى راۋاجلانغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇق يىپەك يولى خارابلاشقان دەپ ھۆكۈم قىلىشماقتا. ئەمەلىيەتتە، قۇرۇقلۇق يىپەك يولى تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقىنى يوق. دەۋرىمىزدە يېڭى يى-پەك يولى ياكى سىياسىيونلارنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى دەپ تەرىپلىشىدە بۇ بۈيۈك يولنىڭ ھېلىھەم ئىستېمالدىن قالمى-غانلىقى نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ قەدىمكى سودا - مەدەنىيەت بەلبېغىنى تەتقىق قىلغۇچىلار يىپەك يولى زور تۆركۈم ئىن-

سانلارنىڭ ئېتىقادىنى، ئىدېئولوگىيەسىنى، مىللەت تەقدىرىنى،
دۆلەت تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ـ ئىدىيە،
قىممەت قاراش، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، سودا ـ ئىقتىساد، تۇرمۇش
ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان بۈيۈك
تونېلدىن ئىبارەت دەپ تونۇيدۇ.

ئۇنداقتا، بىزمۇ بۇ زور قەدىمكى قاتناش يولىنىڭ تۈگۈنى
بولغان دىيارىمىزغا قاراپ باقايلى. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆ-
لىكى قەدىمكى خەن دەۋرىدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان. بۇ را-
يون ناھايىتى كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جۇغراپىيە
ۋە كىلىمات جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە. ئادىمىيەت مەنزىرىسى-
مۇ ئوخشاشمايدۇ. بۇ رايون يىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش
تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ شەكىللىنىشى، تە-
رەققىي قىلىشى ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىل-
لىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. گاۋېن ھامبىلى ئېيتقاندەك
«كۆپ ئەسىرلەرنى ئۆز ئىچىدىن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇرا ئاسىيا سودا
كارۋانلىرىنىڭ كۆپلىگەن سودا يولى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئى-
چىدە ئەڭ مۇھىمى جۇڭگو بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يول
ئىدى (تارىم ۋادىسىنى دېمەكچى)... سەپەر قىلغۇچىلار، سودىگەر-
لەر، ھەج تاۋاپچىلار ياكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا
يۈرۈشى ناھايىتى ئاستا ئۇلاغلار بىلەن بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى
بېسىپ بولۇش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى.» بۇ رايون شەرق ـ غەرب
مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينى-
غان بەلباغ. بۇ رايون مەدەنىيىتى شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن ئىل-
غار مەدەنىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىلغار
بولغان، كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە، ئۆزگىچە غەربىي يۇرت مەدەنى-
يىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئەھۋال تارىم ئويمانلىقىدا تو-
لىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى ئو-
مۇمىي لىنىيەنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ بۆلەك-

نىڭ ئۇزۇنلۇقى 2700 كىلومېتىر ئەتراپىدا. ئۆتكەن ئەسىردىكى غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، بۇ رايوننى پۈتۈن لىنىيە ئىچىدىكى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ تەستە ئۆتكىلى بولىدىغان رايون دېگەن. دېمىسىمۇ، كارۋانلار تولىمۇ ئېگىز بولغان پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم بوستانلىقىغا كەلگەندە دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان چۆللۈكىگە يولۇقىدۇ. تۈگىمەس قۇم بارخانلىرىدىن شەكىللەنگەن بۇ قۇملۇق، ھەم قۇرغاق ھەم كۆچۈپ يۈرىدۇ. يۆنىلىشىنى بەلگىلەش تولىمۇ قىيىن، شامال، قۇيۇن، ئۇسسۇزلۇق بۇ رايوننىڭ دائىملىق «مېھمىنى»، شۇڭا خەلقئارالىق سودىگەرلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، ھەجچىلەر، نوم ئالغىلى ماڭغانلار... چوقۇم بۇ جاينىڭ قەشقەر، كۇچا، قارا شەھەر ياكى تۇرپاندەك مەلۇم بوستانلىقىدا تولۇق دەم ئېلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، ئاندىن يولغا چىقىشى زۆرۈر. دېمەك، بۇ جەرياندا تەبىئىي ھالدا يەرلىك خەلقنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنى، قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ماددىي بۇيۇملارنى بۇ جايدا ساتىدۇ ياكى مالغا ئالماشتۇرىدۇ. شۇ تەرىقىدە، تىللىرى، مەدەنىيىتى تامامەن ئوخشاشمايدىغان خەلق تەبىئىي ھالدا، ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان ئاساستا ئۆزئارا مال ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ خىل ئىستىخىيەلىك ئالماشتۇرۇش بۇ رايوننىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىر قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى، ئىدېئولوگىيەسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ خىل شارائىت پەقەتلا يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىلا ھازىرلانغان بولغاچقا، خەلقىمىز بۈگۈندىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا مۇكەممەل سودا، دىپلوماتىيە، يىرىك بازار ئېڭىنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا، يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى يىپەك يولىنىڭ ئومۇمىي لىنىيەسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشىغا

بىۋاسىتە تەسىر قىلغان، بۇ رايوننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى نەتىجىلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشى... قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر يىپەك يولىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. تۆۋەندىكى چوڭ ئىشلار يۇقىرىقى يەكۈنىمىزنىڭ تولۇق ئىسپاتى بولالايدۇ.

بۇ رايوندا كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئالماشقان ياكى يوقالغان. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاللىبۇرۇن يوقالغان مەدەنىيەتلەر ھېلىھەم بۇ رايوندا ساقلانغان. تارىخ سەھنىسىدە يالتىراپ چاقنىغان كىروران شەھىرى مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇيۇقسىز يوقالغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ، يارغول قەدىمكى شەھىرىدەك دۇنياغا داڭلىق توپا ئىمارەتلىك شەھەرنى بەرپا قىلغان. قاڭقىلىلار مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن كېيىن يارغول شەھىرىدىن يۆتكىلىپ تەدرىجىي ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ تىلى ھازىرغىچە سىر بولماقتا.

بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ غارى مانى دىنى ئۆڭكۈرى بولۇپ، بۇ غار مانى دىنىنىڭ بىردىنبىر شاھىتىدۇر. 1980 ـ يىلى بۇ جايدىن تېپىلغان سوغدىچە نوم ھازىرغا قەدەر دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەدىمكى ھۆججەتتۇر. بۇ رايوندا كۆپلىگەن دىنلار پەيدا بولغان بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن باشقىسى ئاساسەن ئىستېمالدىن قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ خەلقىمىزگە قالدۇرغان ئىزى ھەممىدىن چوڭقۇر بولۇپ، ھەتتا ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگىچە سىڭىپ كەتكەن. باشقا دىنلارنىڭ ئىزلىرىنى ھېلىھەم تارىم ۋادىسىنىڭ بويلىرىدىن، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلاردىن تاپالايمىز. مۇشۇ بەلباغدا ياشىغان ھۇنلار، قاڭقىللار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، سوغدىلار، خەنزۇلار، سىيانپىلار، موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ سانسكرت تىلى، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى،

براھما تىلى، سوغدى تىلى، پارس تىلى ۋە تـوخرى تىلـلىرىنـى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنداق كۆپ تىل قوللىنىلغان ھادىسىمۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇچرىمىسا كېرەك. بۇ مول يېزىق مەدەنىيىتىمىز بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى يىپەك يولىدا بەزىلىرى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە، يىپەك يولىدىكى خەلقئارا كارۋانلارغا، سەيياھلارغا، دىندارلارغا مۇھىم ئالاقە رولىنـى ئويناپ، شـەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان. بۇ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى يېزىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. بۇ يېزىقلار دۇنيادىكى ئالتاي تىلى سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا زور رول ئويناپ، دۇنيا سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىلغان پىرسىيە، رىم پۇللىرى، ئەينەك قاچىلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق بۇيۇملار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردىن باشلاپ مىلادىيە 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پىرسىيە، رىم خەلقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۆرسەتسە، يىپەك يولىنىڭ جۇڭگو رايونلىرىدىن تېپىلغان ئۈزۈم، كېۋەز، ئانار قاتارلىق مېۋە ـ ئۈسۈملۈكلەر غەربنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرىنىڭ شەرققە تارقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يىپەك يولىدىكى دۇنياۋى ئەسەرلەرمۇ يەنىلا مۇشۇ يول بىلەن شەرققە ياكى غەربكە تارقىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئېچىش ياكى يوقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ يولدىكى دىنلارنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ تېپىلغۇسىز ئىسپاتتۇر. بـۇ ئەسەرلەردىـن داڭـ

لىقلىرى ھىرودوتنىڭ «تارىخ»، بەن گۇنىڭ «خەننامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، مەشھۇر دىنىي كىتابلاردىن «قۇرئان كەرىم»، كۆپلىگەن بۇددا نوملىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ماركوپولونىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە يەنە ئاتەشپەرەسلىك، مانىزم، خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى، داۋجاۋ دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىن قوللىنىلغان. جۇڭگودىكى بۇددىزم غارلىرىنىڭ بوۋىسى دەپ نام ئالغان كۇسەن بۇددىزم غارلىرى بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ غەربتىن شەرققە تارقالغانلىقىنىڭ تىپىك ئىسپاتى.

ئۇيغۇر مۇقامى، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يۇقىرىقىدەك كۆپ مەنبەلىك يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، ئىنتايىن زور سىغىمچانلىققا ئىگە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. يىپەك يولىدىكى بۇنچە كۆپ يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى تەبىئىي ھالدا قەغەزچىلىك ۋە باسمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ تېخنىكىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىمۇ يىپەك يولى مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادىيە 732 ـ يىلى تالاس (ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ تالاس ئەتراپلىرى) ئۇرۇشىدا ئەرەب قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشكەن تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى تېخنىكلاردىن پايدىلانغان ئەرەبلەر، سەمەرقەنتتە شۇ ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەتبەئەچىلىك زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا قەغەز ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ قەغەزچىلىق تېخنىكىسى باغداد بىلەن دەمەشىققە تارقالغان. 12 ـ ئەسىردە ئەرەبلەر بۇ تېخنىكىنى تونجى بوپ ئىسپانىيەگە ئەكىرگەن. 13 ـ ئەسىردە

گېرمانىيەگە تارقالغان. دېمەك، ياۋروپالىقلار پەقەت 13- ئەسىر-
دىن كېيىنلا قەغەز ياساش تېخنىكىسىغا ئېرىشكەن. بۇ بۈيۈك
يولدا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى نۇرغۇن كەشپىياتلار تارقالغان. قە-
غەز ياساش تېخنىكىسى يىپەك يولىدا تارقالغان تېخنىكىنىڭ پە-
قەت بىرسىدۇر. بۇ قەدىمكى يول بويلىرىدا يۈلتۇزدەك تارقالغان
قەدىمكى ئىمارەتلەر شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي
ئاسىيا قۇرۇلۇش - بىناكارلىق تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇپ، دىيارىمىزدا بۇددا دىنى ئىمارەتچىلىكى ۋە ئىسلام دىنى ئى-
مارەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمارەت سىستېمىسىنىڭ
شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان. شۇ ئارقىلىق دۇنيا ئىمارەتچىلىك
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

### 3. يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئويلىنىش

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قەدىمكى گىرېكلەردىن باشلاپ جۇغرا-
پىيە پېنى ياۋروپالىقلار ئەڭ چوقۇنىدىغان ئىلىمگە ئايلانغان. شۇ
قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە پائالى-
يىتى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن يىپەك يولى تەتقىقاتى مۇستەقىل ئىلىم بولۇش يو-
لىغا قاراپ ماڭغان. «شەرقتە ئىچكى دېڭىزدىن جۇڭگونىڭ غەربىي
شىمال رايونى، موڭغۇلىيە، شىمالدا سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىن
باشلاپ جەنۇبتا ئىران بىلەن ئافغانىستانغا تۇتاشقان چوڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونى («بۈيۈك بېرىتانىيە قامۇسى»دا بېرىلگەن ئۇقۇم.
لوندون 1980 - يىلى) ئەسلىدىنلا بىر تارىخى مەدەنىيەتلىك را-
يون بولغان. دوكتور لى مىڭۋېي «يىپەك يولى تەتقىقاتىنىڭ 100
يىللىق تارىخى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا «بۇ جاي ئىنسانلارنىڭ
ئەڭ قەدىمدە ياشىغان جايى، ئەلمىساقتىن تارتىپ سىياسىي، ھەر-
بىي، مىللەت، دىن، مەدەنىيەت توقۇنۇشى ئەڭ كەسكىن بولغان
رايون، بۇ جاي ياۋرو - ئاسىيا مەدەنىيىتى بىرىككەن رايون، بۇ

جاي يىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنىدۇر» دەپ يازىدۇ.
فىرانسۇزلار مەدەنىيەت جەھەتتە ياۋروپادا ئالدىنقى قاتاردىكى
مىللەت، بۇلار يىپەك يولىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئەڭ بۇرۇن
باشلىغان. 1822 ـ يىلى ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ، فىرانسىيە ئا-
سىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، فىرانسىيە ئىنستىتۇتى ئاسىيا تەتقى-
قات مەركىزى قۇرۇلۇپ شۇ ئاساستا خەنزۇشۇناسلىق، تۈركشۇ-
ناسلىق، تىبەتشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇت-
لىرىنى قۇرۇپ بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئىش قىلغان. ھېلىھەم فىران-
سۇزلارنىڭ تەتقىقاتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. يۇقىرىدا دېيىل-
گەندەك، ياپونىيە بۇ چوڭ ساھەنى تېخىمۇ پارچىلاپ تەتقىق قى-
لىپ، دىن، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، بىناكارلىق... قاتارلىقلار
بويىچە مەخسۇس تەتقىقاتتا دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتتى. جۇڭگو بىلەن
غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچى
دۆلىتىمىزدىكى داڭلىق ئالىملارمۇ فىرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ياپو-
نىيەدىكى يىپەك يولى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئوقۇغان ياكى بىلىم
ئاشۇرغان. دۆلىتىمىز بۇ جەھەتتە نىسپىي ئارقىدا بولۇپ، 1980 ـ
يىللاردىن كېيىن، يەنى ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش-
تىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا ھەقى-
قىي يۈرۈش قىلغان ۋاقتى يىپەك يولىنى دۇنيا مەدەنىيەت مە-
راسلىرىغا يوللىغاندىن كېيىن تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشقا باشلى-
غان.

ئۇنداقتا بۇ قەدىمكى يولدا يۇقىرىقىدەك مۆجىزىلەر ساقلانغان
بولسا، بۇ يولنىڭ قىممىتىنى خەلقىمىز قانچىلىك ھېس قىلالى-
دى؟ ئالىملىرىمىز قانچىلىك تەتقىق قىلالىدى؟ بۇ يولدىكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ رولى نېمە؟... دېگەندەك بىر قاتار سوئاللار ئالدىمىزغا
قويۇلۇۋاتىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دەل بۇ ساھەگە يۈرۈش
قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر ئالىمدۇر. ئالىمنىڭ «يىپەك يولىدىكى توق-
قۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «يىپەك يو-

لىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە تۆگىقۇش روھى»، «يىپەك يولىدىن
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭگۈشتەرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «يىپەك
يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممى-
تى»، «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىز-
مىتى»، «يىپەك يولى سىپلىشتۇرما ئەدەبىياتى»، «يىپەك يولى تەت-
قىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «يى-
پەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «كەلگۈسى
مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» ناملىق ئەسەرلىرى ئىلگىرى - كېيىن
مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، مەن بۇ ماقالىنى
نەچچە يىللار ئىلگىرى ئوقۇغان ئىكەنمەن. كېيىن توپلام قىلى-
نىپ نەشر قىلىنغان بۇ نادىر ئەسەرلەردە يىپەك يولىنىڭ تارى-
خىي قىممىتى، يىپەك يولىدىكى شانلىق مەدەنىيىتىمىز، ئەجدا-
دىمىزنىڭ بۇ يولدىكى يارقىن ئىزلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پا-
كىتلار يېزىلغانىدى. مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، پاكىتلارنىڭ
مول لىقىدىن ھەيران قالغانىدىم. ئەمدى ھېس قىلسام شۇ يىللاردا
يىپەك يولى توغرىسىدىكى چولتا بىلىمىم سەۋەبىدىن بۇ يولنىڭ
تارىخىي قىممىتىنى دىگەندەك ھېس قىلالمىغان ئىكەنمەن. ئۇ-
قۇش پۈتكۈزۈشۈم دەل دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلى-
رى بىرلىكتە يىپەك يولى خەلقئارا ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇش
بىرىك پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا توغرا كەلگەچكە، مەتبۇئاتلاردا
يېڭى يىپەك يولى توغرۇلۇق كۆپلىگەن تەشۋىقاتلار چىقىشقا باش-
لىدى. ماقالەمنى بۇ ھەقتىكى ئۇيغۇرچە ماتېرىيال بىلەن سې-
لىشتۇرۇپ، قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي دېگەن ئۇمىددە
ئۆزىمىزنىڭ يېزىقىدىكى ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللار-
نى ئىزدەشكە باشلىدىم. مەن تاپالمىدىممۇ ياكى بىزدە بۇ بۈيۈك
يول ھەققىدە ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلار كەمچىلمۇ، ئىشقىلىپ ما-
تېرىياللار تولىمۇ ئاز ئىدى. «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» (ياپون-
يە، تەرجىمە)، «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» (ئەنگلى-

يە، تەرجىمە)دىن باشقا پەقەت ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق كىتابى ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا يېزىلغان يىپەك يولىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغان تۇنجى ئەسەر ئىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ توغرۇلۇق ماقالىلەر ئېلان قىلىنماپتۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يىپەك يولى ھەققىدە تولىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەنىكەن. ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە نۇرغۇن ئىلغار پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان، كەسكىن خىتابلارنى قىلغان ۋە يىپەك يولىدا ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتە قانداق قىلىش توغرىسىدا ئالدىن كۆرەر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، نېمە ئۇچۇندۇر باشقا تەتقىقاتچىلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان بۇ بۈيۈك يولنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىغانلىقتىنمۇ، خۇددى ئۆزى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوقتەك ئەيتاۋۇر بۇ تېما ئۈستىدە تەتقىقات ياكى ئانالىز قىلىپ باقماپتۇ. پەقەت ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنلا «يەنىلا خەلقىمىزگە نەچچە مىڭ يىل ئېمىكئانا بولغان ئۆتمۈش ھەققىدە، بىز ياشاپ كەلگەن، بىزنى يېتىلدۈرگەن قەدىمكى يىپەك يولى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى سىزگە يەتكۈزگۈم كەلدى» بۇ خىل ئەھۋال كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇ يولغا بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقادىمىز، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز، ئىجتىمائىي پەلسەپىمىز، ئىدېئولوگىيەمىز چېتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ قەدىمكى ئالىملىرىمىز يەنىلا مۇشۇ يولدا غەربكە مېڭىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى، يەنە مۇشۇ يولدا شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىش تەسىرىدە ھاسىل بولغان ئوي ـ پىكىردىن «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ چىققان ئەمەسمۇ؟ بۇ يول بىز ئۈچۈن بىر مەردەپەت يولى ئەمەسمىدى؟ كىممۇ يىپەك يولى ئۇيغۇرلارغا تەرەققىيات ئەكەلمىدى دېيەلىسۇن؟ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ ئىككىسى،

يەنى بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى خەلقىمىزگە مۇشۇ يول ئارقىلىق تارقالغان ئەمەسمۇ؟ ھەتتا يېقىنقى زاماندىكى بالدۇر ئويغانغان كىشىلىرىمىز مۇشۇ يولنى بېسىپ نۇرغۇن مۇشەققەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايىغا بېرىپ بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنىڭ بەش پەرىزىنى ئادا قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئوخشاشمىغان تە-رەققىياتنى، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، خەل-قىمىزنىڭ ئىچىدە يېتۈك كىشىلەرگە ئايلانغان ئەمەسمۇ؟ شەرق-نىڭ داڭلىق سەيياھلىرى فاشيەن ۋە شۈەنزاڭدەك ئىستىقامەتچى-لەرمۇ مۇقەددەس نوم ئالغىلى مۇشۇ يولدىن پايدىلىنىپ ھىندىس-تانغا بارغان. شۇ جەرياندا ئاق كۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ قىزغىن يار-دىمىگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى ئادا قىلا-لىغان ئەمەسمۇ؟! مۇشۇ يولدىن ئۇزۇقلىنىپ، شەرق ـ غەرب مە-دەنىيىتىنى باغلاپ ئۇچراشتۇرغان تۇرۇقلۇق، بۇ يولنىڭ خاسى-يىتىدىن، بۇ يولنىڭ رولىدىن، بۇ يولنىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتتۇقمۇ ـ قانداق؟ ھېلىمۇ ئېسىمدە، 2008 ـ يىلى يىپەك يو-لىنى دۇنياۋى مىراسقا يوللاش خەلقئارالىق يىغىنىدا، كۆزەتكۈچى بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلىگەن، ياپونىيە ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە-كىلى (ئالىملار) بۇ قېتىمقى يىپەك يولىنى دۇنيا مىراسلىرىغا يوللاش خەلقئارالىق پائالىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ قاتناشتۇرۇلمىغانلى-قىنى ناھايىتى ئېغىر ئېلىپ، نۇرغۇن پاكىت كۆرسىتىپ يىپەك يولى مەدەنىيىتى ئاخىرىدا ياپونغىمۇ بارغان، ياپونلارمۇ بۇيۈك يولدىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلغان دەپ سۆزلىگىنىنى، يەنىلا شۇ قېتىملىق يىغىندا ئافغانىستان ۋەكىلى يىغىن تەرتىپىنى بۇزۇپلا ئۆز دۆلىتىنىڭ بۇ يولنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن بۇ كاتتا ئىشقا قاتناشتۇرۇلمىغانلىقىدىن ئەپ-سۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، خەلق-ئارادا شىئەن بۇ بۇيۈك يولنىڭ شەرقتىكى باشلىنىش نۇقتىسى،

دەپ خەلقئارادا ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن بولسىمۇ، خېنەن ئۆل-
كىسىنىڭ ۋەكىلى بۇ يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى لوياڭ شەھىرى
دەپ سۆزلىگەندە شەنشى ئۆلكىسىدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن خېنەن
ئۆلكىسىدىكى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدا توردا بىر مەھەل «ئې-
غىز» ئۇرۇشى بولغانىدى. دېمەك، بۇ بۈيۈك يولنىڭ «يۇرتى»
ھېسابلانغان ئانا دىيارىمىزنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ھېسابلانغان
ئۇيغۇرلاردا يىپەك يولى تەتقىقاتى تېخىرقاش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا
ئەتراپىمىزدىكى ئەللەر، مىللەتلەر بۇ يولنى مەدەنىيەت ئەڭگۈش-
تەرى دەپ ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئۆتمۈش مەدەنىيىتىنىڭ
ئاساسىنى بۇ يولدىن ئىزدەپ يۇرۇپ تەتقىقاتنى باشلىۋەتكەن.
بىزدىن پەقەت ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندىن باشقا بىرەر ئالىم.
مۇتەخەسسىسمۇ بۇ ھەقتە باش قاتۇرمىغانىكەن. باشقىلار ئۇچۇن
تولىمۇ مۇھىم ھېسابلانغان بۇ بۈيۈك كارۋان يولى بىزدە ئانچە
ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىدى. سۆيۈملۈك ئالىم بۇ جەھەتتە تولىمۇ
چوڭقۇر ئىزدىنىپ، بۇ يولدىكى ھېكمەتلەر، بۇ يول بىلەن ئۇي-
غۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تەقدىرىنى باغلاش، ئۇيغۇرلارنىڭ يارقىن تا-
رىخىنى، ئۇسسۇل - سەنئىتىنى، يىمەك - ئىچمىكىنى، بىزدىكى
نۇقسانلارنى، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولىمۇ چوڭقۇر مۇھا-
كىمە قىلىپ، ئوبرازلىق تەرىپلەپ، يېڭى ئەسىردە يېڭى يىپەك
يولى روھى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىشقا، ئويغىنىشقا چاقىرغانىد-
كەن. ئۇ «ئەجدادلىرىمىزدا قەدىمكى يىپەك يولى گۈللەنگەن زا-
مانلاردا بىر تەرەپتىن چەتكە، يېڭىلىققا، غەيرىي ۋە ئىجادىي نەر-
سىلەرگە قىزىقىش روھى ئۈستۈن بولغان بۇ روھىيەت تۈپەيلى
ئۇلار مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنى يېڭىپ غەربىي يۇرتقا خاس
مەدەنىيەت ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت قوشۇلمىسىنى يارىتىپ جاھان
مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان» دەپ كۆرسەتكەن. ئالىمنىڭ يۇقى-
رىقىدەك ئۆتكۈر پىكىرلىرى بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىللار بۇرۇن
ئېيتىلغان دۇردانىلەر بولۇپ، ئالىم يىپەك يولىدا ياشاپ كەلگەن

خەلقلىرىمىزنىڭ پائالىيەتچان كارۋان روھى، ئات ئۈستىدىكى جەسۇر قىياپىتىنى بۈيۈك يىپەك يولى ئارقىلىق يورۇتۇپ، تولىمۇ ئالدىن كۆرۈنەرلىك بىلەن «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسلىدە بۇ خىلدىكى نادىر ئەسەرلەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرى بىزدە كۆپلەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. ئالىمنىڭ بۇ نادىر ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىزدە يىپەك يولى ئۈستىدە ئويلىنىش، بۇ خەلقئارالىق يولدىن كىملىكىمىزنى ئىزدىشىمىز كېرەك ئىدى.

دېمەك، بىز بۇ يولنى تاشلىۋەتتۇقمۇ ياكى يول بىزنى ئۇنۇتتىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ يولدا ئېرىشكەن قەدىمىي ئۇدۇم بىزنى خەلقئارالىق سودىگەر مىللەت قاتارىغا باشلاپ كىرگەن بولغاچقا، بۇ خىل قەدىمكى «قان» تاكى ھازىرغىچە مىللىتىمىزنىڭ تومۇرىدا ئاققاچقا، نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلىرىمىز بۇ يولدا ئايروپىلان بىلەن قاتناپ ئەجدادىمىزنىڭ غەرب ـ شەرقنى تۇتاشتۇرۇش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەدىمكى سودا كارۋان يولىدا، ئۈن ـ تىنسىز كېلىۋاتقانىكەن. بۇ خىل ھالەتنى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئوبرازلىق قىلىپ «ئاللىقاچان ھازىرقى زامان سودا رىقابىتىنىڭ ئۇپقۇنلۇق قايناملىرىغا كۆكرەك كېرىپ چۈشكەن غەۋۋاس — ئۇيغۇر سودا تىجارەتچىلىرىدىن ئىبارەت» دېگەن. بۇ خىل روھ دەل قەدىمكى سودا مەدەنىيىتىمىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈزۈلمەس مېلودىيەسى، خالاس. ئەمما، بۇ بۈيۈك يولنىڭ مەنىۋىيىتىمىزدىكى، مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى، مەدەنىيىتىمىزدىكى، تەرەققىياتىمىزدىكى رولىنى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىمىزنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى، مۇھىمى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمىزنى چوڭقۇرلاپ تونۇپ يەتكۈچىلەر ئازلاپ كەتكەنىكەن. شۇڭلاشقىمۇ بىزدە يۈز بېرىۋاتقان چۈشكۈنلۈك، مەدەنىيەتتىكى چېكىنىش، ئۆزلۈك ئۈستىدە ئويلانماسلىق، تەپەككۇرلىرىمىز تېيىز، ئانالىمىز ئاجىز بولۇشتەك پاسسىپ پسىخىكا

روھىمىزنى چىرمىۋالغانىكەن. 2012 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن، ئۇزاق يىل ئامېرىكا، گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدا مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن دوڭ جۈنشىن ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇپ قاناس ساياھەت رايونىغا بارغىنىمدا شىنجاڭنىڭ تارىخى، ئۇيغۇر تىلى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا «بىز قەدىمكى يىپەك يولىدا ياشىغان خەلق. شۇڭا تارىختا مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان، مەدەنىيىتىمىزدە ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى قەدىمكى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى بار، كۆپ خىللىققا ئىگە ئۇيغۇر تىلىمۇ يىپەك يولىدىكى مۇھىم قەدىمكى تىل، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىسەك، ئۇ چاغدا بىز غەربتە، ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن شەرقتە، جەنۇبىي دېڭىز ئارىلىقىدىكى بارلىق ئەللەردە، تەرجىمانسىز يۈرەلەيمىز. بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا مىللەتلەردە بولمىسا كېرەك» دەپ چۈشەنچە بەرسەم، بۇ كىشى ناھايىتى ئەجەبلەنگەن ھالدا يېڭىچە بىر ئۇقۇمغا ئېرىشكەندەك بولغانىدى. دېمەك، بىز ئۇيغۇرلار بۇ يولدا ئات چاپتۇرۇپ ھەم ئۆگىنىپ، ھەم ئۆزلەشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ، بۇ مۇقەددەس يولنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىدا ھەقىقىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدۇق.

## 4. خاتىمە

يىپەك يولى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت قانىلى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغاندەك ئىنسانىيەتنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن مەدەنىيىتى بۇ قانالدا ئاققان، چايقالغان، قوشۇلغان ۋە چۆكمە ھاسىل قىلغان. ئۇ ھەقىقەتەن مىسلىسىز قامۇس، قىياسسىز خەزىنە. دۇنيادىكى سىستېمىلاشقان مەدەنىيەتلەر بۇ يولدا تېخىمۇ تاكامۇللاشقان. بۇ بۈيۈك يولنىڭ تۈگۈنى بولغان تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار يۇقىرىقى چوڭ ئىشلارنىڭ، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەڭ سالاھىيەتلىك گۇۋاھچىسى. 2013 ـ يىلى دۆلەت

رەئىسى شى جىنپىڭ قازاقىستاندىكى نەزەربايېف ئۇنىۋېرسىتې-
تىدا لېكسىيە سۆزلىگەندە، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يارد-
تىش ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي
ئاسىيا ئەللىرى يەنە بىر قېتىم قول تۇتۇشۇپ يېڭى يىپەك يول-
نى قايتا جانلاندۇرۇپ، ياۋرو - ئاسىيا ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى
گۈللەندۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە، بۇ پىكىرنىڭ
دەسلەپكى ئاساسى يەنىلا يىپەك يولىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي
كۈچى ۋە بۇ يولنى بىرلىشىپ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا
يوللاش ئۇلۇغ پىلانىدۇر. كۆپچىلىككە مەلۇم، ھازىرقى زاماندا مە-
دەنىيەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىقتىسادتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ياۋرو-
پا ئىتتىپاقىنىڭ كېڭىيىشىدە ئىدېئولوگىيە بىرلىكىنى ئاساس
قىلغانلىقى بۇ نۇقتىنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ ھەقتە ئالىم ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىنتايىن روشەن قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«يىپەك يولىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بىزگە ئىككى نەرسە
لازىم. تارىخىي ئېپتىخار ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىشەنچ؛ ئىك-
كىنچىسى، تارىخىي خاراكتېرلىك نومۇس ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بول-
غان جاسارەت. قەدىمكى يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە يېڭى
يىپەك يولىدا تەمتىرەپ تۇرغان خەلق ئۈچۈن بۇ ئىككى روھىي
زىلزىلىنىڭ بىرىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك.» ئالىم يەنە يۇقىرى-
قىلارغا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ بىرلىشىشىمىزنى، ئىت-
تىپاقلىشىشىمىزنى، ھەمكارلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. تېخىمۇ
مۇھىم بولغىنى، بىلىم ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى سودا ئۇقۇمىنى بۇ-
زۇپ تاشلىغان، زامانىۋى ئىدېئولوگىيە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە
خىرىس قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يىپەك يولىدا قايتا - قايتا
ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ جان
تومۇرى يەنىلا بىزنىڭ دىيارىمىز. بىز يەنىلا يىپەك يولى روھىنى
جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت جە-

ھەتتىكى تۆۋرۈكلۈك رولىمىز، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىمىز، سودا ساھەسىدىكى چاققانلىقىمىز بىلەن تىرىشچانلىقىمىز بولساق، ئىشىنىمەنكى، بۇ يولدا يەنىلا گۈزەل كېلەچەك يارىتالايمىز. دەرۋەقە، بۇ نىشان بىزگە ئاسانلا چۈشمەيدۇ، ھەتتا ئۆتكەن زاماندىن كۆپرەك بەدەل تۆلىشىمىز مۇمكىن. كونا يىپەك يولدا قىسمەن كىشىلەر بەيگىگە چۈشكەن بولسا، يېڭى يىپەك يولدا ئات چاپتۇرغانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك «يولدا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىگەن مىللەت مەدەنىيەتتە ئىلگىرى كەتكەن مىللەتتۇر.» كەسكىن رىقابەت ـ خىرىسقا تولغان بۇ يول، يىپەك يولىنى چۈشىنىدىغان، بۇ يولنى تەتقىق قىلىدىغان، بۇ «يول»دا باشلامچى بولۇپ ماڭالايدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك، تەپەككۇرغا باي كىشىلىرىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىر ئۇنىۋېرسال پەن بولۇپ چېتىشلىق دائىرىسى تولىمۇ كەڭ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىمىزدا ئۆزىمىزدىن بۇ يول ئۈستىدە تەتقىق قىلىدىغان ئىلغار پىكىرلىك يۇقىرى قاتلام ئالىملىرىمىزنى تەربىيەلەپ چىقىش، مەتبۇئاتلىرىمىزدا، تاراتقۇلىرىمىزدا مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ بۇ يولنىڭ ئەھمىيىتىنى، مۇھىملىقىنى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئىشلارنى، مەشھۇر شەخسلەرنى، تەتقىق قىلغۇچىلار ئەمگىكى ۋە نەتىجىسىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق بۇ «يول»دىن تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى تېپىشىمىز، بۇ «يول» ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىمىز، بۇ «يول»نىڭ خاسىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ باشقىلارغا ئوخشاش ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەنپەئەتكە ئېرىشىشىمىز كېرەك. ئاخىرىدا بۇ مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ مۇنۇ خىتابىنى خەلقىمگە سۇنىمەن:

*«يىپەك يولى ئالامەتلىرى ئالدىدا كېيىكتەك چۆچۈپ، ئېغىر*

*خورلۇق ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش روھىيىتىدە قورۇنۇپ تۇرغان خەلقىمىزگە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان تەڭداشسىز مۆجىزىلەرنى تونۇتۇش ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تۇنجى خىزمىتىدۇر. ئۇلار بۇ شۆھرەتلىك تارىختىن خەۋەردار بولۇشقا ھوقۇقلۇق!»*

پايدىلانمىلار:

① بۇ دۇنياغا داڭلىق رەسسام، توكيو سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى، ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ ساخاۋەتچى ئەلچىسى، 1990 - يىلى 1مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ، ب د ت پەن -مائارىپ مەھكىمىسىدە «خىراياما يىپەك يولى مۇكاپات فوندى»نى تەسىس قىلىپ دۇنيادىكى بۇ يولنى تەتقىق قىلغان ياش تەتقىقاتچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەنىكەن.

② 2002 - يىلى ب د ت نىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى يىلى ھەمدە «دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىل بولغان خاتىرە يىلى ئىدى.

③ ب د ت مائارىپ پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى «شىئەن خىتابنامىسى» 2002 - يىلى 11 - ئاي جۇڭگو، شىئەن.

④ ئىسپانىيە بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر يول بويىدا جەمئىي 1800 موناستىر، چېركاۋ، مېھمانخانا، كۆۋرۈك، يول بەلگىسى قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان. فىرانسىيە بۆلىكى 157.5 كىلومېتىر بولۇپ، 66 ئورۇندا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان.

⑤ گاۋېن ھامبىلى (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى، 12~15 - بەتلەر.

⑥ لى مىڭۋېي: «يىپەك يولى تەتقىقاتىنىڭ 100يىللىق تارىخى ھەققىدە»، غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى، لەنجۇ، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑦ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى» ھەققىدە مۇھاكىمە

**ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن**

**ئاپتور ھەققىدە:** ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن 1959 ـ يىلى كورلا شەھىرىنىڭ چارباغ يېزا بوستان كەنتىدە تۇغۇلغان. 1996 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە ياپونىيەنىڭ ئوساكا سودا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىقتىسادشۇناسلىق ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى. پروفېسسور ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەننىڭ يېقىنقى يىللاردا «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇزۇلدۈرمەي ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلىرى، بولۇپمۇ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان دۇنيا كارخانىچىلىقى ۋە مىللىي ئىگىلىك ھەققىدىكى 100 پارچە ماقالىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. پروفېسسورنىڭ 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «بىلىم خەلقنى باي قىلىدۇ، نادانلىق خار قىلىدۇ» (خەنزۇچە) ناملىق ماقالىسى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر تەتقىقات مەجمۇئەسىگە تاللىنىپ ئېلان قىلىندى. 2015 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئۇنىڭ «كارخانىچىلىقتىن نادىر ئۆرنەكلەر» ناملىق

كىتابىنى نەشر قىلدى. بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئاب-
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش
مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئو-
قۇلغان.

*　　　*　　　*

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
(1933 — 1995) 1990 - يىللارنىڭ بېشىدا يازغان بىر تۈركۈم
ئەسەرلىرىدە «يېڭى يىپەك يولى»، «ھاۋادىكى يىپەك يولى» ئاتال-
غۇسىنى كۆپ قوللىنىپ، يىپەك يولىنىڭ يېڭىباشتىن گۈللىنى-
دىغانلىقى، بۇنداق گۈللىنىشنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلى-
نىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق زاماندىن ھالقىپ كەتكەن قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ بۇ قارىشىنى ھەتتا شۇ يىللىرى يازغان
بىرىك ئىلمىي ئەسىرى «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»نىڭ ئەڭ ئاخى-
رىدا مۇنداق يازغان: «تارىخ ھازىر يىپەك يولىنىڭ قايتا گۈللى-
نىش ھارپىسىدا تۇرماقتا. ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرى دېڭىز قاتنىشىدىنمۇ ئۈنۈملۈك ھاۋا قاتنىشىنىڭ چوڭ
تىپتىكى ئايروپىلان، مېتال قاتناش دىرىژابىلى، ھاۋا كېمىلىرى
قاتارلىق يېڭى ۋاستىلىرىنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى.
قۇرۇقلۇق قاتنىشى تۆمۈر يول ۋە تاشيول تۈرلىرى بىلەن يېڭى
ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشتى. تۇرمۇش ۋە ئاڭ - پىكىر بېكىنمە ھا-
لەتتىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئۆتۈشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلماق-
تا. شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ يېڭى ئالامەتلىرى كۆرۈل-
مەكتە. شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي قۇدرەت ۋە
تېخنىكىلىق قۇدرەتنىڭ ناتەكشىلىكى كەسكىن يىمىرىلمەكتە.
تۇرمۇش تەلىپى ۋە رىتىمى تېزلەشمەكتە. ئالامەتلەر يىپەك يولى
قايتا زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي قانىلى بولماي تۇرۇپ كەل-
گۈسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن بېشا-

رەت بەرمەكتە. ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى مۇقەددىمە قىلغان
ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك مەدەنىيەت تىپى ئۆز شۆھرى-
تىنى يېڭى شەرق ئويغىنىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يەنە گۇمان
بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ روشەنكى، بۇ قاينام - تاشقىنلىق كەلگۈسى
ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيى-
تىگە يېڭى تارىخىي قاتلام ئېلىپ كېلىدۇ.» بۇنىڭدىن 25 يىللار
ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ دانا قاراشنى بۈگۈنكى كۈندە تە-
كىتلىنىۋاتقان «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى» تەسەۋۋۇرى بىلەن
بىرلەشتۈرسەك، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالدىن
كۆرەرلىكىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ
قارىشىنى «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» ناملىق ماقالىسى-
دە تېخىمۇ ئەتراپلىق شەرھلىگەن. دېمەك بىز «يىپەك يولى ئىق-
تىساد بەلبېغى» ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە
بۇ دانىشمەن ئالىمنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ ئۆتۈشكە ھەقلىق.

**1.«بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ تارىخىي كۆرۈنۈشى**

«يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ۋە 21 - ئەسىر دېڭىز يىپەك
يولى ئىقتىساد بەلبېغى» — رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قوي-
غان خەلقئارا ھەمكارلىق تەشەببۇسى بولۇپ قىسقارتىلىپ «بىر
بەلباغ بىر يول» دەپ ئاتىلىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» نامىنى
سىستېمىلىق شەرھلەش ئۈچۈن گەپنى قەدىمكى «يىپەك يولى»دىن
باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى «يىپەك يولى» شەرقلىقلەر بىلەن
غەربلىكلەرنىڭ تاۋار ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سودا يولىنى
كۆرسىتىدۇ. تارىختىكى «يىپەك يولى»نى جۇڭگولۇقلار، ئەرەبلەر
ۋە پارسلار ئاچقان بولسىمۇ، «يىپەك يولى» نامىنى جۇڭگولۇقلار،
پارسلار، ئەرەبلەرمۇ ئەمەس، بەلكى گېرمانىيەلىكلەر قويغان.

گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق گېئولوگ ۋە ئاسترونوم رىچسوفىن
1862 - يىلىدىن 1872 - يىلىغىچە شەندوڭ قاتارلىق 13 ئۆل-

كىنىڭ 18 شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ جۇڭگونىڭ قە-
دىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
ئەھۋالى ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشكەن. 1872 -
يىلى گېرمانىيەگە قايتىپ بەش يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ
1877 - يىلى «جۇڭگودىكى تەكشۈرۈش نەتىجەم» ناملىق كىتابىنى
ئېلان قىلغان①. رىچسوفېن مۇشۇ كىتابتا تۇنجى بولۇپ «يىپەك
يولى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئارىدىن 20 يىللار ئۆتكەندە
يەنە گېرمانىيەلىك تارىخشۇناس ھېرمان (A.Herrmann) جۇڭگودا
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ 1910 - يىلى «جۇڭگو - سۇرىيە قەدى-
مىي يىپەك يولى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ «يىپەك يو-
لى»نى سىستېمىلىق شەرھلەيدۇ. ھېرمان «يىپەك يولى»نىڭ چاڭ-
ئەن شەھىرىدىن يەنى ھازىرقى شىئەندىن باشلىنىپ ئاخىرى كى-
چىك ئاسىياغىچە تۇتىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ②. شۇنىڭدىن
باشلاپ «يىپەك يولى» نامى دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ ئورتاق تونۇ-
شىغا ئايلىنىدۇ. قەدىمكى «يىپەك يولى» جۇڭگونىڭ ئاسىيا، ئاف-
رىقا، ياۋروپا ئەللىرى بىلەن تاۋار - دۇردۇن، فارفۇر قاچا، قە-
غەز، كىتاب، پاختا، تېتىتقۇ، دورا - دەرمەك، ئۈنچە - مەرۋا-
يىت، مېتال، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئال-
ماشتۇرۇش قەدىمىي سودا يولى بولۇپ كەم دېگەندىمۇ 2000 يىل-
دىن ئۇزۇن تارىخى بار.

يىپەك يولى «قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ۋە دېڭىز يىپەك يولى»
دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. «قۇرۇقلۇق يىپەك يولى» دۆلىتىمىزنىڭ
شىئەن شەھىرىدىن چىقىپ خېشى كارىدورى، ئوتتۇرا ئاسىيا،
ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، سۇرىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا
بېرىپ ئاخىرى رىم شەھىرىدە توختايدۇ، «دېڭىز ئۈستى يىپەك
يولى» شەرقتە گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، ياڭجۇ، نىڭبو پورتىدىن باشلى-
نىپ جەنۇبىي ئوكيان ئارقىلىق ئەرەب دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ
ئافرىقىنىڭ شەرقىگە يېتىپ بارىدۇ. 1492 - يىلى كولۇمبۇ ئا-

مېرىكا قىتئەسىنى بايقىغاندىن كېيىن دېڭىز يولى بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ «قۇرۇقلۇق يىپەك يولى» ئاستا ـ ئاستا قاغجىراپ قالغان.

### 2.«بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ مەزمۇنى

2013 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى نەزەربايېف ئۇنىۋېرسىتېتىدا «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ۋە 21 ـ ئەسىر دېڭىز يولى ئىقتىساد بەلبېغى» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2015 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۆلەت مەھكىمىسى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەرىكەت پىروگراممىسىنى رەسمىي جاكارلىدى. «بىر بەلباغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئاسىيا ئىقتىساد گەۋدىسى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە — ياۋروپا ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۈرۈش، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئۇزۇن دۇنياۋى ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇپ چىقىپ ھەرقايسى ئەللەرنى ئورتاق مەنپەئەتلىنىشنى كۆزلىگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چاقىرىقى. جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۆجىزىسىنى دۇنيانىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئايلاندۇرۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول» باغرىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ئورتاق نەپكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان قوش ھەمكارلىق تەشەببۇسى ۋە خىتابنامىسىدۇر. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى دۆلىتىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 65 دۆلەتتىكى دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 63% نى قاپلايدۇ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 29%نى ئىگىلەيدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى دۆلەتلەر يەر كۆلىمىنىڭ 80% ى قۇرۇقلۇقتا، 20% ى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ[3]. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى قۇرۇقلۇق مۇساپىسى 7000 كىلومېتىر، شىنجاڭدى-

كى لىنىيەسى 2700 كىلومېتىر كېلىدۇ.

«بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدە ئالتە چوڭ ئىقتىسادىي كارىدور قۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا 8 تىرىلليون ئامېرىكا دوللىرى سېلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

بىرىنچى، ياۋرو ـ ئاسىيا كۆۋرۈكى ئىقتىساد بەلبېغى. بۇ جۇڭگو شىنجاڭدىن باشلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، رۇسىيەگە بېرىپ ئاخىرى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تۇتىشىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز، نېفىتلىك، كان مەھسۇلاتلىرى مول، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش شارائىتى بار.

ئىككىنچى، جۇڭگو، موڭغۇلىيە، رۇسىيە ئىقتىساد كارىدورى. موڭغۇلىيەنىڭ كان بايلىقى مول، رۇسىيەنىڭ شەرقىدە يەر كۆپ، ئادەم ئاز، ئېلىمىزدىكى ئىچكى موڭغۇل ئۆلكىسىنىڭ ئىرلانخوت ۋە مانجۇرىيە شەھەرلىرىگە بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگو ـ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا كارىدورى. بۇ دېڭىزىمىزنىڭ ئالاتاۋ ۋە قونجىراپ ئېغىزىدىن چىقىپ غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق پارس قولتۇقىغا سوزۇلۇپ ئاخىرى ئوتتۇرا دېڭىزغا بارىدۇ. بۇ جايلارنىڭ كان ۋە نېفىت زاپىسى مول، سانائەت رايونلىرى كۆپ.

تۆتىنچى، جۇڭگو ـ جەنۇب يېرىم ئارال دۆلەتلىرى ئىقتىساد كارىدورى. بۇ كارىدور، تايلاند، گۇاڭدۇڭ، كۇنمىڭ ۋە ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرىنى قاپلاپ جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق ھىندى ئوكيانىنىڭ ئۈچ مۇھىم دېڭىز پورتىغا يېتىپ بارىدۇ.

بەشىنچى، جۇڭگو ـ پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى. بۇ جۇڭگو ـ پاكىستاننىڭ كوزىر قۇرۇلۇشى بولۇپ ئىككىلا دۆلەتكە زور پايدا يارىتىپلا قالماي ئەڭ مۇھىمى، بىخەتەرلىك مۇھىتى ھازىرلايدۇ.

ئالتىنچى، بېنگال ـ جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىقتىساد كارىدورى. بۇنىڭدىن باشقا دېڭىز يولى ئىقتىساد كارىدورىدا يەنە دۆلىتىمىزنىڭ فۇجيەن، نىڭبو، گۇاڭدۇڭ، چۈەنجۇ پورتى ئارقىلىق

ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان دېڭىز يولى ئىقتىساد كارىدورى ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان ئارىلىدىكى 27 دۆلەتكە چېتىشىدىغان تىروپىك بەلبېغى دېڭىز يولى ئىقتىساد كارىدورى بار.

**3.«بىر بەلباغ، بىر يول»نى جاكارلاش ئاساسى**

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى — دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئارقىلىق مۆجىزە ياراتقان، دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت خەزىنىسىدە 4 تىرىليون دوللار جۇغلانغان، دۇنيادىكى 371 خىل سانائەت تۈرىنىڭ ھەممىسى ھازىرلانغان، جۇڭگو دۇنيا بويىچە 128 دۆلەتنىڭ بىرىنچى ئىمپورت - ئېكسپورت ھەمكارلاشقۇچىسىغا ئايلانغان، GDP ئامېرىكىدىن قالسىلا 2 - ئورۇنغا ئۆتكەن شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭلاشقا «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ دۇنيانىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئاكتىپ تەشەببۇسىغا ئايلىنىشى بىر تارىخىي يۈزلىنىش.

20 يىل ئىلگىرى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقان چەت ئەللىكلەر جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: داڭلىق ئىقتىسادشۇناس، سابىق ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كارتېرنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ياردەمچىسى بىرژىنىسكى جۇڭگو ئۈستىدە مۆلچەر يۈرگۈزۈپ: «20 يىلدىن كېيىن جۇڭگو يەر شارىدىكى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، ئەمەلىي كۈچى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن تەڭلىشىدۇ.[4]» نوبېل ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس سامىرسىن ئەپەندى: «جۇڭگو ئۇيقۇدىكى گىگانت ئادەم، ئەگەر ئۇ ئۇنۇملۇك ئەندىزىنى تېپىۋالسا 2005 - يىلىغا بارغاندا ياپونىيەدىن ئېشىپ، ئامېرىكىدىن قالسا دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىدۇ[5]» دېگەن. دۇنيا سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

ئىقتىسادشۇناسلىق پىروفېسسورى، خىروشى ئۇنىشى ئەپەندى 1998 - يىلى «تىنچ ئوكيان ئىقتىساد چەمبىرىكى ۋە 21 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نەزەر» تېمىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدە: «2025 - يىلىغا بارغاندا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىدۇ[6]» دېگەن. ئارىدىن 20 يىل ئۆتتى. كۆپىنچە ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادى توغرىسىدىكى مۆلچەرى ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن بولۇپ چىقتى. 2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتى LSE ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى مارتېن (Martin Jacques) فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ھېكايىسى مۇھاكىمە مۇنبىرى»گە بەرگەن دوكلاتىدا دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى 15 يىللىق تەرەققىياتى ئۈستىدە توختىلىپ «2030 - يىلىغا بارغاندا جۇڭگو دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 34%، ھىندىستان 19%، ئامېرىكا 15.5%، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 13%، بىرازىلىيە 5%، ياپونىيە 3%، رۇسىيە 3%نى ئىگىلەيدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى[7]. ھازىرچە بۇ خىل قاراش ۋە پەرەزلەر ئازراق كۆپتۈرۈۋېتكەندەك تۇيۇلسىمۇ ياپونىيەلىك ئىقتىسادشۇناس ئۇنشى بىلەن ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس بىرژىنىسكىنىڭ 20 يىللار ئىلگىرى جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە چىقارغان پەرەزلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى، ئەنگلىيەلىك ئىقتىسادشۇناس مارتېن دوكتورنىڭ پەرىزىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

### 4.«بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ ئەھمىيىتى

بىرىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول» جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە پايدىلىق. جۇڭگو ھازىر دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. بۇ تەرەققىيات ئامېرىكىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە. ئامېرىكا (TTIP) ئاتلانتىك ئوكيان ھالقى-

غان سودا ۋە مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە (TPP)
تىنچ ئوكيان ھەمكارلىق كېلىشىمى ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلە-
مەكچى بولىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئامېرىكا بىلەن تىركەشمەي، ئۆز مەن-
پەئەتىنى بويىچە ئامېرىكا سىستېمىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ يېڭى
سىستېما ـــ «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى تاللىدى.
بۇ خىل تاللاش، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە
تۈرتكە بولۇپلا قالماي، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى
نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا قوش مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.
ئىككىنچى، جۇڭگو ئىقتىسادىغا يېڭى ئېرىشىش پۇرسىتى يا-
رىتىدۇ. 21 - ئەسىردە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش پۇرسىتى
تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە قارىغاندا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت-
لەردە تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بازىرى تو-
يۇنغان، يوشۇرۇن بازار ئېچىش ئىمكانىيىتى كىچىك، ئەكسىچە
تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تېخنىكا، مەبلەغ، ئاساسىي ئەس-
لىھە قۇرۇلۇشى كەمچىل، مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنىمۇ يې-
تىشمەيدۇ. جۇڭگودا مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى بار.
جۇڭگونىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 4 تىرىليون ئامېرىكا دوللى-
رىدىن ئاشىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ پەرىزىچە دۆلەت خەزىنىسى-
دە پەقەت 600 مىليارد دوللارنى زاپاس ساقلاپ قويۇپ، قالغان
4.3 تىرىليون دوللارنى مەبلەغ سېلىش ئاقىلانە تەدبىركەن. «بىر
بەلباغ، بىر يول» ئەللىرىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ، ئامېرىكىنىڭ زا-
يومىنى كۆپلەپ سېتىۋالغانغا قارىغاندا خەتىرى ئاز، پايدىسى كۆپ
بولىدىكەن.
ئۈچىنچى، جۇڭگونىڭ تېز سۈرئەتلىك پويىز يولى تېخنىكى-
سىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق. ياۋروپادا قۇملۇق ۋە ئېدىرلىقلار
ئاز، تۈزلەڭلىك كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، شەھەر ئىچى ۋە سىر-
تىدىكى قاتناش ئەسلىھەلەر مۇكەممەللىشىپ بولغان. جۇڭگودا
تېخنىكىنى بازارلاشتۇرۇش شارائىتى بار، نوپۇس كۆپ، يەر شارا-

ئىتى مۇرەككەپ، مۇساپىسى ئۇزۇن، تېز سۈرئەتلىك پويىز يول قۇرۇلۇشى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ تېز سۈرئەتلىك تۆمۈر يول تېخنىكىسى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى ۋە مول باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى توپلىدى. جۇڭگونىڭ تۆمۈر يول، تاشيول ۋە تۇرۇبا يول تېخنىكىسى ھەتتا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىمۇ جەلىپ قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو تۆمۈر يول قاتناش تېخنىكىسىنىڭ كېڭىيىشى ئۆزىمىزگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

تۆتىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى جۇڭگونىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى سۆزلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق. جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلانغان بولسىمۇ خەلقئارالىق ئەھدىنامە ۋە خەلقئارالىق قائىدە ــ پرىنسىپلارنى بېكىتىش، خەلقئارا بازاردىكى تاۋارنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ۋە خەلقئارالىق تاۋارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى بېكىتىش جەھەتتە چەتكە قېقىلىۋاتىدۇ، نېگىزلىك ئىشلارنى بېكىتىشتە تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ دېگىنى دېگەن بولماقتا. دۆلىتىمىز دۇنيادىكى 128 دۆلەتنىڭ بىرىنچى ئېكسپورت ــ ئىمپورت ھەمـ كارلاشقۇچىسى بولسىمۇ، سودا قائىدىلىرىنى بېكىتىش ھوقۇقى باشقىلارنىڭ قولىدا بولغاچقا جۇڭگونىڭ ماللىرى باشقىلارنىڭ دىتىغا ياقمىغاندا بىھۇدە چەتكە قېقىلىپ تارتقان زىيانمۇ ئاز ئەـ مەس. بىز پەقەت تاۋارنىڭ خەلقئارا بازاردىكى سان ئۈستۈنلۈكىنى سۈپەت ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرالىغىنىمىزدىلا خەلقئارا مۇنبەردە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتەلەيمىز.

بەشىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە پايدىلىق. ئىسلاھات باشلىنىپ ھازىرغا قەدەر دېڭىز بويىدىكى رايونلار باشلامچى، غەربىي رايونلار ئەگەشكۈچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن چۇڭچىڭ، شىنجاڭ قاتارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى غەربىي

رايونلار تاشقى سودىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئۆتۈپ، شەرقىي را-يونلارغا قارىغاندا ئەۋزەل ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ھەمكارلىقى كۈچىيىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى رايونلار بىلەن چاڭجياڭ ئىقتى-ساد بەلبېغى، گۇاڭدۇڭ، تيەنجىن، فۇجيەن، شاڭخەي قاتارلىق تۆت ئەركىن سودا رايونى ۋە بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ. دې-مەك «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بولۇپمۇ چېگرا رايونلىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ يوشۇرۇن بازىرى جانلىنىدۇ. دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ بىر گەۋدى-لىشىشى ئىقتىسادنىڭ پەسىيىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ مەركەز بېكىتكەن GDP نىڭ 7%لىك ئېشىش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

**5.«بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ يادرولۇق رايونى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتى**

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇ-لۇشى شىنجاڭنىڭ خەلقئارا ئىقتىساد چەمبىرىكى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، شىنجاڭنى بىردىنلا خەلق-ئارا سودىنىڭ مەركىزىگە باشلاپ كىردى. شىنجاڭمۇ ساھىبخانا سۈپىتىدە داستىخاننى يېتەرلىك راسلىماقتا. شىنجاڭ —— «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ قاتناش ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنى، پۇل مۇئامىلە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى، پەن - تېخنىكا ۋە داۋالاش تۈگۈنى بولۇپ، ھازىر چەت ئەلگە ئېچىۋېتىل-گەن 1 - دەرىجىلىك پورتتىن 17 سى، 2 - دەرىجىلىك پورتتىن 12 سى بار. «ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى»، «جۇڭگو - ئاسىيا ياۋ-روپا كۆرگەزمىسى» «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى مۇھىم

خەلقئارالىق سودا سۇپىسىغا ئايلاندى. ئالاتاۋ، قونجىراپ ئېغىزى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى بىردىنبىر تۆمۈر يول، تاشيول، تۇرۇبا يولى تەڭ تۇتىشىدىغان دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك ئېغىزى. ئەگەر «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ قاتنىشى تولۇق پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندە، ئۈرۈمچى شەھىرى كېڭىيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ ئاجايىپ زامانىۋى چوڭ شەھەرگە ئايلىنىدۇ.

بىر رايون ياكى بىر دۆلەت ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان داڭلىق كارخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زامانىۋى قاتناش ئەسلىھەسى، زامانىۋى تور سىستېمىسى، مەبلەغ سالىدىغان بايلار توپى شەكىللىنىشى، ئەڭ مۇھىمى ئىناق - ئىتتىپاق ۋەزىيەت يەنى ياخشى بولغان بازار ۋە سودا مۇھىتى ئىنتايىن زۆرۈر. شىنجاڭ ھازىر دەل مۇشۇنداق ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ھازىرلىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردىكى كارخانىچىلىقنى ئېلىپ ئېيتساق ئۆتمۈشتىكى «ھۈنەر - كەسىپتە يېتىشتۇق، سانائەتتە ئىش پۈتتى، ئۇماچ ئىچمەككە خومداندا ھېجىر قۇيغانىمىز باردۇر»، «گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل ۋاي خۇدا بۇ نېمە دەپ ئەقىل ئىشلەتمەي ھاڭقېتىپ قالغانىمىز باردۇر»[9] دېگەن زامان ئۆتمۈشكە ئايلاندى. 1978 - يىلى چېلىنغان ئىسلاھات قوڭغۇرىقى ھوشيار ئۇيغۇرلارنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۈرۈش قىلىپ دېڭىز بويلىرىدىكى قايناق سودا بازىرىغا چۆكۈپ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى توپلىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ بىر تۈركۈم زېھنى ئوچۇق، تىجارەت ئېڭى بار، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە ئۇيغۇر ياشلىرى شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، يۇمشاق دېتال، بىناكارلىق، چېگرا سودىسى، ئۆي - مۈلۈك

ئىگىلىكى، ساياھەتچىلىك ساھەلىرىدە نۇرغۇن پۇقراۋى كارخا-
نىلارنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ھەقىقىي كارخانى-
چىلىق قىزغىنلىقى قايتا باش كۆتۈردى. 1995 ـ يىلى ئارمان
مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى قۇرۇلۇپ ئارقىدىنلا ئىخلاس،
چىنىنۇرى، ئامىنە، ئۇيغۇر سوفت، ھەدىيە كۆز كېسەللىكى، بۇغدا
دوختۇرخانىسى، ھەرەمباغ، سەبىيلەر، لوقمان، قايدۇ، ئابىدە،
قۇتيار قاتارلىق شىركەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. تولۇق
بولمىغان ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا شىنجاڭدىكى مىكرو ـ كى-
چىك كارخانا ۋە شىركەتلەرنىڭ سانى 20 مىڭچە بولۇپ رويخەتكە
ئالدۇرغان مەبلىغى 10 مىليوندىن ئاشىدىغان كارخانا، شىركەتلەر
خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. مىللىي كارخانىلارنىڭ كۆلىمى
كىچىكرەك، ئەمەلىي كۈچى ئاجىزراق بولۇشىغا قارىماي بىۋاسىتە
ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا 500 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئىشقا ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش
بېسىمىنى يەڭگىللەتتى. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنى غەمدىن خالاس
قىلدى. مىللىي كارخانىلار «يۇگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»دەك تەۋ-
رەنمەس روھ بىلەن «قىيىنچىلىق بايلىقىم» دەپ قاراپ مەبلىغى
كەمچىل، تەجرىبە كەمچىل، تېخنىكا سەۋىيەسى تۆۋەن ئەھۋال
ئاستىدا خۇددى «ئادىل ھوشۇر سىمتاناپتا بىر قەدەم ـ بىر قەدەم
مېڭىپ مەنزىلگە يەتكەندەك» تىمىسقىلاپ يۇرۇپ بازار ئىگىلىدى.
ئۇلار «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان قاراپ بېقىش،
ساقلاپ بېقىش ئادىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ يېڭىلىق يارىتىش، تە-
ۋەككۇل قىلىش پىسخىكىسىنى يېتىلدۇرۇپ ئون نەچچە يىلدىلا
دەسلەپكى ئۇنۇمگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ تىرىشىش روھى ۋە نەتى-
جىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى تەسىرلەندۇردى. پارتىيە،
ھۆكۈمەت تۇرلۇك پايدىلىق سىياسەتلەرنى تۇزۇپ مىللىي ئىگى-
لىكنىڭ يۈكسىلىشىگە تېخىمۇ كەڭ ماكان ۋە زامان ھازىرلاپ
بەردى. ئۇلارنى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەركەز دەرىجىلىك سىيا-

سىي كېڭەش ۋە خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىپ سىياسىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىلھاملاندۇردى. ئىككى قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى كارخانىچىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتتى. شىنجاڭنىڭ يېڭى - يېڭى مىللىي ماركىلىرى رەستىلەرگە تىزىلماقتا. ھەممىلا جايدا شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىسىنى ئۇچرىتالايدىغان بولدۇق. مىللىي كارخانىچىلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللىي ئىستېمال بازىرىنى ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئەڭ مۇھىمى دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. مانا ئەمدى تېخىمۇ كەڭ سودا پۇرسىتى يېتىپ كەلدى. «بىر بەلباغ بىر يول» ئىستراتېگىيەسى شىنجاڭغا قەۋەت تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنىڭ قۇرۇلۇشىغىلا 500 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇ تۇر ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ سودا، ئادىمىيەت، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىشكە تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە مىللىي كارخانىلارنىڭمۇ قان تولۇقلاش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئانالىز قىلىمىز.

بىرىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى شەرقىي رايونلار ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا ماكانلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش مىللىي كارخانىلارنى، چوڭ كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە قولايلىق شارائىت ھازىرلايدۇ. شائخەي شەھىرىنىڭ پۇدۇڭ رايونى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن دۇنيادىكى 500 چوڭ كارخانىنىڭ 308ى پۇدۇڭغا ماكانلاشتى. پۇدۇڭدىكى يەرلىك كارخانىچىلار ئەتراپىدىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىلغار تەجرىبە -

ساۋاقلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىپ كارخا-نا باشقۇرۇش سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ بىر مۇنچە ئىقتىساد ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ چەت ئەللەرگە بارمايمۇ ئەتراپىمىزغا ماكانلاشقان دۇنياۋى كارخانىلارنى كۆرۈش، زىيارەت قىلىش، ئىدىيە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلەپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

ئىككىنچى، ھاۋا يولى، تېز سۈرئەتلىك تۆمۈر يول، تېز سۈرئەتلىك تاشيول ۋە تور ئالاقە سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى كارخانىچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى ۋاقتىدا دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازىرىغا يەتكۈزۈپ پايدا يارىتىشىغا تېپىلغۇسىز پۇرسەت ھازىرلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى كارخانىلارنىڭ چەت ئەلگە يۈزلىنىشىگە قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ پۇرسەتتە مىللىي كارخانىچىلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىش – كىرىش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلىشىدۇ.

تۆتىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول» مىللىي كارخانىلارنى زامانىۋى تور سودا سۇپىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ھازىر ئىنتېرنېت تور سودىسى بازارغا بۆسۈپ كىرىپ ئەنئەنىۋى سودىغا خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئەلى بابا شىركىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە تاۋاۋ تورىنىڭ كۈندىلىك خېرىدارى 100 مىليونغا، توردا سېتىشقا چىقىرىلغان تاۋار بىر مىليارد دانە، توردا سېتىۋالغان خېرىدار 9 مىليونغا يېتىپ ھەر سوتكىدا 20 مىليون پوسۇلكا توختاۋسىز ئىنتېرنېت لىنىيەسىدە ئۆبوروت بولۇۋاتىدۇ[8]. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قاتناش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ھاۋا يوللىرى، تېز سۈرئەتلىك تۆمۈر يول ۋە تېز سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ راۋانلىشىشى تور زاكاز تاۋارلىرىنىڭ توشۇش ئارىلىقىنى قىسقارتىپ سودا

تەنەرخىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئىنتېرنېت تور سودىسى شىنجاڭنىڭ مۇساپىسىنى قىسقارتىپ، توشۇش تەنەرخىنى تۆۋەنلىتىپ كارخانىنىمۇ، ئىستېمالچىنىمۇ قوش نەپكە ئىگە قىلىدۇ.

مەنبە:

①② جاۋلېي «بىر بەلباغ، بىر يول جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى»، جۇڭگو نەشر گۇرۇھى، 2015 ـ يىلى نەشرى

③ «خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقاتى»، 2015 ـ يىلى 1 ـ سان.

④ ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى «ئاساسىي ئىقتىساد ئىلمى».

⑨⑩⑤⑥⑦ «گۈللىنىش يولى»، خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.

⑧ ئەلى بابا تەتقىقات ئىنستىتۇتى 2015 ـ يىلى ئىنتېرنېت تەتقىقات دوكلاتى.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھەققىدە ئىزدىنىش

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

**ئاپتور ھەققىدە:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 1976 - يىلى قاراقاش ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1999 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، قاراقاش ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنغان. 2006 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن، دوتسېنت.

ئۇ 1996 - يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى تەڭرى مۇقەددەسلىكى» ناملىق ماقالىسى بىلەن تەتقىقات سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا 130 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ يازغان ۋە تۈزگەن كىتابلىرىدىن «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر»، «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر — ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «نەۋايى دۇردانىلىرى»، ««قۇتادغۇ بىلىك»تىن جەۋھەرلەر»، «ساتىرىك شائىر ئەھمەت شاھ قارىقاشى»، «ھېكمەتلەر خەزىنىسى»، «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتولوگى» (تارىخ ۋە مەدەنىيەت قىسمى)، «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (ئەدەبىيات قىسمى، ئىككى توم) قاتارلىقلار نەشر قىلىنغان. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دېگەن يۇرۇشلۇك كىتابنىڭ

ئىككى قىسمىنى ۋە 12 توملۇق «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نىڭ تۆھپىكارلار قىسمىنى يېزىشقا قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەر «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى»نى يېزىپ چىققان.

ئۇنىڭ «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر — ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىش» ناملىق كىتابى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىدىكى تۇنجى كىتاب ھېسابلىنىدۇ

* * *

20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېتىشىپ چىققان، ئالىم، ئەدىب، ئىستېداتلىق پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتلەردىكى نەتىجە - ئۇتۇقلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىدا تۆھپىسى ئەڭ زور ئىلىم ئىگىسى بولۇپ قەلب تۆرىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. گەرچە ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا 13 يىل بولغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىمىزدىكى قىممىتى ئۆلمەس ئىلمىي ئەمگەكلىرى يەنىمۇ نۇرلىنىپ، بىزنىڭ قايىللىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

دەرۋەقە، ئالىم خەلقىمىزنىڭ روھىيىتى بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ چەمبەرچاسلىقىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەرگىزمۇ بىرلا نۇقتىغا ئېسىلىۋالماستىن، بەلكى ھەرقايسى تەرەپلەرگە تەڭ ئېتىبار نەزىرى بىلەن قاراپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەيلى روھىيەت جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن، نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى روياپقا چىقارغان. بۇ نەتىجىلەر ئالىمنىڭ بىزگە مىراس قالغان ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپقان. ئۇ تەتقىقاتتا قانداقتۇر بىزدىكى قېلىپلىشىپ قالغان نەقىل كەلتۈرۈپ قويۇپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرىنى قويۇشقا مادارى يەتمەيدىغان ئاجىزلىقتىن ھالقىپ، ھەربىر ئەسىرىدە مۇستەقىل

پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئۇنىڭ قايسى ئەسىرىنى ئوقۇساق، ئۇنىڭدىن روشەن خاسلىق ھېس قىلىمىز. ئۇ مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىغاچقا، ئەسەرلىرىدە مەدەنىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىنى بەكرەك تەكىتلىگەن. بىز ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيەلىك سىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالالايمىز. ئۇ يۇقىرىقى ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەدەنىيەت ھادىسىسى گەرچە ۋەقەلىك جەھەتتە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدىغان، ماھىيىتى ۋە ئەنئەنىسى جەھەتتە داۋاملىق ئۇلغىيىدىغان تارىخ ئېقىمى، مەدەنىيەت يەنە شەكلى، ۋاسىتىلىرى جەھەتتە ھەر خىل مەدەنىيەت تۈرلىرى ۋە سەنئەت ژانىرلىرىغا بۆلۈنگەن ھەشەمەتلىك تارىخىي خەزىنە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ تامغىسى ۋە روھىيەت ئۇچۇرى بىر پۈتۈن بولىدۇ. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ياراتقۇچى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدىكى روھىيىتىنى ئۇل ۋە بۇلاق قىلغان بولىدۇ. ئۇ ‹مەدەنىيەت ئىرسىيىتى› بولمىغان ھەرەك ـ سەرەڭ چېچىلما ئەمەس. بىر خىل مەدەنىيەت ماھىيەتتە فولكلور مەدەنىيىتى سىستېمىسى سۈپىتىدە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بۇ ھاياتىي كۈچ ئۈچ قاتلامدا ئۆز ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بىرىنچى، ئۇ بىر ھاياتىي سىستېما بولۇپ، دەۋر مۇھىتى، دىنىي ئېتىقاد مۇھىتى، خەلق (مىللەت) نىڭ گۈللەنگەن ياكى چۈشكۈنلەشكەن بوغۇنلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، خۇددى تاشتا ئۆسكەن قارىغايدەك ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ياشاش، ياشاشتا ئۆز ئىرسىي ئىزچىللىقى ۋە تېپىكلىكىنى ساقلاش ئىقتىدارىنى يوقاتمايدۇ. ئىككىنچى، ئۇ بىر قېلىپقا ئىگە ھايات سىستېما بولۇپ، چەت مەدەنىيەت تۈركۈمى ۋە سىستېمىلىرىنىڭ تەسىرىنى قىسمەن قوبۇل قىلىش، ئۆمۈمىيۈزلۈك چەتلەش خاھىشىنى، شۇنىڭدەك چەت مەدەنىيەت

تۈركۈمى ۋە سىستېمىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقاتماسلىق خاھىشى-نى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇچىنچى، ئۇ بىر خەلق توپىنى مەڭگۈلۈك بولاق قىلغان ھاياتىي سىستېما بولۇپ، كىلاسسىك شەكىلگە كۆ-تۈرۈلۈش ۋە خەلق مەدەنىيىتى شەكلىدە ساقلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە. «خەلق مەدەنىيىتى — فولكلور مۇجەسسىمى ھەرقانداق كىلاسسىك مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي، دائىمىي ۋە پۈتمەس - تۈگى-مەس جانلىق بۇلىقىدىن ئىبارەت... مەدەنىيەت قانىلى دېمەك، ئۇ-نىڭغا ئۆزگىچە مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت چەمبەرلىرىدىن ئې-قىپ كەلگەن غەيرىي تىپتىكى مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دېگەن سۆز. تارىخ، مەدەنىيەت قانى-لىدا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى خۇددى قارا دوسكىدا تۆت ئە-مەلنى ئىشلىگەندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى».

بىز ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزى-نىسى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، «قۇتادغۇبىلىك، خەزىنى-سى» قاتارلىق كىتابلىرىنى، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، «ئائى-لە»، «ئارىفنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ۋە قىممىتى نەچچە تومـ-لۇق ئەسەرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىلمىي، نەزەرىيەۋى ماقالە-لىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇلاردا ئورتاق بىر ئىدىيەنىڭ، يەنى روھىيەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىرلىكتە تەتقىق قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز تەتقىقاتىدا يېڭىچە قا-راشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدا يەكۈنلەنگەن يېڭىچە قاراشلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «يېڭى نەزەرىيەۋى يەكۈنلەر» دېگەن قىسمىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەن كىتاب - ماقالىلىرىم ئارقىلىق بىرقاتار يېڭى تەپەككۇر تۈزۈل-

مىلەرنى ئۇتتۇرىغا قويدۇم، ئۇنىڭ مۇھىملىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. قاتلام نەزەرىيەسى مېتودولوگىيەسى. بۇ، تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئەسلىدىكى ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي زاتلىق) قاتلاملىنىشقا ئىگە، ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ گېنولوگىيەلىك (بىلىش نەزەرىيەسى) جەھەتتىنمۇ قاتلام مېتودولوگىيە پرىنسىپىنى قورال قىلىشى لازىم، دېگەن قاراشقا مەركەزلەشكەن.

2. «تارىخنى ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى». بۇ، تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشىدىن ئىبارەت يېزىقنى ئۇچۇر قىلىش ئەنئەنىسىگە قارشى قويۇلغان يېڭىچە ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر سىستېمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ مۇھىم ماددىي بويۇم، يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، تارىخ ھەر خىل يېزىلىپ، ئەسلىي ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ سىماچىيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ چىنلىق، ئىلغارلىققا ئىگە. بۇ ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

3. «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قارىشى». ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئىنسانىيەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، يېڭى قاتلامنىڭ ئۆلمىنى تۈزىدۇ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ ساقلىنىدۇ. بۇ تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

4. «قىسمەنلىكتە ئومۇملۇقنىڭ كۆرۈنۈشى» قارىشى بۇ ھەر بىر مىللىي مەدەنىيەت دېتاللىرىدا، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتى

نىڭ شاخچىلىرى، تارماقلىرى، ھۆجەيرىلىرىدە ئۆزىگە خاس قىد-
سىمەنلىكتىن تاشقىرى پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە
مىللىي پىسخىك ئومۇمىي ئالامىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىد-
غانلىقىغا قارىتىلغان قاراش.

5. «مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى قارىشى». بۇ، مىللىي مە-
دەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى، ھەرقايسى تارىخىي شەكىللىرى
(فورماتسىيەلىرى) ۋە ھازىرقى ھالىتىدە ئىزچىل يوسۇندا ئۇنىڭ
ئېتنوگېنزىسى، گېنېئولوگىيەلىك (پەيدا بولۇش ئىلمى) ئۇرۇ-
قى، تىپى، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ، دېگەن
پىكىرگە ئاساسلانغان قاراش.

6. «مىللەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەسلىكى ۋە يوقال-
ماسلىقى قارىشى». بۇ تارىختا ئەسلىدىكى نامى، تارىخىي قاتلام
شەكلى «يوقالغان» مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى «ئۆلگەن مىللەت»
ۋە «ئۆلگەن مەدەنىيەت» دەيدىغان قاراشلاردىن پەرقلىق بولغان قا-
راش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى قاتلامدىكى ئېتنىك تۈركۈم ۋە
مەدەنىيەت تۈركۈمدە ئىزچىل داۋام قىلغانلىقى ۋە ساقلانغانلى-
قىنى ئېتىبارغا ئېلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

7. «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قارى-
شى». بۇ، ھەرقايسى خەلقلەر تارىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە
يوسۇندا پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا ئىل-
غار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى
باھاسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدىكى يې-
كىچە قاراش. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت
تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىكنىڭ
بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

8. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق – سىڭكرىتىك تەرەققىي
قىلىش قانۇنىيىتى قارىشى». بۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مە-
دەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىسىز ئۆز ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى –

«تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى» بىلەن ئۇنىڭ ئەكسى بول-غان، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مەركىزىدىن «تەبىئىي مىللەتلەر»گە تارقىلىشى ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى — «دىففوزىيە نەزەرىيەسى»گە ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى يېڭى قانۇنىيەت — قاتلاملىق - سىنىك-رىتىك راۋاجلىنىش ئۆز مىللىتى ئىجادىيىتىدىن چوڭ بولىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە لازىملىق تەسىرىنى چەكلەپ، بويسۇندۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ؛ بۇنداق راۋاجلىنىش ۋە سىنكرىتىك (قوشۇلما) ھالەت ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇب يارىتىش جەريانى تارىخىي قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ، دېگەن تېزىسقا ئاساسلانغان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى نەزەرىيەدىن ئىلمىي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە.

9. «ئىككى مەدەنىيەت ۋە بەش مەدەنىيەت تىپى قارىشى». چەكسىز، رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە «خەلقئارا مەدەنىيەت» تۈرىگە ئاجرىتىش بىلەن بەش مەدەنىيەت تىپى دۇنياغا يۈزلەنگەن كىلاسسىك مەدەنىيەت تىپى دەپ ئاجراتقان قاراش. بۇلار: «گىرېك - رىم مەدەنىيەت تىپى»، «كۇسەن - كوشان مەدەنىيەت تىپى»، «سۈي - تاڭ مەدەنىيەت تىپى»، «ئەرەب يېزىقى مەدەنىيەت تىپى»، «ئەدەبىي ئويغىنىشتىن كېيىنكى زامان مەدەنىيەت تىپى»دىن ئىبارەت.

10. «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇ، ئىسلام خەلىپىلىكىدە 9 — 12 - ئەسىر ئارىلىقىدىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسى. «بۇ ئېتىراپ قىلىن-غان قاراش»نى ئۈچ باسقۇچقا ئاجراتقان يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىينى ئۈچىنچى دەۋر باسقۇچىنىڭ مۇقەددىمىلىك ۋەكىلى دەپ كۆرسەتمەيدىغان پىكىر شەكلىدىن ئىبارەت.

11. «يېڭى شەرق رېنانىسى بېشارىتى قارىشى». بۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ ئويغىنىشى، يېڭى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ كۆ-

چىمىشى، غەرب ـ شەرقنىڭ يېقىنلىشىپ ۋە تەڭپۇڭلىشىپ بې-
رىشى، غەربنى مەركەز قىلغان ئاساسىي پەن نەزەرىيەلىرىنى تېخ-
نولوگىيەدىن قوللىنىشتىن شەرقتە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە ما-
لىيە ئەۋزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن شەرقتە يېڭى شەرق
مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ، دېگەن بېشارەتلىك
ھۆكۈم.

12. «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈم. بۇ ھا-
زىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق يۈزلىنىشى پەن ـ
تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىكى يېڭى ئىستىقبال
بويىچە، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى ئۇستۇنلۈكى ئورنىغا يېڭى زا-
مانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇق ھەر خىل قاتناشلىرى ئۇستۇنلۈكى ئې-
راسى باشلىنىدۇ؛ ئىنسانىيەت بايلىق ۋە ئەمگەك بازارلىرى قويۇق
توپلاشقان چوڭ قۇرۇقلۇق — يىپەك يولىنى بويلاپ كېڭەيگەن
ئاساستا يېڭى گۈللىنىشكە يۈزلىنىدۇ؛ نىسپىي مەنىدە دېڭىز ـ
ئوكيان قاتنىشى ۋە پورت ـ پىرىستان گۈللىنىشى كېيىنكى ئو-
رۇنغا چۈشىدۇ، دېگەن ھۆكۈم.

13. «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يىپەك يولىدىن ئىل-
گىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى ئۈچ تارىخىي دەۋرى»نىڭ قويۇلۇشى.
بۇ، يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر ـ سىميان ـ سىكتاي
دەۋرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئە-
سىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە) گۈللىنىشى، خارابىلىشىشى ۋە قايتا
ئېچىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە ئاجرىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ.

14. «قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى». بۇ، گۈزەللىكنى
تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۆجەسسەم قاراشتا
ئىزاھلاشتىن پەرقلىق گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى
ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي گۈزەللىك)، بىلىش نەزەرىيەسىلىك
(ئېستېتىكىلىق)، سەنئەت گۈزەللىكى، زوق ۋە باھا، ئېستېتىك

تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈ-
زەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماق قاتلاملارغا ئاجرىتىپ، ئۆز
سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلايدىغان ئىلمىي
سىستېما.

15. «يېڭىچە ئالىي ئىنقىلابىي قارىشى». ھازىرقى زامان پەن ـ
تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تۈرتكىسىدىكى
ھەر خىل ئالىي ـ ئىدىيە قىلىپلىرى بوھرانى ئاساسىدا شەكىل-
لەنگۈسى ئىنسان مەقسەت قىلىنغان مۇجەسسەم گارمونىيەلىك
يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە قارىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەلىكى
ھەققىدىكى ھۆكۈم.

16. «پەلسەپىنى ئۆزگەرتىش تېزىسى». بۇنىڭدا ئىجتىمائىي
فورماتسىيەدىن باشقا يەنە بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيەسى ئا-
نىمىزم، تېئىزم، پانتىزم، ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىك ماتېرىيا-
لىزم بەش بىلىش تىپى؛ ئاڭنىڭ مەنتىقىي تىپى ۋە تارىخىي تىپى
قاتارلىق بىرقاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى، تۈپ
مەسىلىسى، ئالىي مەسىلىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تۈركۈم كا-
تېگورىيەلىرى يېڭىچە قويۇلغان.

17. مۇقام مەدەنىيەتنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي،
بىر پۈتۈن ئېتنىك فولكلور مەدەنىيىتى خاراكتېرى قارىشى.

18. مۇئەييەن مىللى ئاسسىمىلياتسىيە دەۋرىنىڭ بولماسلىقى
ۋە ئاسسىمىلياتسىيە ھەم دىسسىمىلياتسىيە (ياتلىشىش) ھادىسى-
سىنىڭ قىسمەن، نىسپىي، دائىمىي ۋە قاتلاملىقى قارىشى.

19. جەمئىيەتنىڭ غايىۋى سىۋىلىزاتسىيەسى ھەققىدىكى مەن-
تىقىي مۇھاكىمە تىزمىسىنىڭ نوپۇس، ئېكولوگىيە، ھايات شارا-
ئىتىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق تۈپ ئالدىنقى شەرتلەردىن ئايرىپ
ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ غەيرىي ئىلمىيلىكى قارىشى.

20. بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ
مۇمكىنلىكى ۋە كوممۇنىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇم-

كىسن ئەمەسلىكى قارشى.

21. باراۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقى قورۇلما ۋە كۈچلەر نىسبىتى مۇۋازىنىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى قارشى.

22. مائارىپ ۋە ساغلام ـ سالماق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ. شىنىڭ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ماددىي ـــ ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشنىڭ داۋالغۇشى ۋە بوھران پەيدا قىلىشى مۇقەررەلىكى ھۆكۈمى ۋە باشقىلار. بۇ قانۇنىيەت، سىستېما، ھۆكۈم، يەكۈن ۋە تىلغا ئېلىش شەكىللىرى ئالاقىدار كىتاب ـ ماقالىلەردە روشەن ئىزاھلانغان. ئۇ داۋاملىق تولۇمۇش سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ نەزەرىيەۋى يەكۈنلەرنى دەرھال تەتقىدلەش ئاساس، قىممىتى ئۇنىڭ ئاساسلانغان ھادىسىلىرىنى ئىنكار قىلىش، ھەقىقەتەن تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي ـ تارىخىي جەھەتتىن بولمىسۇن كىشىلەر جازالايدۇ، جەمئىيەتتىن ئېغىر تارىخىي ـ بەدەل تۆلەم تەلەپ قىلىدۇ!

ئالىمنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيەۋى يەكۈنلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى مە. دەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالىم: «تارىخنى قايتا ئويلاش، دەل مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتمۇ خۇددى مىللەت تارىخىدەك ئىككى نۇقتىدىن ـــ ئۆتمۈشتە يارىتىلغان مىللىي مەدەنىيەتتىن، ئەمدى يارىتىلغان يېڭى ـ زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەتتىن تەشكىل تاپقان. يېڭى، زامانىۋى مەدەنىيەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ ئەنە. ئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئىجابىي ئەنگۈشتەرلىرى ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى جارى قىلىش بىلەن غەيرىي مىللىي مەدەنى. يەتنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان پايدىلىق ۋە ئىجابىي ئامىللى. رىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، مىللەت ئۇچۇن ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ جەر.

يان تارىخنى قايتا ئويلاشنى، مەدەنىيەت تارىخىنى قايتا ئويلاشنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە تەقەززا قىلىدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئالىم ئۆز هاياتىدا مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدەندى. ئۇنىڭ تا هازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە ئاخىرى يېزىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ۋە ياكى تېزىسلىرى تۈزۈلگەن هالەتتە قالغان ئەسەرلىرىنىڭ هەممىسى دېگۈدەك مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان. بىز ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى هەققىدە سىستېمىلىق بىر قاراشقا ئىگە بولىمىز. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، تەتقىقاتچىلىرىمىز ئالىمنىڭ تېزىسلىرى ئاساسىدا يەنە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشى تامامەن مۇمكىن. بۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولغان جۈرئىتى ۋە بىلىم سەۋىيەسىگە باغلىق.

# قەلبىمدىكى ھەقىقىي ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## — تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقى خاتىرىسىگە

مەتتۇرسۇن ئېلى

مەن تۆھپىكار مائارىپچى، يېتۈك ئالىم، ئىستېداتلىق ئەدىب ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئوقۇغۇچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ شاگىرتى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان. بۇ ھۆرمەت ساھىبىنىڭ خىزمەتدىشى بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن ئالتە يىل بىر كافېدرادا بىللە ئىشلەش، ئېستېتىكا دەرسىنى تەڭ ئۆتۈش پۇرسىتىگە نائىل بولغان. گەرچە بۇ جەرياندا ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىلەن قويۇق ئالاقىدە، دائىملىق ھەمسۆھبەتتە بولالمىغان بولسامۇ، ئۇ ئۆز ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلىرى بىلەن قەلبىمدە مەڭگۈلۈك مەنۋى ئابىدە تىكلىگەنىدى. شۇڭا ئالىم، سۆيۈملۈك ئۇستازدىن ئايرىلغان 18 يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ يارقىن سىيماسى مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ھەر ۋاقىت نۇرلىنىپ كەلدى. خاتىرەمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا دائىر ئەستىلىكلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ باردى. مەن ئۇستاز توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يېزىپ بېقىشنى نەچچە قېتىم ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم.

شۇڭا ئۆزۈمنى ھەمىشە ئۇنىڭغا قەرزداردەكلا ھېس قىلاتتىم. بۇ-
گۈن نېمىلا بولسۇن قەلبىمدىكى ئۇستاز سىماسى توغرۇلۇق
بىر نەرسە دېيىش نىيىتىگە كەلدىم.

## 1

مەن 1982 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىقىنى (يۇرتۇمغا چاقىرىق خېلىلا كېچى-
كىپ بارغانىكەن) تاپشۇرۇپ ئېلىپلا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىق-
تىم. مەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى
كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانىدىم. بىز بەلگىلىمە بويىچە بىر يىل
مەخسۇس خەنزۇ تىلى ئۆگىنەتتۇق. بىز خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدىغان
تەييارلىق بۆلۈم ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسى (ئۈچ قە-
ۋەتلىك رۇس پاسونىدىكى سېرىق بىنا) نىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە
ئىدى. شۇڭىمۇ بىز دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشلاردا بىنانىڭ
كەينىدىكى (بۇ بىنانىڭ ئالدى غەربكە قارايتتى. نېمە سەۋەبتىن-
دۇر غەربكە قارايدىغان ئالدى چوڭ ئىشىكى ئېچىلماي، شەرققە
قارايدىغان كەينى ئىشىكى ۋە بىنانىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى
ئىككى يان ئىشىكى دائىم ئوچۇق تۇراتتى) مەيدانغا چىقىپ تۇر-
ساق، نامىشەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇ-
غان، ئۆزىنى بىر كۆرۈشكە تەقەززا بولغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-
مەتئىمىن، شېرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇكېرىم رەھمان، بۇغدا ئاب-
دۇللا، نۇرمۇھەممەد زامان، تۇرسۇن قۇربان قاتارلىق ئۇستازلارنى
كۆرۈۋالالايتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنى بىزگە ئۇيغۇر تىل ـ ئەدە-
بىياتى كەسپىنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى كونا ئوقۇغۇچىلار يىراق-
تىن كۆرسىتىپ قوياتتى. بىز يىراقتىن ئۇلارنى كۆرۈۋالغىنى-
مىزغا بەكمۇ خۇشال بولاتتۇق ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىمىزغا ئۇلار-
نى كۆرۈۋالغانلىقىمىزنى پەخىرلەنگەن ھالدا سۆزلەپ بېرەتتۇق.
ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىمۇ مەن ئەڭ دەسلەپتە ئا-

شۇنداق يىراقتىن كۆرۈۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدىم. بۇ مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ يارىشىملىق كاستۇم - بۇرۇلكىسى ۋە ئۇنىڭغا پار كەلگەن گالستۇكى، سالماق قەدەملەر بىلەن مېڭىشى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سالاپەت ئاتا قىلاتتى. سەل چوڭراق كەلگەن يۇ- قىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينىكى ئۇنىڭ ئىلمىي كامالىتىنىڭ شا- ھىتىدەكلا بىلىنەتتى. ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، خىيالچان ھالدا مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ ئەدەبىيات فا- كۇلتېتى بىناسىغا كىرىپ كېتەتتى.

تەييارلىق بۆلۈمدە بىر يىل خەنزۇچە ئۆگەنگەندىن كېيىن بىز كەسىپكە چىقتۇق. ئەمما، ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىزگە ئاخىرقى ئوقۇش يىللىرىدا دەرس بەرگەچكە، بىز دەماللىق- قا ئۇنىڭ دەرسىنى ۋە گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئې- گە بولالمىغانىدۇق. بىركۈنى دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمىمىز ئازات سۇلتان بىرنەچچىمىزنى ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بېرىش- قا بۇيرۇدى. بۇ بىز ئۇچۇن ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم بىلەن يۈز كۆ- رۇشۇپ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇر- سىتى ئىدى. بىز ئۇ تورۇشلۇق 18 - بىنانى خېلى تەستە تېپىپ باردۇق (بىز ئائىلىلىكلەر بىنالىرىغا بېرىپ باقمىغاچقا، بىنالارنى تېپىش تەسكە توختىغانىدى). ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم بىزنى ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كىرگەن تام قەغىزىنى (بىز رەخت ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمىزكەن) چاپلاشقا ياردەمگە چاقىرغا- نىكەن. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ساۋاقدىشىم يالقۇن روزى بىلەن غالىب راخمان سۇغا چىلانغان قەغەزنى شىلىملىدى، مەن شىلىملانغان قەغەزلەرنى ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمگە ئۈزىتىپ بەر- دىم، ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم بىزگە پارالىق سىلىپ بەرگەچ ئۇ قە- غەزلەرنى تامغا چاپلىدى. ئۇنىڭ بۇ قەغەزلەرنى تولىمۇ توجۇپىلەپ چاپلىشى بىلەن ئۆي تاملىرى بەكمۇ ئۆزلىشىپ كەتكەنىدى. ئىش تۈگىگەندە بىز بۇ ئۇستاز بىلەن بىرلىكتە كەچلىك چاي ئىچتۇق

ۋە ئۇنىڭ بىلەن سەل تارتىنىپقىنە پاراڭلاشتۇق. ئۇ بىزگە «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى»دا ياغاچچىلىقمۇ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بې-
رىۋېتىپ بىر كىيىم ئىشكاپىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزى ياساپ
سىرلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز تولىمۇ سىپتا ياسالغان بۇ
ئىشكاپقا قاراپ، بىر تەرەپتىن ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ ۋايىغا
يەتكەن ياغاچچىلىق ھۈنىرىدىن ھەيران بولغان بولساق، يەنە بىر
تەرەپتىن ئۇ ئەينى چاغدا دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىر ـ
قىسمەتكە، تارتقان جەبىر ـ جاپالارغا بەكمۇ ئېچىندۇق. ئۇنىڭ
تەتقىقات بىلەن بىمالال شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىسىز بىمەۇدە ئۆتۈپ
كەتكەن قىران چاغلىرىنى، ئىلمىي تەتقىقاتقا سەرپ قىلىنىشقا
تېگىشلىك زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە ۋاقتىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلارغا ئىسراپ
قىلىنغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىمىز تولىمۇ غەش بولدى.

كېيىنچە، ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئە-
دەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكلىرىدە بۇ ئۇستازنىڭ شېئىر دېكلا-
ماتسىيەلىرىنى، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئېچىلغان «قۇتادغۇبى-
لىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يې-
غىنلىرىدا ئۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئاڭ-
لىدۇق. سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار بۇ ئۇستازنىڭ دەرسىنى
ئاڭلاشقا بەكمۇ تەقەززا بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىزگە
«شەرق ئەدەبىياتى» دېگەن بىر دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. دەرس
ئوقۇتقۇچىسى دەل ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم ئىكەن. بىز ئابدۇشۇكۇر
مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمىزدىن
قاتتىق خۇشال بولدۇق. ئەپسۇسكى، مەۋسۇم باشلانغاندا بۇ ئۇس-
تاز دەرسكە كىرمىدى. ئاڭلىساق، ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغا-
نىكەن. شۇنداق قىلىپ «شەرق ئەدەبىياتى»نى شەرق كىلاسسىكلى-
رى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە ئۇلار توغرىسىدا
ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان بۇ ئۇستازدىن ئاڭلاشقا نېسىپ
بولمىدى.

پەقەت بەشىنچى يىلىنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدا بىز ئۆننىڭ
«ئېستېتىكا» دەرسىنى ئاڭلاش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىدۇق. بۇ
دەرسنى بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن يەنە بىر سىنىپتىكىلەر بىلەن
چوڭ بىرلەشمە سىنىپتا ئوقۇيتتۇق. مۆھتەرەم ئۇستاز دەرس
سۆزلىگەندە كىتاب ياكى كونسپېكتقا قاراپمۇ قويماستىن، ئالدىغا
قويۇۋالغان بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ، شۇنىڭغا يېزىۋالغان مۇھىم
نۇقتىلارنى چۆرىدەپ تولىمۇ ئەركىن ۋە بىمالال ھالدا بەكمۇ ئەت-
راپلىق سۆزلەيتتى. بىز «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابتى-
كى ھەممە مەزمۇنلار ئۇنىڭغا ياد بولۇپ كەتكەنىكەن دەپ جەزم-
لەشتۇرەتتۇق. بۇ بىزنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسى-
نىڭ تېمىلىرىنى بېكىتىپ بولغان چاغلىرىمىز ئىدى. ئۇ
چاغلاردا بىز دىسسېرتاتسىيە تېمىسىنى ئۆزىمىز بېكىتەتتۇق. مەن
بۇرۇنلا ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق
كىتابىنى قىزىقىش ئىچىدە تەكرار ئوقۇپ، سەنئەتنىڭ ئېستېتىك
ماھىيىتى مەسىلىسىگە قىزىقىپ قالغاچقا، مۇشۇ مەسىلىنى
دىسسېرتاتسىيە تېمىسى قىلىپ تاللىغانىدىم. بىر كۈنى دەرستىن
چۈشكەندە ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمگە تېمامنى مەلۇم قىلىپ، ئۇ-
نىڭدىن مەسلىھەت سورىدىم. ئۇ ماڭغاچ بۇ تېمىنى نېمە ئۈچۈن
تاللىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۆز قاراشلىرىمنى قورۇنۇپقىنا
سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بول-
غاندىن كېيىن، ماقالىنى كىچىك ماۋزۇلارغا بۆلۈپ يېزىشىمنى،
پىكىرلەرنى ئارىسالدى بولماي دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشۇمنى تاپى-
لىدى. «ماقالىنى كىچىك ماۋزۇلارغا بۆلۈپ يازغاندا، بىرىنچىدىن
ماقالىنىڭ مەزمۇن قاتلاملىرى ئېنىق بولىدۇ. پىكىر تەكرارلىقى
ۋە چېچىلاڭغۇلۇقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن ئوقۇر-
مەنلەرنى ئاسان قىزىقتۇرغىلى بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۆزگىچە قو-
يۇلغان كىچىك ماۋزۇلارغا قىزىقىپ ماقالىغا كىرىپلا كېتىدۇ»
دېدى ئۇ ئاخىرىدا تەكىتلەپ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دىسسېرتات-

سىيەنى تېزرەك پۈتكۈزۈپ ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ،
ئۇنىڭ پىكرى بويىچە تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈيىدا دىس-
سېرتاتسىيەگە تۈتۈش قىلدىم. بىراق، ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم بىر
ئايدەك دەرس ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ دەرسنى يەنە بىر مۇئەللىم
ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم دوخ-
تۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. بىركۈنى ئەتىگەندە سىنىپ مۇدىرىمىز
ئازات سۇلتان مۇئەللىم مېنى چاقىرىپ «ئابدۇشۇكۇركامنى بۈگۈن
ئوپېراتسىيە قىلىدىكەن. ئۇ كارىۋاتتىن ئۆزى چۈشۈپ - چىققۇ-
دەك بولغىچە سەن بېرىپ ئۇنىڭغا قارىشىپ بەرسەڭ» دېدى. مەن
ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم ياتقان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخا-
نىسىغا باردىم. ياتاقتا كىرسەم رەنا مەخسۇت خانىم بار ئىكەن.
ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ بۆرىنىنى ئوپېراتسىيە قىپتۇ. رەنا خا-
نىم تاماق ئېتىپ ئەكەلگۈچە مەن ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمگە قارى-
دىم. ئۇ ئارىلىقتا مەندىن دىسسېرتاتسىيەنى قانچىلىك يازغانلى-
قىمنى سورىدى. يېزىپ بولغان مەزمۇنلارنى ۋە يازماقچى بولغان
مەزمۇنلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ تېز تۈتۈش قىلىپ پۈت-
كۈزۈشۈمنى جېكىلىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە مەن كۈندۈزى ئابدۇ-
شۇكۇر مۇئەللىمگە قارىدىم (ئۇ چاغلاردا ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان
سىنىپلارنىڭ دەرسى بالدۇرلا توختايتتى). ئۇ كارىۋاتتا يېتىپمۇ
كىتاب ئوقۇيتتى، ۋاقىتنى قەتئىي بوش ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇ كارى-
ۋاتتىن يەرگە چۈشكۈدەك بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە ئۇستەل-
گە (ئالىي كادىرلار ياتىقىدا ھەربىر بىمارغا بىردىن ئۇستەل -
ئورۇندۇق، كىرېسلو قاتارلىقلار بولاتتى) ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن
كىتابلارنى يېيىپ، ئىلگىرى يازغان ماقالىلىرىنى تۈزىتەتتى.
پۈتكەنلىرىنى مېنى ژۇرناللارغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. ئۇ-
نىڭ دوختۇرخانىدىمۇ ئارام ئالماي ئۆگىنىشى ۋە ئىزدىنىشى، ما-
قالىلەرنى يېزىشى مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرگەنىدى. كېيىن مەن
ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەمنى ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىمنىڭ

دېگىنى بويىچە كىچىك ماقالىلارغا بۆلۈپ يېزىپ پۈتكۈزۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم (ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم دوختۇرخانىدا خېلى ئۇزۇن ياتقانىدى). ئۇ ماقالىنى ئېلىپ قالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بارغىنىمدا: «ماقالە ياخشى يېزىلىپتۇ. ماقالىلارغىمۇ جايىدا بۆلۈپسىز. ئاز بىر قىسىم جايلىرىغا قەلەم تەگكۈزدۈم. مۇشۇ پېتى ئاقچا كۆچۈرۈپ ياقلىسىڭىز بولىدۇ» دېدى ئۇ ماقالىنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ. مەن ئۇستازنىڭ قولىدىن دىسسېرتاتسىيەنى ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ بىر بەتنىڭ گىرۋىكىگە يېزىپ قويغان بەش ـ ئالتە قۇر خېتىنى بايقاپ قالدىم. «مۇئەللىم، سىز قىستۇرۇپ قويغان بۇ بىر ئابزاسنى دىسسېرتاتسىيەمگە كىرگۈزسەم ئىزاھات بېرىشكە ھەم مەنبە كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. نەقىل ھېسابىدا ئىزاھات بېرەي دېسەم، مەنبەنى نېمە دەپ كۆرسىتىش مېنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ» دېدىم. «مېنىڭ قىستۇرغىنىم سىز دىسسېرتاتسىيەدە ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن پىكىرلەر. ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ كەتسۇن. ئىزاھات بېرىشىڭىز ھاجەتسىز» دېدى ئۇ. مەن دىسسېرتاتسىيەنى ئاقچا كۆچۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئۇستازغا يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا تەييارلىق قىلدىم. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم دوختۇرخانىدا بولغاچقا، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىغا قاتنىشالمىدى. شۇڭىمۇ يىغىنغا قاتناشقان مۇئەللىملەر دىسسېرتاتسىيەمدىكى يېڭى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلالماي، تۆۋەن نومۇر بېرىپ قويارمۇ دەپ خېلى دەككە ـ دۈككىدە بولدۇم. ئەمما ئۇلار ماقالەمگە يۇقىرى باھا بېرىشتى. 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئازات سۇلتان مۇئەللىم ئۈرۈمچىدىكى يازغۇچى ـ شائىرلار، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ـ تەتقىقاتچىلار ۋە مۇھەررىرلەرنى تەكلىپ قىلىپ، شۇ چاغدىكى تەييارلىق بۆلۈم ئوقۇتۇش بىناسى (ھازىرقى 10 ـ ئوقۇتۇش بىناسى) نىڭ ئۈچىنچى بىر-

لەشمە سىنىپىدا ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 82 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇتكۇزۇش ئىلمىي دوكلات يىغىنىنى ئۆيۈشتۇردى. بۇ يىغىندا ئازات سۇلتان مۇئەللىم سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ياخشى چىققان دىسسېرتاتسىيەلىرىنى تاللاپ ئوقۇتتى. مەنمۇ شۇ يىغىندا «سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى» ناملىق دىسسېرتاتسىيەمنى ئوقۇدۇم. يىغىن ئاياغلاشقاندا، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئاكا ماقالەمنى سوراپ بىر نۇسخا ئېلىپ كەتتى. ماقالەم «تارىم»نىڭ 1987 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. مېنىڭ بۇ دىسسېرتاتسىيەمنىڭ ياخشى باھالارغا ئېرىشىشىنى ۋە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشىنى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ئەجرىدىن ھەم ئەستايىدىل يېتەكلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئوقۇش پۇتكۇزگەندىن كېيىن مەن تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئېلىپ قېلىندىم. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا»سىنى ئىشتىياق بىلەن تەكرار ئوقۇشتىن باشلانغان «ئېستېتىكا سەۋدالىقى» سەۋەبىدىن، مەن ئېستېتىكا دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. مېنىڭ «ئېستېتىكا دەرسى بەرسەم» دېگەن پىكىردە جاھىللارچە تۇرۇۋالغىنىمنى كۆرگەن فاكۇلتېت مۇدىرى، ئۇستاز ئابدۇكېرىم رەھمان ئاخىرى مېنى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزدى. نەتىجىدە ماڭا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن كەسىپداش بولۇش ئامىتى نېسىپ بولدى. ئەپسۇسكى، دەل مەن ئوقۇش پۇتكۇزگەن مەزگىلدە، ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدا ئېستېتىكا كافېدراسى (فاكۇلتېت دەرىجىلىك) قۇرۇلۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم شۇ كافېدرانىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ فاكۇلتېتىمىزدىن چىقىپ كېتىپتۇ. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېستېتىكا كافېدراسىدىكى ئېستېتىكا نەزەرىيەسى ئوقۇتقۇچىلىرى بىزنىڭ فاكۇلتېتقا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم كۆز يۇمغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر كافېدرادا ئىشلە-

دىم. ئۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلار چارشەنبە چۈشتىن كېيىن سىيا-
سىي ئۆگىنىشكە ۋە جۈمە چۈشتىن كېيىن كەسپىي ئۆگىنىشكە
يىغىلاتتۇق. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم مۇشۇنداق يىغىنلاردىمۇ كىتاب
كۆرۈشنى قولدىن بەرمەيتتى. يىغىن ئاخىرلاشقاچ كىتاب ئوقۇپ،
مۇھىم جايلىرىنى سىزاتتى. ھەتتا يىغىنغا كەلگۈچە ۋە يىغىندىن
قايتقۇچىمۇ يول بويى كىتاب ئوقۇپ ھەم سىزىپ ماڭاتتى.

ئازات سۇلتان مۇئەللىم 1993 - يىلى تىل - ئەدەبىيات فا-
كۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمگە
دەرسىمۇ ئۆتمەي، سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشلەرگىمۇ قاتناش-
ماي، پۈتۈن زېھنى ھەم ۋاقتىنى پەن تەتقىقاتىغا سەرپ قىلىش
ئورۇنىدا ئۆگۈنلىرىنى بەرسىنكى ياردەم بىلەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئىستېتىكا دەرسىنى
مەن ئۆتتۈم.

2

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىكى ئېستېتىكا
ماتېرىيالىنىڭ بەرپاچىسى ئىدى. ئۇ 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى ئو-
قۇغۇچىلىرىغا ئېستېتىكا دەرسىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان. ئۇنىڭ
ئەجىر - مېھنىتىدە شىنجاڭدا ئېستېتىكا دەرسى يوقلۇقتىن بار-
لىققا كەلگەن. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېستېتىكا
دەرسلىكىنىمۇ تۇنجى بولۇپ ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم يېزىپ نەشر
قىلدۇرغان. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېدا-
گوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئا-
لىي مەكتەپلەردىكى ئېستېتىكا دەرسىنى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمە-
دىن ئېستېتىكىدىن مۇنتىزىم تەلىم ئېلىپ، شۇ مەكتەپلەرگە
تەقسىملەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئاچقان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل -
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە قازاق تىل -

ئەدەبىياتى كەسپلىرىنىڭ ئېستېتىكا دەرسلىرىنىمۇ ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمدىن تەلىم ئالغانلار ئۆتكەن. ئۇ يازغان «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابنى بۇ ئىككى كەسپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىشقان. مەكتىپىمىزنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىدا ئېستېتىكا دەرسى ئاچقانلارمۇ ئاۋۋال تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كېلىپ ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم دەرس ئۆتكەن سىنىپقا كىرىپ تولۇق بىر مەۋسۇم دەرس ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز فاكۇلتېتىغا بېرىپ مەزكۇر دەرسنى ئۆتۈشنى باشلىغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم يەنە شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېستېتىكا دەرسىنى ئۆتكەن تۇنجى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ بۇ مەكتەپتىكى كۇرسانتلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ يۈرەك قېنىنى ھەم زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئىچكىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان دەرسلىكنى ئىخچاملاپ تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا «ئېستېتىكىدىن لېكسىيەلەر» ناملىق دەرسلىكنى تۈزۈپ بەرگەنىدى. ئۇ تۈزگەن بۇ دەرسلىك شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاكى يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىشلىتىلدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم يازغان «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتاب شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەرىپىدىن ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىگە دەرسلىك قىلىندى. بۇ كىتاب 1990 - يىللارنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە ئىزچىل ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دەرسلىكى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم يالغۇز ئېستېتىكا بىلىملىرىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى تارقاتقۇچىلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غەرب ئېستېتىكا تارىخىنى ئۇيغۇرلارغا بىرقەدەر سىستېمىلىق

تونۇشتۇرغۇچىدۇر. ئۇ يازغان «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى ئېستېتىكا تارىخىغا بېغىشلانغان بولۇپ، تۆت بابتىن تۈزۈلگەن بۇ قىسىمدا غەرب ئېستېتىكا تارىخى ئىخچام ۋە ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان. شۇڭىمۇ «ئۇستازنىڭ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ‹ئومۇمىي ئېستېتىكا› ناملىق كىتابى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئېستېتىكا نەزەرىيەسىدىن مەلۇمات بەرگۈچى تۇنجى دەستۇر بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غەرب ئېستېتىكا تارىخىدىن تولۇق تەلىم بەرگۈچى، فارابى ئېستېتىكا تەلىماتلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچى تۇنجى ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ.»

3

ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم يەنە بوشلۇق تولدۇرغۇچى ئىلمىي ئەمگەكلەرنى كۆپلەپ روياپقا چىقارغان مول ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى ئىدى (ئۇ ئېستېتىكا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر ئاشكارا نەشر قىلىنغان 13 كىتاب، 180 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ، نەشر قىلىنمىغان ئۈچ كىتاب ۋە ئېلان قىلىنمىغان بىرمۇنچە ماقالىنىڭ مۇئەللىپى ئىدى). بىز ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇستازنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى نۇرغۇن «تۇنجى»لارنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ئۇ ئېستېتىكا نەزەرىيەسى تەتقىقاتى، غەرب ئېستېتىكا تارىخى تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر ئېستېتىكا تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تۇنجى ئۇيغۇر ئېستېتىكشۇناس؛ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق كىتابى ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردا مۇستەقىل ئېستېتىكا تەتقىقاتىغا يول ئاچقۇچى تۇنجى ۋە يېگانە ئېستېتىكشۇناس؛ ئۇيغۇرلاردىكى تۇنجى ئېستېتىكا كىتابلىرىنىڭ ئاپتورى.

ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل، سىستېمىلىق شۇغۇللانغان ھەمدە بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك

مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىد-
سى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»
قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئومۇمىي ئېتىراپقا
ئېرىشكەن تونجى مۇقام تەتقىقاتچىسى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خە-
زىنىسى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان شىنجاڭ ئۇنىد-
ۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
«مۇقامشۇناسلىق» دەرسلىكى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»،
«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «غەربىي يۇرت تاشكې-
مىر سەنئىتى» ناملىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق بۇ
ساھەلەردىكى سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىقاتلارنىڭ تونجى ساھى-
بىغا ئايلانغان. ئۇستازنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پارچە كىتابى ئايرىم -
ئايرىم ھالدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى
كەسپى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلار-
نىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى»، «فارا-
بىشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلىرىنىڭ دەرسلىكى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇ ئېھتىمال ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقات فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرلىرىگە ئېرىشكەن تونجى ئۇيغۇر
تەتقىقاتچى بولۇشى مۇمكىن. بىلىشىمچە، ئۇستازنىڭ «ئۇيغۇر
مۇقام خەزىنىسى» ۋە «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» دەل ئاشۇ دۆ-
لەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ سەمەرىسى ئىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ بوشلۇق تولدۇرغۇچى نۇرغۇن «تۇن-
جى»لارنىڭ ساھىبى بولۇشى بىزنى سۆيۈندۇرسە، ئۇنىڭ ئىلمىي
تەتقىقات بىلەن ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىكتىن مۇستەسنا ھالدا
شۇغۇللىنىشتەك خالىس ئىزدىنىش روھى بىزنىڭ قايىللىقىمىز-
نى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي
تەتقىقاتقا ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلۈنمەيدىغان، ئېلان قىلىنغان ئىل-
مىي ماقالىلەر ۋە نەشر قىلىنغان كىتابلارغا ھېچقانداق رىغبەت-

لەندۈرۈش پۇلى ياكى مۇكاپاتلار بېرىلمەيدىغان، مەخسۇس ئىلمىي
تەتقىقات فوندىمۇ تەسىس قىلىنمىغان زامانلاردا، تەمەسىز، خالىس
ئىلمىي ئىزدىنىشلەر بىلەن ئىزچىل مەشغۇل بولغانىدى. ئابدۇ-
شۈكۈر مۇئەللىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۇنجى تۈركۈمدى-
كى پىروفېسسورلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ «ماقالە ـ كى-
تابلارنى جىق يېزىپ، پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىنى بالدۇر ئالسام»
دەيدىغان تەمەسى يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تىمىزدا كۆنىمىزدىكىگە ئوخشاش تەتقىقاتقا رىغبەتلەندۈرۈش پۇلى
ياكى يۇقىرى سوممىلىق پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇكاپاتلىرىمۇ
يوق ئىدى. شۇڭا ئۇستاز «ماقالە ـ كىتابلارنى كۆپ يېزىپ، جىق-
راق مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشسەم» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىمايتتى. ئەينى
يىللاردا مەكتىپىمىزدە هازىر يولغا قويۇلغاندىكىدەك، يۇقىرىسى
11 مىڭ سوم (ئاكادېمىكلار ئۈچۈن) دىن تۆۋىنى 2 مىڭ سومغىچە
بولغان (ئوقۇتۇش قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنماي، پەن ـ تەتقىقات نە-
تىجىلىرىلا ئاساس قىلىنىدىغان، جانىنى تىكىپ تىرىشمىسا ئالغى-
لى بولمايدىغان) ئايلىق ئىش ئورنى تولۇقلىمىسىمۇ يوق ئىدى.
شۇڭلاشقا ئۇستازنىڭ «يادرولۇق ژۇرنال»دا ماقالىنى كۆپ ئېلان
قىلدۇرۇپ ۋە كىتابلارنى جىق نەشر قىلدۇرۇپ، ئېيىغا تۆت ـ
بەش مىڭ سوملاپ ئىش ئورنى تولۇقلىمىسى ئېلىش خىيالىمۇ
يوق ئىدى. بىراق ئۇ ئەينى چاغلاردىلا نوپۇزلۇق ژۇرنال سانىلى-
دىغان، كېيىنچە «يادرولۇق ژۇرنال» دەپ بېكىتىلگەن نۇرغۇن
خەنزۇچە ژۇرناللاردا يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغا-
نىدى. ئاشۇ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن «ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت تەتقىقاتى») هەتتا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمگە ماقالە
بۇيرۇتۇپ يازدۇرغانىدى. هەتتا ئۇ ئىلمىي كىتابلىرى نەشرىياتلار-
نىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان، سېتىلمايدۇ دەپ قاراپ
نەشر قىلىشنى رەت قىلغان ئەھۋالدىمۇ ئىلمىي ئىزدىنىشتىن
قەتئىي يالتايمىغانىدى. مۆھتەرەم ئۇستازنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتقا

ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىكتىن خالىي كىرىشىش روھى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەڭگۇ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

## 4

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن نادىر شېئىرلارنى، نەسرلەرنى، كىنو سېنارىيەسى ۋە ئوبزورلارنى يازغان قابىل ئەدىب ئىدى (ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن كاتولوگدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ تاماملانمىغان بىر پوۋېستى ۋە بىر رومانى باركەن). ئۇنىڭ رۇبائىي ـ غەزەللىرى ھېكمەتلەر بىلەن تويۇنغان بولۇش، نەسرلىرى مەنىدارلىقتا باي بولۇش، كىنو سېنارىيەسى مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا تويۇنغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر روھىيىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلغان، مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى ئىللەتلەرنى سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىپ، زىيالىيلارنى مىللەتنىڭ ئەجەللىك مەنىۋى جاراھەتلىرىنى شىپاھ تاپقۇزۇشقا ئۈندىگەن ھەقىقىي مىللەت غەمگۇزارى ئىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدىكى مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئويلىنىش ـ ئىزدىنىشلەرنىڭ باشلامچىسىمۇ يەنە شۇ ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئۆزلۈك تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلغۇچىلارنى ئەمەلىيەتتە مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قولىدىكى كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلار دېيىشكە بولاتتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم كۆپكە قابىل يېتۈك ئالىم ۋە ئىستېداتلىق ئەدىب سۈپىتىدە ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنى، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان تۆھپىكار مائارىپچى ئىدى. ئۇ-

نىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇق ۋە تۆھپىلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلىرى ئا-
رىسىدا ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەڭ
ئېتىبار بېرىش ھەم ئۇلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل
ئەنئەنىنىڭ شەكىللىنىشىدە شۇنداقلا داۋاملىشىشىدا تۈرتكىلىك
رول ئوينىغانىدى. 1980 ـ ۋە 1990 ـ يىللاردا، ئەدەبىيات فا-
كۇلتېتىدىكى شېرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇكېرىم رەھمان، بۇغدا ئاب-
دۇللا، نۇرمۇھەممەد زامان، تۇرسۇن قۇربان، ھېمىت مەخسۇت قا-
تارلىق ئۇستازلارنىڭ ھەممىسىلا ئوقۇتۇشقا ماھىر، ئىلمىي تەت-
قىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قابىل تۆھپىكارلار ئىدى. يۇقىرىقى
ئۇستازلاردىن تەركىب تاپقان، ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم سەركىلىكى-
دىكى بۇ قوشۇن ھازىرلىغان «ئۈچنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش»
ئىقتىدارى ئەمەلىيەتتە ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى
ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەر ھې-
سابلىناتتى. بۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئو-
قۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا سۆزلىگەننى ياكى ئۈنىگدىن ئىشلەشنى تە-
لەپ قىلغاننى ئاۋۋال ئۆزى ئەمەلدە كۆرسىتىش مەسىلىسى ئىدى.
ئەسلىدە ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇتقۇچى-
لىرى دەل يۇقىرىقى ئۇستازلاردەك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپ-
سۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە ئالىي مەكتەپلەردە «ئۈچنى ئورگانىك
بىرلەشتۈرۈش» ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار بەكمۇ ئازلاپ
كەتتى. راست گەپنى قىلغاندا، يۇقىرىقى ئۇستازلار دەم ئېلىشقا
چىققان ياكى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فاكۇلتېتىمىزدا كۆپكە
قابىل ئوقۇتقۇچى قەھەتچىلىكى كۆرۈلدى. ئۇلار قان ـ تەر بەدى-
لىگە شەكىللەندۈرگەن «ئۈچنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش»تىن ئى-
بارەت ئېسىل ئەنئەنىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇنداق بولۇشىنى ئاب-
دۇشۇكۇر مۇئەللىمدەك ھەممىيلەننى زەرەتلىيەلەيدىغان سەركىنىڭ
كەملىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ رەپىقىسى رەنا مەخسۇت خانىم ئۇستازنىڭ ھايات ۋاقتىدا يىغقان، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇشتا پايدىلانغان ھەر خىل تىل ـ يېزىقتىكى كىتابلىرىنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار بۆلۈمىگە تەقدىم قىلغانىدى. مەن بۇ ماتېرىيال بۆلۈمىگە كىرگەن چاغلىرىمدا ئۇستىگە قەدىرلىك ئۇستازنىڭ رەسىمى قويۇلغان ئىشكاپلاردىكى كىتابلارغا قارىغىنىمچە ئۇستازنىڭ ئەجىر ـ مېھنەتلىرىنى سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار ئىلكىدە ئەسلەيمەن. ئىشكاپلاردىكى ئۇستازنىڭ قولى تەگكەن كىتابلارنى ئېلىپ، مەرھۇمنى سېغىنىش ئىلكىدە ياد ئېتىمەن. مۆھتەرەم ئۇستاز باشچىلىقىدىكى پېشقەدەملەر شەكىللەندۇرگەن ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئورگانىك بىرلەشتۇرۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنىڭ ئۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن.

2013 ـ يىلى يېزىلدى

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى

**ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە، بۇئايشەمگۈل ھاجى**

**ئاپتور ھەققىدە:** ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە 1975 – يىلى 6 – ئايدا كېرىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1998 – يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل – ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا تەقسىم قىلىنغان. 2009 – يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا فولكلور يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغان. كېيىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ دوتسېنتى بولغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يۆنىلىشى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

ياسىن مۇھەممەتنىيازنىڭ ئىجادىيىتى 1995 – يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئوقۇتقۇچى» ناملىق نەسرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئۇ تۈرلۈك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژۇرناللاردا 40 پارچىغا يېقىن ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات دائىرىسى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى.

بۇئايشەمگۈل ھاجى 1982 – يىلى 7 – ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 2005 – يىلى 7 – ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، 2008 –

يىلىغىچە مەركۇر فاكۇلتېتتا ماگىستىر ئاسپىرانتىلىقتا ئوقۇ-غان. 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. لېك-تور، تارىخ پەنلىرى دوكتورى. ئۇ 2014 ـ يىلى شەنشى پېداگو-گىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو غەربىي قىسىم چېگرا رايونلار تەت-قىقات ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ھازىر-غىچە تۇرلۇك ئىلمىي ژۇرنالالاردا 20 پارچىغا يېقىن ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ياپون-يەلىك تەتقىقاتچى ساگوجى تورونىڭ «18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى تەرجىمە قىلغان.

*　　　　*　　　　*

ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا 13 ئەسىر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدېئولوگىيە — بۇددىزىم ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ساناقلىقلا ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مەدە-نىيىتىنىڭ ئىچىدىكى رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق قىسمىنىڭ غول تۈۋرۈكى بولغان تاشكېمىرلىرىمىزنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان بىردىنبىر ئالىمىمىز.

**1. ئالىمنىڭ بۇددا دىنى تەتقىقاتى**

بۇددا دىنى ئۇيغۇرلاردا 13 ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋام قى-لىپ كەلگەن مىللىي مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى

بىلەن قوشۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇددا دىنى گەرچە ئا-
شۇنداق گۈللەنگەن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما
ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى ۋە ئەجدادلارنىڭ غەيرىي ئىسلام مەدەنى-
يەت نامايەندىلىرىنى تەرك ئېتىشتەك ئالاھىدە جەريانىدا بۇددىزمغا
ئائىت مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاسمىنىدا چاق-
ناپ ئۆچكەن ئاقار يۇلتۇزغىلا ئوخشاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە قىس-
مەن ئۆرپ - ئادەتلەر، بىر قىسىم چۆچەكلەردىن باشقا تاشكېپ-
مىرلىرىمىزنىڭ تىلى ئارقىلىقلا ئەينى دەۋرنىڭ بىر قاتار مەدە-
نىيەت سىرمىلىرىنى تەكشۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. تاش-
كېمىرلىرىمىزنىڭ سىرىنى ئېچىش، ھەربىر رەسىم ۋە ئابىدىنى
ئاددىي رەسىملىك ھالىتىدىن مۇكەممەل ھېكايە - بايانلىق شە-
كىلگە قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىي مەنبەنى يەنى بۇددا دىنىنى مۇ-
كەممەل تەتقىق قىلىش لازىم ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر
سەنئىتى» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش قىسمىدا ئېيتقاندەك «غەر-
بىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا
ئىگە كاتتا بىر ئىلمىي تېما بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي يۇرت
ئېپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق
بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەھەللىي ۋە مىللىي ئاساسلىرى-
نى ئېنىقلاپ چىقىشقا ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تەتقىق قى-
لىشقا، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم ئېتىقادى ۋە
بۇددىزم ئەدەبىياتىغا ئائىت سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يېتەرلىك دە-
رىجىدە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.» دېمەك، ئالىم تاشكېمىر
تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن بۇددىزم ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش-
نى بۆسۈش نۇقتىسى قىلغان. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى گەر-
چە ئانا دىيارىمىزدىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ يەككە ئىختىرالىرىنىڭ يىغىندىسى بولماستىن،
بەلكى بىر تالاي مىللەت ۋە رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى-

نى جۇغلىغانلىقى بىلەن تېخىمۇ جەلپكار ۋە قىممەتلىكتۇر. شۇ-
ڭا ئالىم شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل سەنئەت تارىخىغا ئائىت مەنبەلەر
بىلەن، جۇملىدىن ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا، شىمالىي ھىند-
دىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددىزم سەنئىتى بىلەن تو-
نۇشۇپ چىقىشنى ئۆزىگە شەرت قىلغان.

ئالىم ئالدى بىلەن بۇددا دىنى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى
بىلەن ئۇچرىشىپ بۇددا ئەقىدىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا كىرىشى-
دۇ. ئالىمغا بۇددا دىنىنىڭ تۈرلۈك پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى
ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزگەن ئەسەرلەر ئىچىدە ل. ۋ. تىرىپۋرنىڭ
«كۇشان دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيا»، شۆەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ
دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، ۋاسلېۋنىڭ «بۇددىزم»، خاتا-
نى لياۋتەينىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» قاتارلىق بىر قاتار ئە-
سەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەسەرلەردىن نەزەرىيەۋى ئوزۇق ئالغان
بولسا ن. ۋ. ساكونۋارەس، س. سوروكىنلار يازغان «قەدىمكى خو-
تەن»، ئوتانى كوزى يازغان «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»،
فاشيەن يازغان «بۇددا ئەللىرىگە ساياھەت» قاتارلىق ئەسەرلەر
ئارقىلىق بۇددا ئەقىدىلىرى بىلەن ئۇنىڭ دىيارىمىزدىكى ئەكس-
لىنىشى ھەققىدىكى مەنبەلىك تەتقىقاتنى باشلايدۇ. ئالىم 60 ـ،
70 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان
«يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابقا
ئېرىشكەندىن كېيىن بۇددا دىنىغا قىزىقىشقا باشلاپ، ئاردىن 10
~ 20 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ توغرىسىدىكى تۇنجى ئىلمىي
ئەمگىكى «قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇ-
مىراجىۋا»نى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئەسەردە ئاپتور بىر تەرەپتىن،
«جۇڭگو بۇددىزمى تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە تەسىرلىك ماھايانا
مۇتەپەككۇرى» كۇمىراجىۋا (مىلادىيە 344 ~ 431)نىڭ ھاياتى،
ئۇنىڭ ھىنايانا مەزھىپىدىن ماھايانا مەزھىپىگە ئۆتۇشتىن ئىبا-
رەت جەريانىنى تاپشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى

چۈشەنچىلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپى
ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ھىنايانا مەزھىپى ھەققىدە مۇپەسسەل
چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ. بۇ ئەسەر بۇددا دىنى ھەققىدىكى چۈشەن-
چىلەرنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە بىرقەدەر تەپسىلىي چۈشەندۈر-
گەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئىلىمدارلىرىغا بۇددا دى-
نىنىڭ تەتقىقات قىممىتىنى ھېس قىلدۇرغانلىقى بىلەنمۇ قىم-
مەتلىك. ئاپتور ئەسەردە بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى
ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «بۇددىزم مەدەنىيىتى دىنىي ۋە پەل-
سەپىۋى تەلىماتلاردىن باشقا كۆپلىگەن مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىج-
تىمائىي قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا مەدەنىيەت ۋە
ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ ئېقىمىغا ئايلاندى. بۇددىزم مەدەنى-
يىتى نوقۇل ھەممە جەھەتلەردىن بىردەك بولغان دىنىي ھادىسە
دېيىش سەبىيلىك بولغانىدى» دەيدۇ. ئالىمنى بۇددا دىنى ھەققى-
دىكى تەتقىقاتى بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى كۆمۈپ
تۇرغان بىر قەۋەت گۇمانىي پەردىسىنى قايرىشىغا سەۋەب بولىدۇ
ۋە بۇددا دىنىنى ئېتنىك مۇھىت، مەدەنىيەت مۇھىتى، تاشقى
مۇھىت ۋە ئىچكى مۇھىت قاتارلىق بىر قاتار ئامىللارنىڭ كې-
سىشىمىسىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ بۇددا دىنى تەتقىقاتى بۇددىستچە تەتقىقاتتىن ياكى
بۇددا ئەقىدە مەھلىيالىقىدىن پەرق قىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ بۇد-
دىزمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم تۈرلىرى بولغان ھېكا-
يەتچىلىك، رەسساملىق، ئۇسسۇل، ھەيكەلتىراشلىق، دىراماتورگى-
يە قاتارلىق نۇقتىلاردىكى تەسىرىدىن كۆپرەك زوقلانغان. شۇڭا
ئۇ «بۇددىزم — دۇنياۋى ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىدىن بىرى بو-
لۇش سۈپىتىدە باشتىلا تۈرلۈك ھېكايەت، قىسسە، نەزم ۋە بايان
قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىن ئايرىلمىغانىدى» دەپ
يازىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا تاشكىمىرلىرىمىزدىكى رەسىملەر

بىزگە ھېكايەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۆز تېنى ئارقى-لىق تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان پىنھان تۇتۇپ كەلگەن سىرلىرىنى تۆكىدۇ. ئەينى يىللاردا ئىلاھىي تۈس ئالغان بۇددساتۋالار كونكرېت ئوبرازلىق ھالەتتە بىز بىلەن يېقىنلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىمنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرى ھەققىدىكى ئىنچىكە تەتقىقاتىدىن كەلگەنلىكى شەكسىزدۇر.

ئالىمنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى كۆسەندە تۇتىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادى-كارلىقلىرىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1992 - يىلى 4 - سان)، «كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىكىلىق ئاڭ توغرىسىدا» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1992 - يىلى 3 - سان)، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-تى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىلى 1 - سان) قاتارلىق ماقالى-لىرى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «قەدىمكى كۆسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمىراجىۋا» ناملىق ماقالىسى ئارقىلىق غەر-بىي يۇرت بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن كۆزنىكى بولغان كۆسەن بۇددا مەدەنىيىتىنى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن تەتقىق قىلىدۇ. بۇددا دىنى ھەققىدىكى بۇنداق سىستېمىلىق تەتقىقات نەتىجىسى ئالىمنى بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلى-تىپى بىلەن يۇغۇرۇلما تىپىنى پەرقلەندۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئالىم بۇددىزمنىڭ ئالدى - كەي-نىدىكى چاتما مەدەنىيەتنىمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تېمىلى-رىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ھاسىلىلىرىنى كۆپ خىل مەنبەلەر ئار-قىلىق ئىزاھلاپ بىر خىل، كونا، قېلىپلاشقان ئىدىيە رامكىسى-دىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئالايلۇق، ئۇ

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىدە كوشان، باكتىرىيە ۋە ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت بايانلارنى قىستۇرۇشتىن ئايانمىدى، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»نى بايان قىلىدىغاندا كىتابخانغا يېقىنقى زامان پەلسەپە چۈشەنچىسىنى ئەمەس، بەلكى قەدىمكى زامانغا خاس بىر قاتار دىنىي ئىدىيەلەرنى جۈملىدىن بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيە مۇنبىرىنى تاپشۇردى. ئاپتور بۇددىزم پەلسەپىسى تەتقىقاتى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەسلىي مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىسى بولغان ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرغانىدى، بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ھەققىدىكى بەزى ئەسەرلىرىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتى ئۆزىگە خاس تەتقىقات مېتودىغا ئىگىدۇر. ئۇنى يەنە ئالىمنىڭ ئۆزۈن مەزگىللىك جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى بولغان «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**2.«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە**

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر قاتار ئىلمىي ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، ئالىم 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنى تاماملىغان. بۇ ئەسەر 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان كاتتا سوۋغا دېيىشكە بولىدۇ. تۆ-

ۋەندە بىز بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، قوللىنىلغان تەتقىقات مېتودى ۋە قىممىتى قاتارلىق بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە توختالماقچىمىز:

1) ئەسەرنىڭ مەزمۇن كەڭلىكى

تاشكېمىر سەنئىتى ئاپتور ئۆزى دېگەندەك كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە كاتتا ئىلمىي تېما بولۇپ، ئۇنى شەكىل جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھىندىستان، گىرېك مەدەنىيەت تەركىب-لىرىدىن باشقا، يەنە ئەڭ مۇھىمى غەربىي يۇرتنىڭ تۇرمۇش ئالا-ھىدىلىكى، سەنئەت قارىشى، ئېستېتىكىسى قاتارلىق نۇقتىلاردىن كۆزىتىش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور مەزكۇر ئەسەردە ئالدى بىلەن بۇ غايەت زور سەنئەت ھادىسىسىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەيدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئىتى، بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ـ سەن-ئەت مۇھىتى، تارىم ۋادىسىدا بۇددىزمنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى-دىكى ئىچكى ئامىللار نۇقتىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا ئاپتور بۇد-دىزمغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى تونۇش-تۇرىدۇ. نەتىجىدە، بۇددىزم تۈسى ئىنتايىن قويۇق بولغان تاشكې-مىر سەنئىتىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تۇپرىقىنىڭ جۇغلانما ھاسىلىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەسەردە يە-نە بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى گۈللىنىش، خارابلىشىش جەريانى بىلەن تاشكېمىرلىرىمىزدە ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك تېمىلار-نى ياندىشتۇرۇپ بايان قىلىنىدۇ. تاشكېمىر رەسىملىرىدە ئىپادى-لەنگەن بۇددىزم تېمىلىرى ھېكايە شەكلىدە قىزىقارلىق بايان قى-لىنىدۇ. ئۇنى ئەپسانىۋى، خىيالىي، ئىلاھىيلاشقان ئوبراز ۋە ھې-كايەتلەردىن كۆرە رېئاللىققا يېقىن ئادىمىي ئوبراز سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاپتور تاشكېمىرلەردىكى ئوبرازلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئىنتايىن چىن ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن بو-لۇپ، قاش، بۇرۇن، لەۋ قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا

ئىنتايىن دىققەت قىلغان. بۇ ھەقتە ھەم سىلىشتۇرما تەتقىقات
ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ بەزى گۇمانىي چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويغان. نەتىجىدە كىتابخان ئەسلىدە گىرېك ياكى ھىندىچە بۇت -
ھەيكەللەر دەپ قاراۋاتقان بۇ ئوبرازلار بارغانسېرى روشەنلىشىپ،
غەربىي يۇرت كىشىلىرىنىڭ تېپىق ئالاھىدىلىكى بويىچە گەۋدى-
لىنىدۇ. ئەسەردە يەنە تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى
ۋە ئۇنىڭ خارابىلىشىشى قاتارلىق مەزمۇنلارغا بەلگىلىك سەھىپە
ئاجرىتىلغان بولۇپ، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى دېگەن بۇ
تېما ئاساسىي جەھەتتىن يورۇتۇلغان.

ئەسەردە ئاپتور مۇنداق بىر نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن:
غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى جۇڭگو كىلاسسىك مەدەنىيىتى-
نىڭ ئېسىل قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن نوقۇل ھىندى مەدە-
نىيىتىنىڭ ياكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ قايتا نامايان بولۇشى
بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت
تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۆزى مەنبە قىلغان مەدەنىيەتلەردىن
جىق ھالقىپ كەتكەن مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئاپتور بۇ نۇقتىدا
مۇنداق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر
سەنئىتى تېگى - تەكتىدىن غەربىي يۇرت ئېتنىك مۇھىتى ۋە
مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تارىخىي سەمەرىسىدىن باشقا نەرسە ئە-
مەس. ئەگەر غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىرى بولمىغان بولسا، ئەگەر غەربىي يۇرت ئاھالىسى
‹ناخشا - ئۇسسۇلغا ئالاھىدە ماھىر› بولمىغان بولسا، ئەگەر غەر-
بىي يۇرت ئاھالىلىرى خۇددى جۇڭگونىڭ بۇددا سەيياھلىرى
ئېيتقاندەك ئۆز زامانىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋ-
يەسىدە ياشىمىغان بولسا، نوقۇل ساكيامونى بۇددىزمى تەرغىباتى
بىلەنلا مۇنداق ئالەمشۇمۇل سەنئەت خەزىنىسىنى ۋۇجۇدقا چىقى-
رىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولاتتى.»

ئەسەردە بۇددا تېمىلىرىنى تاپشۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان

بۇددا ھېكايەتلىرى بايان قىلىنىشتىن باشقا، يەنە بىر قىسىم
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قىستۇرۇلغان. ئاپتور رەسساملىق، مۇزىكا،
دىراماتورگىيە قاتارلىق نۇقتىلاردىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ،
تاشكېمىر سۈرەتلىرىنى ئاددىي كېمىر تورۇسلىرى ۋە تام ـ تۈۋ-
رۈكلىرىدىكى رەسىملىك ھالىتىدىن ئۇيغۇرنىڭ ئېتنولوگىيەسى،
تارىخى، ئېتىقادى، جۈملىدىن ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىسى قاتار-
لىقلارنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان جۇغلانما تىپقا ئايلاندۇرغان. مۇن-
داقچە دېگەندە بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ئو-
مۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتىكى بىر يارقىن روجەككە ئايلاندۇ-
رۇلغان. ئەلۋەتتە بۇنداق كاتتا ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ئاپىرىدە بو-
لۇشىدا، ئالىمنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك قىلىش روھى ۋە تەت-
قىقات مېتودى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

2) قوللانغان تەتقىقات مېتودى

ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەن ئوقۇرمەن ئاسانلا ھېس قى-
لىدۇكى، ئالىم ماتېرىيالىزملىق تەتقىقات مېتودىنى باشتىن ـ
ئاخىر ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئۇسۇلى قىلغان. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلى-
رىدە ماركس، ئېنگېلس قاتارلىق ماركسىزم پېشۋالىرىنىڭ ئە-
سەرلىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەرنى تاپالايمىز. مۇنداقچە دېگەندە،
«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ئالىمنىڭ تەتقىقات مېۋىلى-
رىنى بىزگە سۇنۇشىدىكى ئۆزگەرمەس پرىنسىپتۇر. ئالىم ئىز-
دىنىش روھىغا باي بولغاچقا، بۇ خىل تەتقىقات مېتودىنى جانلىق
قوللانغان. مىسال سۈپىتىدە كۆرسەتسەك:

(1) سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى

ئاپتورنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقىنى ھىندىچە مەدەنىيەتنىڭ يۈك-
سەك قىسمى ھېسابلىنىدىغان بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە
تېمىدۇر. تەتقىقاتچىلار بۇ نۇقتىدا ئاساسىي جەھەتتىن «ئەڭ دەس-
لەپكى كۇسەن تاشكېمىرلىرى قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان، گەرچە تەسىرنى بىۋاستە دېگىلى بولمىسى-

مۇ، ئەمما ھىندى دىنى بۇددا سەنئىتى ئارقىلىق ۋاسىتىلىك
ھالدا كىرگەنلىكى ئېنىقتۇر. ئۇنىڭ كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى
تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر» دەپ قاراپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى
جۇملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇ سەمەرىسىنى مەنبەچىلىك
تەتقىقات مېتودى بويىچە ھە دېگەندە باشقا ئەللەر بىلەن باغلىۋې-
لىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەسىلىنىڭ ھەقى-
قىي قىياپىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى غەربىي رايوننىڭ ئىپتىدا-
ئىي مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە قويۇشتىن باشقا ئۇنى جۇڭ-
گونى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاسىيا مەدەنىيىتى بولۇپمۇ مەركىزىي
ئاسىيا مەدەنىيىتى چەمبىرىگە قويۇپ كۆزىتىدۇ. بۇددا مەدەنىيى-
تىنى سادىقلىق بىلەن كۆزىتىپ، گىرېك مەدەنىيىتى بىلەن سې-
لىشتۇرۇشتىن ئېرىنمەيدۇ. نەتىجىدە دادىللىق بىلەن «... رەسىم-
لەر كۇسەن تاشكېمىرلىرىدە كۆپىنچە ‹كىيىندۇرۇلمىگەن رەسىم›
شەكلىدە سىزىلغان. بۇ كىيىنىش لازىم بولغان مەيداندا، ئەكسى
ھالدا كىيىندۇرۇلمىگەن رەسىملەر، رېئالىزملىق ‹چىنلىق›نى،
بەدەن گۇزەللىكى چىنلىقىغا غەرق قىلغان رەسىملەر تۇركۇمىنى
ھاسىل قىلغان. بۇ كۇسەندىكى بىر ئىجادىيەت بولۇپ، گىرېك،
رىم ۋە قەندىھاردىكى يالىڭاچ رەسىملەرمۇ بۇ دەرىجىدە بولمىغان»
دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. ئۇنى دۇنخۇاڭ ۋە ئىچكىرى
ئۆلكىلەردىكى باشقا تاشكېمىرلەرگە ھەم سېلىشتۇرۇپ «غەربىي
يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك-
لىرى بويىچە ھىندىستان بۇددا سەنئىتىگىمۇ، دۇنخۇاڭ بىلەن
ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بۇددىزم سەنئىتىگىمۇ ئوخشاشمايدۇ» دەپ
ئىزاھلايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ بىرقانچە ھۆكۈم تەكرار –
تەكرار سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىن كەلگەن. ئەلۋەتتە ئالىم
غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىدىكى گىرېك ۋە ھىندى مەدەنى-
يىتىنىڭ ئىنكار قىلىپ بولماس ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

(2) كۆپ قىرلىق مۇھىتتا تەتقىق قىلىش

دېمەكچىمىزكى، ئاپتور كۇسەن تاشكېمىرلىرىنى مەركەز قىلغان غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنى رەسساملىق (سىزىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، رەڭ ـ بوياق، مەنزىرە ـ مۇھىت سىزمىلىرى)، بىناكارلىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت چۈشەنچىلىرى، ئېستېتىكا، مۇزىكا قاتارلىق پەنلەرنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلغان. ئالىم شەيئىنى بىر نۇقتىدىن ئەمەس، بىر قانچە نۇقتىدىن كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئۇنى ھەم دىنىي نامايەندە، ھەم غەيرىي دىنىي ئەسەر سۈپىتىدە تەڭ كۆرەلىگەن. ئاپتورنىڭ ئەسەردە تىلغا ئالغان مۇنۇ ئىككى ئابزاس سۆزى بىزنىڭ بۇ سۆزلىرىمىزنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

«بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىسىغا يانداشقىنىمىزدا پۈتۈن ھەيكەللەر، پۈتۈن ئوبرازلار، ھەتتا چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقان، ئۇسسۇلغا چۈشكەن كۆرۈنۈشتىكى ئوبرازلار بىلەن ساخاۋەتچى، تېۋىنغۇچى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنىڭمۇ بىر مەركىزىي تېمىغا — بۇددىزم تېمىسىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ بىزگە ‹دۇم كۆمتۈرۈلگەن نەرسىنى دۇم كۆمتۈرۈلگەن ھالىتىدە چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاش›نىڭ زورلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىسىغا يېقىنلاشقان چېغىمىزدا پۈتۈن ئوبراز، ھەتتا ساكيامۇنىدىن تاكى يالىڭاچ گۈزەللەر، تېۋىنغۇچى ئەر ـ ئاياللار سىزىلغان گۈل ـ گىياھلارنىڭمۇ پۈتۈن مەۋجۇتلۇقنىڭ بىردىنبىر بۆلىقى ۋە گەۋدىسى بولغان رېئال دۇنيادىن ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. دۇنيا بىر پۈتۈنلۈكتۇر. دىنىي تەسەۋۋۇر رېئاللىقتىن ئۆرنەك كۆرۈنۈش ۋە ماتېرىيال ئېلىشقا موھتاج. ئاخىرقى ھېسابتا دىن ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنيا بىردىنبىر ۋە قانۇنىيەت بويىچە ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان ۋە ھەممە سىرلارغا قادىر ئاچقۇچ سالالايدىغان دۇنيادىن ئىبارەت. بۇ بىزگە ‹دۇم كۆم-

تۇرۇلگەن نەرسىنى قايتا تۈز قويۇپ، ئەسلىي قىياپىتى بويىچە چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاش،نىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.»

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئالىمنىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى كۆپ نۇقتىلىق تەتقىقات مۇنبىرىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇنىڭ شەيئىنى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىلا ئەمەس، بەلكى قارىمۇقارشى نۇقتىدا تۇرۇپمۇ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

3) ئەسەرنىڭ قىممىتى

(1) غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ۋە بۇددىزم تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىش.

ئۇيغۇر تارىخىدا 13 ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بۇددا ئىدېئولوگىيەسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. بىر مىللەتنىڭ ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت تارىخىدا بۇنداق 13 ئەسىردىن قانچىسى بولۇشى مۇمكىن؟ ھالبۇكى، بىز باشتىلا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەينى دەۋرلەردە بۇددىزم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ساناقلىق كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇ ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بولۇپمۇ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق قىسمىنىڭ غول تۈۋرۈكى بولغان تاشكېمىرلىرىمىزنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان بىردىنبىر ئالىمىمىز. ئۇنىڭ بۇ نادىر ئەسىرى بىزگە بۇ تېمىنىڭ نەقەدەر مەپتۇنكار ھەم زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ ئىلمىي ئەمگىكى تارىخىمىزنىڭ مانىزىم دەۋرى بىلەن ئىسلام زامانلىرىنى تۇتاشتۇررۇپ چۈشىنىشىمىزدىكى ئەڭگۈشتەر، ئەلۋەتتە.

(2) ئىلمىي ئەسەر يېزىقچىلىقىدا ئۈلگە ياراتتى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىلمىي ئەسەر يېزىقچىلىقىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى. بۇنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن. بىرىنچى، تىل ئۇسلۇبى.

ئۇنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى «مۇرەككەپ، ئەمما راۋان جۈملىلەر ئارقى-
لىق زور تېمىنى يورۇتۇپ بەردى» دېگەن خۇلاسىگە يىغىنچاقلاش
ئېھتىمال ئاددىي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ جۈملە-
لىرى قانچىلىك ئۇزۇن بولسۇن، بىز ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە بىر ئې-
غىزمۇ گەپنى تاپالمايمىز. ئۇنىڭ نوقۇل ئىلمىي ئەسەر تىلى بە-
لەنلا چەكلەنمەستىن، ئەدەبىي تۇس ئالغان سۆز ـ جۈملىلەر ئار-
قىلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشچانلىققا ئىگە قىلىشقا كۈچە-
گەنلىكى ئېنىق. ئەلۋەتتە ئالىمنىڭ يورۇتۇۋاتقانلىرى كۆپىنچە
قېيىن، ئابستراكت، چېتىلما تېمىلار بولغاچقا بىر قىسىم جۈمە-
لىلەرنى چۈشىنىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدى-
غانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئىككىنچى، تېمىغا دەرھال كىرىش
ئۇسلۇبى. خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرى بۇنداق ئۇسلۇبنى «ئىشىكنى ئې-
چىپلا تاغنى كۆرمەك» دەپ ناھايىتى توغرا تەسۋىرلىگەن. بىز
«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇش جەر-
يانىدا ئاپتورنىڭ تېزلا تېمىغا ياندىشىۋاتقانلىقىنى، نەزەرىيەۋى،
قۇرۇق تەپسىلاتلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.
بۇ ئېھتىمال ئاپتورنىڭ ئەينى يىللاردا تەتقىقات مېتودى جەھەت-
تىنلا ئەمەس، بەلكى يېزىقچىلىق ئىلمى جەھەتتىنمۇ پىشىپ يې-
تىلگەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئالىمنىڭ بۇ خىل يېزىقچىلىق
ئۇسلۇبى نۆۋەتتىكى بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرىمىزدە ساق-
لىنىۋاتقان قۇرۇق نەزەرىيەۋى كىرمىلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەننى
تېزلا زېرىكتۈرىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە ھە دېگەندىلا مە-
سىلىنى باش تېما بىلەن مۇناسىۋىتى يوق يوغان، ئالەمشۇمۇل
گەپلەردىن باشلاشتەك بىمەنە ئۇسلۇب بىلەن روشەن سېلىشتۇر-
مىدۇر.
بۇ ئەسەر يەنە بىزگە تېمىنى قانداق يورۇتۇش، قايسى نۇقتە-
دىن كۆزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ياخشى بىر دەرسلىك بو-
لۇشى مۇمكىن.

### 3. تاشكېمىر تەتقىقاتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئالىم ئارىمىزدىن كەتكىنىگە ئون يىلدىن ئاشتى. ئالىمنىڭ
بىزگە قالدۇرغان بۇ ئەمگىكى ئەسلىي غەربىي يۇرت تاشكېمىر
سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى بىر بۆسۈش، جۈملىدىن تۇنجى ۋە مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك بېسىلغان قەدەم ئىدى. ئەمما، يۇقىرىدا دېگەندەك ئا-
لىم تېخى بۇ تېمىنى تۈگەل يورۇتۇپ بېرەلىگىنى يوق. بۇ تېما-
نى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن، يېڭى تەتقىقات ئۇسۇللىرى بويىچە
تەتقىق قىلىش ئالىم بىزگە قالدۇرغان ۋەزىپە ئىكەنلىكى ئېنىق.
بولۇپمۇ ئالىم نەزەر دائىرىسىنى ئاغدۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن غەربىي
يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى رەسىملىرى پىروتوتىپلىرىنىڭ مەنبە-
سى تەتقىق قىلىنىشى كېيىمسىز (يالىڭاچ) گۈزەللىك ئىپادىلەن-
گەن رەسىملەر روھىي ئانالىز ئۇسۇلى بويىچە قايتىدىن قاراپ
چىقىلىشى لازىم ئىدى. يەنە بۇددا سەنئىتى، ھېكايەتچىلىكى بىلەن
چۆچەكلىرىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق نۇقتىلاردا ئىسىل ئەم-
گەكلەر ئىشلىنىشى زۆرۈر ئىدى. ئەپسۇس بۇ تېما ئالىمنىڭ ۋاپا-
تىدىن كېيىن خۇددى ئاللىقاچان ئىشلىنىپ بولغان تەتقىقات تې-
مىسىدەك بىنەزەر ھالەتتە تۇرماقتا. كۇسەنلىكلەر ۋە ئۇلار ياراتقان
تالاي مەدەنىيەت ھادىسىلىرى خۇددى بىر بوز يەردۇر. ئوخشاشلا
بۇ تېمىمۇ ئالىمدىن كېيىن جىددىي ئىشلىنىدىغان تېما دائىرى-
سىگە كىرمەي قالدى. بۇنداق بولۇشى، بۇ تېمىنىڭ تەتقىقات
قىممىتىنىڭ يوقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇ-
قىرى بۇ تېمىغا تەتقىقاتچى سالاھىيىتى بىلەن يېقىنلىشالايدىغان
مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ كەملىكىدىن، ئەلۋەتتە.

ئالىم كىتابىنىڭ ئاخىرىدا «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى
توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاندا ـ مۇندا تەتقىقات ماقالىلىرى،
دىسسېرتاتسىيە ياكى ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىش لاياقىتىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان ماقالىلەردىن باشقا، تېخى كۆرۈنەر-

لىك نەتىجىگە ئېرىشكىنى يوق. بۇ جەھەتلەردىكى ئىلمىي پائالـ-
يەتلەر ئاساسەن پالەچ ھالدا تۇرماقتا. پۈتۈن تام رەسىملىرىنى
مەركەزلەشتۈرگەن ئالبوملۇق مۇلاھىزىلەر كەمدىن - كەم بول-
دى» دەپ ئەپسۇسلانغانىدى. بۇنداق رەسىملىك ئالبوم رەسسام
جاڭ ئەيخۇڭ تەرىپىدىن ئاللىقاچان نەشر قىلىنىدى. «قىزىل مىڭ-
ئۆي كېمىرلىرى رەسىملىرىدىن تاللانما» (ئۈچ قىسىم) ناملىق
بۇ كىتاب بىزنى قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى بىلەن تولۇق دېگۈ-
دەك تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ ئالىملىرى بۇ جەھەتتە
ئەھمىيەتلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىزچە، بۇ تەتقىقات
تېمىلىرى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىشى ۋە
يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىشى كېرەك. ئەنە شۇ
چاغدىلا مەسئۇلىيەت روھى كۈچلۈك، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيى-
تىگە ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئاجايىپ ئىلمىي
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ئالىمىمىزنىڭ «قول
يازمىلىرىمىز ئەينى پېتى ھەرقايسى مۇزېيلاردا، كىتاب ئىسكىلات-
لىرىدا قامىلىپ ياتماقتا. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە يەرلىك ئا-
لىملار جەلپ قىلىنمىدى» دېگەن ئەپسۇسلىرىغا جاۋاب قايتۇرالى-
غان بولىمىز.

# ئۇيغۇر سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ
# مۇنەۋۋەر جارچىسى

**مۇھەممەد چاۋار**

**ئاپتور ھەققىدە:** مۇھەممەت چاۋار 1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گۇما ناھىيە گۇما بازىرىنىڭ ئارايار كەنتىدە تۇغۇلغان. 1967 ـ يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتكۈزگەن. مۇھەممەت چاۋار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە ئالاھىدە مۇھەببىتى بار كادىر سۈپىتىدە تىرىشىپ ئىشلەپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە بىرنەچچە يىل باش كاتىپ بولغان. ئۇنىڭ «يېشىل مۇھەببەت» ناملىق شېئىر توپلىمى ۋە «شاھىنامىنىڭ ئاشىقى» ناملىق نەسرىي ئەسەرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. مۇھەممەت چاۋار 2016 ـ يىلى قازا قىلغان.

*　　　*　　　*

«گۈزەللىك» ـ ئىنسان تولىمۇ مەپتۇن بولىدىغان شەيئى. ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا، خىيال ـ ئارزۇسىدا، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقانداق ئىبارىگە قارىغاندا گۈزەللىك ئىبارىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا.

—— ئا . مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»

يېتۈك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا تەت-

قىقاتى، سەنئەت ئېستېتىكىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان سەمەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېگىلمەس ـ سۇنماس شىجائىتىنى، قەيسەر ئىلىم سۆيەر روھىنى، كۈچلۈك پەنشۇناسلىق ئىستېداتىنى ۋە بەقۇۋۋەت ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر زېمىنىدا بۈگۈنگىچە ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇنداق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك مۇنداق كەڭ دالادا يېگانە كېزىپ باققان ئەمەس.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ھاياتنىڭ ئۆزلۈكسىز يۈكسىلىشى، خىلمۇخىللىشىشى، مۇرەككەپلىشىشى ۋە ھايات شەكىللىرىنىڭ رەڭدارلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك تونۇغى ئىشلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز يېڭىچە تۈس كىرىپ، سىستېمىلاشقان ئىلمىي فورماتسىيەلىك ئالىي ھالىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئىنسانلارنىڭ بارلىق گۈزەللىك ھەققىدىكى تىندىنىسىيەلىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى يېتۈك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ھاياتىدا تۇنجى بولۇپ، سەنئەت ئېستېتىكىسى ئۈستىدە سىستېمىلىق ئىزدەنگەن، ئىستېداتلىق تەلەپچان پېشۋا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئېستېتىكا تەتقىقاتى ئەمدىلا باشلىنىشىغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېستېتىكا دەرسلىكىنى دادىللىق بىلەن تەسىس قىلىپ، ئالىي مائارىپنىڭ سەنئەت نەزەرىيەسىنى بىر يېڭى پەللىگە باشلاپ كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ ئېلان قىلىنىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت تەتقىقات دالاسىنىڭ يوپيورۇق مەنزىرىسىنى ئېچىپ بەردى. ئالىمنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بىر قاتار ئەسەرلىرى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تال-

ماس شىجائىتىنى، پىداكار ئىلىم سۆيەر روھىنى، مۇپەسسەل بى-
لىم قۇرۇلمىسىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. ئىنسانلارنىڭ سەنئەت
تۇغرىسىدىكى ئاڭ چۈشەنچىسى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھايات
مەۋجۇدىيىتىدىن كېلىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ يەردە
«سەنئەت ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى، ئېستېتىك ئاڭ-
نىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى» دەپ قارايدۇ. ئۇ بىلىشنىڭ قانۇنىيەتلى-
رى ۋە شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ، «سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ
ئوبيېكتىپ قانۇنلىرىغا، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك
يۆنىلىشىگە سادىق بولغان رېئالىستىك سەنئەت ھەقىقەتنى ئىپا-
دىلەش جەھەتتە مەنتىقىي بىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قېلىش-
مايدۇ» دەيدۇ.

ئىنسانىيەتنى بىلىش ھەقىقەتلىك قىممەتكە ۋە ھېسسىياتلىق
قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. سەنئەت ھاياتنى پەقەت ئوبرازلىق بىلىش-
نىڭ قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا كونكرېت، جانلىق، ھېسسىياتلىق،
تەسىرلىك ئىپادىلىگەندىلا، ئاندىن بىلىشنىڭ ھەقىقەتلىك قىم-
مىتىگە ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىغا، ھېسسىياتىغا، تا-
رىخ قارىشىغا، ئېستېتىك قارىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ
سەنئەتنىڭ قوش قىممەتلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىدۇر. سەنئەت
ئېستېتىك قانۇنىيەت ئاساسىدا راۋاجلىنىدۇ. سەنئەت تارىخىدىن
قارىغاندا، سەنئەت ئىجادىيىتىدە تۈرلۈك تەلىماتلار بولۇپ، ھەم-
مىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تۈپلۈك نەزەرىيەسى بولىدۇ، سەنئەت ئى-
جادىيىتىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى، گۈزەللىك قانۇنىيىتى ئاساسىدا
ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاڭلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پائا-
لىيىتىدۇر. «ئۇ بىلىش نەزەرىيەسى خاراكتېر ۋە ئېستېتىك تە-
پەككۇر قىممىتىگە ئىگە. ئۇ قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئىپادى-
لەشنىڭ بىرلىكى ئاساسىدىكى قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەت سەنئەت-
چىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن پەرقلىق بولۇپ، رېئالىستىك سەن-
ئەتنىڭ ئاڭلىق ئىجادىيەت جەريانىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ

ئېستېتىك قىممىتىگە ئاساس سالىدۇ.» (ئا. مۇھەممەتئىمىن «ئومۇمىي ئېستېتىكا»دىن)

كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كەڭ كۆلەملىك ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات جەريانىدا دۇنيانىڭ ئەڭ نادىر ئېستېتىكا جەۋھەرلىرى بىلەن تونۇشقان. ھەر خىل تىلدىكى ئەسەرلەرنى پىششىق ۋە ئەتراپلىق ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇيغۇر سەنئەت ھاياتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىن ئايانكى، ئۇ تەتقىقاتتا سىنتېزلاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدە ئاتالغۇ ــ ئۇقۇملارنىڭ دائىرىسى، كاتېگورىيەسى، ئېنىقلىمىسى تولىمۇ دەل، يارقىن، چۈشىنىشلىك شەرھلەنگەن. بولۇپمۇ ئېستېتىكا نەزەرىيەسىدىكى شەرھلەش قىيىن، ئۆلچەملىك مەنىسى تېخىچە بېكىتىلمىگەن قىسمەن ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىدىيىئال خۇسۇسىيىتى، سۆز ئادىتى، پەنشۇناسلىق ئۆلچەملىرى بويىچە ئىنتايىن ئىخچام ئىپادىلەنگەن، بېكىتىلگەن. ئۇ ئېستېتىكىنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلىگەندە، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانى بىلەن تەپەككۇر تارىخىغا ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر تاشلاپ، غەرب ۋە شەرقنىڭ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەتىجىلىك يەكۈنلىگەن. دەرھەقىقەت، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېستېتىكا تارىخىدا ئېستېتىكىشۇناسلار سەنئەتنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختىماستىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ھەرقايسىلىرى ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋېپ، يا سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە، يا سەنئەتكار ئېستېتىكىلىقىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىلا توختاپ قېلىشتى. نەتىجىدە، كۆپ ھالدا سەنئەتنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە بىر تەرەپلىمە يەكۈن چىقىرىشتى. بولۇپمۇ تەتقىقاتنىڭ مەنتىقلىق تەپەككۇرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى فورمۇلالاشتۇرۇپ، تولىمۇ بىمەنە سەنئەت ھادىسىلىرى-

نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا تەتقىقاتىدا بۇ جەھەتتە تولىمۇ پاساھەتلىك جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئېستېتىكىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى شەرھلىگەندە، ئۇنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ:

«سەنئەت ئېستېتىكىسىدا چىنلىق قانۇنىيىتى ئەڭ تۈپ قانۇندۇر. سەنئەتتە تۈرمۇشنىڭ چىنلىقىدىن چەتنەپ، ھەرقانداق بىلىشنىڭ قىممىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەيلى رېئالىستىك سەنئەت ياكى رومانتىك، فانتازىيەلىك سەنئەت بولسۇن، ھەممىسى چىنلىقنىڭ ئالاھىدە شەكىلدىكى بەدىئىي ئىپادىسىدىن ئىبارەت. چىنلىق قانۇنىيىتى سەنئەتنىڭ تۈپ ئۆلچىمىدۇر. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، سەنئەتتە چىنلىق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭدا ئوبرازلاشقان دۇنيامۇ بولۇشى كېرەك. دېمەك، سەنئەت ئوبيېكتىپ چىنلىق بىلەن سەنئەت چىنلىقىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدۇر، بۇنىڭسىز سەنئەتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

سەنئەت تۈرمۇشنىڭ چىنلىقى بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىدە ئىشقا ئاشىدۇ. بىلىش كېرەككى، سەنئەتتە چىنلىق، ھېسسىيات بولسىلا بەدىئىي ئوبراز ۋۇجۇدقا كەلگەن ھېسابلانمايدۇ. بۇ باسقۇچ سەنئەتتە پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. تەسەۋۋۇر سەنئەتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىدۇر. چىنلىق قانۇنىيىتى بىلەن تەسەۋۋۇر قانۇنىيىتى بەدىئىي ئوبرازنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇشۇ ئىككى قانۇنىيەتنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. بۇ ماھىيەتتە سەنئەتنىكى، بەدىئىي كومپوزىتسىيەلەش جەريانى بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش جەريانىدىن ئىبارەت. سەنئەتتىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى فوتوگرافىك ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىجادىي پائالىيەت، تەسەۋۋۇر پائالىيىتى، قايتا يارىتىلغان «ئىككىنچى تەبىئەتتۇر».

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەسەۋۋۇرغا دائىر سۆز-

يېكىتىنىڭ ھەرقايسى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنتايىن تەپسىلىي كۆرسىتىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ قاتلاملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ شەكىللىرى ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. سەنئەت ئوبرازلاشقان پەلسەپە، ئوبرازسىز سەنئەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. سەنئەتتە ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن جەزمەن بەدىئىي ئىپادىلەش يېتەرلىك دەرىجىدە ئوبيېكتلاشقان بولىدۇ، شۇڭا نادىر سەنئەت ئىجادىيىتىدە سەنئەتكارنىڭ ئىستېداتى بىلەن ماھارىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئېستېتىكا تەتقىقاتىدا ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن سەنئەتكارنىڭ ئىستېداتىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ سەنئەتكار خەلق پىكرىنى بايان قىلغۇچى، دەۋرنىڭ پەرزەنتى، خەلقنىڭ تەربىيەچىسىدۇر، دەيدۇ.

بىز ئالىمنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇ ئېستېتىكىنى بىر پۈتۈن جەريان سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدۇ. بۇ جەريان شۇبھىسىز تۈرلۈك باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئەمگىكى دەل مۇشۇ باسقۇچلاردىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان قىممەتلىك نەتىجىدۇر. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئېستېتىك پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمىسا كېرەك. ھەممە كىشىنىڭ ئۆز مەشغۇلاتى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك زوقلىنىشى بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا، ھۈنەر ـ كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەتالاشلار يۈز بېرىدۇ؟ ھەتتا ئاسانلىقچە كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئازارلىق ـ ئاداۋەتلەر بولىدۇ؟ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئېستېتىكا تەربىيەلىنىشىمىزنىڭ تېخى يېتەرلىك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت. كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھاياتتا ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق مۇتلەق بولىدۇ. سىز چىڭ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ نۇقتىدا، ئېھتىمال مەن تېخىچە چۈشىنىپ يەتمىگەن، ماڭىمۇ

خاس بولغان ئورتاقلىق باردۇ. مېنىڭ چىڭ تۇرغىنىمدىمۇ شۇن-
داق. ئۇ كەسىپتە ئۇلۇغلۇق بولسا، شۇبھىسىزكى بۇ كەسىپتىمۇ
شۇنداق بۈيۈكلۈك قىمىلداپ تۇرۇۋېتۇغۇ! بەرھەق بىز ئۆزىمىزنى
چۈشىنىش بىلەن تەڭ باشقىلارنىمۇ چۈشەنسەك ئۆز قىزىقىشى-
مىزنى قانچىلىك ئۇلۇغلىساق، باشقىلارنىڭ قىزىقىشىغىمۇ يې-
تەرلىك كۆڭۈل بۆلسەك، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن بىھۇ-
دە ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ سەنئەت ئېستېتىكىسى ئۈس-
تىدىكى تەتقىقاتى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
يەنە نۇرغۇن يېڭىدىن تەتقىق قىلىنمىغان تېمىلارنىمۇ مۇپەس-
سەل جاۋاب بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»سىدا
ئېستېتىك يادرولۇق، ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرى ئۈستىدىكى يېڭى-
چە جاۋابلىرى بىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىمىزدا ئىنتايىن
قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،
ئالىمنىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»سىدا دۇنيا ئېستېتىكلىرىنىڭ
مۇھاكىمىسىدە تا بۈگۈنگىچە دەتالاشتىن خالىي بولالماي كېلىۋات-
قان ئېستېتىكىنىڭ توپ مەسىلىلىرى يېتەرلىك شەرھلەنگەن. بۇ
مەسىلىلەر ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئەسلىي گۈزەللىك
بىلەن ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا. سەنئەت
پەلسەپىسىنىڭ ئېنىقلىمىسىدىن قارىغاندا، گۈزەللىك — بىر-
لەمچى گۈزەللىك ۋە ئىككىلەمچى گۈزەللىك، ماددىي گۈزەللىك
ۋە روھىيەت گۈزەللىكىگە ئايرىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، گۈزەللىك
ئوبيېكتىپلىقى نەزەرىيەسىنى گۈزەللىكنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا
ئومۇميۈزلۈك تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلى-
قى بىلەن سۇبيېكتىپلىقىنىڭ بىردەكلىكى نەزەرىيەسىنى روھى-
يەت گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي گۈزەللىك، ئېستېتىكىلىق ۋە
سەنئەت گۈزەللىكى قاتلاملىرىدا ئومۇميۈزلۈك قوللانغىلى بولى-
دۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ھەرقانداق خالىغان گۈزەللىك قاتلىمىغا

قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئەسلىي گۈزەل-
لىك قاتلىمىدا ئىنكاس شەكلىدىكى ئوبيېكتىپلىق ۋە ئىپادىلەش
شەكلىدىكى سۇبيېكتىپلىقنىڭ تەسىرى بولمايدۇ. ئېستېتىكىدا
ئېستېتىكىلىقنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بىلەن سۇبيېكتىپلىقنىڭ
بىرلىكىدىكى ئەسلىي گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بىلەن ئىپا-
دىلەنگەن شەيئىدىكى ئوبيېكتىپلىقنىڭ خاراكتېرى بىر-بىرىگە
ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتىپلىق-
نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ماھىيەتتە ئېستېتىكا تەتقىقاتىدا سوفىس-
تىكىلىق مۇھاكىمىگە يوچۇق قالدۇرىدۇ. ئەسلىي گۈزەللىكنىڭ
مۇتلەقلىقىگە نىسبەتەن ئېستېتىكىلىق نىسپىيلىككە ئىگە بول-
دۇ. شۇنىسى ئايانكى، ئېستېتىكىلىق ئىنسان يارىتىلغاندىن كې-
يىنكى ئېستېتىك چۈشەنچە. ئۇ تارىخىي نىسپىيلىكتە بولىدۇ،
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تىندىنسىيەلىرىنىڭ تە-
رەققىياتىغا قاراپ داۋاملىق ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ئۇ ئىندىۋىدۇئال-
لىققا، مىللىيلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈزەللىك تارى-
خىي نىسپىيلىكتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان خۇسۇسى-
يەتكىمۇ ئىگە بولىدۇ.

قەيت قىلىش كېرەككى، ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئېستېتىك چۈ-
شەنچە نىسپىي بولۇپلا قالماستىن، مۇتلەق ئوبيېكتىپلىق خۇ-
سۇسىيىتىگە ئىگە بولغان گۈزەللىكنىڭ شەكىل - ھالەتلىرىمۇ
تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، ھەممىسى ھەرىكەت جەريانىدا تۇرىدۇ.
ئېستېتىكا ئېستېتىكىلىق گۈزەللىك چەكسىز، گۈزەللىكنى بى-
لىشمۇ چەكسىز بولىدۇ. تەبىئەت گۈزەللىكى بۇزغۇنچىلىقتىن
قورقمايدۇ. ئىنسانلارمۇ گۈزەللىكنىڭ ۋاقىت، ھادىسىلەر تۇپەي-
لىدىن خازان بولۇشىدىن قورقمايدۇ. ئېستېتىكىدا ئېستېتىكىلىق
بەدىئىي ئوبرازچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىنسان
سۇبيېكتىدە ئىنكاس قىلىنغان ۋە قايتا قۇراشتۇرۇلغان ھېسسىي
ۋە تەپەككۇر ئوبرازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى

ئىدراكىي ئوبراز ۋە بەدىئىي ئوبرازدىن ئىبارەت. ئېستېتىكىلىق -
ئىنسانىي ھېسسىياتچانلىق قىممىتىگە، ئىنكاس قىممىتىگە ۋە
ئىپادىلەش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئېستېتىك ھېسسىيات ئوب-
رازنى ئوبيېكت قىلىدۇ. ھېسداشلىق — ئىجتىمائىي ھېس -
تۇيغۇ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ھېس - تۇيغۇدىن ئىبارەت. سەن-
ئەتنىڭ تەربىيەۋى تەسىرىمۇ ئاساسلىقى شۇ ئىنسانىي ھېسداش-
لىق قوزغاشتىن ئايرىلالمايدۇ.

شۇنى قايتا كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە تىلغا ئې-
لىنىۋاتقان سەنئەت ئەمەلىيەتتە سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى، يە-
نى تۇرمۇش - مۇھىت سەنئىتى (ھۈنەر - سەنئىتى، بىناكارلىق
سەنئىتى، مۇھىت سەنئىتى)، تەسۋىرىي سەنئەت (ھەيكەلتىراشلىق
سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى)، مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى
(مۇزىكا سەنئىتى، ئۇسسۇل سەنئىتى)، تىل - يېزىق سەنئىتى
(ئەدەبىيات سەنئىتى، شېئىرىيەت سەنئىتى، خەتتاتلىق سەنئىتى،
ناتىقلىق سەنئىتى)، ئۇنىۋېرسال سەنئەت (تىياتىر سەنئىتى، كى-
نو سەنئىتى، تېلېۋىزىيە سەنئىتى) قاتارلىق ساھەلەرنىڭ بارلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئېستېتىكا ئۆگىنىشتە سەنئەتنىڭ پۈت-
كۈل دائىرىسىنى ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكتە تەسەۋۋۇر قىلىش
كېرەك. ئېستېتىكىنى ئۆگىنىۋاتقاندا ياكى تەتقىق قىلىۋاتقاندا،
ئۇنى ھەرگىزمۇ مۇئەييەن ساھەنىڭ، مۇئەييەن كەسىپنىڭ ئالاھى-
دىلىكى بويىچىلا ئىگىلەشكە بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئىنسان ھايا-
تىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ياشاشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدىمۇ ئىش-
لەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا ئائىت ھاياتىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى
ئېستېتىكىلىقى بولىدۇ. ھاياتتا كىشىلەر مۇشۇ ساھەلەردىمۇ
ئوخشاشمىغان مەزمۇن، شەكىلدە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئارزۇسى
ۋە غايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەن بۇ ماقالەمنىڭ بېشىدىلا كۆرسە-
تىپ ئۆتكەندەك، يېتۈك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ
ئېستېتىكا تەتقىقاتى، سەنئەت ئېستېتىكىسى ئۈستىدە ئېلىپ

بارغان سەمەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېگىل-
مەس - سۇنماس شىجائىتىنى، قەيسەر ئىلىم سۆيەر روھىنى،
كۆچلۈك پەنشۇناسلىق ئىستېداتىنى ۋە بەقۇۋۋەت ئەقىل - پارا-
ستىنى نامايان قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر
زېمىنىدا بوگۇنگىچە ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كىشىنى ھاياجانغا سا-
لىدىغان مۇنداق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان ئەمەس. ھېچ-
كىم ئۇنىڭچىلىك مۇنداق كەڭ دالادا يېگانە كېزىپ باققان ئەمەس.
ئۇ ھەقىقەتەن سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ مۇنەۋۋەر مەشئەلچىسى
بولۇشقا مۇناسىپ، مەن ئۇنىڭ گوزەللىكنى ئادەتتىن تاشقىرى
قىزغىن سۆيىدىغان روھىغا ئەمىنلىك تىلەيمەن!

# «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»نىڭ تىل ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش

**مېھرىئاي تۇداخۇن**

**ئاپتور ھەققىدە:** 1977 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1995 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپى كەسپىدە ئوقۇغان. 2001 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئىلى ئوبلاستلىق رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «‹سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى›دىكى نەسرلەرنىڭ تىل ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. مېھرىئاينىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يازغۇچى ۋە ئوقۇرمەن»، «‹قۇتادغۇ بىلىك›تىكى مەرىپەتچىلىك قارشى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

* * *

نەسر ـــ ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئەركىن ژانىرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇ پىكىرنى ئەركىن ئىپادىلەش، تىلى يېنىك بولۇش، ئىپادىلەش جەھەتتە چەكلىمىلىككە ئۇچرىماسلىقتەك ئەۋ-

زەللىكلىرى بىلەن ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىغا قارايدىغان بولساق، نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدە-
بىيات تارىخىدا خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.
مەسىلەن: 7 — 8 - ئەسىرگە تەئەللۇق مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى-
نىڭ تىلىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ تېكىستلەرنىڭ تىلى يېقىم-
لىق، ۋەزنى يېنىك، شېئىرىي پۇراق بىلەن بايانچىلىقنىڭ بىر-
لەشكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇلار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ
دەسلەپكى نەسرىي شەكىللىرىدۇر. ئەپسۇسكى، كېيىنكى نەچچە
ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا نەسر ئىجادىيىتى ئاساسلىق ئە-
دەبىي شەكىل سۈپىتىدە داۋاملىشالمىدى، ئەمما ئايرىم ساندىكى
ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە نەسر شەكلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلى-
رىنى بايقايمىز.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات باسقۇچىغا كەلگەندە نەسر
ئىجادىيىتى باش كۆتۈرۈپ تەدرىجىي ئومۇملاشتى ۋە بۈگۈنكى زا-
مان ئەدەبىياتىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. شۇنداقلا مۇھىم بىر
ئەدەبىي ژانىر سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا نەسر ئىجادىيىتىگە يول
ئاچقان تالانتلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»،
«پادىشاھ سامۇرايلىرى ئىبغىر ھالسىرايدۇ»... دېگەن نەسرلەرنى
يازغان بولسا. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «دېڭىزدىن سادا»، «باش ئەگىم»
قاتارلىق نەسرلەرنى يېزىپ نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا
كۈچ چىقاردى. يېڭى دەۋرگە كەلگەندە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نۇرغۇن
ئەدىبلەر نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نەسر ئىجادىيە-
تىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تىكلىدى. ئۇيغۇر نەسر-
چىلىكى بۇ باسقۇچتا رەسمىي ژانىر سۈپىتىدە كەڭ ئەدەبىيات
ھەۋەسكارلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ باسقۇچتا نەسر ئىجادىيە-
تى بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈر. ئەخمەت ئىمىن. نۇرمۇھەممەت توختى. ئابدۇشۇكۇر مۇ-

ھەممەتئىمىن، ھاجى ئەھمەد كۆلتىگىن... قاتارلىق ئەدىبلەر دەسلەپكى قەدەمدە نەسر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسا، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەنەيتۇللا قۇربان، ئەنۋەر تاشتۆمۆر، بەگمەت يۈسۈپ... قاتارلىق ياش - ئوتتۇرا ياش ئەدىبلەر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا تۆھپە قوشتى. ھەمدە نەسر ئىجادىيىتىنىڭ شەكىل، تىل، ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىنساننىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇ دۇنياسىدىن يېڭى بىر رېئاللىقنى تەسۋىرلەپ چىقتى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قايتا گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلدى. بۇ جەرياندا يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن ئەدىبلەر نەسر ئىجادىيىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئاز بولمىغان ئەسىرلەرنى يازدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933 — 1995) مىللىتىمىزدىن چىققان ئۇلۇغ ئالىم، مائارىپچى بولۇپلا قالماي، يەنە تالانتلىق ئەدىب ئىدى. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن شېئىر، نەسرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «رۇبائىيات»، «چۇغلۇق» دېگەن ناملاردا، نەسرلىرى «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامدىكى نەسرلەر ناھايىتى كۈچلۈك پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بىر قاتار نەسرلەرنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يەنى ئادەم، تەبىئەت، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تارىخ... قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ نەسرلەر ئەدىبنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تارىخنىڭ سەۋدالىق يىللىرىدا يېزىلغان تەئەججۇپنامە، بۇنداق يىللارنى ئاپەتلىك دەپ ئاتىساڭ، ئاپەتلىرى تولىمۇ پاجىئەلىك. بۇنداق يىللارنى ئامەتلىك دەپ ئا-

تىساڭ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، زۇلمەتنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قوشقان تۆھپىسى ھېكمەتكە باي قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن سەۋدالىق يىللىرى ئىدى. سەۋدالىقنىڭ پاجىئەسى ئىچىدە، سەر- سانلىق ئىچىدە كۆتۈلمىگەندە كونا يوشۇرۇن خەزىنىگە ئېرىشىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى نۇرغۇنلىغان خەلق چۆچەكلىرىدە ئىس- پاتلانغانغۇ؟» ئېيتىلغاندەك، يازغۇچى كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقى- تىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى يۈكسەك پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەرگە قارايدىغان بول- ساق، بۇ نەسرلەردە لىرىكا بىلەن مۇھاكىمىنىڭ بىرلەشكەنلىكى- نى، تىلىنىڭ نەپىس، يېنىك، يېقىشلىق، ئوبرازلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ نەسرلەر باشتىن - ئاخىرى بىر خىل بەدىئىي قۇرۇلما ئىچىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ نەسرنىڭ شەكلىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. توپلام «كاككۇكنامە»، «مارجاننامە»، «سۇمۇرغنامە»، «جاھاننامە» ۋە «نىجاتنامە»دىن ئى- بارەت بەش نامدىن تۈزۈلگەن، بۇلار ئىستىخىيەلىك ھالدا بىر- لەشكەن ھەمدە بىر پۈتۈن توپلامدىكى نەسرلەرنى قۇرۇلما بىرلى- كى بىلەن مەنە ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلغان. بۇلار توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا توپلامدىكى نەسرلەر ئىنسان قەلبىنىڭ مۇرەككەپ جايلىرىنى پەلسەپىۋى پى- كىرلەر بىلەن جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

قىسقىسى، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەر مەيلى مەزمۇن، تېما، تىل جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى بىر پۈتۈن قۇرۇلما، شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، يىگىرمىنچى دەۋر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقى، ئابدۇشۈكۈر

مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە تالانتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ ماقالىدە، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەرنىڭ تىل ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدە نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەسەرنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىلىدۇ.

## 1. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»نىڭ تىل گۈزەللىكى

ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. ئۇ تىلنى ۋاسىتە قىلىپ ئوبراز يارىتىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى قانچە ياخشى بولسا، ئۇنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بىز بىر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن تىلىدىن ئۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تالانتىغا باھا بېرەلەيمىز. شۇڭا يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئەسەر ئىجاد قىلغاندا ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەرنىڭ تىلى ناھايىتى پاساھەتلىك، ئوبرازلىق، چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە بولۇشقا قارىماي، ئادەمگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان لىرىكا بىلەن يۇغۇرۇلغاچقا ئوقۇرمەنگە ئالاھىدە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ نەسرلەردە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرمۇ كەڭ تۈردە مۇۋاپىق قوللىنىلىپ، نەسرلەر تىلىنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرغان.

بىرىنچى، تىلدىكى پاساھەت

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، ناھايىتى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرگە باي، مەنىلىك ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ نەسرلەرنىڭ بەزىلىرى بىزگە ئەجدادلاردىن قالغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئەسلەتسە، يەنە بەزىلىرى ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممەتلىك تەرەپلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، بىزنى ئىنسان ھېكمەتلەر دۇنياسىغا باشلايدۇ. مەسىلەن:

*«كاككۇك! سەن ھاۋا بوشلۇقىنىڭ ئەركىن مەلىكىسى. قەپەس ئىستىقامەتگاھىنىڭ مەردانە غەزەلچىسى، زېمىن بايلىقىنىڭ ئەركە ساياھەتچىسى. ئىنسان ئۇچۇن پەلەكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن...*

*ئانا باغرىدا ئەركە، تەسەۋۋۇر كۆكىدە ئەركىن ئۆسكەن ئوماق بالىنىڭ كىشىلەر ئالدىدا خۇشامەتچى بولمىغانلىقىنى ئاز ئۇچراتقىنىم ئۇچۇن ھەسرەتلىنىمەن...»*

يازغۇچى نەسرىنىڭ «كاككۇكنامە» دېگەن بۇ بۆلىكىدە قەپەسكە تۇتقۇن بولغان كاككۇكقا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن كاككۇك ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. يازغۇچى نەزىرىدىكى كاككۇك قەپەسكە مەڭگۈ باقىمەندە قۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز ئەركىنلىكىگە ئىنتىلگۈچى، ئۆزىنى قايتا ياراتقۇچى، پەلەكنىڭ ئەركىن سەيياھى. ئىنسان بولسا پەلەكنى تەقدىر ــ قىسمەت ئورنىدا چۈشەنگۈچى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى خاراب قىلغۇچى. بۇلار يازغۇچىنىڭ ئاپەتلىك يىللاردىن ئالغان تەسىراتلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر ئۈزۈندىسى بولۇپ، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەسرلەردە ناھايىتى چوڭقۇر ھايات ھەقىقەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، يازغۇچى بەزىدە ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مەسىلەن:

*«لالە غۇنچىلىرىغا بىتاقەت بۇلبۇل: ئەي گۈلۈم ئېچىلساڭچۇ، دېدى.*

*لالە غۇنچىسى گۈل بەرگىنى ئاچتى. لالىلەر بۇلبۇلنى ئورۇۋېلىشتى. بىراق، بۇلبۇل خۇشال بولمىدى.*

*بۇلبۇل گۈل لالىلىرىگە قاراپ نىدا قىلدى: ماڭا كېرىكى گۈ-*

*زەللىك خەزىنىسى ئەمەس، ئۇ چىرايلىقنىڭ زىندانى، بىزەكلەر-نىڭ قەپىسى. ماڭا كېرىكى ئىشق - مۇھەببەت بۇلىقى بولغان سىنىڭدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، بىئارام كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان بە-باھا يۈكسەك سۆزلىرىڭ، دېدى.*

*لالىلەر قاقاھلاپ كۈلۈشتى، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى چېچىلدى. شەبنەم پىيالىلىرىگە مەيلەر قۇيۇلدى. ئىشق بىلەن كۆيلەنگەن يۈكسەكلىك گۈزەللىكنى ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن شولىلان-دۇردى.*

*بۇلبۇلنىڭ كۆڭلى ئېچىلدى، گۈلزار ئاشىقى، بۇلبۇلى ئازادى-گە ئايلاندى.»*

بۇ پارچىدە يازغۇچى بۇلبۇلنىڭ گۈلگە بولغان مېھىر - مۇ-ھەببىتى، سەمىمىي ساداقىتىنى چىن ھېسسىياتىنى ناھايىتى جانلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ، ئىنساننىڭ سەمىمىي، ساداقەت-لىك، چىن ۋاپادارلىق يۈكسەك غايىنىڭ ئۈلگىسى بولغان بۇلبۇل-دىن ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىككىنچى، تىلدىكى ئوبرازچانلىق

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەردە ناھايىتى ئوبراز-لىق تىل ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ جانلىقلىقىنى ئا-شۇرغان. بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىدۇر. يازغۇچى ئەسەردە مەلۇم بىر مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناھايىتى جانلىق، ئىخچام، نەپىس، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن. بۇنداق ئەھۋال بەزى نەسرلەرنى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە قىلغان. مەسىلەن:

*«ئۈمىد، ئۈمىد، ماڭا كېرىكى ئاشۇ نۇرانە ئۈمىد... ئۈمىد ئۇ نېمە ئىدى...*

*ئۈمىد — قاراڭغۇ كېچىدىكى شولىلىق چىراغ.*

*ئۈمىد ــ تەسەۋۋۇر دەرىخىدىكى رومانتىك قۇش قونىدىغان چاڭگا.*

*ئۈمىد ــ رېئاللىقتىن بىزار بولغان مېڭىنىڭ لىرىك ئايۋان-دىكى شېرىن چۈشى.*

*ئۈمىد ــ روھىيەت شىپاگىرىنىڭ تۇتىيا دورىسى.*

*ئۈمىد ــ پىل جىسمىنى پەيدەك ئۇچۇرىدىغان قانات.*

*ئۈمىد ــ يولتۇزلار چاچقۇلىرىنى سامادا ئارقانسىز كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ماگنىت.*

*ئۈمىدسىزلىك قىيامەت.»*

يازغۇچى بۇ يەردە ئاجايىپ ئوبرازلىق تىل بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈمىد توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ۋاھالەنكى، يازغۇچىنىڭ نەزىرىدە ئۈمىد نوقۇل ھالدىكى بەختىنىڭ بېشارىتى ئەمەس، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۈمىد يۇقىرىقىدەك نەچچە خىل مەنىلەرنىڭ بىرلەشمىسى، يازغۇچى بۇنى بىرنەچچە خىل ئوبرازلارغا يىغىنچاقلاپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. يازغۇچى ئۈمىدنى بەزىدە «قاراڭغۇ كېچىدىكى شولىلىق چىراغ» دېسە، بەزىدە ئۇنى قۇشلارنىڭ چاڭگىسىغا، چۈشكە، تۇتىياغا، قاناتقا، ماگنىتقا... تەققاس قىلىدۇ. بۇ سۆزلەر ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ نەسرىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان.

يازغۇچى يەنە ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن:

*«ئۈمىدسىزلىكنى نۆل قىلىپ، مۇھەببەتكە نەزەر سالغىنچۇ!*
*ئۇ مۇھەببەت تولغان روھىي خەزىنە!*

*ئۈمىدسىزلەرگە ۋارقىرايمەن: مۇھەببەت ئاداشقان يەلكەنىنىڭ ئالدىدا كۆرۈنگەن ئالتۇن قىرغاق!*

*ئۈمىد خىيالچىلىرىغا پىچىرلايمەن: ئۈمىد ــ چەكسىز ئۈمىدسىزلىك مازغاپلىرىدىن ھاسىل بولغان زۇمرەت قەلئە...»*

تىلدىكى پاساھەت، جانلىقلىق، ئوبرازچانلىق بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلغان.

ئۈچىنچى، تىلدىكى قويۇق شېئىرىي پۇراق

شېئىرىي پۇراقنىڭ كۈچلۈك بولۇشى — بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ تىلىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك دېيىش مۇمكىن. بۇ نەسرلەردە لىرىكا بىلەن مۇھاكىمە بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرىكىشى ئاساسىدا نەسرلەر شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان. ھەتتا بەزى نەسرلەر شېئىرىي قاپىيەگىمۇ ئىگە بولۇپ، ئوقۇغان كىشىگە بىر پارچە لىرىك شېئىر ئوقۇغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

شېئىر بىلەن نەسرنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم بولۇپ، نەسرمۇ شېئىرغا ئوخشاش ئەركىن ھېس - ھاياجاننىڭ مەھسۇلى. شېئىرىي رىتىم بىلەن نەسرىي تىلدىكى ئويناقلىق، ۋەزىندىكى ئەركىنلىك، ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنلىقىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ھەقتە شائىر بۇغدا ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ: «شېئىر بىلەن نەسرنى بىر تۇغقان دېيىشمۇ مۇمكىن. نەسر يازغۇچى گەرچە شائىر بولمىسىمۇ، ياكى ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن شېئىر رىتىمىغا مۇراجىئەت قىلمىسىمۇ، چىنلىق، ھېسسىيات ۋە شېئىرىي مەنزىلگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.»

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەرنىڭ رىتىمى جانلىق، ئوقۇشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شېئىرىي قاپىيەگىمۇ ئىگە. مەسىلەن:

*«باھار — گۈزەل تەبىئەتنىڭ گۈزەل پەسلى.*

*باھار — جانلىق تەبىئەتنىڭ مۇھەببەت مەۋسۇمى. سەن قوزغايسەن، ئۈمىد - ھەۋەس، مۇھەببەتنى، قوزغايسەن دەردلىك دىللاردىكى جاراھەتنى...»*

بۇ پارچىنى ئوقۇغىنىمىزدا نەسرنىڭ مەزمۇنىدىن قانچە ھوزۇرلانساق، نەسردىكى شېئىرىي رىتىمدىنمۇ قەلبىمىز شۇنچە لەرزىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەسرلەردە نەسرىي بايان بىلەن شېئىرىي بايان بىرلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولۇپ، نەسرىي تىلدا قوش ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. مەسىلەن:

*«سەن بۇلبۇل، ئاۋازسىز، تىنچىق كېچىدە سايرىغان تەنھا بۇلبۇل.*

*سەن يۇلتۇز، ئايسىز، بۇلۇتسىز كېچىنى يېرىپ چىققان يۇلتۇز.*

*ئاي چىقتى دېڭىز تاشتى، قۇلۇلىلەر لەرزىگە كەلدى، ياپراقتا شەبنەم مارجانلىرى چۈشتى.*

*تاڭ ئاتتى، لالە يۈزىدە ھەرە ۋە كېپىنەك مارجانلىرى قوزغالدى.*

*مانا، بۇلبۇل نامسىز دەريا لېۋىگە گۈل ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇدى...»*

بۇ پارچىدا لىرىكىمۇ، شېئىرىي رىتىممۇ بار بولۇپ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان.

تۆتىنچى، ئىستىلىستىكىلىق ئۆزگىچىلىك

ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ جانلىق، كەڭ تۈردە قوللىنىلىشى بىر تەرەپتىن، يازغۇچى – سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي تالانتىغا، قابىلىيىتىگە باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، نەقىل كەلتۈرۈش... قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ مۇۋاپىق قوللىنىلىشى ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى»دە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر

ناھايىتى جانلىق، دەل، مۇۋاپىق قوللىنىلغان بولۇپ، ئەسەر تىلىنى باي مەنىگە، كۈچلۈك ئىچكى رىتىمغا ئىگە قىلغان. يازغۇچى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەندە بۇرۇنقى قېلىپلىشىپ قالغان، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن تەييار فورمۇلالىق سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلانغان. ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ يېڭى، ئىجادىي بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان، مەسىلەن: «ئوغلۇم، ئۇچۇرما بولۇپ يېنىمدىن يىراقا پەرۋاز قىلمۇاتقىنىڭدا، ئانانىڭ ئىللىق كۆز ياشلىرىنى ئىزاھلاپ قويماقچىمەن. ئۇ مۇھەببەت چېچەكىنىڭ ئۇستىدە شەبنەم، چىراغ تاج يېنىدىكى پەرۋانە، ئۆمۈر مەنزىلىدىن توپلانغان ھېكمەتلىك تىلتۇمار». ئانا ھەققىدىكى بايانلارنى، ھېكمەتلىك ئوخشىتىشلارنى، مۇھاكىمىلەرنى بىز كۆپ ئۇچراتقان. ئەمما، ئانا ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك ئوخشىتىشنى ياكى سۈپەتلەشنى بىز باشقا شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇچرىتالمايمىز. بۇ پەقەت ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئوخشىتىشىدۇر.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى. يازغۇچى بىر ـ بىرىگە يېقىن ۋەياكى قارشى بولغان ئىككى خىل ئۇقۇمنى، ئىككى ھەقىقەتنى بىر ـ بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

*«سېۋەتلىرىم گۈلسىز قۇرۇق، ئۇنى پاخال بىلەن بېزىمەيمەن. سۇمۇرغلىرىم پەيسىز ئاقساق، ئۇنى خوراز پەيلىرى بىلەن زىننەتلىمەيمەن»*

*«ئۇمىد بىلەن ئۇمىدسىزلىك ئارىسىدىكى دالىدا مېنىڭ ھۇجرام بار. قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ماڭا ھايات ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ تۇرىدۇ. پۇتۇمنى تۇتيا تۇپراقتىن ئايرىمايمەن، گىياھلار مېنىڭ سىردىشىم».*

مانا بۇ نەسرلەردە روشەن هالدا سىلىشتۇرما ئۇسۇل قوللىنىلىپ، كىشىلىك هايات هەقىقىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سىمۋوللۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىش بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، يازغۇچى بىر پۈتۈن توپلامدا دىگۈدەك سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن ۋە سىمۋوللۇق سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ توپلامدىكى بەش بۆلەكنىڭ تېمىسىمۇ سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە بولۇپ، «كاككۇكنامە» شۇ دەۋردىكى قەپەس تۇتقۇنى، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق قىسمىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «مارجاننامە»مۇ ئوخشاشلا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. «سۇمۇرغنامە»، «جاهاننەما»، «نىدانامە»... قاتارلىقلارمۇ سىمۋوللۇق مەنىدە كەلگەن.

نەسرلەرنىڭ ئىچىدە بولسا سىمۋوللۇق سۆزلەر ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

*«ئوت — تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى.*

*ئوتنىڭ تۇرلىرى تولا. پەرۋانىنىڭ زوقى ئۇچۇن پەقەت چىراغ ئوتىلا مۇقەددەس!*

*چىراغ ئوتى! پەرۋانىنىڭ مۇھەببەت شەيدالىقىدىن دېرەكسىز بىرەھىم مەشۇقە، سېنىڭ ئاشىقىغا بېغىشلىغان ئىلتىپاتىڭ ئۆلۈم خاتىرجەملىكى.*

*ئوت — تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى.*

*ئوتنىڭ تۇرلىرى تولا. ئىنسانىيەتنىڭ زوقى ئۇچۇن پەقەت ئالەم مۇھەببىتى، هايات سۆيگۈسى، زېمىن ئىشقى ئوتىلا مۇقەددەس!*

*زېمىن ئوتى! ئەي، ئانا تۇپراق.*

*هايات ئوتى! ئەي، ئىنسانىيەت.*

*ئىنسانىيەت مۇھەببىتىنىڭ پەرۋانىدەك تەقدىرنى تۈزىتىدىغان ئەڭگۈشتەرى يوقمىدۇ؟!»*

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يازغۇچى ئوت ئۇقۇمنى ناھايىتى كەڭ تۈردە ئىزاھلاپ، ئوتنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە يېقىندىن يوشۇرۇن مەنىلەرنى قوشىدۇ.

قىسقىسى، «سەۋدالىق تەجۇپنامىسى»دىكى نەسرلەر تىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

### 2.«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»نىڭ شەكىل گۈزەللىكى

ئەدەبىي ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلىشىپ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ماسلىشىشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ «ھۆسنى»گە يەنە بىر «ھۆسن» قوشىدۇ. چۈنكى مەزمۇن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغاندىلا ئۇنىڭدا نىمە سۆزلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەكىل بولسا ئەسەرنىڭ تاشقى پوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى كۆزگە چېلىقىدىغان قىسىمدۇر. شۇڭا بىر پارچە ئەسەردە مەزمۇن قانچە مۇھىم بولسا، شەكىلمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەر تىل جەھەتتىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە شەكىل جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ نەسرلەر چوڭ جەھەتتىن مۇستەقىل بەش تەركىبىي قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولسا، كىچىك جەھەتتىن يەنە مۇستەقىل ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنىگە ئىگە. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بۇ نەسرلەر نەچچە خىل ماۋزۇ ئاستىدا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەپلىرىنى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. نەسرلەرنىڭ تارقاقلىقى ئىچىدە باغلىنىشچانلىق چېلىقىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى بىر پۈتۈن توپلامدىكى نەسرلەرنى «بەشنامە» (كاككۇكنامە، مارجاننامە، سۇمۇرغنامە، جاھاننەما، نىجادىيەتنا-

مه)گه يىغىنچاقلاپ، بىر پۈتۈن مەزمۇننى بىر ـ بىرىگە باغلىسا، بۇ نەسرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم پارچىلارنى مەزمۇن ۋە پىكىر بىرلىكى ئىچىدە بىر سىستېمىغا ئىگە قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى بىر پۈتۈنلۈك

بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىز ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەسەرنىڭ باشتىن ـ ئاخىرى بىر خىل مەركىزىي ئىدىيەنىڭ يېتەكلىشىدە، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا يېزىلغانلىقىنى، ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەسرلەرنىڭ ھەربىر بۆلىكىنى مەزمۇننىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، بۇ توپلامدىكى نەسرلەر چوڭ جەھەتتىن بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ بۆلەكلەر بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى باغلىنىدۇ. بىرىنچى بۆلەك «كاكۇكنامە» بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسمى، شۇنداقلا مەركىزىي ئىدىيەنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇنداقچە ئېيتقاندا، يازغۇچى پىكىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. چۈنكى بۇ بۆلەكتىكى نەسرلەرنىڭ مەزمۇنى «قەپەس» ئىچىدىكى «كاككۇك»نىڭ ئاھۇپىغانى، كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى قاراشلىرى، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى بۆلەك، «مارجاننامە» بولۇپ، بۇ بۆلەك «كاككۇكنامە»نىڭ داۋامىدۇر. ھىجراندا ئاھ ـ نادامەت چەككەن كىشىنىڭ مارجاندەك ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىشى تەبىئىي. بۇ ھەقتە ئەسەردە مۇنداق بايانلار بار:

*«پىيالىگە چۈشكەن ئىككى تامچە يېشىم قىزىل مارجاندەك چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭغا بېقىپ سەۋدايى خىياللارغا غەرق بولدۇم. ئەنە سوقرات ھېكىم، ئۇ زېمىن ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئانىمىز، دېدى. مەن مەمنۇنلىنىپ پايانسىز ئانا كۆكسىدە يەنە ساغا نېمە*

*يېتىشمەي يېغلايسەن، دېدىم. كۆز ئالدىمدىكى پىيالە چەكسىز دې-*
*ڭىزدەك چايقىلىپ، ئۈنچە ـ مارجانلار پەرىلەردەك ئۇسسۇلغا*
*چۈشتى، مەن روھلاندىم.»*

بۇنىڭدىن بىز مارجاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. ئۈچىنچى
بۆلەك، «سۇمۇرغنامە» بولۇپ، يازغۇچى ئاسماننىڭ سەركىسى سۇ-
مۇرغنىڭ ئۆزىنى ئوتتا كۆيدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەپ-
سانىۋى دېتال ئارقىلىق رېئال دۇنيا بىلەن ئۆتمۈش ئۈستىدە پى-
كىر يۈرگۈزىدۇ. بۇ «كاككۇكنامە»، «مارجاننامە»دىن كېيىنكى يې-
ڭى بىر مەزمۇندىن ئىبارەت. تۆتىنچى بۆلەك، «جاھاننەما»دە بولسا
يازغۇچى قەلىمىنى «جاھان ئەينىكى»گە يۈگۈرتىدۇ. ئۇ ئەينەكتىن
ئۆتمۈشنى، ھازىرنى كەلگۈسىنى كۆرىدۇ.
«جاھاننەما ئەينىكى تۇرمۇشنىڭ سەھنىسى، ئادالەت مۇنبىرى،
چىنلىق مەدرىسەسى». مانا بۇ ئەدىبنىڭ «جاھاننەما»دىن يەكۈنلەن-
گەن خۇلاسىسى. بەشىنچى بۆلەك «نىجادىيەتنەما». بۇ بىر پۈتۈن
ئەسەرنىڭ خاتىمىسى، شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ يېشىمى.
مەسىلەن:

*«جاھاننەما ئەينىكىدىن نىجادىيەت ھېكمىتى چاقنىدى.*
*مەن قولۇمغا دانكوننىڭ يۈرەك مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ئادالەت*
*مۇنبىرىگە چىقتىم، كۆزۈمدە يالتىرىغىنى ھەققەتنىڭ قۇتبىنا-*
*مىسى ئىدى.*

..........

*كاككۇكلار شادلىنىپ قاقاھلاشتى...*
*مارجانلار يۇلتۇزدەك جىلۋە قىلدى.*
*سۇمۇرغ يالقۇن ئىچىدىن يېڭى تۇغۇلغان رامادەك ئۆز باھارىغا*
*ئېرىشتى.*
*جاھاننەما ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى قىياپىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.*

*نىجادىيەت ئىلاھى مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ سائادەت ۋە پەزىلەت بوستانىغا قەدەم چەكتى».*

بۇ نەسرلەر مانا شۇنداق تاشقى بىردەكلىك ئاساسىدا ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

ئىككىنچى، ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى نىسپىي مۇستەقىللىق

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»دىكى نەسرلەر يۇقىرىقىدەك تاشقى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ھەربىر بۆلەكنىڭ ئىچىدىكى نەسرلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنە ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنى ئايرىم ئوقۇغىنىمىزدا بۇ نەسرلەردىن ئوخشاشلا ھوزۇر ئالالايمىز.

توپلامدىكى ھەربىر بۆلەككە 100 دىن نەسرىي پارچە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ نەسرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئايرىم بىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بىر پۈتۈنلۈك بىلەن نىسپىي مۇستەقىللىق ئىچىدە تۈزۈلگەن بۇ نەسرلەرنى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى ئالاھىدە نامايەندە دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن، توپلامنىڭ «جاھاننەما» قىسمىدا مۇنداق نەسرلەرنى ئۇچرىتىمىز: 26 ـ پارچە نەسردە مۇنداق مەزمۇن سۆزلەنگەن: «رەقىبلىرىم مېنى ھاقارەتلەيدۇ، ئۇ مەھبۇبلىرىمنىڭ ھامىيلىقى ئۈچۈن بىر قوشۇمچە. دۇشمەنلىرىم ماڭا قەست قىلىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ھاياتلىقىمنىڭ تەنتەنىلىك تەرەددۇتى.» 30 ـ پارچىدا: «نۇرانە نەرسىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كۆرە، ئۇنى ساختىلاشتۇرۇشنىڭ بالايىئاپىتى قورقۇنچلۇق» دېگەن مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. بىز بۇ ئىككى پارچە نەسرنى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ئايرىم نەسرلەر دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، توپلامنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىكى نەسرلەر ئايرىم ماۋزۇ بىلەن ئېلىنغان ھەمدە مەزمۇن جەھەتتىمۇ مۇستەقىل مەنىگە ئىگە قىلىنغان. بۇ نەسرلەرنى ئايرىم ئەسەر سۈپىتىدە كۆرۈشكە بولىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر نەسرچىلىكىدە مەيدانغا كەلگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان «سەۋدالىق تەئەججۇپنا-

سى»دىكى نەسرلەر مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ھەممە تەرەپلەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر بولۇپ، بۇ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالاھىدە بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلدى. ئەسەرنىڭ يەنە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ خېلى گەۋدىلىك، بۇ بىزنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

2. ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

3. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر نەسرلىرىدىن تاللانما»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

4. بۇغدا ئابدۇللا: «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

# سەنئەت تەتقىقاتىمىزدىكى يول ئاچقۇچى

## ئاينۇرە ھېمىت

**ئاپتور ھەققىدە:** ئاينۇرە ھېمىت 1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 2006 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلگەن. 2011 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە ئاشۇ ئىنستىتۇتتا ماگىستىرلىقنى ئوقۇغان. ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ ئاپتونوم رايونلۇق تېلېگىراف ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 2015 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاتۇش شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا، 2 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى» بىلەن ئىككى يىللىق خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا نەچچە ئون پارچە تەرجىمە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. «قەلب ۋە خاراكتېر ھەققىدە ھېكايە» قاتارلىق ئۈچ پارچە تەرجىمە كىتابى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 15 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «سەنئەت تەتقىقاتىمىزدىكى يول ئاچقۇچى» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

* * *

1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 17دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاتاقلىق پېداگوك، كۆپ قىرلىق

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ يۇرىكى سوقۇشتىن توختاپ بىزنى مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل داۋامىدا، ئالىمنىڭ بىر قىسىم شاگىرتلىرى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان ئوبزورلارنى، ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلـ-گەن ماقالىلەرنى، ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلـ-غان مەخسۇس كىتابلارنى، شۇنداقلا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى-نىڭ كاتولوگىنى نەشر قىلدۇرۇپ ئىجتىماتلىق ئالىمنىڭ ئەدە-بىي ئىجادىيەت، ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، ئۇيغۇر سەنئەت تارىخى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى ساھەلىرىدە قولغا كەلـ-تۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھالار بېرىشتى. بىراق، ئالىمنىڭ بارلىق ئىلمىي نەتىجىلىرى ئىچىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇر سەنئەت تەتقىقاتى ساھەسىدە ئىشلىگەن ئىلـ-مىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىلىق ئەسەرلەر ئېلان قىلىنمىدى. ئالىمنىڭ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە 15 يىل توشقان مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ ھەقتە تۆت ئېغىز گەپ قىلىش ئارتۇقچە ئەـ-مەس، ئەلۋەتتە!

**1. ئېستېتىكا تەتقىقاتى**

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن باشقا ئىلمىي ساھەلەر قا-تارى ئېستېتىكا ئىلمى ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئېستېتىكا ئىلمىگە تولۇق كۆڭۈل بۆلـ-مەسلىك ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ئۇ ئېستېتىكا تەتقىقاتى داۋامى-دا «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» قاتارلىق نەزە-رىيەۋى كىتابلارنى يېزىپ ۋە «ئېستېتىكىدىكى لېكسىيەلەر»نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «گۈزەللىك تەربىيەسى

ۋە ئۇنىڭ رولى»، «ئېستېتىكا قانداق پەن؟»، «خاراكتېر ۋە خا-
راكتېر گۈزەللىكى»، «ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكى»،
«گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىيەلىك سېلىشتۇرمىسى»،
«شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «كۆسەن
رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر يۈ-
رۈش ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئېستېتىكا
دەرسى ئۆتۈلمەسلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتتى ھەم ئېستېتىكا تەتقى-
قاتىنىڭ قانات يېيىشىغا مۇستەھكەم ئۇل ھازىرلاپ بەردى.

«ئومۇمىي ئېستېتىكا» — ئالىمنىڭ ئېستېتىكا ئىلمى ھەققى-
دىكى تۇنجى ئىلمىي كىتابى بولۇپ، «ئېستېتىكا نەزەرىيەسى» ۋە
«ئېستېتىكا تارىخى»دىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن. ئال-
دىنقى بۆلۈمدە «ئېستېتىكا» ئاتالغۇسى شەرھلەپ ئۆتۈلگەندىن
كېيىن، ئېستېتىكا ئىلمى بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتى-
لىق شەرھلەنگەن. ئالىم ئارقىدىنلا ئېستېتىكىنىڭ ئەھمىيىتىگە
كۆز يۇمغۇچى، ئۇنىڭ رولىغا سەل قارىغۇچى ھەم ئۇنى ئۆگى-
نىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىپ،
ئېستېتىكا ئىلمى بىلەن قۇراللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلى-
گەن. ئۇ يەنە ئىنسانىيەت ئېستېتىكا تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن
پىفاگور، دېموكرىت، پىلاتون، كانت، گېگىل، چېرنىشېۋىسكىي،
كارل ماركس قاتارلىق بىر تۈركۈم پەيلاسوپلارنىڭ گۈزەللىك
ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى شەرھلەش ئارقىلىق، ئوقۇر-
مەنلەرنى گۈزەللىك ھەققىدە ئەتراپلىق، توغرا قاراشقا يېتەكلى-
گەن.

ئالىم كىتابنىڭ «ئېستېتىكا تارىخى» بۆلۈمىدە ئىپتىدائىي
دەۋر، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈل-
لىنىشى دەۋرىدىكى تۈرلۈك ئېستېتىك قاراشلار ھەم ئېقىملارنى
سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ
2000 يىلدىن بۇيانقى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن پەن ئالىملى-

رىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بەرگەن.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا» ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا ئىلمى ھەققىدىكى ئىككىنچى كىتابى بولۇپ، 19 بابتىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا ئېستېتىكىنىڭ ئوبيېكتى، قاتلاملىق ئېستېتىكا پىرىنسىپلىرى، ئەسلىي گۈزەللىك نەزەرىيەسى، ئېستېتىكا نەزەرىيەسى، ئېستېتىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ھالەتلىرى، سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيەسى، سەنئەتنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى، سەنئەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى، بەدىئىي ئىجادىيەت نەزەرىيەسى، ئىلھام، تالانت، ئۇسلۇب، ئىجادىيەت ئوبيېكتى، سەنئەتكار، بەدىئىي زوق، سەنئەت تەنقىدى، شەكىل گۈزەللىكى، خاراكتېر گۈزەللىكى، بىلىم گۈزەللىكى، ئىقتىدار گۈزەللىكى... قاتارلىق مەسىلىلەر ئىنتايىن ئەتراپلىق، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. «گۈزەللىك تەربىيەسى» كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈمى بولۇپ، بۇ بۆلۈم مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىزدە ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان گۈزەللىك تەربىيەسى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن.

## 2. قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇللار تەتقىقاتى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىلا باشلانغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى 1973 ـ يىلى «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» نامىدا مەخسۇس كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئالىم كىتابنىڭ نەشرىگە يازغان «مۇقەددى-

مە»سىدە «سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىماي تۇرۇپ، سەنئەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرى ۋە سەنئەتنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەدىمكى زامان سەنئىتى ھازىرقى سەنئەتنىڭ تارىخى مۇزېيى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ باي ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان. بەلكىم بۇلار ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولسا كېرەك.

«شىجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتاب گەرچە مۇقەددىمە، خاتىمىدىن باشقا، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا سەنئىتى»، «شىجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋردىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئۇيغۇر نەغمىلىرىنىڭ تارىخىي باغلىنىشى» قاتارلىق تۆت بابتىنلا تەركىب تاپقان، ھەجمى 100 مىڭ خەتكىمۇ يەتمەيدىغان كىتابچە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە سىغدىغان ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ مولىلىقى، ئۇچۇر قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ھازىرغا قەدەر تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلمەكتە.

«شىجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتابتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەم ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى، شۇنداقلا شۇ رايون خەلقلىرىگە كۆرسەتكەن غايەت زور ئىجابىي تەسىر نۇقتىلىق شەرھلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، تاكامۇللىشىشى ھەم قوشنا ئەل خەلقلىرىنىڭ سەنئىتىگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە يېتىش جەريانى ئىشەنچلىك پاكىتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەسەرگە تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈلگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرى شائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ھەققىدە يازغان قىم-

مەتلىك شېئىرلىرى كۆپلىگەن كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

### 3. ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئۇ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەر خىل تىل ـ يېزىقتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ تەتقىق قىلىش، خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ مۇقامنىڭ مەنبە ـ ئېقىنلىرىنى ئېنىقلاش، يالغۇز يازما مەنبەلەرگىلا تايىنىۋالماستىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغىمۇ ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقاملىرى، جۈملىدىن «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» مۇزىكىلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، مۇقامنىڭ رىتىمى، ئۇدار، ۋەزىنلىرى، تېكىستلىرى، كىلاسسىك شائىر ۋە مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «‹12 مۇقام› ۋە تۇردى ئاخۇن»، «ئامانىنىساخان ۋە ‹12 مۇقام›»، «رۇخسارى مۇقامى ۋە زىكرى ئەلپەتتا»، «‹12 مۇقام› ھەققىدە»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹12 مۇقام› ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئېپتىخارى»، «‹12 مۇقام›نىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى»، «شەرق مۇزىكىچىلىقىدىكى بىباھا گۆھەر»، «‹12 مۇقام›نىڭ تۆت چوڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا»، «‹12 مۇقام› ۋە نەۋايىخانلىق ئەنئەنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىنلىرى»، «‹12 مۇقام› ھەققىدە 24 مەسىلە»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى ــ قومۇل مۇقاملىرى ھەققىدە»، «‹12 مۇقام›غا دائىر مۇھاكىمىلەر»، «دولان مۇقاملىرى بىلەن قومۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى»، «كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇللى-

رىنىڭ تارىخىي تەسۋىرىي ئۆچۈرلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلـ-مىي ماقالىلەرنى ۋە شۇ ئاساستا «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹12 مۇقام› ھەققىدە»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» قاتارلىق كاتتا ئىلمىي كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقات ساھەسىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغان.

بولۇپمۇ ئالىمنىڭ 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹12 مۇقام› ھەققىدە»، 1997 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابلىرى ھەجىمىنىڭ چوڭلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنىنىڭ كۆپلىكى، ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ موللىقى ھەم ئىلمىي نەزەرىيەۋى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئالىم بۇ ئىككى كىتابىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى، تاكامۇللىشىش جەريانى، تارىخىي قىسمەتلىرى، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق ئېستېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق قىممىتى، خەلقئارالىق ئەھمىيىتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوللىرى قاتارلىق نېگىزلىك مەسىلىلەرنى ئىنتايىن تەپسىلىي، روشەن يورۇتۇپ بەرگەن.

ئالىمنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى قانداقتۇر ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ھىندى سەنئىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن قۇرۇلۇپ قالغان سۇنئىي، جانسىز گەۋدە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئېتنولوگىيەلىك مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان گۈلزارلىق. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقىي ئانىسى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ قەشقەر مۇقامى، كۇچا مۇقامى، دولان

مۇقامى، خوتەن مۇقامى، قومۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى ۋە ئىلى مۇقامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇيغۇر مۇقاملىرى نوقۇل مۇزىكىلىق سەنئەت ئەمەس، بەلكى مۇزىكا، ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىق ئامىللارنى بىر گەۋدە قىلغان كۆپ ژانىرلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق شۇنداقلا ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ نەپىس نەغمىلەر تىزمىسى» دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ قاراش پۇختا ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەنگەن بولغاچقا، كېيىنكى مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

**4. تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى**

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجى سانالغان مىڭئۆي تام رەسىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. ئۇ بۇ جەھەتتە ئەڭ دەسلەپ قەلەم تەۋرەتكەن كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ماتېرىيال توپلاش، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ھەم بېرىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «كۈسەن ئۇسسۇلى ھەققىدە»، «قەدىمكى كۈسەننىڭ كىلاسسىك ئۇسسۇلى»، «كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «كۈسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى توغرىسىدا»، «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەسۋىرىي ئۈچۈرى»، «شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل ماقالىلىرىنى ۋە شۇ ئاساستا «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق نادىر كىتابىنى يېزىپ چىقىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆتۈقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ھەم يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىنى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتا باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق نادىر كىتاب 13

باب يېزىلغان بولۇپ، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىگە مۇنا-
سىۋەتلىك 200 پارچىگە يېقىن تارىخىي سۈرەت كىرىشتۈرۈلۈپ،
كىتابنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان. بۇ كىتاب
غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇن-
جى يىرىك تەتقىقات بولۇش سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس، ئۇيغۇر قە-
دىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدە ئۆز ۋارىسلىرى ئۆز تىلىدا ئېلىپ
بارغان مۇكەممەل، سىستېمىلىق تەتقىقات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا
مەزمۇن قاتلاملىرىنىڭ روشەن، تېماتىكىسىنىڭ ئېنىق، پاكىت-
لىرىنىڭ ئەمەلىي، كۆزقاراش، تەھلىللىرىنىڭ ئىلمىي، كەلتۈر-
گەن ئىسپات ۋە دەلىللىرىنىڭ پاكىتلىق ئىكەنلكى بىلەن ئالاھى-
دە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.
«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق نادىر كىتاب ئې-
نىق مەقسەتچانلىقتا، پىكىر ئىزچىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى، تاش-
كېمىر سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئەتراپلىق،
چوڭقۇر شەرھلەنگەنلىكى، ئوقۇرمەنلەرنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدە-
بىياتىدىكى بۇددىزم دەۋرى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تو-
لۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇددىزم
تەلىماتىنى ئەڭ چۈشىنىشلىك يوللار بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن-
لىكى ھەم تاشكېمىر سەنئىتىمىزنىڭ ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىش
جەريانىنى تارىخىي يوسۇندا خۇلاسىلەپ بەرگەنلىكىدەك ئالاھىدى-
لىكى بىلەن كەڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن گۈ-
زەل ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدى-
غان كىتابى بولۇپ قالدى.

### 5. باشقا تېمىدىكى تەتقىقاتلار

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا ئىلمى، شىنجاڭنىڭ
قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل تارىخى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى، شىنجاڭ
تاشكېمىر سەنئىتى ساھەلىرى بويىچە كەڭ كۆلەمدە تەتقىقات ئې-

لىپ بېرىش بىلەن بىرگە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېتال ھۆ-
نەر - سەنئىتى، شىنجاڭنىڭ كىيىم - كېچەك تارىخى، سەنئەت
ئوبرازچانلىقى ھەم ئاتاقلىق سەنئەتكارلار تەتقىقاتى ساھەلىرى بو-
يىچمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدەنگەن ھەمدە «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى-
نىڭ يېڭى زېمىنىنى ئاچايلى»، «‹پەرھاد - شېرىن› تىراگېدىيەسى
ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى»، «مۇقام ناملىق ماي بوياق
رەسىمى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يې-
ڭى نامايەندە»، «‹يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى› ناملىق كى-
تابقا باھا»، «ئاسىنا مەلىكە ۋە غەربىي يۇرت سەنئىتى»، «‹غازى
ئەھمەد رەسىملىك توپلىمى›غا باھا»، «مىللىي ئۇسسۇلنىڭ سىرى
ۋە سېھرىي كۈچى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىنىڭ يېڭى جىلۋى-
سى»، «شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەر — ‹12 مۇقام›نىڭ تو-
لۇق رەتلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن»، «سىكتاي — ساك — ئۇي-
غۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىل-
لىق»، «كىلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى
دىنى رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى»، «غەربىي يۇرت تىياتىر سەنئى-
تىنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «ئۇيغۇر
مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ
گېنئالوگىيەلىك سىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالە،
ئوبزور، باھا ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر
سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھېسسىياتىنى ۋە يول
ئاچقۇچىلارغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئىپادىلىدى. بۇ
ماقالىلەرنىڭ بىر قىسمى ئالىمنىڭ 2009 - يىلى شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى سەنئەت
جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلۈپ جامائەتچىلىك بىلەن
قايتا يۈز كۆرۈشتى.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كىنو سې-

ناريەسى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەت-
تىكى يېتىلگەن ئىستېداتىنىمۇ نامايان قىلغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قى-
لىنغان «كۇمىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيەسىدە ئىپادىلەنگەن
مەزمۇن چوڭقۇر بولۇپ، ئەينى دەۋرنى تەسۋىرلەشتىكى خاسلىق
ۋە يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە ئوقۇرمەننى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ
قىلىدۇ. بۇ سېنارىيە قارىماققا ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇ-
مىراجىۋانىڭ ھاياتىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغاندەك
قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھاياتىنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ،
مىلادىيە 5 ــــ 6 ئەسىرلەردە تارىم ۋادىسىدا بۇددا دىنى ۋە ئىككى
مەزھەپنىڭ تازا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ -
ئادەتلەرنىڭ تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقى ھەم مەدەنى-
يەتنىڭ يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئۇستىلىق بىلەن
يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە يەنە ئەينى زاماندا
دىيارىمىزدا كەڭ ئومۇملاشقان تۇمارىس رىۋايىتى، تويدا چاچقۇ
چېچىش ئادىتى، تويى بولغان قىز - يىگىتكە تۇزغا چىلانغان ناذ-
نى يېگۈزۈش ئادىتى، كۇسەن ئەلەمپەزلىك ئويۇنى، سۇ - مۇز
ئويۇنى، داپ ئۇسسۇلى، ئەللەي قوشىقى ئوقۇش، سەگەنچۈك -
ئىلەڭگۈچ ئويۇنى، چاۋگەن توپ ئويۇنى، شېئىر ئۇسسۇلى، مىڭ-
ئۆي سەنئىتى، دارۋازلىق، ساغادى ئۇچۇش، ئوغلاق تارتىشىش...
قاتارلىق ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى بەدىئىي شەكىلدە
يورۇتۇپ بېرىلگەن.
ئومۇملاشتۇرغاندا، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيـ-
غۇرلار ئىچىدە سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ كەڭ
شۇغۇللانغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىلا باشلانغان. تۇنجى كىتابى
1973 - يىلى يېزىلىپ، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان. كېيىنكى
ئون نەچچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر سەنئەت تەتقىقاتىغا دائىر

كىتابلىرى ئاساسەن تەشر قىلىنىپ بولغان. بۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىز تېخى بىخ ھالىتىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىم ئۇيغۇر سەنئىتىگە كەڭ كۆلەمدە نەزەر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق سەنئىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىغا مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساس ۋە نەزەرىيەۋى سىستېما بەرپا قىلىپ بەرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى ئۇيغۇر سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى يول ئاچقۇچى ئالىم دەپ تەرىپلىسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

2. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

4. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

5. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

6. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

7. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى.

8. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

# ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ روھىنى يادلاپ

## — تەۋەللۇتىنىڭ 75 يىللىق خاتىرىسىگە

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئېيتىلغان سۆزلەرنى تەكەببۇرلۇق، ئىپادىلەشكە پېتىنالماسلىقنى كەمتەرلىك دەپ چۈشىنىپ كەلگەن خەلقىمىز ئاللىكىملەرنىڭ ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن پېقىرانە ئەخلاقىنى ئۇلۇغ بىلىپ ياشاپ كەلدى. ئەمما، بىر قىسىم ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە ھەققىي ئىشەنچ قىلىپ، زىيادە كەمتەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئەمەس، مەغرۇرلۇق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ھەممە قايىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشتى. 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەريي خەلقىمىزنى ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن شاھانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىش جەريانى ھەققىدە توختىلىپ «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن. ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك، دەپ ئات قويدۇم. مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە

بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم» (مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 2 ـ، 3 ـ، 7 ـ بەتلەر) دېگەنىدى ئۆزىگە تولىمۇ ئىشەنچ بىلەن. دەرۋەقە ئالىمنىڭ دېگىنى راست بولدى. ھېچ-لىغىچە ئۇ بىزگە تىلشۇناسلىقتا ئائىت پۈتمەس ـ تۈگىمەس يادىكارلىق بولۇپ كەلدى.

دەرۋەقە، ئادەمدە ئۆز ئەمگىكىنىڭ تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىكىگە نىسبەتەن ھەقىقىي ئىشەنچ بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ. خەلقىمىزنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەچكە، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق ئەسىرىدە تولىمۇ مەغرۇرلۇق بىلەن «مەن يىغلىمايمەن، پۈتۈن زېمىن مەن ئۈچۈن يىغلايدۇ» دەپ يازغان. ئالىم ۋاپات بولۇپ بىرنەچچە يىللار ئۆتمەستىنلا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشى ۋە بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىلمىي كىتابلارنىڭ يېزىلىشى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتىكى تەڭداشسىز تۆھپىلىرى ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە يېزىلغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ ئۇرۇمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن تېلېۋىزىيە نەشر فىلىمى قىلىپ ئىشلىنىپ ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىتىلىشى، شۇنداقلا مېنىڭ ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى مەخسۇس تەتقىقات كىتابىم «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»نىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى قىزغىنلىق تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

مەلۇمكى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 62 يىللىق ھاياتىدا قىممىتى ئاجايىپ زور ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقار-

دى. ھېچقايسىمىزنىڭ چىشى پاتمىغان، چېتىلىش دائىرىسى ناھا-
يىتى كەڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت نەمۇنىلىرىنى قالدۇرۇپ
كەتتى. تۇتقان يولى كۆپلىگەن قەلەم ساھىبلىرىنىڭ يولى بىلەن
بىر بولسىمۇ، لېكىن تۇتۇش ئىرادىسىنىڭ تولىمۇ پەرقلىق ئى-
كەنلىكى سەۋەبلىك قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىمۇ، خەلققە سۇنغان
مىراسلىرىمۇ ھەقىقەتەن كۆپ بولدى. ئالىم «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»
ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ:

*مېنىڭ ھايات يولۇم پۇل چېكى ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى
ساناش، سىلاش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب، ژۇرنال سەھىپىلى-
رىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. مېنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىم ئائىلى-
دىن مەكتەپكە ئۆتۈش بىلەن داۋاملاشتى. ئوقۇتقۇچى بولۇش ماڭا
ھەم تەقدىر، ھەم ھىممەت ـ ئىختىيار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا
ئالغۇن مەنسەپ، ۋاپاسىز تاپاۋەت مېنى ئۆزىدىن سەسكەندۈرۈۋەت-
تى. نېمىشقىدۇر ئەزگۈ ۋە مۇڭ بىلەن گىرەلەشكەن سۈكۈنات
شەكلىدىكى تەپەككۇر مېنىڭ قۇياشىنى، يورۇقلۇقنى ئىزدەش
مەشغۇلۇم بولۇپ ئادەتلەنگەنىدى... مەن ئوقۇدۇم! خۇددى يېقىنىدا
كاتتا ئىمتىھان بولىدىغاندەك، خۇددى يېقىندا يېڭى بىلىم گورد-
زىنىت سىزىقى ئېچىلىپ ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك
جىددىيلىك، ئالەم سىرلىرى ئۈستىدە ئۆتكەن ئالىملاردىن دەرس
ئالغاندەك كىچىك پېئىللىق، ھەممە مۇتلەق خۇلاسىلەرگە ئىسيان
كۆتۈرىدىغان گۇمانىي تۇيغۇ، يېڭى بوغۇننىڭ ئەلچىسىدەك جىد-
دىي جاۋابكارلىق بىلەن ئوقۇدۇم. مەن ھېلىمۇ ھەركۈنى ئوقۇي-
مەن. پاراڭ ـ خەۋەر مەنبەلىرىگە قارىغاندا ئاساسىي بىلىش مەن-
بەلىرىگە مايىلمەن. قاچانكى كىتابتىن مەن بىلمەيدىغان يۇقىرى
قاتلام بىلىملەر، بېشارەتلەر، ناتونۇش ئىبارىلەر چىقىپ مېنى
لۇغەت ئىزدەشكە مەجبۇر قىلسا، ئالاھىدە روھلىنىپ كېتەتتىم.
ئۆز سەۋىيەمگە لايىق ياكى مەن ئۈچۈن «ئاتام ئېيتقان بايىقى»*

*قىممىتىدىكى كىتابلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپلا نېپىز ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتىم. ئىبن سىنا كىتاب ئوقۇپ چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كايىمىغان بولسا فارابى بىلەن باغلانمىغان، ئارىستوتېل پىكىر ئېقىمىغا قەدەم قويمىغان ۋە «شەيخۇل رەئىس» بولمىغان بولاتتى... ئىلىم پىداكارلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى بىلىش مېنىڭ دائىملىق پاكلىنىش دەرسىم بولدى. ئۇ، سەلتەنەت ساھىبلىرىنىڭ تاسادىپىي ۋە تەۋەككۈل شەجەرىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بىلىمگە ئەمەس ئالىملىققا، ھېكمەتكە ئەمەس ھاكىملىققا، ئەزگۈ يۈكسەكلىككە ئەمەس ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىسىگە، پاكلىققا ئەمەس سۈيىئىستېمالغا بېرىلىپ، بۇ قۇياش قەلئەسىگە قەدەم قويغانلارنىڭ قولىدىكى قەلەم، زامانلار ئۆتۈپ ئۇلارنى ھەشەمەتلىك ساختا تەختلىرىدىن ئىرغىتىپ مەسخىرە مەيدانىغا تاشلايدىغان پولات كۈرەك بولىدىغانلىقىنى مەن ئاشۇ قۇتلۇق تەزكىرىلەردىن بىلدىم.»*

روشەنكى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئۇشبۇ بايانلىرىنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەگەردە ئۇ ئوقۇغان كىتابلاردىن ئۆزىگە ئۆرنەك، ئىجادىيەت يولىغا مىزان تاللىمىغان بولسا، ھەربىر ئەسەرنى يېزىشتىن ئاۋۋال يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرمىغان بولسا، بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىز ئۈچۈن مۇھىم مەنبەلىك رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان ئەسەرلىرى ئاللىبۇرۇن ئالىمنىڭ ئارىمىزدىن كېتىشىگە ئەگىشىپ ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيە - قاراشقا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

بىلىشىمچە، بىزدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنى سىستېمىلىق خۇلاسىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك قاراشلىرىنى ئىلمىي جەھەتتىن يەكۈنلىيەلىگەنلەر يوق بولسا كېرەك. ئەمما،

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

*يازغان ۋە ئېلان قىلغان ھېكايىلىرىم كۆپ ئەمەس. زۇلۇم ئوچىقى، ئاق خالات، نېلۇپەر، تاش پەرى، ھېكايىلىرىنى يازدىم. نېمە ئۈچۈندۇر، ماكان ـ زامان ھادىسىلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان چوڭراق ۋە كۆپرەك نەسرىي ئەسەرلەرگە مەيلىم بارمىدى.*

*ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغان تارىخىي دىراملىرىمدىن يەتتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار «سۇمۇرغ قۇشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «ئوردىدا باھار»، «پىلە مەلىكىسى»، «مەلىكە گۈليۈز تەڭرىتاغ ناخشىسى». «دات باسمىغان قىلىچ»تىن ئىبارەت. «مەرۋايىت مەلىكە» نامىدا ئۇسسۇل سىپكتالىمۇ يازدىم. نېمىشقىدۇر 30 ياشلاردا يازغان بۇ تارىخىي دىراملارنى ئىشكاپىمدىن چىقارغۇم كەلمىدى.*

*شېئىرلىرىمنىڭ ئوندىن بىرى ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىمنى «باھارىيات»، «ئاق توز»، «ئۇچقۇن بىلەن شەبنەم»، «كۆڭۈل كۈيلىرى»، «ۋىسال بېغى»، «سېرىن چېچىكى»، «ئەزگۈلۈك كۆز يېشى» قاتارلىق توپلاملارغا ئايرىدىم...*

*غەزەل ـ قەسىدىلىرىم «شەيدائى» تەخەللۇسىدا يېزىلدى. «گۈلزار ئاشىقى»، «بۇلبۇل ئازادى» نامىدىمۇ ئازغىنە غەزەللەرنى يازدىم. «ھەمراھى» تەخەللۇسىدا ئانامنىڭ غەزەللىرىنى رەتلىدىم ۋە ئۇنىڭغا غەزەللەرنى قوشتۇم. غەزەلنى بەش ـ يەتتە بېيىتلىق ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۈرۈشنى خالىساممۇ، ياۋا مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى بىردەك چىقمىدى. كىشىلەر ياقتۇرمىغان، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنغان غەزەللىرىمدىن تېنىۋالالمايمەن. ئەمما، كۆپلىگەن غەزەللىرىمگە پۈتۈن خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ*

قانچىكى روشەنلىكتىن مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇساپىدە قاتمۇقات ماجىرالاشقان. ئەنىسىرەيدىغىنىم قىلىن پوستلۇق بۇ بادامىلارنىڭ سەنەم لىۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئىبارەت. كىمكى ئىرىنمىسە ۋە تىلىسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا، بۇ غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەيلى ئۇ بىرقانچە كىشى بولغاندىمۇ!

رۇبائىيات نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي ئىپلان قىلالىدىم.

لىرىك نەسر تۈرىدىكى «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» 10 يىللىق مالىمانچىلىق مۇھىتىدا يېزىلغان پارچە ـ پارچە سەۋدالىق خاتىرىلىرىدىن تۈپلانغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جىددىي ئاختۇرۇش، قاماش ۋە سوراق قىلىش مۇھىتىدا يوقىتىۋەتكەنىدىم. مەن «كاككۇكنامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق ھۆرىيەتنى؛ «مارجاننامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا تاشلانغان مارجانلارنى ئاسمان يۈزىگە چىقىش ئارقىلىق يورۇقلۇقنى؛ «سۇمۇرغنامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق تارىخ ھېكمەتلىرىنى؛ «جاھاننامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق رېئاللىق ئىبرەتلىرىنى؛ «نىجادىيەتنامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق ھايات يولىنى يېغىنچاقلىماقچى بولدۇم. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ئۈچ قىسىملىق شېئىرىي رومان سۈپىتىدە يېزىشىم 30 غا يەتمەستە يېزىلغان، كېيىن ئىككى قىسمى ئىپلان قىلىندى.

ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ياكى تارىخىغا ئائىت ھېچقانچە مەخسۇس ئەسەر، شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە يازغان قولىيازمام يوقىلىپ كەتتى. «پوئېتىكا» نامىدا كىتابنى پىلانلىغان، ھەتتا مۇقەددىمىسىنى باشلىغان بولسامۇ، ئۇ شۇ پېتى قالدى. شېئىرىي تەسىراتلار بويىچە بىرقانچە ماقالىلەر يازغىنىمنى ھېسابلىمىغاندا، ئاساسلىقى ئومۇمىي «ئېستېتىكا» بىلەن «قاتلاملىق ئېستېتىكا» نامىلىق ئىككى كىتاب يازدىم. بۇ ئىككى كىتابتا، بولۇپمۇ

«قاتلاملىق ئېستېتىكا»دا ئۆزۈمنىڭ قاتلام نەزەرىيەسى ئاساسىدى-
كى ئېستېتىكا سىستېمامنى بىرقەدەر روشەن بايان قىلدىم. ئۇ
گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنى ۋە ئېستېتىكا ئوبيېكتلىرى-
نىڭ كۆپ قاتلاملىقىنى ئاساس قىلغان. شېئىرلىرىم ئۈستەل
ئۈستىدە شائىرانە ئوبراز بىلەن يېزىلمىغان. ئۇ كوچىلاردا، ھار-
غىن ئەمگەكتىن كېيىن، ئەۋرەز يولىدىن چىقىپ ھاقارەت ئۆت-
كەندە، بىرەر خاتىرە ئورنىغا بېرىشتىن بۇرۇن، ماشىنىدا، ئويغى-
نىپ كەتكەندە يېزىلغان سەرگەردان شېئىرلار بولدى... «قۇتادغۇ-
بىلىك، خەزىنىسى» ناملىق كىتاب 1956 - يىلى ئىككى تىلدا
ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۇ-
يۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ماقالەم بىلەن باشلانغان ئىز-
تىلىش ئىزدىنىش ئاساسىدا شۇ مۇئەللىپىنىڭ يېشىدا يېزىلغان.
بۇ ئارىلىقتا ««قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «ئوتتۇرا
ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى — ‹قۇتادغۇبى-
لىك›» (ياپونىيەدە ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق يەتتە پارچە ئىلمىي
ماقالە ئېلان قىلدىم ۋە باشقا كىتابلىرىمدا بۇ ھەقتە توختال-
دىم... «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتاب «شىن-
جاڭنىڭ بۇددا دەۋرى سەنئەت خەزىنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلى-
رىم» ئاساسىدا يېزىلدى. «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئىككى ئاي-
دىلا يېزىلدى. بۇ كىتابنى مەن دوختۇرخانىدا تاماملىدىم. ئەمما،
بۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان تەتقىقات ئاساسىدا ئىككى
كىتاب، ئون ئالتە ئىلمىي ماقالە ئاساسەن مەيدانغا كەلدى. «ئۇي-
غۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىن-
جاڭنىڭ تاڭ دەۋرى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن ئىككى
كىتابىم 1980 - يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ بى-
رىنچىسى ئىككى تىلدا تۆت قېتىم نەشر قىلىندى. خەلقئارا
كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ياپونىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا ساقلاشقا
ئېلىندى. ئارىدىكى 13 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە

– ئېقىنلىرى، كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ئۇچۇرلىرى قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. نېمە ئۈچۈندۇر ھەر قېتىم مېنىڭ مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم خۇددى كولومبۇدىن ئىلگىرىكى سەيياھلارنىڭ زېمىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىچىلىكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ھېلىمۇ بۇ زېمىن تىلسىمدەك. ئۇشبۇ كاتتا خەزىنە يورۇتۇلۇپ پۈتكىنى يوق.

ئۇقتىنى بىلىش ئۈچۈن چەمبەردىن خەۋەردار بولۇش لازىم. بۇ، ماكان تۇتاشلىقى چۈشەنچىسى. ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ، زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمى. راستىنى ئېيتقاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇلگەن مىللەت ۋە يوقالغان مەدەنىيەت بولغان ئەمەس. مەن مەركەزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» «قەدىمكى تۇران تارىخى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرىم بىلەن بىر قاتار ئىلمىي رىسالە – ماقالىلىرىمنى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بويىچە يېزىپ چىقتىم... مەن تولىمۇ يىراق بۇ مەدەنىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن بىر چاغلاردا تېخىمۇ كۆپ كىتابلارنى يېزىشنى ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى «مەركىزىي ئاسىيا ئىدېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت تارىخى»، «تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەزكىرىسى»، «يەكەن خانلىقى تارىخى»، «شىنجاڭ سەنئەت تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى. بىر قاتار ماقالىلەر يازدىم «تارىخنى قايتا ئويلىنىش»، «خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسىدە ئىپادىلەش»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز – ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت»، «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن

- ئېقىملىرى، كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى، ئۇيغۇر
ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ئۇچۇرلىرى قاتارلىق ئىلمىي
ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. نېمە ئۈچۈندۇر ھەر قېتىم مېنىڭ
مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم خۇددى كولومبۇدىن ئىلگىرىكى
سەيياھلارنىڭ زېمىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىچىلىكلا ئىكەنلى-
كىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ھېلىمۇ بۇ زېمىن تىلسىمىدەك، ئۇش-
بۇ كاتتا خەزىنە يورۇتۇلۇپ پۈتكىنى يوق.
ئۇقتىنى بىلىش ئۈچۈن چەمبەردىن خەۋەردار بولۇش لازىم.
بۇ، ماكان تۇتاشلىقى چۈشەنچىسى. ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش
ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ، زامان ئىزچىللى-
قى ئۇقۇمى. راستىنى ئېيتقاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆل-
گەن مىللەت ۋە يوقالغان مەدەنىيەت بولغان ئەمەس. مەن مەركە-
زىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ
پەلسەپە سىستېمىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» «قەدىمكى
تۇران تارىخى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرىم
بىلەن بىر قاتار ئىلمىي رىسالە - ماقالىلىرىمنى مەركىزىي ئا-
سىيا مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بويىچە يېزىپ چىقتىم... مەن
تولىمۇ يىراق بۇ مەدەنىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن بىر چاغلاردا تېخى-
مۇ كۆپ كىتابلارنى يېزىشنى ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى
«مەركىزىي ئاسىيا ئىدېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت تارىخى»، «تارىخ-
تىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەزكىرىسى»، «يەكەن خانلىقى تارى-
خى»، «شىنجاڭ سەنئەت تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى. بىر قاتار ما-
قالىلەر يازدىم «تارىخنى قايتا ئويلىنىش»، «خەلقنى ئوبرازلىق تە-
پەككۇر ۋاستىسىدە ئىپادىلەش»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىل-
لەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە
ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى ۋە
سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «ھازىرقى زامان مە-
دەنىيىتىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت»، «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن

*باشلىنىدۇ»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئارىفنامە»، «يىپەك يولى ۋە تۆگىقۇشى روھى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «ئائىلە» تېمىسىدىكى بىر قاتار ماقالە ـ كىتابلار ئەنە شۇنداق مەيدانغا چىقتى.*

ئالىمنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى يېزىلىپ پۈتكەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى يېزىلغان تەرجىمىھال ئەسىرى «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» قاتارلىق كىتابلىرى ھەمدە يېزىلىشقا باشلىغان، ئەمما ئاخىرلاشمىغان ئونغا يېقىن كىتابىغا، شۇنداقلا يېزىش ئۈچۈن تېزىس تۈزۈپ قويۇلغان كارتا ـ قەغەزلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قارىساق، ئالىمنىڭ «مەن يىغلىمايمەن، پۈتۈن زېمىن مەن ئۈچۈن يىغلايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئېيتىلغانلىقىنى تەن ئالىمىز. مۇمكىن بولسا ئىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خاتىرە سارىيى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قول يازمىلىرى ۋە ھەربىر كىتابى ئۈچۈن توپلىغان خام ماتېرىياللىرى، تۈزگەن تېزىسلىرى، مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر... كۆرگەزمە قىلىنىپ تۇرسا، ئالىمنىڭ ئارىمىزدىن بالدۇرلا كەتكىنىگە ئالىمنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپرەك ياش تۆككەن بولاتتۇق.

ئالىمنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھېلىمغىچە نەشر قىلىنمىغان ئەسەرلىرىمۇ خۇددى ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا يېڭى تېمىلاردا يېزىلغان. مەسىلەن، «ئەزگۈلۈك مالائىكىسى»مۇ ئالىمنىڭ ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئىككى ئەسىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىم ئايالى رەنا مەخسۇت بىلەن تونۇشۇش ۋە ئائىلە قۇرۇش، شۇ جەرياندا بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئورتاق ئىزدىنىش، خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى قېزىش جەريانىدىكى سەممىمىي قوللاشلىرى تېپىك مىساللار ئار-

قىلىق بايان قىلغان. ئۇ بۇ ئەسەرنى يېزىش سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

*مەن، مېنىڭدىن يەتتە ياش كىچىك ۋە ماڭا 37 يىلدىن بېرى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ ئايال جىنىس ئۇستىدە يېشىم 60 قا كىرگەندىن كېيىنلا بىر قىسسە يېزىش قارارىغا كەلدىم. دەرۋەقە، مەن ئۇنىڭ نورانە گۈل ھۆسنىنى دەسلەپ كۆرگىنىمدىن كېيىنلا ئۇ ھەقتە لىرىكىلار، ھۆرمەت خاتىرىلىرى، كېيىنچە رۇبائىيلار ۋە ئېپىزوتلۇق ئەسلىمىلەر يازغانىدىم. 20 ياشتىن كېيىنكى ئوتلۇق ياشلىق لىرىكىلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھېكمەتلىك ئوتتۇرا ياشلىق رۇبائىيلىرى بىلەن بۇ قىسسە يىلتىزداش بولسىمۇ، ئەمما يېشىم 60قا كىرگەندىن كېيىنكى بۇ قىسسە ئۆز مەنىۋى خەزىنىسىنىڭ تاۋلانغانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرسا كېرەك. كىشىلەر ھەمىشە قانداقتۇر 18، 20 ياش بىلەن 30 ياش ئىلگىرىكى مەزگىللەرنى ئىشق ـ مۇھەببەت دەۋرى دېيىشىپ كۆنگەن، ئەمەلىيەتتە ياشانغاندىن كېيىنكى يىللاردىكى مۇھەببەتكە ئۇنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. قاپقارا قۇندۇز چاچلار بىلەن ئەتىرگۈل بەرگىدەك يۇمران يۈزلەر ئورنىغا ئاقارغان چاچ ۋە ئەجىر قورۇقلىرى چۈشكەن يۈز ئالماشقان. ئەمما، بۇ ئاقارغان چاچ ۋە قورۇق چۈشكەن يۈز ئىنسان قەلبى، خاراكتېرى، ئەجرى ۋە قىممىتىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك باھا نامىسى بىلەن تامغىلانغان. مەن «ئەزگۈلۈك مالائىكىسى»نى يېزىشقا تۇتۇندۇم. بۇ مەن ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىنىم، ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي چۈشىنىش، ئەزگۈلۈك جاۋاھىراتلىق بىلەن تولغان خەزىنە قەلب، ئۆلگىلىك ئايال جىنىسنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىنىمنىڭ ئۈچقۇنى بولۇش بىللە، ئۇ يەنە مېنىڭ بۇ قىسسىدە تەسۋىرلەنگەن ئالىيجاناب روھىيەت نامايەندىسىگە بولغان ئىنسانىي مىننەتدارلىق مەجبۇرىيەت ـ بۇرچۇمنىڭ بىر ئاز بولسىمۇ ئىپادىلىنىشىدىن*

*ياڭغان يالقۇن!*

*دەرۋەقە. ئۇ پەرزەنتلىرىمنىڭ، ئەسىرلەر داۋامىدا ئالەمگە كۆز ئېچىدىغان نەۋرە – چەۋرىلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ چەۋرە – ئەۋرىلىرى-نىڭ پاك نەسەبىنى ئىلھاملىنىپ، پاك نەسەبىنى پەخىرلىنىپ، پاك نەسەبنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىراس!*

ئالىمنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كۆلپەتلىك ھايات سەرگۈ-زەشتلىرى ۋە تۈرلۈك روھىي زەربىلەر ئۇرغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان ئۈمىدۋار ياشىغان. چۈنكى، ئۇنىڭغا مەدەت – ئىلھام بېرىپ تۇرغان مۇتەپەككۇرانە تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىلمىي غايىلە-رى، ئەدەبىي پىكىرلىرى ھەم بالىلىرىنىڭ ئانىسى، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى رەنا مەخسۇتنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئىشەنچ-ىسىنى كۈنسايىن ئاشۇرۇپ بارغان.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا بىر نەزەر

ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار

## مۇقەددىمە

مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەققىدىكى تەتقىقاتلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى، رۇس تىلى ۋە قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق بىر قىسىم قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر تىللىرىدا ماقالە ـ ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىقى بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان دىيارىمىزدىكى تەتقىقاتلار ھەققىدە توختالماقچى. دىيارىمىزدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى ھەققىدە 1981 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئۆزبېك، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تاجىك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ 50 تىن ئارتۇق زىيالىيسى قەلەم تەۋرەتكەن. بۇ تېمىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر 30 پارچىدىن كۆپ، تەسىرات، ئەسلىمە، خاتىرىلەر 50 پارچىدىن ئارتۇق، خاس تەتقىقات كىتابى بىر پارچە، تەرجىمىھالى يېزىلغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە بالىلار كىتابچىسى بىر پارچە.

### 1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ھەققىدى-

كى تەتقىقات 1981 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «رۇبائىيات» ناملىق توپلىمىغا كىرىش سۆز ئور ـ نىدا بېرىلگەن شائىر ۋە مۇھەررىر نۇرمۇھەممەت ئېركىنىڭ «رۇ ـ بائىيات»، ـــ ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى» ناملىق ماقالىسى ۋە 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ناملىق كىتابى توغرۇلۇق مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرىپىدىن يېزىلىپ «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـــ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋارىسلىقنىڭ ئۈلگىسى» ناملىق ماقالە بىلەن باشلانغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى تۇرسۇن قۇربانىنىڭ 1988 ـ يىلى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلغان «پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن» ناملىق ئوچېرىكى ۋە 1988 ـ يىلى مىڭ چىببې، لو لۇلۇنىڭ «ئۇيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» نام ـ لىق ئەدەبىي ئاخباراتى بىلەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئا ـ لىملىق سالاھىيىتى ۋە تەتقىقات، ئىجادىيەت، ئىجتىمائىي ھايات ھەققىدىكى تەپەككۇر سەمەرىلىرىنىڭ ئۆزگىچە قىممىتى ھەققى ـ دىكى تونۇش ئاۋام ئارىسىدا زور دەرىجىدە يارقىنلاشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان پىروفېسسورلىرى لى يۇڭ، خۇ يىلارنىڭ تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق ئابدۇشۇكۇر مۇ ـ ھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ئۇتۇقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى ـ مۇ كېڭەيدى. شۇنداقتىمۇ، شان ـ شۆھرەت قازانغۇچىلارغا ھەسەت قىلىپ پىتنە ـ پاسات تۇمانلىرىنى بولۇشىغا تارقىتىپ كىشى ـ لەرنى ئاسانلا قايمۇقتۇرىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالىم ئابدۇ ـ شۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئوبرازى بىرنەچچە يىل زور دەرىجىدە بۇرمىلىنىپتىلدى. ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەنى 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىن ـ غان. داڭلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئۇ كەلمەسكە كەتتى» نام ـ

لىق ماقالىسى بىلەن ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئىجا-
دىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى» ناملىق ماقالىسى
جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغاپ، خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ
ئالىم ۋە ئۇنىڭ تۆھپە – نەتىجىلىرى ھەققىدىكى خاتا تونۇشىدا
ئىجابىي بۇرۇلۇش شەكىللەندۈردى. 1996 – يىلى ئابدۇشۈكۈر
مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىن-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى كۈرەش مەھمۇتجان
رەئىسى بىلەن شېرىن قۇربان (تاجىك)نىڭ «غايە — ئىزدىنىش —
مۇۋەپپەقىيەت» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ بۇ تېمىدىكى
تەتقىقات رەسمىي باشلاندى. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تەرىپىدىن
ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىغا ئاتاپ يېزىلغان «مەدەنىيەت
دالاسىغا سەپەر —— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى
ئۈستىدە ئىزدىنىش» (2003 – يىلى) ناملىق كىتابىنىڭ نەشر
قىلىنىشى بىلەن تېخىمۇ كېڭەيدى. دوكتور مەتتۇرسۇن ئېلى قا-
تارلىق ھەرقايسى ساھە تەتقىقاتچىلىرى، ھەرمىللەت زىيالىيلىرى-
نىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل تېمىدىكى
ئەسەرلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بىلەن تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 10 يىللى-
قى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)، 15 يىللىقى (قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىدا)، 20 يىللىقى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)نى خا-
تىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۈرۈم-
چى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك پىروگراممىلىرىدا
ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس سۆھبەت، مەخسۇس فىلىملەر ئارقىلىق
مۇئەييەن دەرىجىدە كۆلەملەشتى ۋە ئاممىۋىلاشتى.

**2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ تىزىملىكى**

1) ماقالىلەر

(1) تۇرسۇن قۇربان: «پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.

(2) نۇرمۇھەممەت ئېركى: «رۇبائىيات، ــ ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى» («رۇبائىيات»قا يېزىلغان كىرىش سۆز)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

(3) مىڭ چىبېي، لو لۇلۇ: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 10 ـ سان.

(4) يالقۇن روزى: «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجاتكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

(5) كۆرەش مەھمۇتجان رەئىسى، شېرىن قۇربان: «غايە ــ ئىزدىنىش ــ مۇۋەپپەقىيەت»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى 1 ـ سان.

(6) قەييۇم قۇربان: «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پېشۋاسى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقاتلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى 1 ـ سان.

(7) ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 1 ـ سان.

(8) ئابدۇۋەلى ئەلى: «پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھارماس كۈيچىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىلى 1 ـ سان.

(9) ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن-

نىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 2000 - يىلى 4 - سان.

(10) ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر — ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.

(11) ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىلى 2 - سان.

(12) يالقۇن روزى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مائارىپ قارىشى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 2 - سان.

(13) ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2004 - يىلى 2 - سان.

(14) ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىلى 3 - سان.

(15) خۇ يى، ئابدۇسالام ئابلىز: «پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ‹شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا».

(16) غەيرەتجان ئوسمان: «ئالىمنىڭ تۇغۇلغان جايىنى ئۆزگەرتىشتىن پەيدا بولغان تەسىراتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2005 - يىلى 2 - سان.

(17) مەتتۇرسۇن ئېلى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 - يىلى 4 - سان.

(18) ياسىن مۇھەممەت نىياز تېكە، بۇئايشەمگۈل ھاجى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتى ۋە ‹غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 - يىلى 4 - سان.

نىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 4 ـ سان.

(10) ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر — ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

(11) ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان.

(12) يالقۇن روزى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مائارىپ قارىشى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان.

(13) ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان.

(14) ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان.

(15) خۇ يى، ئابدۇسالام ئابلىز: «پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ‹شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا».

(16) غەيرەتجان ئوسمان: «ئالىمنىڭ تۇغۇلغان جايىنى ئۆزگەرتىشتىن پەيدا بولغان تەسىراتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان.

(17) مەتتۇرسۇن ئېلى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىلى 4 ـ سان.

(18) ياسىن مۇھەممەت نىياز تېكە، بۇئايشەمگۈل ھاجى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتى ۋە ‹غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىلى 4 ـ سان.

(19) ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئالىمنىڭ روھىنى يادلاپ»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىلى 2 ـ سان.

(20) مېھراي تۇداخۇن: ««سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى،نىڭ تىل ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىلى 1 ـ سان

(21) ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىلى 3 ـ سان.

(22) مۇھەممەد چاۋار: «ئۇيغۇر سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ مۇنەۋۋەر جارچىسى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 3 ـ سان.

(23) مۇھەممەت تۇرسۇن داۋۇت پاختەكلى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىل تەتقىقاتى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2015 ـ يىلى 1 ـ سان.

(24) يالقۇن روزى: «20 ـ ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپ»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2015 ـ يىلى، 3 ـ ئاي.

(25) ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەزىرىدە تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق»، (قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى تۈزگەن «مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. 2014 ـ يىلى. قەشقەر. «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان. 2015 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى)

(26) غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى» («ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ماقالە. 2015 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى. ھەم «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان)

(27) يۈسۈپجان ياسىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقا-
تىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بەزى قاراشلار»، («ئابدۇشۈكۈر
مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇل-
غان، 2015 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى، ھەم «ئۈرۈمچى
كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان)
(28) ئىقبال تۇرسۇن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇي-
غۇرلاردا ئېپىستېمىكا پەن قۇرۇلۇشى»، («ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئى-
مىن ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ماقالە،
2015 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى)
(29) ئەمەت دەرۋىش: ««غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»نىڭ
قىممىتى» («ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ماقالە، 2015 ـ يىلى 26 ـ دېكا-
بىر، ئۈرۈمچى)
(30) ئابدۇنىياز ئىمىن: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەر-
لىرىدىكى تۆگىمەس ئوبرازى ھەققىدە» («ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت-
ئىمىن ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ماقالە،
2015 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى)
(31) مەتتۇرسۇن ئېلى: «بولغاچ ئىلىم پەرۋانىسى، ئۆچمەس
ئىجاد يادنامىسى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2015 ـ يىلى 2 ـ سان.

2) ئوبزور، ئەسلىمە، خاتىرە ۋە باشقا يازمىلار
(1) ئەخمەتجان قۇربان سابىرى: «ئىخچام شېئىر، چوڭقۇر پى-
كىر»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ
كۈنى.
(2) ئابدۇكېرىم مەمەت: «ياخشى يېزىلغان بىر لىرىك شې-
ئىر»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ
11 ـ كۈنى.

(3) كورەشچان ئۆمەر: «ئىزدىنىش، يېڭىلىق ۋە قىممەت»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»، 1991 ـ يىلى.
(4) ئەختەم ئۆمەر: «ئۇ كەلمەسكە كەتتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.
(5) قەييۇم قۇربان: «ئىلىم ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈت»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»، 1996 ـ يىلى 9 ـ يانۋار سانى.
(6) ئابدۇللا مەتقۇربان: «ئۇنتۇلماس خاتىرە»، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان.
(7) تۇرسۇن ئابدۇغېنى: «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن روبائىيلىرىدا ئەكس ئەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھ توغرىسىدا»، «مەرىپەت غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان.
(8) كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەدەبىيات گۈلزارىدىكى توزۇماس چېچەكلەر ــ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.
(9) پولات ئامانئورى: «‹ئىزچى›نىڭ سەمەرىسى»، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىلى 2 ـ سان.
(10) ئاينۇرە ھېمىت: «سەنئەت تەتقىقاتىدىكى يول ئاچقۇچى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىلى 4 ـ سان.
(11) مەتتۇرسۇن ئېلى: «قەلبىمدىكى ئۇستاز سىيماسى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىلى 6 ـ سان.
(12) كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تارىخى تېزىسلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2015 ـ يىلى نەشرى. (ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى باشقا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر» ناملىق 9 ـ بابىدا

توختالغاندا 38 نەپەر ئەدەبىي تەنقىدچى ئىچىدە باشتىلا ئابدۇشۇ-كۇر مۇھەممەتئىمىن ئۈستىدە توختىلىپ، ئالىمنىڭ ئەدەبىي تەن-قىدچىلىكىمىزگە قوشقان تۆھپىسىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق تو-نۇشتۇرغان ۋە يۇقىرى باھالىغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بۇ يازمىلاردىمۇ ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-مەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار سۆزلەن-گەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، «بىلقۇت» شىركىتىنىڭ باللار ئۈچۈن تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان كىتابچىلىرى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-ئىمىننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە بىر كى-تابچە بار.

**3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىدىكى تۆھپىسى گەۋدىلىك شەخس ۋە ئورۇنلار**

شەخسلەر دېگەندە، ئائىلە ئەزالىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، خىزمەتداشلىرى، ئوقۇغۇچى - شاگىرتلىرى، دوستلىرى ۋە باش-قىلار نەزىرىدە تۇتۇلدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا تۆھپە قوشقان شەخسلەر خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، ۋەكىللىك خا-راكتېرىدە بىرنەچچەيلەننى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن داڭلىق ئەدەبىي ئوبزورچى ۋە مائارىپ تەتقىقاتچىسى يالقۇن روزىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

يالقۇن روزى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ساداقەتمەن ئو-قۇغۇچىسى ۋە ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يالقۇن روزى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھايات ۋاقتىدا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، 1991 - يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن قويۇق ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرۇپ، ئالىمنىڭ تەتقىقات ۋە

ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئەمەلىي قوللاش جەھەتتە كۆپ ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن، ئۆزى مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»دە 1991 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە ئالىمنىڭ «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»، مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى»، «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا»، «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى»، «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۇچۇر»، «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى»، «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى»، «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر»، «ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل پاراسەت» قاتارلىق ماقالىلىرىنى تەھرىرلەپ ئېلان قىلدى. مەزكۇر گېزىتتە يەنە كۇرەشچان ئۆمەر، قەييۇم قۇربان، كامالىدىن ئەسقەرلەرنىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشقا تۈرتكە بولدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپات بولۇپ كەتكەندە «بىزدە ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى قەتئىي ھېمايە قىلىدىغان مەيدانىنى يۇقىرى يېزىقچىلىق ماھارىتى، ئۆتكۇر سۆز ـ جۈملىلىرى ۋە كەسكىن پوزىتسىيەسى بىلەن ئىپادىلەپ زىيالىيلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۇنۇم پەيدا قىلدى. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا پەيدا قىلىنغان خاتا جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۈچۈن لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئۈچۈق ـ ئاشكارا سۆزلەشكە پېتىنالمايۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر يالقۇن روزىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرەتى روشەن، ھەققانىيەتنى قەتئىي ياقىلايدىغان زىيالىيلارچە باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. يالقۇن روزى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شۇنچىلىق بىلەنلا توختىتىپ قويماستىن، ئۇنىڭ تەتقى-

قاتتىكى خاسلىقىنى، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى، سۆز ـ جۈملە ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلى-كىنى، تېخىمۇ مۇھىمى ئىدىيەۋى تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىنى پىششىق بىلىدىغان شاگىرتى بولۇش سۈپىتى بى-لەن ئۇنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» ناملىق ئىككى پارچە ماقالىلەر توپلىمىنى ئەستايى-دىل نەشرگە تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئى-مىنگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەكىل-لەندۇردى. ئارقىدىنلا ئالىمنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك يىرىك ئە-سەرلىرى «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» بىلەن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»نى نەشرگە تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتاب 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندا نەشرىيات رەھبەرلىرى ۋە مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى سەۋەبىدىن يېرىمى دې-گۈدەك قىسقارتىۋېتىلگەچكە، ئالىم بۇ كىتابنىڭ تولۇق نەشر قى-لىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئارگىنال خالتىسىنىڭ سىرتى-غا يېزىپ قويغان ھەم بۇ ئارزۇسىنى «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ماقالىسىدا ئېنىق ئىپادىلىگەن. نەشرىياتلار ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى نەزەردە تۇتۇپ بۇنداق ئېغىر ئىلمىي كىتابلارنى نەشر قىلىشتىن قېچىپ تۇرۇۋاتقان يىللاردا يالقۇن روزى ئالىمنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئۇنىڭ روھىنى ئەمىن قىلدى. يالقۇن روزى بۇلاردىن باشقا يەنە ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنىنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئەسىرى «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»نىمۇ نەشرگە تەييارلاپ ئۆزىنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇ-ھەممەتئىمىنگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

دېمەك، يالقۇن ورزىنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقا-

تىغا ئالاقىدار خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئالاھىدە تەرىپ-
لەشكە ئەرزىيدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا ئالاقىدار خىزمەتتە
تۆھپىسى گەۋدىلىك يەنە بىر شەخس ئۇستاز مۇھەررىر قۇربان
ماموت. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىنى چىن كۆڭلىدىن
ئارزۇ قىلىدىغان، مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆ-
رىدىغان قۇربان ماموت ئەپەندى 1990 - يىللارنىڭ ئالدى - كەي-
نىدە مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قايتا ئويلىنىش
خاراكتېرىدىكى، تەتقىقات خاراكتېرىدىكى نەچچە ئونلىغان ئېسىل
ماقالىسىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئەستايىدىل تەھ-
رىرلەپ ئېلان قىلىپ ماختاشقا ئەرزىيدىغان خىزمەت كۆرسەتتى.
قۇربان ماموت يەنە ماقالە ئۆيۈشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشتەك ئالاھى-
دىلىكى بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە ھەر خىل تېمىلاردا
ماقالە ئۆيۈشتۇرۇپ، بىر - بىرىدىن ياخشى تېمىلاردا ماقالە يې-
زىشقا تۈرتكە بولغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا ئالاقىدار خىزمەتتە
تۆھپىسى ئۇنتۇلمايدىغان يەنە بىر شەخسنى كۆرسىتىشكە توغرا
كەلسە ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان مۇئەللىمنى كۆرسىتىشكە بولى-
دۇ. بىر ئالىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدا قوللىغۇ-
چىلارنىڭ بولۇشى، ئىلىم ئىگىلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان
كىشىلەر توپى، ئىلىملىكلەرنى سىغدۇرىدىغان ۋەزىيەت، ئىلىمنى
قوبۇل قىلالايدىغان جەمئىيەت، جۈملىدىن ئىلمىي مۇھىتنىڭ
مەۋجۇت بولۇشى ئۇ كىشىگە نىسبەتەن زور بەخت. بۇنداق مۇھىت
ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنمەيدۇ. بەلكى ئىلىم سۆيەر كىشىلەرنىڭ
پىداكارلىق پەزىلىتى نەتىجىسىدە رويابقا چىقىدۇ. ئىلىملىكلەرنى
قوللاش ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىش نىسبەتەن گۈزەل پەزىلەت! ئازات
سۇلتان ئەپەندى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇزۇن يىللىق
خىزمەتدىشى، سىردىشى، پىكىردىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاب-
دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى ھايات چېغىدىمۇ، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ

ھەر ۋاقىت قولللاپ كەلگەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئە-
سەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ئىلمىي يىغىن ۋە تورلۇك
سۆھبەتلەردە يۇقىرى باھا بەرگەن، جۈملىدىن ئابدۇشۇكۇر مۇ-
ھەممەتئىمىن تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشنى ئىز-
چىل تەشەببۇس قىلغان ھەم ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىدىكى تۆھپىسى گەۋدى-
لىك ئورۇنلار دېگەندە ئائىلىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلو-
لوگىيە ئىنستىتۇتى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنى-
لى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەت-
لەر نەشرىياتى، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتى نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىقلارنى تىلغا
ئېلىشقا بولىدۇ.

يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەدىب ياكى تەتقىقاتچى ئۇ-
چۇن نەشرىيات، مەتبۇئات مۇھىم سەھنە. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت-
ئىمىننىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا بىر قىسىم نەشرىيات، مەتبۇئات
ئورۇنلىرىنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئەلۋەتتە، گېزىت
ـ ژۇرنال ۋە نەشرىيات قاتارلىق مەتبۇئاتلارنىڭ گۈللىنىشىدىمۇ
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھەسسىسى ئاز ئەمەس! شۇنداق
بولغاچقا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» «ئابدۇشۇ-
كۇر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى-
نىڭ تۆھپىكار ئاپتورلىرىدىن بىرىدۇر، بۇ ژۇرنالدا جەمئىي 38
پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرغان»، 2014 ـ يىلى 3 ـ سان،
12 ـ بەتكە قاراڭ) دەپ باھا يازغان ۋە مىننەتدارلىق بىلدۇرگەن.

## خاتىمە

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقى-
قاتلار 1981 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن ھازىرغا قەدەر ئاز كەم 40 يىل

مابەينىدە بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دېگەن-دەك چوڭقۇرلاشمىدى، سىستېمىلاشمىدى. بۇ ھەقتە يېزىلغان ما-قالىلەر تېخى ئاز، تەتقىقاتلار يېتەرلىك ئەمەس، تەتقىقات مېتودى قېلىپلاشمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىگە قا-رىتا يېزىلغان بەزى ماقالىلەرنى تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزگى-لى بولمايدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى يۇقىرى سەۋىيە، زور كۈچ، كۆپ قوشۇن تەلەپ قىلىدىغان، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشىغا موھتاج خىزمەت. كەلگۈسىدە بۇ ساھەگە تېخىمۇ ئەھ-مىيەت بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە بۇنىڭدىن ئۈمىدۋارمىز.

مەن ماقالەمنىڭ ئاخىرىنى «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2015 - يىل 26 - دېكابىر سانىغا بېسىلغان يۇسۇپچان ياسىن-نىڭ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بەزى قاراشلار» ناملىق ماقالىسىدىكى مۇھىم دەپ قارالغان بىر قىسىم تەشەببۇسلارنى ئىزاھلاش ئاساسىدا ئاخىرلاشتۇرىمەن.

1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئاب-دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى بۆلۈمى تەسىس قىلىش» (بۇ تەشەببۇس تۇنجى قېتىم ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىنىڭ «ئاب-دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىغا دائىر مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەر» ناملىق ماقالىسىدە 2004 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇل-غان، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 - يىلى 3 - سان 54 - بەت).

(2) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى بويىچە ماگىس-تىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلار يېتىشتۈرۈش.

(3) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقات فوندى تەسىس قى-لىش.

(4) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۈللىياتىنى نەشر قىلىش.

(5) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

ئېچمىشنى قارارلاشتۇرۇش.

(6) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش.

(7) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تور بېتىنى قۇرۇپ، ئەسەر-لىرىنىڭ PDF نۇسخىسىنى تارقىتىش. (بۇ تەشەببۇس 2010 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىككى ئالىم ۋاپاتىنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان يىغىندا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان)

(8) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) دا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى سەھىپىسى تەسىس قىلىش («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2008 - يىلى 4 - ساندا مەخسۇس «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى تەتقىقاتى» سەھىپىسى ئېچىلىپ خاس ماقالىلەر بې-رىلگەنىدى)

(9) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مەجلىس زاللىرىدىن بىرىگە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نامىنى بېرىش.

(10) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كۇتۇپخانىسىنى قۇرۇش قا-تارلىقلار.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئەسەرلىرى تەتقىقاتىنى چوڭ-قۇرلاشتۇرۇش ۋە كۆلەملەشتۇرۇشتە يۇقىرىدىكى نۇقتىلاردىن باشقا يەنە خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش مۇمكىن.

قوشۇمچە:

# ئۆمۈر تەلقىنلىرى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئىلاۋە: ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نەشرگە تەييارلانغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق بۇ ماقالىلەر توپلىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىككىنچى كىتاب (ئىبرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تەرىپىدىن يېزىلغان، يالقۇن روزى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ نەشر قىلىنغان «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» ناملىق كىتاب بۇ ساھەدىكى تۇنجى كىتاب ھېسابلىنىدۇ) بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوخشاشمىغان ساھەگە مەنسۇپ، ئوخشاشمىغان مىللەت ۋە يۇرت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىغا بەرگەن باھاسى ۋە بىلدۈرگەن قايىللىقى ناھايىتى يۇقىرى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەقىقەتەنمۇ بېرىلىپ ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ ئالىم. كۆزىتىشىمىزچە، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتىدىن سەل ئىلگىرى، يەنى 1993 ـ يىلى ئۆزىنىڭ يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ئىبسىل ماقالىسى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتىنى ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن تەمىنلىگەن ئىبسىل ئەسەر سۈپىتىدە تەن ئېلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ ماقالىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈشنى لايىق تاپتۇق.

*ئالىم بۇ ماقالىسىنى 10 كىچىك ماۋزۇ بويىچە يازغان بولۇپ، ماقالىدىن بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ھايات قارىشىنى، بىر ئالىمنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى، بىر ئەدىبنىڭ گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.*

*　　　　*　　　　*

### 1. قۇتلۇق يىلنامە

ئەزەلدىن زامانلار ئۆتەر بىپايان،
تەقۋىملەر تۈپەيلى ھېسابلار ئىنسان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنى تەقۋىم ـ كالېندارغا ئاجرىتىپ ھېسابقا ئالغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى. مىلادىيە كالېندارى بىرقەدەر قوبۇل قىلىنغان يىللار تىزمىسى بولۇپ قالدى. مىلادىيە ھېسابى بويىچە يەنە بېرىم مۇچەل — ئالتە يىلدىن كېيىن بىز مۇشۇ تەۋقىمنىڭ ئىككىنچى مىڭ يىللىق ئېراسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈچىنچى مىڭ يىللىق ئېرانىڭ بىرىنچى ئەسىرىگە قەدەم قويىمىز. بۇ، كىشىلەر ئېيتىۋاتقاندەك ئاددىيغىنە ئەسىر ئالمىشىشى بولماستىن، بەلكى خاسىيەتلىك ئەسىر ئالمىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ بېسىپ ئۆتكەن نەچچە تۈمەن يىللار ۋە ئۇ زامانلاردا ئالەمگە كەلگەن شۆھرەتلىك كىشىلەر بىزگە ئەپسانە، رىۋايەت تۇمانلىرى ئىچىدە روشەن كۆرۈنمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئېتىبارلىق ئورۇن ئالغان ساكيامۇنى، كۇڭزى، سوقرات ۋە ئەپلاتون قاتارلىق زامان مۆتىۋەرلىرى مىلادىيە كالېندارى سىزىقىدىن 5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرىلا زېمىن سەھنىسىدىن چاقناپ ئۆتكەن.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردا شەرقتە غەربىي جۇ سۇلالىسى، غەربتە «دىيونوس» ئويۇنلىرى خۇددى گۆدەكنىڭ خىياللىرىدەك ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغلاردا شەرقتىكى تيەنشۈيلۈك ئانباقارنىڭ ئوغلى چىن شىخۇاڭ ۋە غەربتىكى بۆرىنى ئېمىپ يېتىلگەن ئىتالىيەلىك بولغۇسى ئىمپېراتور رومۇلۇس تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى. ئەگەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى مىڭ يىلدىن مىلادىيە ئېراسىغا ئاتلىغان كىشى دېيىش توغرا كەلسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن ۋىداۋىنى ئەمەس، بەلكى بۈۋى مەريەم ۋە رىم تارىخىنى بېزەندۈرگەن ئىمپېراتور ئاۋگۇست ئوكتاۋىيانىنى بۇ خاسىيەتلىك تەقۋىمنىڭ قۇتلۇق ساھىبى دېيىش مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالەم ئۈپۈقىدا ئاجايىپ دانالار، ئەۋلىيالار، قەھرىمانلار بىلەن گۈزەللىك نامايەندىلىرى زامان ھالقىلىرىغا شۆھرەت بېزەكلىرى تاقىغان بولسىمۇ، پەقەت ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1025)، ئەبۇئەلى ئىبن سىنا (980 — 1037)، ئەبۇلپەزىل بەيھەقى (995 — 1086) ۋە ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىلا بىرىنچى ئېرادىن ئىككىنچى ئىراغا ئۆتۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىدى. زامانىسىنىڭ شاھىنشاھلىرى بىلەن ئەلرازى، ئەلفارابىدەك ئىلىم ساھىبقىرانلىرى ئۆز نەپەسلىرىنى بۇ قۇتلۇق رەقەمگە يەتكۈزەلمەي «ئاناسىر ئەربە» (تۆت زات) گە قايتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى شەرق ۋە غەربتە تەپەككۇر قەسرىنىڭ بۈزۈرۈكۋارلىرى، تارىخ سەھنىسىنىڭ ماھىر ھۈنەرپەزلىرى، ئىجادىيەت قەلئەسىنىڭ جاۋاھىر غەۋۋاسلىرى، گۈزەللىك گۈلشىنىنىڭ نەفاسەت چېچەكلىرى بۇ «رابات» (قونالغۇ)قا كېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قەلەملىرىدىن تامغان، تۆھپىلىرىدىن بىنا بولغان مىراس - يادىكارلىقلىرى تۈپەيلى زېمىن يورۇدى. ئۇلارنىڭ نامىشەرىپىنى تىلغا ئېلىش قەلبىمىز قېتىدا ئىزگۇ ھۆرمەت ۋە يۈكسەك ئىپ-

تىخار تويغۇسىنى ئويغىتىدۇ! ئەمما، تارىخ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىدا ئەسىرىمىزدىن ھالقىش قۇربىتى ۋە قەلبىدە ئەلگە ھەدىيە قالدۇرۇش ھىممىتى بولغان زامانداشلىرىمىزنى ئىككىنچى ئىرادىن ئۈچىنچى ئىراغا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆتۈشنى نېسىپ قىلماقچى. بۇ پەقەت مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىقىياس ئامەت ۋە بىتەققاس شارايەت. ئەلۋەتتە كېيىنكى تۆتىنچى ئىرا بوسۇغىسىغا قەدەم قويغۇسى بەختلىك ساھىبقىران تېخى نامەلۇم. ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا «يىپەك يولى» ئاچقان ئىراسىمۇ ياكى بۇلغىنىۋاتقان زېمىن مۇھىتى تۈپەيلى ئادەمزات خۇددى قۇرۇپ قالغان پىلە غوزىسى ئىچىدىكى كېپىنەكتەك ئەبەدىيەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەن زامانمۇ، بۇلار بىردەك مۇمكىنلىك ئىچىدىكى تىلسىمدۇر. شۇنداق، تەبىئەت مۇھىتىنى ھېسابقا ئالماي كىشىلىك كامالىتى ھەققىدە مەنتىقى مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر خىيالىي مۇتەپەككۇردۇر. مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەممىسى «بۇخارا دەرۋازىسى»دىن ئاتلاش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغاندەك، «بۇخارا دەرۋازىسى»دىن ئاتلىغانلارنىڭ ھەممىسىلا مۇتەپەككۇر بولۇۋەرمەيدۇ. ئەگەر تاشقى ئالەم ھادىسىسى بولغان مۇشۇنداق ئېرالار ئالمىشىدىغان يۇلتۇز بۇرجلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئامىتى ئىچكى ئالەم ھادىسىسى بولغان ئۆز - ئۆزىنى يوقلاپ بىلىش بىلەن، جۇملىدىن ماكان چالغۇسىدىن زامان ناۋالىرىنى تۈزۈۋاتقان تارىخ يۈزلىنىشلىرىنىڭ ئەسرارى بولۇش شارايىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندە ئىدى، ئۇ، مىسلىسىز ئالىي مەقامدىكى خاسىيەتلىك قۇت مۆجىزىسى بولغان بولاتتى. ئۆزى تۈپراقتىن بىنا بولغان بەندە تۇرۇپ، يەنە ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تەڭرى بىلەن سىردىشىدىغان ۋە ئۇشبۇ پەزىلىتى ئۈچۈن نادانلىق ھەسەتلىرى ۋە جاھالەت غەيۋەتلىرى كاساپىتىدىن كىرىستقا مىخلانغان ئىسانىڭ مىلادىيەگە تەقۋىم بېشى بولغانلىقى يوللۇق بولسا كېرەك.

## 2. ئارىفلىق يېشى

يىللار تۇزانىدىن باشقا ئاق كىرەر،
شۇ باشنىڭ پەرقىدە ئاسمان بىلەن يەر.

مىڭ يىللار گىرەلىشىدىغان تەڤۆم مۆجىزىسىگە يېرىم مۇچەل قالغاندا مەن ئاتمىش ياشقا كىرىمەن.

ئاتمىش ياش — هايات مەنزىلىدىكى ئۆزلۈكنى يوقلاش قونالغۇسى! ئاتمىش ياش — يۈكسەك سۈكۈنات، تېرەن تەلقىن پەللىسى! تەڭرى لايدىن بىنا قىلغان ۋە ئانا قارنىدىن پەرزەنت قىياپىتىدە تۆرەلدۈرگەن ئىنسان ئۆزىنى دۇنيا مەئىشەتلىرىگە بۇرما مىختەك بارغانسېرى كۈچەپ كىرگۈزۈپ ئاتمىش يىلنى تاماملىشى مۇمكىن. سىرتقى تۇسى پەرىزاتتەك ئەپسۇنكار، ئىچكى ماهىيىتى تۇگمەن تاشلىرىدەك بىۋاپا، ياۋۇز، هىيلىگەر بۇ قېرى دۇنيامۇ ئاتمىش يىل ئىچىدە ئۆز سىرلىرىنى ئىنسانغا يەتكۈدەك ئاشكارىلاپمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئۇ، نادان ۋە خەسىسكە يىغا، دانا ۋە ئارىفقا بىر سوغۇق كۈلكە ئاتا قىلىدۇ. ئۇنى بوياپ ـ سىرلاپ دوك بولۇپ كەتكەنلەرگە ئۇنىڭ بېرىدىغىنى خىيالىي سۇمۇرغ ئىزىنكى، خالاس! ئاتمىش يىل، ئەزەلدىن ئىنسانغا ئۇ بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا، ئۇ پىداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىدىن قاقاهلاپ كۈلۈشكە بېشارەت بېرىپ كەلدى. بۇ ئاخىرقى «ئوغۇز سۈتى» ئىشارىتىنى پەملىگەنلەرمۇ، پەملىمىگەنلەرمۇ تالايلاپ ئۆتتى. پەقەت، زامان سەهىپىلىرىنى كالىندار دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن تاش كاللا «زاهىد»لارنى هېسابلىمىغاندا، ئاتمىش ياش — خاسىيەتلىك ئىككىنچى تۇغۇلۇش ئەييامى!

كۆڭزى ئاتمىشقا كىرگەندە: «ئارقىمىغا قايرىلىپ نەزەر سالسام باسقان قەدەملىرىم خاتا بوپتۇ» دېسە، ئەهمەد يەسسەۋى:

كۆزۈم يۇمۇپ تا ئاچقۇنچە يەتتى ئاتمىش،
بىلىم باغلاپ مەن قىلمىدىم بىر ياخشى ئىش.

دېگەنىكەن. ئۇ، 63 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئويغانغانلىقىنى (ئا-رىف بولغانلىقىنى) ئىقرار قىلغان.

شۇنداق، ئاتمىشقا كىرمەيمۇ ئويغىنىش — «ئارىف» بولۇش مۇمكىن. شاھزادە گاۋتاما سىددا ئارتا ياش تۇرۇپلا «بۇددىھا» (ئويغانغان)لىقىغا ئېرىشتى ۋە «ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى» (ساكيامۇنى) دەپ ئاتالدى. ۋاھالەنكى، ئاتمىش ياشتىمۇ غەپلەتتە قالغان كىشىنى زېمىن لەرزىسى بىلەن تەقدىر زىلزىلىلىرىمۇ ئويغىتالمايدۇ. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ ئويغىنىشى ئېتىبارىنى يوقاتقان. ئويغىنىشمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋى:

«زاھىد بولما، ئابىد بولما، ئاشىق بولغىن» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، ۋەسلى ئىلاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشنى ئويغانماق دېسە، جالالىددىن رۇمى ئىنساندا تەڭرى قىممىتى ۋە ئەقىدە ماقامىنى كۆرۈشنى ئويغانماق دەيدۇ. نيۇ يورك شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى جون لىنسي بولسا: ئاتمىشتىن ھالقىغاندىن كېيىن، ھېچقانداق نەرسىنىڭ تاماسىدا بولماسلىقنى ھەقىقىي ئەركىنلىك، دەپ قارايدۇ.

شۇنداق، مەن ئويغىنىش يېشىمغا — ئارىف يېشىمغا كېلىپ قالدىم. تىرىك ۋاقتىمدا ئۆلۈمنى ئويلاپ، مۆتىۋەر چېغىمدا تۇپراقلىق زاتىمنى تونۇپ، كىبرى - ھاۋانى قايرىپ قويۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە مۇنكىر - نەكىر سورىقىنى سورىغۇم بار. ئۆمۈر مەنزىللىرىمدىن ئۆمۈر جاۋاھىراتلىرى تېپىش نىيىتىدە تەرمەچىلىرىم سىڭىنغان سەپەر خۇرجۇنۇمنى تەلقىن داستىخىنىمغا تۆكۈپ، ئۇلارغا ئەقىل بىلەن نەزەر تاشلىماستىن، بۇ مەقامغا قەدەم قويالمايمەن.

شۇنى شەرت قىلىمەنكى، مەن ئىنسانىيەت تېخى يوقاتقان ئۆزىنى، ئۆز ماھىيەتلىرىنى تاپالمىغان ئېرادا تۇغۇلدۇم. مەن يەنە «يىپەك يولى ئەللەتلىرى» مېنىڭ كىشىلىك مۇھىتىم بولۇپ تۇرغان ئەسىردە ياشىدىم. ھايات سەرۋىمگە زامان تۇزانلىرى بىلەن قاپلانغان چىپار يۆگىمەچلەر چىرماشقان. ھازىرقى زامان روھىي كېسەللىك ئالىملىرىنىڭ: پۇقرادىن پىرىزىدېنتقىچە ھەرخىل دەرىجىدە غەيرىي نورمال روھىيەتكە گىرىپتار بولغان، دېگەن شۇ كېسەلچانلىقتىن (پىسخىكىلىق كېسەلدىن) مەنمۇ خالىي ئەمەسمەن. ئەلدىن مەغپىرەت تىلەش، ئەقىل پاكلىقىمنى ئىزدەش — مانا بۇ مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان پىداكار تېما. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۇچۇرىدىن ئۇچۇر قىلماقچىمەن.

## 3. تەقدىر چەمبىرى ۋە ئىرادە ھۆرلۇكى

زامان ـ ماكان ـ تۇركۇمدىن پىچىلۇر تەقدىر ـ قىممەت.
ئاقىۋىتىڭ بېكىتەر سەندە ئىرادە ـ ھىممەت.

ئادەم ئۈچ نەرسىدىن ھالقىيالىشى تەس. ئۇ، ماكان، زامان ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۇركۇمىدىن ئىبارەت. مەن مىلتىق بىلەن كەتمەن تۇرمۇشىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى قىلىنغان ماكان ـ زامان ـ تۇركۇمدە ياشىدىم. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قانىلى — تارىم ۋادىسىدا كونا ـ يېڭى مەدەنىيەتلەر ئارىلاشقان، تارىخىي ئەپسانىلەر بىلەن كەلگۈسى خىياللىرى رېئاللىقتىن شۇنچە يىراق بولغان، ۋەزىيىتى خۇددى تىراكتور ئارقىسىغا چېپىلغان كوزۇپتەك ئۆزىدىن سىرتقى قۇدرەتلىك داۋالغۇشلار نەتىجىسىدە تېز ئۆزگىرىدىغان زامان مېنىڭ نەپەس خەزىنەم بولدى. ئەتراپىمدا ئالىيجانابلىق بىلەن خەستىلىكنى ئۆز روھىيىتى قىلغان خەلق ھەرىكەتلەندى. مەن تۇغۇلماستىن ئىلگىرى باشلان-



ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

غان يېڭىچە مائارىپتىن بارغانسېرى شۇنچە كۆپ كىشى تەربىيە-لىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاز ۋە بەختسىز ئىدى. خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدە ئېيتىلغاندەك ئۇلارنىمۇ «بارسا كېلەر»، «ياكى كېلەر، ياكى كەلمەس»، «بارسا كەلمەس» هايات يوللىرى ئىككىلەندۇرۇپ تۇراتتى. پۇل ـ بايلىق بارسا كېلەر، هوقۇق يا كېلەر، يا كەلمەس، مائارىپ، بىلىم يولى بولسا، بارسا كەلمەس يولغا ئوخشاپ قالغانتى. هوقۇق تۇتقانلار ۋەزىيەت مۇقىم زامانلاردا «پەيتۇن هارۋا»غا ئولتۇرۇپ، بىر قەپەس دەۋران سۈرەتتى. ئەمما بىر ئۆمۈر دەۋران سۈرگەنلەر ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ هوقۇقنىڭ تۆپىسىدىمۇ، تېگىدىمۇ ئىككى قورقۇنچلۇق كۈچ تۇرغاچقا، بىر قارىسا يالغان نەرسىدەك، ئەمما ئۇ هەر هالدا هاڭ ئالدىدا يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان دىقماق دەرەختەك ئەنسىز-لىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى. پۇل ئىگىلىرى پاتقاقتىن مەرۋايىت يىغقاندەك هەپىلىشىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلار هوقۇقدارلارنىڭ قوغدىشىنى، هوقۇقدارلارمۇ پۇلدارلارنىڭ بېقىشىنى شەرت قىلغا-نىدى. بايلارنىڭ مازارلىرىمۇ تام چۆرۈلگەن، بەزىلىرى شامگۆر قىلىنغان ئالتۇنلۇقلار ئىدى. هېلىقى هوقۇقدارلارنىڭ قەيەرلەردە قانداق ئۆلۈشىنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى.

قەغەز ـ قەلەم ئەهلى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە مائارىپ ساهەسىدى-كىلەرنىڭ تەقدىرى ئومۇمەن ئېغىر ئىدى. بايلار ياكى هوقۇق-دارلارغا يالالانغانلىرى، هەتتا هوقۇقدار بولۇپ قالغاندىمۇ هۆرلۈك پەللىسىدىن يىراقتا تۇراتتى. زىندانلاردا چىرىپ كەتكەنلەرنى هېسابلىمىغاندا، زاماندىن ـ زامانغا دومىلاۋەرگەنلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغان بىلەن، باغرى ئالىمپىشىل بويىلىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك زىيالىيلار تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن نىسۋىسى بىلەن خۇددى مېيىپ كىشىلەردەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنى بايلارمۇ، هوقۇقدارلارمۇ، قارام ـ لۈكچەكلەرمۇ، زاهىد ـ ئىشانلارمۇ خەتەرلىك تۈركۈم هېسابلىشاتتى. سىياسىي كاززاپلار

ئۇلار ئارىسىغا ئۇۋ تاپقانلىرىنى سېلىپ جاھاندارچىلىق شىكار-لىرىنى قىلىشاتتى. يۈرەك ۋە سىل كېسەللى، ھاقارەت ۋە تەھدىت ئۇلارنى قورقۇتالمىدى. ئۇلار ھەر ھالدا تارىختىن، دۇنيادىن، ھە-قىقەت ۋە ئادالەتتىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار يېڭىلمىقىنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى، مۇئەييەن تەرتىپ قېلىپى تولىمۇ سۆرىلىپ كەتمەس-لىكىنى ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئۈمىدۋار خاھىش قىلغانىدى. مەن مۇشۇ جۈملىلەرنى يېزىۋېتىپ، ئۆز ئۇستازلىرىمنى، ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر كۆز، تېرەن پىكىر، كەم سۆز ياكى ناتىق، پېقىر - مىس-كىن ھالىتىنى، ئۇلارنىڭ كېسەلچان ھەم تىرىشچان ئاياللىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەقلى تېز يېتىلگەن لاچىن مىجەز گۆدەك پەرزەنتلىرى-نى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم. مانا مەن ئاتمىش ياشقا كىرگىنىمدە ئۇلارنىڭ تولىسى ھايات مەنزىللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر، سۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت تېخى ئۆچمىگەن، ئۇ پۈتۈن تارىخ ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى شۇ خىل نۇر ۋە ئوتلار بىلەن بىللە ئىنسانىيەت ئارىسىدا مەدەنىي-يەت قۇياشىنى بەرپا قىلدى. ئۇلار چۆلدە كۆرۈنىدىغان ئالۋۇندەك، بار دېسە بار، يوق دېسە يوق قىسقا ئۆمۈرلۈك ھوقۇق ئەھلىگە قا-رىغاندا، خەلق تۇركۈمى قوينىدا يالتىراپ تۇرغان بىباھا گۆھەر-لەر ئىدى. ئۇلار يۇقىرىنىڭ قۇلى، تۆۋەننىڭ غوجىسىلىق ماھىي-يەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئوتتۇغاتسىز ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىياتىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇر ئىدى.

## 4. قەترىدىن قۇياشنى ئىزدەپ

زامان، ماكان بىپايان، كېزىپ چىقالماس ئىنسان،
كىتابەت قەترىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان.

مېنىڭ ھايات يولۇم پۇل چېكى ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى

ساناش، سىلاش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب ـ ژۇرنال سەھىپىـ لىرىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. مېنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىم ئائىـ لىدىن مەكتەپكە ئۆتۈش بىلەن داۋاملاشتى. ئوقۇتقۇچى بولۇش ماڭا ھەم تەقدىر، ھەم ھىممەت، ئىختىيار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالۋۇن مەنسەپ، ۋاپاسىز تاپاۋەت مېنى ئۆزىدىن سەسكەندۈردى. نېمىشقىدۇر ئەزگۈ ۋە مۈڭ بىلەن گىرەلەشكەن سوكۇنات شەكلىـ دىكى تەپەككۇر مېنىڭ قۇياشنى ــ يورۇقلۇقنى ئىزدەش مەشغۇ ـ لۇم بولۇپ ئادەتلەنگەنىدى. ماكان ـ زامان ـ تۈركۈم ساپاسىنىڭ تارىخىي قاتلىمى تۇپەيلى مەنمۇ خۇددى يىپەك يولى بېكىلگەن زا ـ مانلاردىكى دادام، بوۋام ھەم چوڭ بوۋىلىرىمدەك تەقىپ، تۇتقۇن، بوھتان ۋە باغلاق رىيازەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم. مەن بۇ جەـ ھەتتە ھېچبىر رەقىبىم ياكى خالاسكارىم بولغان شەخسنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. قورققان دوستلىرىم بىلەن شەپقەتتىن ئادا ـ جۇدا بولغان ھوقۇقدار تۇغقانلىرىمنى نامەردلىكتە ئەيىبـ لىيەلمەيمەن. نامەردلىك مەلۇم مەنىدە سانسىز كىشىلەر پادىسىـ نىڭ روھىيەت ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ماكان ـ زامان ـ تۈركۈم ساپاسىدىن تەركىب تاپقان مەسخىرىلىك تارىخىي قاتلامدا ئىدى. ئىسمىدە بارىدا ئىپتىۋالاي: مۇشۇ تارىخىي قاتلامغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، مېنىڭچە، كەلگۈسىنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىدە يا ـ رىتىلغان قەغەز ـ قەلەم دۆۋىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى مىزانغا ئايلىنىشى تولىمۇ تەبىئىي.

كىتاب ماڭا ئىلىم، يورۇقلۇق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرچان پىـ كىر بېغىشلىدى. بۇلار ئەمەس، كىتاب يەنە تۇرمۇشۇمدىكى بىر قاتار بىگۇناھ سۇيىقەست ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلىرىگىمۇ يول ئاچتى. ماكان ـ زامان ـ تۈركۈم ئۈچ بۇرجىكىدە ماگىللان كېـ مىلىرىنىڭ غەرق بولىدىغانلىقىنى، «بېكىنمىچىلىك» تامغا قىـ لىنغان تارىخىي قاتلامدا تەپەككۇر ئۈچقۇرلۇقىدىن بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، ئابدۇللا خاراباتى، يەنە ئابدۇ ـ

قادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ پاجىئەلىرىنىڭ زەنجىرسىمان دولقۇن ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ماڭا بېشارەت قىلدى. دەرۋەقە، قومۇلدا قايسىدۇر بىر دانا ماڭا: «ھەقنى دېمەكلىك، ئاچچىق يېمەكلىك» دېگەنىدى.

مەن چەككەن رىيازەتلىرىمگە سەۋەب بولغان تارىخىي مۇقەررەرلىكنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە، مۇشۇ ئوت ـ تۇتەكلەرنىڭ ئۇستىگە ئېسىلغان پولات شالاسۇن ۋە چويۇن قازاندا پىشقان ئەقىل ـ ئارىپ غىزاسىنىڭ قىممىتىنى قەدىرلىدىم. مېنىڭچە، ھەممە نەرسە — توپان بالاسى، قۇياشنىڭ كۆيۇشى، دەشت ـ چۆلنى جەسەتكە تولدۇرۇۋەتكەن جەڭ، ئىيسانى مىخلىغان كىرست دار، بوزۇلغان مۇھەت، ئاينىپ كەتكەن ئۇلپەت، يەنە نېمە ـ نېمىلەر... قىسقىسى، پۇتكول ئاپەت ۋە قاباھەت خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك بىر قىيامى شەربەتنىڭ — ئەزگۇلۇك، بىلىم ۋە يورۇقلۇقنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىدۇ! چۈنكى، ئۇمۇ جىددىي ئۇچۇردىن ئىبارەتتۇر. تورمۇش شۇنداق نېمە، ئۇنىڭدا گۆش يەپ، چىش كولاش بىلەن ھۇزۇرلىنىپ لەيلەپ يۈرمىسەڭلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «پەرداز قىلىنغان پەرى» قىياپىتىنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. شەرت شۇكى، نەپسىڭنى پىكىر ئىلھامچىسى، مەئىشەتىڭنى رەڭلىك كۆزئەينەك قىلىۋالما!

مەن ئوقۇدۇم! خۇددى يېقىندا كاتتا ئىمتىھان بولىدىغاندەك، خۇددى يېقىندا يېڭى بىلىم گورىزىنىت سىزىقى ئېچىلىپ ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىك، ئالەم سىرلىرى ئۇستىدە ئۆتكەن ئالىملاردىن دەرس ئالغاندەك كىچىك پېئىللىك، ھەممە مۇتلەق خۇلاسىلەرگە ئىسيان كۆتۇرىدىغاندەك گۇمانىي تۇيغۇ، يېڭى بوغۇننىڭ ئەلچىسىدەك جىددىي ـ جاۋابكارلىق بىلەن ئوقۇدۇم. مەن ھېلىمۇ ھەر كۇنى ئوقۇيمەن، پارالٔ ـ خەۋەر مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ئاساسىي بىلىش مەنبەلىرىگە مايىلمەن. قاچانكى كىتابتىن مەن بىلمەيدىغان يۇقىرى قاتلام بىلىملەر، بې-

شارەتلەر، ناتونۇش ئىبارىلەر چىقىپ مېنى لۇغەت ئىزدەشكە
مەجبۇر قىلسا، ئالاھىدە روھلىنىپ كېتەتتىم. ئۆز سەۋىيەمگە
لايىق ياكى مەن ئۈچۈن «ئاتام ئېيتقان بايىقى» قىممىتىدىكى كى-
تابلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپلا نېرى ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ قويات-
تىم. ئىبن سىنا كىتاب ئوقۇپ چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كايىمى-
غان بولسا فارابى بىلەن باغلانمىغان، ئارستوتېل پىكىر ئېقىمىغا
قەدەم قويمىغان ۋە «شەيخۇل رەئىس» بولمىغان بولاتتى. كىتاب
ئۇ تېلېفوندىكى سۆزلىشىش ئەمەس! ھۇرۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
بەلگىسى ۋە غەپلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى، مېنىڭچە، كىتاب
داستىخىنىدا مۇئەللىپنى تائامنى چايناپ بېرىشكە بۇيرۇشتۇر.
مەن ئەزەلدىن بىلمىگەنلەرنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئاشكارىلاپ بىلىم
ھەققىدە سۆزلەشنى زادىلا خالىمايتتىم، بىلگەنلىرىنى بازلاش ھا-
ماقەتلىك ۋە تەنتەكلىك دېگەن قارىشىم دەسلەپتىلا چۈشەنچە
شەكلىدە ئەمەس، ئادەت شەكلىدە مېنى سوكۇناتچان قىلىپ كەل-
دى. ناتوغرا سۆزلىگەنلەردىن پات - پاتلا ھەقىقەت ئامىللىرىنى
ئاختۇرغۇم، بەلكى ئۇنىڭ بىرەر ئاساسى بارمىكى، دېگۈم كېلەت-
تى. چۈنكى مەن ئىلىمنى بەيگە ئېتى، بايۋەچچە قولىدىكى ئالماس
كۆز ئۈزۈك، موللام ئاغزىدىكى پەتىۋا دەپ ئەمەس، بەلكى پەقەت
باشلانغان، داۋام قىلىۋاتقان، تۈگەللەنمىگەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي
ئىزدىنىش بىناكارلىقى، دەپ قاراپ كەلدىم.

ئىلىم پىداكارلىرىنىڭ تەركىبىسىنى بىلىش مېنىڭ دائىملىق
«پاكلىنىش» دەرسىم بولدى. ئۇ، سەلتەنەت ساھىبلىرىنىڭ تاسا-
دىپىي ۋە تەۋەككۈل تەزكىرىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بىلىم-
گە ئەمەس ئالىملىققا، ھېكمەتكە ئەمەس ھاكىملىققا، ئەزگۈ يۈك-
سەكلىككە ئەمەس ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىسىگە، پاكلىققا ئەمەس
سۈيىئىستېمالغا بېرىلىپ، بۇ قۇياش قەلئەسىگە قەدەم قويغانلار-
نىڭ قولىدىكى قەلەم، زامانلار ئۆتۈپ ئۇلارنى ھەشەمەتلىك ساختا
تەختلىرىدىن ئىرغىتىپ مەسخىرە مەيدانىغا تاشلايدىغان پولات

كۆرەك بولىدىغانلىقىنى مەن ئاشۇ قۇتلۇق تەزكىرىلەردىن بىلـ-
دىم.

مەن فارابى، ئىبن سىنا، ئەلىشىر نەۋايىدەك بىلىش يولىدا
تىكاھسىز ئۆتۈشنى راۋا كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك سەيفۇل دەۋلە،
نوھ ئىبن مەنسۇر، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھامىيلىق قىلىشىنىمۇ
مۇناسىپ كۆرمىدىم. ئاقىلانە پىداكار ئائىلە ۋە غېرىبانە سىياسىي
تەنھالىق مېنىڭ ئىككى ئامىتىم بولدى. ئۇ، قەلبىمنى قىزدۇ-
رۇپ، زېھنىمنى سوۋۇتۇپ تۇردى، روھىي ئەسەبىيلىكتىن «يەك-
چەشمە» بولۇپ قالمىدىم. تەرسا رەشكى ھەسەت بىلەن ناھەق رى-
يازەت مېنىڭ مۇشۇ ئۆمۈر مۇھىتىمدا ئېرىشكەن ۋە مېنى قەھ-
ۋەخانىغا ئەمەس، تەپەككۇر خىلۋەتگاھىغا باشلاپ بارىدىغان نوبېل
مۇكاپاتىم ۋە ئوسكار مۇكاپاتىم بولدى! ئۇ ماڭا ھەر كۈنى تاڭ
سەھەردە: «مائارىپ قەسىرىسىدىن شاھادەتنامە ئالغانلارنىڭ ھەم-
مىسىلا ‹ئارىف› بولۇۋەرمەيدۇ!» دېگەن پىكىرنى قايتا ئەسلىتىدۇ.

## 5. ھېسسىياتخۇمار ئىرسىيەت

مۇشۇكنى ھارۋىغا قوشساڭ كاڭغا سۆرەيدۇ.

— قومۇل خەلق ماقالى

ئىنسانشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى نە-
تىجىلىرىدىن بىرى مىللەتلەرنى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت»،
«ئىجتىمائىي مىللەت»، «سىياسىي مىللەت» دېگەن ئۈچ كاتېگورى-
يەگە ئاجرىتىش بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ كاتېگورىيەلىرى ۋە ئۇنىڭغا
مىسال كەلتۈرگەن مىللەتلىرى ھەققىدە بۇ يەردە توختىلىشنىڭ
زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، مىللىتىمىز پارلاق
مەدەنىيەت «ئەلئىپھاملىرى»نىڭ بىناكارلىرى بولۇشى بىلەن بىلـ-
لە، ھازىرقى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت»لىك كاتېگورىيەسىدىن

هالقىپ چىققىنى يوق. ئۇلار چەت ئەللەرگە تارقىلىشنى خالايدۇكى، يەھۇدىيلاردەك چەت ئەللەردىن كېلىپ توپلىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا بىر ئېتنىك — تەبىئىي مىللەتكە خاس پۈتۈن ئالامەت، مەدەنىيەت ۋە ئەۋزەل سەنئەت، مىللىي ئادەتلەر تولۇق. ئۇلارنىڭ ئۇتۇق ۋە ئىللەتلىرى، ئالىم ۋە شائىرلىرى، سەركە ۋە جامائىتى تۈگۈل ھەتتا ئىپتىخار - نومۇس، مۇھەببەت - نەپرەت، باھا - پاراڭ جۇغلانمىلىرىمۇ ئۆز كاتېگورىيەسىگە لايىق. ئۇلار قۇم - بوران ۋە سۇ ئاپىتى بىلەن بىرگە ئوقۇش ۋە خىزمەت سالاھىيىتىدىن يۈرەكزادە بولۇپ، مول ھوسۇل ياكى توي - تۆكۈندىن مەشرەپ قۇرۇپ كېلىشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ يۇرت كاتتىلىرىمۇ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككىلەمچى نەرسىنى، مۇقامدىن ئىبارەت بۇ «دەستىسى ساتاردا، بەستىسى ئەيتاردا» بولغان ئىككىنچى زۆرۈرىيەتنى خەلقنىڭ توپ خۇمارى قىلىپ، بىر - بىردىن بەكرەك سۈرەن سېلىشتى. مەن ئۈستىگە مال - يۈكتىن ئىبارەت «توقام» سېلىنغان تۆگىدە ئولتۇرۇپ قەدىمكى يىپەك يولىدا مۇقام ئېيتىپ كېتىۋاتقان بەش سەنئەتچى تەسۋىرلەنگەن رەڭلىك ساپال ھەيكەلنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۇلار ئاڭسىز بولسىمۇ، تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئەمەل قىلىپ «توقام» بىلەن «مۇقام»نى تەڭ تۇتقان، «توقام»نى ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ، بەرباب تارىسىغا ناخۇن سوققانىكەن. بىزچۇ؟!

گۆدەكلىكىمدە مەنمۇ سەنئەت خۇمار بولۇپ قالدىم، ماڭا تەسىر قىلغىنى، ئالمۇتادىن كىرگەن كىتابلاردا تىلشۇناس ۋە ئەدىبلەرنىلا شۆھرەتلىك ئالىملىرىمىز دەپ تونۇشتۇرغانلىقى، بىزدە ھېكمەت ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھەققىدە خەۋەرسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئىدى. ئەكسىچە، مەن يېڭى زامان «ئەدەبىيات» ۋە «ئالماناخ»لىرىدىن ئەمەس، ھېسسىياتقا باي خەلق قېنى، تۇرمۇش مۇڭى، تەسەۋۋۇر يالقۇنى بىلەن كونا شېئىرىي دىۋانلار تەسىرىدە كىلىنىكىلىرىمدىكى شېئىرىي ئىرسىي ئامىللارنى

چاقماق قىلىپ، قەلب چېقىنىداقلىرى چېقىشقا مايىل بولدۇم،
كېيىنچە شېئىرىي ھېكمەت ئۇستىلىرى — نەۋايى، شىرازى،
گىيوتى، تاگور، ئۆمەر ھەييام بىلەن مەشرەپ ئەسەرلىرىدىن شې-
ئىرىيەتنىڭ ئىنسانىي ياۋۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا مەدەت بېرىدىغان
ھازىرقى زامان «ئىنجىل»ى بولۇشى مۇمكىنلىكىگە ھەيران بول-
مىدىم، بۇ مۇمكىنلىك تەلەپكار مۇمكىنلىك ئىدى. شۇنداق قى-
لىپ، مەن ھادىسىلەرگە كۆپرەك تۇتاشقان ھېكايىچىلىككە قارد-
غاندا دەبدەبىسىز، شادىيانە چۇقانلاردىن يىراق ياۋا شېئىرىيەت
يولىغا كىرىپ كەتتىم. ھەر خىل گۈللەردىن، چىلان تۇپراقتىن
ئاقىدىغان ئېرىق بويىدا ئۆسكەن رەيھان ۋە يالپۇزلاردىن پەرقلىق
مېنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم يۇلغۇن چېچەكلىرىگە ئوخشاش
تەنھالىق مۇڭى، ئۇسسۇزلۇق چاڭقىقى ۋە بوران ئەنسىزلىكى بىلەن
تولغانىدى، ئۇنىڭدىن سەتەڭلەرگە ئوسما، گۈلخۇمارلارغا تەشتەك
گۈلى چىقمايتتى. خۇش پۇرىقى ۋە ئەتىرگۈلىدەك يۇمران — نە-
پىس بەرگى بولمىغان بۇ ھالدىكى چېچەكلەر ئۆز ئىزىغا تۆكۈ-
لۈپ، ئۆز شېخىدا ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋجىنى يال-
قۇنلۇق تونۇردا ياكى گۈلخان ئۆركەشلىرىدە كۆرۈش مۇمكىن.
يازغان ۋە ئېلان قىلغان ھېكايىلىرىم كۆپ ئەمەس. «زۇلۇم
ئوچىقى»، «ئاق خالات»، «ئالتۇنقىز»، «كېسىلگەن قولاق»، «كى-
چىككىنە ئاسىگۈل»، «نېلۇپەر»، «تاش پەرى» ھېكايىلىرىنى ياز-
دىم. نېمە ئۈچۈندۇر، ماكان-زامان ھادىسىلىرى بىلەن تۇتىشى-
دىغان چوڭراق ۋە كۆپرەك نەسرىي ئەسەرلەرگە مەيلىم بارمىدى.
ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغان تارىخىي دىراملىرىمدىن يەتتى-
نى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار: «سۇمۇرغ قۇشىقى»، «قەدىمكى
يىپەك يولى»، «ئوردىدا باھار»، «پىلە مەلىكىسى»، «مەلىكە گۈل-
يۈز»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسمىغان قىلىچ»تىن ئىبا-
رەت. «مەرۋايىت مەلىكە» نامىدا ئۇسسۇل سىپېكتاكلىمۇ يازدىم.
نېمىشقىدۇر 30 ياشلاردا يازغان بۇ تارىخىي دىراملارنى ئىشكا-

يىمدىن چىقارغۇم كەلمىدى.

شېئىرلىرىمنىڭ ئوندىن بىرى ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىمنى «باھارىيات»، «ئاق توز»، «ئۆچقۇن بىلەن شەبنەم»، «كۆڭۈل كۈيلىرى»، «ۋىسال بېغى»، «سېرىن چېچكى»، «ئەزگۈلۈك كۆز يېشى» قاتارلىق توپلاملارغا ئايرىدىم. شېئىرلىرىمنى ئومۇمەن بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

لىرىك شېئىرلارنى بارماق ۋەزىندە قىسقا يېزىشقا مايىل ئىدىم. ئۇلار ئىككى، ئۈچ، بەش كۇپلېتنى ئاساسىي شەكىل قىلغان بولۇپ، يۈرەكتەك چاقنان بولسا، ئۆپكىدەك سوزۇلما بولمىسا، دەيتتىم. مەسىلىنى قويۇپ يەشمەسلىك، مەجازى غۇۋالىق، ھەممىنى تىراگېدىيەلىك تۈستە ياساندۇرۇش، چاقماق چېقىپ قويۇش، كۆز يېشىنى مىسرا قىلىپ قاتۇرۇش مېنىڭ ئىزدىنىشىم بولسىمۇ، ناباب شېئىرلىرىممۇ ئاز ئەمەس، ئۇلاردا ياكى گۈزەل بىر پىكرىي روشەنلىك مەقامىغا يېتەلمەي قارا قۇلۇلە قارنىدىكى مەرۋايىتتەك قامىلىپ قالغان ياكى ئەرزىمەسلىك ئىچىگە ۋاز كېچەلمەس ئىبارىلەر يوشۇرۇنغان، بۇلارنى قايتا ئىشلىمىدىم. مەن تاسادىپىي، كوچىدا تىترەپ ياكى مەيۈسلۈك كۆز يېشىغا چۆمۈپ شېئىر «قوشقان»لىقىم ئۈچۈن، شائىرلىق ئىستىكى ۋە تەھرىرلىك تەلىپى بىلەن تەكرار ئىش ئېلىپ بېرىشقا ھەۋەسلىنىپ كۆنمىدىم. نەتىجىدە، شېئىرلىرىم يوشۇرۇن، تەبىئىي، ئىپتىدائىي جاڭگال پېتى قالدى. بۈگۈن ئۇنى تۈزەي دېسەم، ئەينى زاماندىكى ئىلھاملىرىمنىڭ چىنلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن ۋە گۆدەككە ئاتمىش ياشلىق چوڭ دادىسىنىڭ قېنىدىن ئوكۇل بېرىشنى مۇناسىپ تاپمايمەن. مۇزىكىغا تەرجىمان، شېئىرغا مۇھەررىرنىڭ ھاجەتسىزلىكى ھەققىدە مۇتلەق بىر نېمە دېگۈم يوق.

غەزەل – قەسىدىلىرىم «شەيدائى» تەخەللۇسىدا يېزىلدى. «گۈلزار ئاشىقى»، «بۇلبۇل ئازادى» نامىدىمۇ ئازغىنە غەزەللەرنى يازدىم. «ھەمراھى» تەخەللۇسىدا ئانامنىڭ غەزەللىرىنى رەتلىدىم

ۋە ئۇنىڭغا غەزەللەر قوشتۇم. غەزەلنى بەش ـ يەتتە بېيىتلىق
ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۇ-
رۇشنى خالىسامىمۇ، ياۋا مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى بىردەك چىقمى-
دى. كىشىلەر ياقتۇرمىغان، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنىغان غە-
زەللىرىمدىن تېنىۋاللايمەن. ئەمما، كۆپلىگەن غەزەللىرىمگە پۈ-
تۈن خەلق قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ
قانچىكى روشەنلىكتىن مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا
لايىق مۇساپىدە قاتمۇقات مەجازلاشقان. ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ قې-
لىن پوستلۇق بادامىلارنىڭ سەنەم لېۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئى-
بارەت. كىمكى ئېرىنمىسە ۋە تىلسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا، بۇ
غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەيلى
ئۇ بىرقانچە كىشى بولغاندىمۇ!

«رۇبائىيات» نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي
ئېلان قىلالىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى يېتەرلىك
ئىخچاملىغان ۋە غەزەلنىڭ توختىشىدىن، بەزىلىرى كۆزۈم چۈش-
كەن ھايات ماھىيەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان روجەكلىرىدىن، بە-
زىلىرى تەلۋە قۇيۇندىن ئاپىرىدە بولغان، مەن شائىر ئەمەس، رۇ-
بائىيچىمۇ ئەمەس. شۇڭا، رۇبائىيچىلىقنىڭ شەكلەن تارىخىغا،
تېماتىك پىكرىنىڭ تەقلىدىي تەكرارلىنىشىغا نەزەر سالغىنىم
يوق. مەن ئۆزۈمنى ئەينى زاماندىكى ئۆز قەلبىمدىكى خەلق رو-
ھىيىتىنى «كالتە غەزەل» شەكلىدە يازدىم، پىكرىنىڭ سۈيۈلدۈرۈ-
لۈشى ياكى تەكرارلىنىشىنى كەچۈرۈشكە بولغاندا ئىدى، ھەربىر
رۇبائىيلىرىمنى غەزەل قىلغىلى بولاتتى. ئەمما بۇ، رۇبائىيلار
ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىدى، مەن ئۈچۈنمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ تۇنجى بولغان «رۇبائىيات» توپلىمىم 1980 ـ
يىللاردا رۇبائىي قىزغىنلىقى پەيدا قىلدى.

لىرىك نەسر تۈرىدىكى «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» 10 يىل-
لىق (1966 ــ 1876) مالىمانچىلىق مۇھىتىدا يېزىلغان پارچە ـ

ۋە ئۇنىڭغا غەزەللەر قوشتۇم. غەزەلنى بەش - يەتتە بېيىتلىق ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۈ-رۈشنى خالىسامму، ياۋا مېۋىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك چىقمى-دى. كىشىلەر ياقتۇرمىغان، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنغان غە-زەللىرىمدىن تېنىۋالالمايمەن. ئەمما، كۆپلىگەن غەزەللىرىمگە پۈ-تۈن خەلق قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ قانچىكى روشەنلىكتىن مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇساپىدە قاتمۇقات مەجازىلاشقان. ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ قې-لىن پوستلۇق بادامىلارنىڭ سەنەم لېۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئى-بارەت. كىمكى ئېرىنمىسە ۋە تىلسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا، بۇ غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەيلى ئۇ بىرقانچە كىشى بولغاندىمۇ!

«رۇبائىيات» نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي ئېلان قىلالىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى يېتەرلىك ئىخچاملىغان ۋە غەزەلنىڭ توختىشىدىن، بەزىلىرى كۆزۈم چۈش-كەن ھايات ماھىيەتلىرىنىڭ ئېچىلمىي قالغان روجەكلىرىدىن، بە-زىلىرى تەلۋە قۇيۇندىن ئاپىرىدە بولغان، مەن شائىر ئەمەس، رۇ-بائىيچىمۇ ئەمەس. شۇڭا، رۇبائىيچىلىقنىڭ شەكلەن تارىخىغا، تېماتىك پىكىرنىڭ تەقلىدىي تەكرارلىنىشىغا نەزەر سالغىنىم يوق. مەن ئۆزۈمنى ئەينى زاماندىكى ئۆز قەلبىمدىكى خەلق رو-ھىيىتىنى «كالتە غەزەل» شەكلىدە يازدىم، پىكىرنىڭ سۈيۈلدۈرۈ-لۈشى ياكى تەكرارلىنىشىنى كەچۈرۈشكە بولغاندا ئىدى، ھەربىر رۇبائىيلىرىمنى غەزەل قىلغىلى بولاتتى. ئەمما بۇ، رۇبائىيلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىدى، مەن ئۈچۈنمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ تۇنجى بولغان «رۇبائىيات» تۇپلىمىم 1980 - يىللاردا رۇبائىي قىزغىنلىقى پەيدا قىلدى.

لىرىك نەسر تۇرىدىكى «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» 10 يىل-لىق (1966 ـــ 1876) مالىمانچىلىق مۇھىتىدا يېزىلغان پارچە -

پارچە «سەۋدالىق خاتىرىلىرى»دىن توپلانغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جىددىي ئاختۇرۇش، قاماش ۋە سوراق قىلىش مۇھىتىدا يوقىتىۋەتكەنىدىم. مەن «كاككۇكنامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق ھۆرىيەتنى؛ «مارجاننامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا تاشلانغان مارجانلارنى ئاسمان يۈزىگە چاچمىغىچە ئۇپۇق يورۇمايدىغانلىقىنى؛ «سۇمۇرغنامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق تارىخ ھېكمەتلىرىنى؛ «جاھاننەما»دىكى100 نەسر ئارقىلىق رېئاللىق ئىبرەتلىرىنى؛ «نىجادىيەتنامە»دىكى 100 نەسر ئارقىلىق ھايات يولىنى يىغىنچاقلىماقچى بولدۇم.

«قارلىق تاغ شەجەرىسى» ئۈچ قىسىملىق شېئىرىي رومان سۈپىتىدە يېشىم 30غا يەتمەستە يېزىلغان، كېيىن ئىككى قىسمى ئېلان قىلىنىدى.

ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ياكى تارىخىغا ئائىت ھېچقانچە تەتقىقات ئېلىپ بارالمىدىم. شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە يازغان قول يازمام يوقىلىپ كەتتى. «پوئېتىكا» نامىدا كىتابنى پىلانلىغان، ھەتتا مۇقەددىمىسىنى باشلىغان بولساممۇ، ئۇ شۇ پېتى قالدى. شېئىرىي تەسىراتلار بويىچە بىرقانچە ماقالىلەر يازغىنىمنى ھېسابلىمىغاندا ئاساسلىقى «ئومۇمىي ئېستېتىكا» بىلەن «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئىككى كىتاب يازدىم، بۇ ئىككى كىتابتا، بولۇپمۇ «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دا ئۆزۈمنىڭ قاتلام قارىشى، ئېستېتىكا سىستېمامنى بىرقەدەر روشەن بايان قىلدىم. ئۇ، گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنى ۋە ئېستېتىكا ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىقىنى ئاساس قىلغان.

شېئىرلىرىم ئۈستەل ئۈستىدە شائىرانە ئوبراز بىلەن يېزىلمىغان. ئۇ كوچىلاردا، ھارغىن ئەمگەكتىن كېيىن، ئەۋرەز يولدىن چىقىپ ھاقارەت ئۆتكەندە، بىرەر خاتىرە ئورنىغا بېرىشتىن بۇرۇن، ماشىنىدا، ئويغىنىپ كەتكەندە يېزىلغان «سەرگەردان» شېئىرلار بولدى. مېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىمنى ئىشق - مۇ-

ھەببەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغۇچىلارغا كۆرە، ئۇنى رۇبائىيلار، غەزەللەر، لىرىك نەسرلەر ۋە روھنى پاكلاشتۇرغۇچى، كەلگۈسىگە ئىنتىلگۈچى تېمىدىكى ماقالىلىرىم ئىچىدىكى گەۋدىلەنگەن سىمانتىك پىكىر - ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگۈچىلەر مىنىڭ مۇددىئايىمنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەر خىل ئەسەرلىرىمگە، ھەر خىل تېمىدىكى قول يازمىلىرىمغا، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىر تال قىزىل رومال ياكى ئاق توپىغا بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنيايىمنىڭ قەترە ياكى زەررىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ ماڭا ئۆمەر ھەييامغا مەي، ئەلىشىر نەۋايىگە مۇغپەچچە، بابارەھىم مەشرەپكە ئىشق ئىبارىلىرى قانداق مەجازى ۋاسىتە بولسا، خۇددى شۇنداق مەجازى ۋاسىتە ھەم تەمسىللىك ئۇسۇل ئىدى. ئابستراكت غايىلەرنىڭ غەمكىن، ئەمما ئۈمىدۋار شەكلى مۇھەببەت لىرىكىدلىرىدىن ھاۋالە سىمۋوللىرى تېپىشقا ھەمىشە موھتاج بولۇپ كەلگەن. شېئىرلىرىمدىن بىرەر سىمانتىك پىكىر مەرۋايىتىنى تېپىشنى ئىزدىگەن كىشى ئۇنى قارا لايغا مىلىنىپ تۇرغان قۇلۇلە قېپىنى يېرىپ ئېچىشى مۇمكىن.

مەن شائىرلارنىڭ مۇتەپەككۇر بولۇشىنى ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنىڭ كەمرەك بولۇشىنى، ئالىي ماقامىلىق كەسپىي شائىرلاردىن باشقىلىرىنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئىقتىساد، تەبىئىي پەن، تېبابەت، ماشىنىسازلىق، تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساسىي ئىقتىدار ۋە تۆھپىكارلىق ئورنىغا قويۇشنى، رەڭلىك شار قويۇۋېتىش ۋە ساليۇت زەمبىرىكى ئېتىشنى ئاساس قىلىۋالغان مەيخانە ئىشكىدىكى قىزىل كاستۇملۇق «خۇش كەلدى جانان» بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن رىقابەت ياكى ھەسەت بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلققە، خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا بولغان مەسئۇلىيەت بىلەن شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ «ئاز ۋە ساز» بولۇشىنى ئېغىزغا ئالدىم. چۈنكى ئالدىمىزدا بىزگە شېئىر مۇسابىقىسى دۈچ كېلىۋاتقىنى يوق!

## 6. «ئۈچ خەزىنە»

ئۈچ خەزىنە ئىپتىخار، مىڭ ھېكمەت ئۇندا چاقنار،
ئۇ ئۇنتۇلسا زىمىستان، ئۇ تېپىلسا نەۋ باھار.

«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق كىتابىم، 1956 ـ يىلى ئىككى تىلدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ماقالەم بىلەن باشلانغان ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا شۇ مۇئەللىپىنىڭ يېشىدا يېزىلغان. بۇ ئارىلىقتا «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك›» (ياپونىيەدە ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم ۋە باشقا كىتابلىرىمدا بۇ ھەقتە توختالدىم. بۇ كىتابنى يېزىشقا بەش نەرسە تۈرتكە بولدى. ئۇلار: تۈركىيەلىك ئالىم رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى ئېچىلمىغان خەزىنە، دېيىشى؛ رۇس تۈركولوگى بارتولدنىڭ بۇ كىتابنى تۆۋەنلەشتۈرگەن سۆزلىرى؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىسىنىڭ قايتا ياسىلىپ يوپۇقدالغانلىقى؛ بۇ كىتاب تەتقىقاتىنىڭ شېئىرىي «يەشمە» نۇسخىسىنى ئاددىيلا ماقالە شەكلىدە تەكرار يېشىپ بېرىشنى قېلىپ قىلغان ئاسان يولغا كىرىپ قالغانلىقى؛ بۇ كىتابنىڭ مىللىي ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى تالاشلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بۇ كىلاسسىك «نوم»غا شەرھنامە كېرەك ئىدى. بۇ دەل ئەبەدىيلىك يوپۇق ھېسابلىناتتى. مەن «مەڭگۈ تاشلار»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «قاراخانىيلار ھۆججەتلىرى» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىلى ۋە پىكرىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئىزدەندىم، ئارستوتېل، فارابى، فىردەۋسى، كەيكاۋۇس ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. كىتابنى سىياسىي نۇقتىدىن

ئىزاھلاشتىن ساقلاندىم. ئۇنى كېسىۋالماي، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىزاھلاشقا ئۇرۇندۇم. نەتىجىدە تالمىشىپ يۈرگەن تىل ۋە مەدەنىيەت «ئىرسىيىتى» ھەل بولدى. يۇسۇفنىڭ تىلى سىڭقۇسەلى تۇ-تۇڭ تىلى بولۇپ چىقتى.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى» ناملىق كىتابىم شىنجاڭدىكى بۇددا دەۋرى سەنئەت خەزىنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا يېزىلدى. بۇ كىتابنى يېزىشقا تۆت نەرسە تۈرتكە بولغان. ئۇلار: بۇ خەزىنىلەرنىڭ سۇ ئامبىرى ياساش، ئوغۇت توپلاش ۋە ۋاقىت ئېكەكلىرىدە بۇزۇلۇپ بېرىشى؛ ستەيىن ۋە شاڭدا ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ تارىمدا ئەسلىي مەدەنىيەت بولمىغان، تارىم مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتى ئېشىندىلىرىدىن تەركىب تاپقان دېگەن قارىشى؛ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆز زامانىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بەدىئىي قىممىتى؛ خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلۇش روھىيىتى. مەن بۇ خەزىنىنى كىتابتىن ئىبارەت توپان باسماس «تۇر» تېغىغا يۆتكىگۈم ۋە قايتا ئىزاھلىغۇم كەلدى. ئىككى قېتىم قەلەم ئېلىپ تاشلاپ قويدۇم. بۇددىزمنى تەتقىق قىلىش، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، روسىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن تاشكېمىر جاۋاھىراتلىرىنىڭ رەڭلىك فوتو سۈرەتلىرىنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن كىتابنى راۋان يېزىشقا كىرىشتىم ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ ھازىرلىدىم. بۇنداق بىر يۇقىرى مالىيە ـ مەدەنىيەت فوندى ئاساسىدا يارىتىلغان ئۇلۇغ خەزىنىنىڭ بىر مۇختەسەر ئۆرنەك كىتاب شەكلىدە بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» سۈيىدە چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى ۋە ئەبەدىيلىك مومىياسى ھالىتىدە ساقلىنىشىنى قانداق قىزغىنلىق بىلەن ئىزدەندىم ـ ھە! بىر مۇسۇلماننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدا قانچە ـ قانچە كىتاب كۆرۈشى، قانچە ـ قانچە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلىشى. قانچە ـ قانچە ئېكون (بۇت) لار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىغا توغرا كەلدى.

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئىككى ئايدىلا يېزىلدى. بۇ كىتابنى مەن دوختۇرخانىدا تاماملىدىم، ئەمما بۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان تەتقىقات، زىيارەت ئاساسىدا، ئىككى كىتاب، 16 ئىلمىي ماقالە ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن ئىككى كىتابىم 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئىككى تىلدا تۆت قېتىم نەشر قىلىندى، خەلقئارا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ياپونىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا ساقلاشقا ئېلىندى. ئاردىكى 13 يىل ئىچىدە «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىنلىرى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرىي ئۇچۇرلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. نېمە ئۈچۈندۇر ھەرقېتىم مېنىڭ مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم خۇددى كولومبودىن ئىلگىرىكى سەيياھلارنىڭ زېمىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىچىلىكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ھېلىمۇ بۇ زېمىن تىلسىمىدەك، ئۇشبۇ كاتتا خەزىنە يورۇتۇلۇپ پۈتكىنى يوق.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خەزىنە ئالەمشۇمۇل تەسىر ۋە ھۆرمەت قوزغىغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەلئېھرامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇقەددەس ئابىدىمىز!

## 7. كۆمۈلگەن ئىز، ئۈزۈۋېتىلگەن زەنجىر

كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپ،
سىرتتىن ئىزدىگەننى ئەردىن.
— قومۇل خەلق ماقالى

مەن ئەسلىدە كىچىكىمدىن ھەرخىل كىچىك، ئۇماق ھايۋان بالىلىرىغا ئامراقلىقىم تۈپەيلىدىنمىكىن، بىيولوگىيە ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدىم. تەپەككۇر تۇرمۇشى مېنى ئىنسان ۋە گۈزەللىك تېمىسى بويىچە ئىزدىنىشكە باشلاپ كەلدى، كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئالىملىق ئۇنۋانى ئەمەس، كۆمۈلگەن ۋە ئۇنۇتۇلۇپ پارچىلاپ ئىزاھلانغان مەركىزىي ئاسىيا — تۇرپان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت گۈزەللىكى بولدى. يەرلىك كىتابلاردا، ھەتتا نەۋايى ھەزرەتلىرى بىلەن مىرزا ھەيدەر كىتابلىرىدا يىراق تارىخ ئۇنتۇلغان، ئۇنىڭ ئورنىغا نوھ بىلەن يايەس، چىڭگىز بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇقەددىمە قىلىنغان بولسا، ئۆزگە يېزىقتىكى كىتابلاردا پەقەت «شاھنامە» رىۋايەتلىرى بىلەن خانلىق سالنامىلىرى كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەنىدى، مەنمۇ تەييار دايىقا پىرىخونلۇق قىلىشنى خالىمىدىم. چۈنكى كىشى پەيتۈن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ زەيتۇن ئوتۇغات كىيىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ قىسقا «رابات»قا كەلمىگەن.

مەركىزىي ئاسىيا ـ ياۋروپا تۇتاش قۇرۇقلۇقىدا ئىپتىدائىي مىتال مەدەنىيىتى ۋە «ئات مەدەنىيىتى» ئەڭ دەسلەپ باشلانغان ۋە تارىختا تۇنجى خەلقلەر ئالاقە قىزغىنلىقىنى ئاچقان خاسىيەتلىك زېمىن ئىدى. ئۇنىڭسىز ئات بىلەن زەپەر قۇچقان ئىمپېراتورلار ۋە ناتونۇش خەلقلەر زېمىنلىرىنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى قاتناشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

نۇقتىنى بىلىش ئۈچۈن چەمبەردىن خەۋەردار بولۇش لازىم. بۇ، ماكان تۇتاشلىقى چۈشەنچىسى. ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ، زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمى. راستىنى ئېيتقاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» بولغان ئەمەس. مەن مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (قەدىمكى

تۇران تارىخى)، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرىم بى-
لەن بىر قاتار ئىلمىي رىسالە ـ ماقالىلىرىمنى مەركىزىي ئاسىيا
مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى بويىچە يېزىپ چىقتىم. بۇ ماقالى-
لەر: «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادا
قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆت زات
قارىشى»، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى»، «مەركىزىي
ئاسىيا ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «سىكتاي ـ
ساك ـ ئۇيغۇر كېيىم مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»،
«سىكتايلارنىڭ مىتال ھۈنەر ـ سەنئىتى»، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا
مەي مەدەنىيىتى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «ما-
نىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مانىزم يادىكار-
لىقلىرى»، «غەربىي يۇرت تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەنبەلىرى»، «ئۇي-
غۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «ئۇيغۇر ئىسلام مەدە-
نىيىتى»، جۇملىدىن فىردەۋسى، ئىبىن سىنا، ھاپىز شىرازى،
خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندى، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى، ئەھمەد
يەسسەۋى قاتارلىق يىپەك يولى مۇتەپەككۇرلىرى ھەققىدە خاس
باھا ۋە قاراشقا ئىگە ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مېنىڭ مەز-
سۇر ھەللاجى ھەققىدىكى ماقالەم شۇ خىل خاس مەنىدىكى ماقا-
لىلەردىن ئىدى.

مەن تولاراق مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى،
مانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرىدىكى، ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋ-
رىدىكى مەدەنىيەت تارىخىغا قىزىقتىم، بۇ بىر مەدەنىيەت چەمبى-
رى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالدۇ-
رۇلدى. «غەرب مەركەز» نەزەرىيەچىلىرى ئۇنى قەدىمكى گىرېك ـ
ئىران ـ ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ساقىندىلىرىغا باغلاپ ئى-
زاھلاشتى. يەرلىك تەتقىقاتچىلار پەقەت كونا ئۇيغۇر يېزىقى تې-
كىستلىرىنىلا، تۈركىي لۇغەتلىرىنىلا ئۆلچەم قىلىۋالدى. مەن
تولىمۇ يىراق بۇ مەدەنىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن بىر چاغلاردا تېخى-

مۇ كۆپ كىتابلارنى يېزىشنى ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى «مەركىزىي ئاسىيا ئىدېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت تارىخى»، «تارىخ-تىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەركىزىسى»، «يەكەن خانلىقى تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى.

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ئاساسلىقى مىلادىيەدىن ئىلگە-رىكى بۇ زوننا مەدەنىيەت تارىخىغا قارىتىلغان بولۇپ، 30 يې-شىمدا، 53 يېشىمدا، 59 يېشىمدا بىر قۇر قايتا ئىشلەندى.

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»نى يېزىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئىككى قېتىم، تاشكەنتكە بىر قېتىم باردىم، ھەتتا ئوترارنى زىيارەت قىلدىم. بۇ كىتابىمنىڭ يېرىمى، بەلكى تېخى-مۇ كۆپ قىسمى مۇھەررىر تەرىپىدىن «ئىچىدىن قىرقىش» ئۇسۇ-لى بىلەن قىرقىپ تاشلاندى. ئۇلار كىتاب باھاسىنى ئەرزانلىتىش ئۈچۈن بەت سانىنى قاتتىق چەكلەپ، كىتابنى بېسىپ يېتىۋالغا-نىدى. بەزى ئەدىب - پېشقەدەملەرنىڭ بۇ كىتابنى «زەھەر» تارقى-تىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇشى تۈپەيلى، بۇ كىتابنىڭ سىگنالى (تۈنجى زاۋۇت نۇسخىسى) بىر يىل بېسىپ قويۇلۇپ، ئاخىر مەخسۇس سىنزور قوشۇلغاندىن كېيىن باسمىغا بېرىلدى. مېنىڭ: «ئىككى ئاق باشنى يېزىپ، ئاق چۈشتى بۇ بې-شىمغا» دېگەن شېئىرىم فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەتقىقا-تىغا قارىتىلغانىدى. بۇ كىتاب ھەققىدە ئۆزبېكىستاندىكى دۆلەت-لىك ژۇرنال ــ «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر»نىڭ 1992 - يىللىق 5 -، 6 - سانلىرىدا ئابدۇلھەق ئابدۇرۇسۇل ئوغلى مەخ-سۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، يۇقىرى باھا بەردى. مەن فارابى ئىدى-يەلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇگە - ئۆگىلىرى كىرىشىدىغان، بىر پۈتۈنلۈكتە شاخلىنىدىغان سىستېما ھالىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىسخېمىسىنى سىزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ يازدىم. قولغا چىققان-نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدىيەسى بولۇشى مۇمكىن، بىراق چې-چىلاڭغۇ ئىدىيەلەرنىڭ سىستېما پۈتۈنلۈكىنى ئېنىقلاش باشقا

ئەمگەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە غەربىي ئاسىيادا روھانىيەتكە، خىرىستىيان ئەللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماددىيونچىلىققا مايىل قىلىپ ئىزاھلانغان بۇ ئۇلۇغ زاتنى ھالال خاراكتېرلەشمۇ مەسىلە ئىدى. جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلاردا تۇنجى بولغان بۇ تەتقىقات بۇ تېمىنىڭ خاتىمىسى بولماي، مۇقەددىمىسى، ئەلۋەتتە. مېنى خۇشال قىلىدىغىنى، فارابى شېئىرلىرىنىڭ مەن ئىشلىگەن ئارۇز تەرجىمە شەكلى، بۇ شېئىرلارمۇ خۇددى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت خەنزۇچە شېئىرلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدەك جاما-ئەتچىلىك ياقتۇرۇپ مىسال قىلىدىغان شېئىرىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى.

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىم ئەسلىي «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى ئوچېرىكى» دېگەن نامدا يېزىلغان. بۇ كى-تابچىدە مەن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى-نىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى يېقىنقى زامان نامايەندىلىرىگىچە بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. مەقسىتىم نوقۇل ئىسلامى-يەتتىن كېيىنكى پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە بىر قەدەم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرىغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. بۇ خىل پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى ئۇزاق چەكلەندى. ئۆزبې-كىستاندا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارالىق مۇ-تەپەككۇرلار ــ خارەزمى، فارابى، بىرۇنى، ئىبنى سىنانى خاتىرى-لەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 2 ـ رەتتىكى پەل-سەپە تارىخى كاتېگورىيەسى سالاھىيىتىدە باشلاندى. بۇ ئىشتا ئا-كادېمىك ئىبراھىم مۆمىنوف «ئىزچى» ــ يول ئاچقۇچى ئىدى.

خەيرۇللايېف مۇزەپپەر مۇھەممەدىن ئوغلى، ئېرىسوف قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. بۇ بىر پەن تارمىقىنى ئېچىش ئۈچۈن 1956 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ماقالىنى يېزىشىم بىلەن «ئوڭچى»

قالپىقىدا 20 يىل سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم، زۇلۇم كۆرۈشكە مەنزۇر بولغانىدىم.

«فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «كۆمە-راجىۋانىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى»، «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پەلسەپە قا-راشلىرى»، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تېزىسلىرى»، «قۇتادغۇ-بىلىك،نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيەسى»، «كۆسەن رەسساملى-رىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغىنىمدىن كېيىن «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنى-لىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانىغا ئا. خ. خوجايېفنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى-نى ئۆگىنىش ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنىدى ۋە ئوت-تۇرا ئاسىيا تەپەككۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرىم باھالان-دى.

مەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تېزىسى»نى تۈزۈپ بۇ تېمىغا قىزىققۇچىلارغا قولايلىق ياراتقان بولسامۇ، ئۆزۈم «ئۇيغۇر ئەدە-بىياتى تارىخى»نى يېزىشنى تاللىمىدىم. چۈنكى بۇ ھەربىر ئوقۇ-تۇش يۇرتلىرى دائىم يېزىپ يېڭىلاپ تۇرىدىغان دائىمىي دەرسلىك قۇرۇلۇشى ئىدى. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارى-خى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇم ۋە خەنزۇچە يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى قىسمىنى يېزىپ چىقتىم. «شىنجاڭنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇي-غۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قىسمىنى يېزىپ چىقتىم. قىرغىز پەلسە-پە تارىخىنى يېزىشتىن شۇنچە باش تارتسامۇ بولمىدى، بۇ سا-ھەگە مېنىڭ قول تەگكۈزۈشۈم ئەڭ نامۇناسىپ ئىش ئىدى.

مېنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى پىكىرلىرىم ھەمىشە بىر قاتمال ھالەتتە تۇرمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ جەھەتتىكى قاراشلى-رىمنى ئىلمىي ـ ئەدەبىي ئەسەرلىرىم بىلەن «ئارىغنامە»دىن كۆ-رۈش مۇمكىن.

## 8. بىر مىللەت ئۈچۈن بىرىنچى زۆرۈرىيەت روھنى پاكلاشتۇرۇش بىناكارلىقىدۇر

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە، ئەۋلادىڭنىڭ پۇتىغا سانجىلار.

— قومۇل خەلق ماقالى

مىللەت ئۈچۈن مەيلى ئۇ قايسى ئېتنىك تۈركۈم بولسۇن، تا-رىخ سەھىپىسى ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا زۆرۈر شەرتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ھەممە ۋاقىت بىسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئۇنىڭ روھىيەت قۇ-رۇلمىسىدۇر. مىللەت تەشكىلى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىلا دىنىي ئېتىقاد، مۇراسىم ـ ئادەت، ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رىتىمىنى تۈزىدۇ. مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويۇشى بۇنداق بىناكارلىقنى، تە-قەززا قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىشى ئۈچۈنمۇ بۇنداق روھىيەت قۇرۇ-لۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. روھىيەت بىناكارلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مال ـ دۇنيا تاپاۋىتىگە بېرىلگەن يۇرتنىڭ تەقدىرى ۋىزوۋىي يانارتېغى ئاستىدا قالغان ئالتۇن سودىسى شە-ھىرى — پومپېينىڭ تەقدىرىدىنمۇ پاجىئەلىك بولۇشىنى قەتئىي ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. ئىبن سىنا توغرا ئېيتقان: كېسەل ئې-غىزدىن بولىدۇ، بىزمۇ كېسىپ ئېيتىمىز؛ پاجىئە ئاچ كۆزلۈك-تىن ئاپىرىدە بولىدۇ. بېيىشقا روھىيەتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىۋاتقان خەلق بىلەن، قۇربىتى يەتكۈچە ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى پاكلاشتۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىدا نېمە تۇرۇۋاتقان-لىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

مەن ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىن-سانپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ بې-

كىنىمچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، دۇنياغا يۈزلىنىش مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. مېنىڭچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مۇچىلى ئويغىنىش يىللىرى بولۇش كېرەك ئىدى.
شېئىرلىرىمدىكى يېڭى ئەسىرگە كېتمۇاتقان چالدا كەلگۈسى-گە تەلپۈنۈش، ئىنتىزارلىق روھىيىتى ئىپادىلەندى. بىر قاتار ماقالىلەر يازدىم: «تارىخنى قايتا ئويلىنىش»، «خەلقنى ئۆبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسىدە ئىپادىلەش»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەق-قىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «ھازىرقى زامان مەدەنىيەتىمىزدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت»، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدى-كى بىر چوڭ ئىللەت»، «ئارىفنامە»، «يىپەك يولى ۋە تۆگىچىلىقى روھى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «ئائىلە مەدەنىي-يىتى» تېمىسىدىكى بىر قاتار ماقالە، كىتابلار ئەنە شۇنداق مەيدانغا چىقتى.
بۇ ماقالە، كىتابلار يۇقىرى قاتلام زىيالىيلار ئىچىدە قىزغىن ھېسداشلىق قوزغىغاندىن باشقا بىر قاتار ئېتىرازلارنى پەيدا قىلدى. بەزى ئاق كۆڭۈل ۋە مىللەتنى ھېسسىي مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان كىشىلەر مىللەتتىكى ئىللەتنى سۆكۈشنى «مىللەتنى سۆككەنلىك»، «مىللەت ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرگەنلىك» دەپ قا-راشتى. بەزى تارىخچىلار مېنىڭ ئويغۇر روھىيىتى قۇرۇلۇشى بە-لەن كەلگۈسى تارىخنى كۆتۈۋېلىش چۈقانلىرىمنى «كەلگۈسى بىز-نىڭ ئىشىمىز ئەمەس، يەنىلا تارىخ تەتقىقاتى ماقالىلىرىنى كۆپ-رەك يېزىڭ» دېيىشتى. بەزى ئەدىبلىرىمىز مېنى: «بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ تەقەززا قىلىنمايدىغان نەرسىنى سۆزلىگەن خىيالپە-رەس» دېسە، بەزىلىرى: «مەرىپەتچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىللاۋاتامسىز؟» دېيىشتى. بۇلاردىن باشقا، گېزىت مۇھەررىرلى-

رىدىن مېنىڭ ماقالىلىرىمنى خالىغانچە سولغا بۇرايدىغان جۈملى-لەر بىلەن تەھرىرلەپ ئېلان قىلغان كىشىلەرمۇ چىقىشتى. شۇن-داق قىلىپ، مەن بىر مەزگىل غەلىتە ئادەم، يات ئىنسان بولغان-دەك بولدۇم.

ئەمما، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامان دەرھال تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشنى ئۆگەتتى. مە-دەنىيەتكە قارشى پىسخىكا ــ روھىي ئىللەت بىلەن رەشك ـ ھەسەت بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق بىرلەشكەندە ئويغاتقۇچىنى چۈشەنمەسلىك، تىل ـ ھاقارەت ئەۋج ئالدىغانلىقىنى، ئوبرازى بۇرمىلىنىپ، ئۆزى تەنھالىق ئازابىنى چېكىدىغانلىقىنى بىۋاستە كۆزەتتىم ۋە باشتىن كەچۈردۈم. كۆپ ئويلىدىم: بىر مىللەت ئو-مۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكىپ ئويغانسا، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تەبىئىي! بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خور-سۇندى ئىللەت، ئۇنىڭ جاسارەتسىزلىكى، ساختا ئىپتىخار ۋە بى-كار تەلەپلىكى! تارىخنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك لەنەت تاختىسىغا مىخلىنىشتىن ئىبارەت! ئارىپ ـ ئويغانغان ئىنساننىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۆز پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخىي پاجىئەسى!

## 9. يېڭى نەزەرىيەۋى يەكۈنلەر

باغدىن مېۋە ئۈزگىنىمدە يېڭى كۆچەت قويۇپ بار،
كۆچۈرۈپ، يادلاش بىلەن ئەقىل تاپماس ئېتىبار.

مەن بىر نوپۇزلۇق ئېتىقاد ۋە غايىنىڭ يوقلۇقىنى نۆۋەتتە ئا-لەمشۇمۇل پاجىئە دېيىش بىلەن بىللە، بۇنى «چەكسىز پىكىر ئەركىنلىكى» دەپمۇ قارايمەن. بۇ مەندىكى غايىسىزلىك مايىللىقى

بولماي، بەلكى كامالەتلىك غايىنى ئىزدەش قىزغىنلىقىدىن ئىبا-
رەت. مەن كىتاب - ماقالىلىرىم ئارقىلىق بىر قاتار يېڭى تەپەك-
كۇر تۈزۈلمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭ مۇھىملىرىنىڭ
تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. «قاتلام نەزەرىيەسى» مېتودولوگىيەسى. بۇ تەبىئەت، جەم-
ئىيەت، روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زا-
مان جەھەتتە ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي زاتلىق) قاتلاملىققا ئىگە،
ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ بىلىش نەزەرىيەسى جەھەت-
تىنمۇ قاتلام مېتودولوگىيە پىرىنسىپىنى قورال قىلىشى لازىم،
دېگەن قاراشقا مەركەزلەشكەن.

2. «ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى». بۇ
تارىخنى تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى
خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشتىن ئىبارەت ئەنئەنى-
گە قارشى قويۇلغان يېزىقنى ئۇچۇر قىلىشتەك يېڭىچە ئۇسۇل.
بۇ ئۇسۇل بويىچە قارىساق، تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر سىستېمىسى
ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ مۇھىمى
ماددىي بۇيۇم، يېزىق - ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان
قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا تارىخ
ھەرخىل يېزىلىپ، ئەسلىي ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ
سىما چيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ جەھەتتە
چىنلىق، ئىلغارلىققا ئىگە. بۇ ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس، يې-
زىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

3. «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى قارىشى». ھەرقانداق تارىخ
پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە، ۋەقە
سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ئىنسانى-
يەت تەجرىبە - ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۇ ساقلىنىدۇ، يېڭى
قاتلامنىڭ ئۇلىنى تۈزىدۇ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغى-
مۇ كېڭىيىپ ساقلىنىدۇ، بۇ تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمى-

سى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

4. «قىسمەنلىككە ئومۇملۇقنىڭ كۆرۈنۈشى» قارىشى. بۇ ھەربىر مىللىي مەدەنىيەت دېتاللىرىدا، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ شاخچىلىرى، تارماقلىرى، ھۆجەيرىلىرىدە ئۆزىگە خاس قىسمەنلىكتىن تاشقىرى پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە مىللىي پىسخىكا ئومۇمىي ئالامەتلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقىغا قارىتىلغان قاراش.

5. «مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى قارىشى» بۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى، ھەرقايسى تارىخىي شەكىللىرى (فورماتسىيەلىرى) ۋە ھازىرقى ھالىتىدە ئىزچىل يوسۇندا ئۇنىڭ ئېتنوگېنېزىسى، گېنېئولوگىيەلىك (پەيدا بولۇش ئىلمى) ئورۇقى، تىپى، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ، دېگەن پىكىرگە ئاساسلانغان قاراش.

6. «مىللەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەسلىكى ۋە يوقالماسلىقى قارىشى». بۇ تارىختا ئەسلىدىكى نامى، تارىخىي قاتلام شەكلى «يوقالغان» مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «ئۆلگەن مەدەنىيەت» دەيدىغان قاراشلاردىن پەرقلىق بولغان قاراش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى قاتلامدىكى ئېتنىك تۈركۈم ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمىدە ئىزچىل داۋام قىلغانلىقى ۋە ساقلانغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

7. «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قارىشى». بۇ ھەرقايسى خەلقلەر تارىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ خەلقئارا ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھاسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدىكى يېڭىچە قاراش. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىكنىڭ بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

8. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق ـ سىڭكرىتىك تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى» قارىشى. بۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەـ دەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىسىز ئۆز ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى — «تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى» بىلەن، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مەركىزىدىن «تەبىـ ئىي مىللەتلەر»گە تارقىلىشى ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى — «دىففۇزىيە نەزەرىيەسى»گە ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى يېڭى قانۇنىيەت — قاتلام ـ سىڭكرىتىك راۋاجلىنىش قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ قاراش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز مىللىتى ئىجادىيىتىدىن بولىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە لازىملىق تەسىرىنى چەككىـ لەپ، بويسۇندۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ؛ بۇنداق راۋاجلىـ نىش ۋە سىڭكرىتىك (قوشۇلما) ھالەت ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇب يارىتىش جەريانى تارىخىي قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ. دېگەن تېزىسقا ئاساسلانغان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى نەزەرىيەدىن ئىلمىي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە.

9. «ئىككى مەدەنىيەت ۋە بەش مەدەنىيەت تىپى قارىشى». چەكسىز، رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە «خەلقئارا (دۇنياغا يۈزلەنگەن) مەدەنىيەت» تۈرىگە ئاجرىتىش بىلەن بەش مەدەنىيەت تىپىنى دۇنياغا يۈزلەنگەن كىلاسسىك مەدەنىيەت تىپى دەپ ئاجراتقان قاراش. بۇلار: «گىرېك ـ رىم مەدەنىيەت تىـ پى»، «كۇسەن ـ كوشان مەدەنىيەت تىپى»، «سۇي ـ تاڭ مەدەنىيەت تىپى»، «ئەرەب يېزىقى مەدەنىيەت تىپى»، «ئەدەبىي ئويغىنىشتىن كېيىنكى زامان مەدەنىيەت تىپى»دىن ئىبارەت.

10. «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇ ئىسلام خەلىپىلىكىدە 9 — 12 ئەسىردىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسى (بۇ ئېتىراپ قىلىنغان قاراش)نى ئۈچ باسقۇچقا ئاجراتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەـ

رىنى ئۈچىنچى دەۋر - باسقۇچىنىڭ مۇقەددىمىلىك ۋەكىلى دەپ
كۆرسىتىدىغان پىكىر شەكلىدىن ئىبارەت.

11. «يېڭى شەرق ئويغىنىشى قارىشى». بۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ
ئويغىنىشى، يېڭى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، غەرب -
شەرقنىڭ يېقىنلىشىپ ۋە تەڭپۇڭلىشىپ بېرىشى، غەربنى مەر-
كەز قىلغان ئاساسىي پەن نەزەرىيەلىرىنى تېخنولوگىيەدە قوللى-
نىشتىن شەرقتە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە مالىيە ئەۋزەللىكىنىڭ
شەكىللىنىشى بىلەن يېڭى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرى
يېتىپ كېلىدۇ، دېگەن بېشارەتلىك ھۆكۈم.

12. «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈم. بۇ ھا-
زىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى يۈزلىنىشى — پەن -
تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىكى يېڭى ئىستىقبال
بويىچە، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى ئۈستۈنلۈكى ئورنىغا يېڭى،
زامانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇق ھەر خىل قاتناشلىرى ئۈستۈنلۈكى ئې-
راسى باشلىنىدۇ؛ ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق، ئەمگەك ۋە بازارلىرى
قويۇق توپلاشقان چوڭ قۇرۇقلۇق يەنىلا يىپەك يولى بويلاپ كې-
ڭەيگەن ئاساستا يېڭى گۈللەشكە يۈزلىنىدۇ؛ نىسپىي مەنىدە دې-
ڭىز - ئوكيان قاتنىشى ۋە پورت - پىرىستان گۈللىنىشى كې-
يىنكى ئورۇنغا چۈشىدۇ، دېگەن ھۆكۈم.

13. «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يىپەك يولىدىن ئىل-
گىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى ئۈچ تارىخىي دەۋرى» قارىشىنىڭ قو-
يۇلۇشى. بۇ يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر - سىمىيان -
سىكتاي دەۋرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 -
ئەسىردىن مىلادىيە 16 - ئەسىرگىچە) گۈللىنىشى، خارابلىشىشى
ۋە قايتا ئېچىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە ئاجرىتىشقا بولىدى-
غانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

14. «قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى». بۇ گۈزەللىكنى تە-
بىئەت، جەمئىيەت، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۇجەسسەم قاراشتا ئى-

ـزاھالاشتىن پەرقلىق گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي گۈزەللىك)، بىلىش نەزەرىيەسىلىك (ئېستېتىكىلىق)، سەنئەت گۈزەللىكى، زوق ۋە باھا، ئېستېتىك تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماق قاتلاملارغا ئاجرىتىپ، ئۆز سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىزاھلايدىغان ئىلمىي سىستېما.

15. «يېڭىچە ئاڭ ئىنقىلابى» قارىشى. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەر خىل ئاڭ - ئىدىيە قىلمىشلىرى بوھرانى ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان گۈزەللىك يېڭىچە سىستېمىلىق ئىنسان مەقسەت قىلىنغان مۇجەسسەم گارمونىيەلىك يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە قارىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەرلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم.

16. «پەلسەپىنى ئۆزگەرتىش تېزىسى». بۇنىڭدا ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن باشقا يەنە بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيەسى — ئانىمىزم، تېئىزم، پانتېزم، ماتېرىيالىزم، بەش بىلىش تىپى؛ ئاڭنىڭ مەنتىقىي تىپى ۋە تارىخىي تىپى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى، تۈپ مەسىلىسى، ئالىي مەسىلىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تۈركۈم كاتېگورىيەلىرى يېڭىچە قويۇلغان.

17. مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي، بىر پۈتۈن ئېتنىك فولكلور مەدەنىيىتى خاراكتېرى قارىشى.

18. مۇئەييەن مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە ھەم دىسسىمىلياتسىيە (ياتلىشىش) ھادىسىسىنىڭ قىسمەن، نىسپىي، دائىمىي ۋە قاتلاملىقى قارىشى.

19. جەمئىيەتنىڭ غايىۋى سىۋىلىزاتسىيەسى ھەققىدىكى مەنتىقىي مۇھاكىمە تىزمىسىنىڭ نوپۇس، ئېكولوگىيە، ھايات شارائىتىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق تۈپ ئالدىنقى شەرتلەردىن ئايرىپ ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ غەيرىي ئىلمىيلىكى قارىشى.

20. بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە كوممۇنىزملىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى قارىشى.
21. باراۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقى قۇرۇلما ۋە كۈچلەر نىسبىتى مۇۋازىنىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى قارىشى.
22. مائارىپ ۋە ساغلام ـ سالماق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-شىنىڭ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ماددىي ـ ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشنىڭ داۋالغۇشى ۋە بوھران پەيدا قىلىشى مۇقەررەرلىكى ھۆكۈمى ۋە باشقىلار. بۇ قانۇنىيەت، سىستېما، ھۆكۈم ۋە يەكۈن تىلغا ئېلىش (ئېيتىم) شەكىللىرى بويىچە كىتاب ـ ماقالىلەردە روشەن ئىزاھلانغان. ئۇ داۋاملىق تۇرمۇش سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ نەزەرىيەۋى يەكۈنلەرنى دەرھال تەنقىدلەش ئاسان. قىيىنى، ئۇنىڭ ئاساسلانغان ھادىسى-لىرىنى ئىنكار قىلىش. قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىش، مەيلى تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي تارىخىي جەھەتتىن بولمىسۇن كىشى-لەرنى جازالايدۇ، جەمئىيەتتىن ئېغىر تارىخىي بەدەل ـ تۆلەم تە-لەپ قىلىدۇ.

## 10. شەخسنىڭ قىممىتى

ئادەمگە ئالەمنىڭ سىرى جۇغلانغان،
ئادەمسىز سىرىنى بىلەلمەس جاھان.

ئۆمۈر مەنزىللىرىمدە توپلىغان تەرمەچلىرىمگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چۆچۈپ كەتتىم: ئەل بىلەن سۆھبەتلەشكىنىم تەنھا پى-كىر قىلىشلىرىمدىن ئاز بولدى؛ سەيلە ـ ساياھەتتە كۆرۈپ بىل-گەنلىرىم تەييار كىتابەتتىن ئوقۇپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمدىن ئاز

بولدى؛ كەلگۈسى بوغۇنغا قالدۇرغانلىرىم ئۆتمۈش ئۇستازلاردىن
ئالغىنىمدىن ئاز بولدى؛ ئەقىلگە بېرىلىپ ھېسسىياتتىن ئايرى-
لىپ قالغان ۋە ھېسسىياتقا بېرىلىپ زېمىن تەڭشىكىنى بۇزۇۋال-
غان ئىشلىرىم بىر تالاي بولدى؛ مەغرۇر ۋە ئۆزۈمنى ئەزىزلەس
تۇتقان روھىي ھالەتلىرىم ھەرقايسى دەۋرلىرىمدە كۆرۈلدى؛ ئۆ-
زۈمنى تىزگىنلىگەن سۈكۈناتلىرىم بىلەن جۇرئەت قىلالمىغان
سۈكۈناتلىرىم ئارىلىشىپ كەتتى؛ خېلىغىچە كېچىكىپ ئويغاندىم
ۋە تولۇق ئويغىنالمىدىم؛ دەۋر ۋە مۇھىت ھاۋاسىدا ئۇزاق مەست
بولۇپ، تەنتەك چۈشەكەپ، مۇستەقىل ۋە بىۋاستە كۆزىتىپ تە-
پەككۇر قىلىشتا مۇچەل ـ مۇچەللەپ كېچىكتىم؛ مېنى ئوقۇتقان
ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن داۋاملىق نەسىھەت ئاڭلاپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇ-
غۇچىلىرىمدىن يىمىرىلمەس مەرىپەت كارۋىنى ئۇيۇشتۇرالمىدىم؛
ئۆزى چۈشىنىپ قالىدۇ، قايتا چۈشىنىشكە پۇرسەت بېرىش كې-
رەك، دەپ مېنىڭ قاراشلىرىمنى راسا چۈشىنەلمىگەن زاتلارغا پا-
ئال يېقىنلىشىپ پىكىرلىشەلمىدىم؛ تېماتىك تەسەۋۋۇرۇم نۇرغۇن
جەھەتلەردە تار، قاتمال، زەئىپ بولۇپ قالدى. قىسقىسى، زامان ـ
ماكان ـ تۇركۇم ـ ئىندىۋىدۇئال چەمبەر توسۇق ـ زەنجىرلىرى
ئىچىدە ياشىدىم. قوللاش ئىمتىيازى، نەشرىيات ھامىيلىقى، يۇ-
قىرى قاتلام زىيالىيلارنىڭ ھەمدەملىكى، پائالىيەتلىرىمگە ھەم-
كارلاشقۇچى كاتىپلارغا مۇيەسسەر بولالمىدىم، زامانىنىڭ خوراتقۇ-
چى دولقۇنلىرى بىلەن زىققى خەستەلىكى خېلى كۆپ ۋاقتىم ۋە
كۈچۈمنى يەپ كەتتى! مېنىڭچە، ئالاھىدە ئىلتىپات دىۋىگاتېلى ۋە
تۇرمۇش ماھارىتىگە ماھىر بولمىغان زامانداشلىرىمنىڭ «تەپەك-
كۇر تۇرمۇشى» قىسمەتلىرىمۇ مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ.

ئەكسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنساننىڭ ھايات قىممىتى «ئو-
ڭۇشسىز مۇھىت» بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ.
راھەت، «تەييارغا ھەييار» مۇھىت يالتىراق كۆرۈنۈش يارىتىشى
مۇمكىن، ھومېر ۋە رادۇكى قارىغۇ بولغاچقا، ۋىنا ۋە ئود چالغۇ-

سىغا ئۆزىگە خاس ماھىر بولغان، سىكتايلار ئات كۆندۈرۈش جاپاسى ۋە چەۋەندازلىق قورقۇنچىنى يەڭگەچكە، ياۋروپا - ئاسىيا قورۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كىچىك ئاسىيا، پەلەستىن ۋە ئەرەب زېمىنىدىكى كۆپلىگەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار پادىچىلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەش يوللىرى ئىگىلەنمىگەندە مېتال ھۈنەرۋەنچىلىكى بولمىغان بولاتتى. ئېيسا كىرېستقا مىخلانمىغاندا، ئۇنىڭ ھېسداشلىق قوزغاتقۇچى ئەزگۈ خىسلىتى يۈكسەكلىك قوزغاشتا مۇنچە كۈچلۈك بولمىغان بولاتتى. يالتىراق مەرۋايىت — قارا قۇلۇلە پەرزەنتى، ھەقىقەت — خاتالىق چېچىكى، غەلىبە — مۇشەققەت ھالۋىسى! رەقىب ۋە كۈشەندىلىرىڭ — سېنىڭ نازارەتچىلىرىڭ ۋە ئۆز - ئۆزۈڭنى تىزگىنلەش سىگنال — بەلگىلىرىڭ. ھاپىز شىرازى توغرا ئېيتقان: تەڭرى نادان ۋە ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ غېمىنى ئالدىن يەيدۇ، ئۇلارغا ئامەت توقاچلىرى تاشلاپ بېرىدۇ، ئۇلار كىشىلىك سارىيىنىڭ ئەتىۋارلىق مۇشۇكلىرى. تەڭرى قەيسەر ۋە قابىللارغا پۇتۇن رىيازەتلەرنى قالدۇرغان. چۈنكى ئۇلار تۈگمەن تېشىدىن گۈل ئېچىلدۇرغۇچى كىشىلەر. ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىش ھاجەتسىز! ئۇلار ئۆز قىممىتىنى، كىشىلىك قىممىتىنى يارىتقۇچىلاردۇر!

شەخسنىڭ قىممىتى شەخسنىڭ كىشىلىك تارىخىدىكى قىممىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممەت تىپى قىلغان! بۇ شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ جىسمانىي مەۋجۇتلۇق قىممىتى، گۈزەللىك بەخش قىممىتى، ئاتا - ئانىلىق مېھرىبانلىقى قىممىتىدىن ھالقىغان، شەخسىي ئۆمۈر قىممىتىدىن ھالقىغان تارىخىي قىممەت ۋە ئومۇم كىشىلىك تۆھپىكارلىقى قىممىتى دېگەن سۆز. يېشىپ كەلگەندە، بۇ:

شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نەسەب - سالاھىيىتى، ئىگىلىگەن ئىمتىياز ۋە بايلىقى ھېسابلانمايدۇ، دېگەن سۆز.

شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق ۋاقتىدىكى ئېرىشكەن مەدھىيە ياكى ئۇچرىغان ھاقارەتلىرى، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتلىرى، ئۆزى ياكى باشقىلار چوقۇنۇپ ياسىغان ئوبراز ـ ھەيكەللىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ، دېگەن سۆز.

شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق مەزگىلى، ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ؛ ئۆلۈم تەڭرىنىڭ ئەڭ ئالىي جازاسى ئەمەس، تەڭرى ۋە پۈتۈن مۇتلەق تەبىئەت ئۈچۈن ئۆلۈم ئاخىرقى چەك ئەمەس، شەخسنىڭ قىممىتى ئۆزىگە ئۆلۈمنى ئاخىرقى مەجۇتلۇق چېكى قىلمايدۇ، دېگەن سۆز.

بۇ ئۈچ قاتلاملىق مەنىگە پەقەت تولىمۇ خاموش، پىكرى ئاجىز، تەنتەك كىشىلەرلا ھەيران بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەيرانلىق ئۇلارنى ئەخمىقانە تەمەننا قىلغۇچىلار، ئەخمىقانە چوت سوققۇچىلار ۋە ۋاپاسىز پەلەككە كولدۇرلاپ ئالدانغۇچىلار قىلىپ قويغان!

بىز ئۈچۈن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، بەخت ـ سائادىتى، مۇجەسسەم تەپەككۇرى ئومۇم جۇغلانمىسىغا ئۆزىگە خاس تارىخىي قاتلام ئۈلى ھەسسىسىنى قوشقان، ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلايدىغان روھىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىگە خاسلىققا ئىگە تۆھپە قوشقان، تەپەككۇرى ۋە مۇئەممالىرى كىشىلەر تەرپىدىن داۋاملىق قايتا ئېتىبار بىلەن قاراشقا ۋە ھەرقېتىم يېڭى مەنىدە جۇلالىنىدىغان ئىلھام ئۇچقۇنلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇناسىپ بولغان كىشىلەرنىڭ قىممىتى ھەقىقىي ئۆلمەس قىممەتتۇر. بۇ قىممەت مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ھامىي ۋە قوللىغۇچىلىرىغا «رەھمەت سۆيى»، ئۇلارغا قەست قىلغۇچىلارغا خىرە شولا، ھەتتا تارىخىي مەسخىرە ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممە ئۆلىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى، شەكلى، دەپنە مۇراسىملىرىنىڭ دەبدەبىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، ئەمما ئۈزۈلمەس دولقۇن ـ

مەرىپەت تارىخى ۋە روھىيەت تارىخى ئۆزى خالىغان شەخسلەرنى قايتىدىن «تىرىلدۈرىدۇ»! بۇنى زاكاز قىلغىلى، ئۆزى قىلىۋالغى-لى، ئاپاق خوجىدەك يۈز مىڭلىغان قەسەملىك مۇرىت - مۇخلىس-لىرى ۋە گۈمبەزلىك قەبرىگاھلىرى بىلەن «ئەبەدىيلىك ئابىدى-سى»گە ئايلىنىۋالغىلى بولمايدۇ! نېمە چارە، تارىخ ئەنە شۇنداق نەرسە! ئۇ پۇتۇنلەي بولمىسىمۇ، خەلق تېپىشماقلىرىدىكىدەك «تەگ دېسە تەگمەيدىغان، تەگمە دېسە كېلىپ تېگىدىغان» تىلسىم.

مەن تۆت پەسىلگە، تۇغۇلۇۋاتقان، ئۆلۈۋاتقانلارغا، ھەر خىل مەئىشەتتە ياشىغانلارغا، غالىب ۋە مەغلۇپلارغا... ئانچە تەئەججۇپ-لەنمەي ياشىدىم. قەتئىي مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن «ھەقىقەت» دېگەن-لىرىمدىن داۋاملىق قايتا - قايتا كۆزىتىشكە قالدۇرغان ئوب-يېكتلىرىم كۆپ بولدى. بىر قېلىپ، بىر فىگۇرا، بىر مودېل ئەتراپىدا مۇخلىس - پەرۋانە بولغىنىم ۋە ھەربىر ئاتالمىنى ئۇ-نىڭ گۈزەل ياكى خۇنۈك نامى بىلەن ماھىيەتلەشتۈرۈۋەتكىنىم يوق. مەن تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگۈچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىكىر نۇسخىلارنى تەكرارلاپ ئۆتكۈچىلەر بىلەن ئۇنى يەڭگىلىتەكلىك رەۋىشتە ئىنكار قىلغۇچىلاردىن پەرقلىنىشنى خالىدىم. تارىختا مەيلى ھەرقايسى دىن ئەۋلىيالىرى، مەيلى مەلۇم ئىدىيە مۇتەپەك-كۇرلىرى، مەيلى بىرەر كەشپىيات ئىگىلىرى بولسۇن، ئۆزلىرى يېڭى پىكىر سىستېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ خىل قاراشنىڭ نامايەندىلىرى بولمىغانىدى. ساكيامۇنى بۇددىزم-نى، ئەيسا خىرىستىيانچىلىقنى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئەقىدىلەرنىڭ ناما-يەندىلىرى ئەمەس ئىدى، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەر تارىخىدىكى يېڭىلىق ئىگىلىرى ھەققىدىمۇ شۇنى دېيىش كېرەك، ئوتتۇرا ياكى ئارىلىق يېشىدا ئۆز زامانىسىنىڭ يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە ئىلمىي تەقەززالىرىدىن يىراقتا قالىدىغانلار

كۆپ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەممە ئادەم ئېينىشتېيىن بولۇۋەرمەيدۇ.
ئەمما، تارىخ پىكىر بوھرانلىرى ۋە ئىلىم تەقەززالىرى مۇئەييەن
پەللىگە يەتكەندە تارىخىي شەخسلەر ئارقىلىق ئۆز يولىنى يورۇت-
قۇچى مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە ئىل-
گىرىلەيدۇ ۋە كىشىلىك روھىيىتىگە نۇر بېغىشلايدۇ. تارىخ
ئۇلارغا مۇشكۇللۇك ئارقىلىق يۇكسەكلىك بەخش ئېتىش بىلەن
بىللە قارشىلاشقۇچىلارنىڭ چۇقانلىرىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ
يەنە مەسخىرە توزانلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ. ئالەم پەقەت ئەبەدىي-
لىك جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ يولدىكى ھەربىر تارىخىي قاتلام تۆھ-
پىلىرىنى روھىيەت بايلىقى قىلىپ، ئۇنىڭدا يېڭى - يېڭى
ئەۋلادنىڭ كىشىلىك مۇھىتىنى يارىتىشقىلا مەپتۇن. ئۇنىڭدىن
باشقا ھەرقانداق شەخسنىڭ ھاياتى، روزغارى ۋە شەخسىي تۇرمۇ-
شىغا بىۋاپا! چۈنكى ھالاكەت قانۇنى دەل ۋاپاسىز پەلەكنىڭ تۈپ
قانۇنى، ئالەم دىيالېكتىكىسىنىڭ پولات مەنتىقىسىدىن ئىبارەت.
ئاتمىشقا كىردىم. ئالەم سىرلىرىدىن پىنىمدەك بىلىۋالدىم ۋە
بۇ قىسمەنلىكتىن ئالەمنىڭ ئومۇمىي مىجەزىنى ھېس قىلدىم.
ئاتمىشقا كىردىم. كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە
قىسقا مەزگىللىكى ۋە روھىيەت ئىزچىللىقىنىڭ چەكسىز تارىد-
خىي زەنجىرىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۆلۈم ماڭا قورقۇنچلۇق ئۇ-
چۇر ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى «ئالتۇن پۆ-
پۈك»كە تېگىشىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھام بېرىپ،
چۇقان سېلىپ تۇرغان ۋەھىي! مەن ھاياتنى ئۆلۈم تارازىسىدا،
روھىيەت جاۋاھىراتلىرىمنى تارىخ مىزانىدا ئۆلچەيمەن، قالغانلى-
رى مەيلى قەسىر، مەيلى خەزىنە بولسۇن، پەقەت بىۋاپا ئالەم
كىرپىكىدىكى چاڭ - توزاندىن ئىبارەت.
ئۆمۈر تەلقىنلىرىم تېخى ئاخىرلاشمىدى. مەن ئۇنى ھەربىر
ھۇجەيرىلىرىم نۇرغا تولغىچە داۋاملاشتۇرىمەن. ئىشىنىمەنكى،

ئۇنى مەندىن كېيىن يەنە مىڭلىغان ئالەم سىرلىرى ۋە كىشىلىك تىلسىملىرى ھەققىدە ئىزدەنگۈچى روھىيەت مۇخلىسلىرى ئىزچىللاشتۇرىدۇ.

ئۆمىدىم، غەلىتە پىكىرلىرىمنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقىنى، غەلىتە سېزىلمىگەن تەپەككۇر - قاراشلىرىمنىڭ ئەقىدە ۋە ئادەتكە يېقىنغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىزدىن ئىبارەت.



مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرىبان نۇرئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
قايتا تەكشۈرگۈچى: غەيرەت ئابىت
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئايىنىسا ئوبۇل
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

كىتاب نامى: **ئۆيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش**
تۈزگۈچى: ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 19.5
نەشرى: 2016 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2016 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-8672-2
باھاسى: 50.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu_book365.com)

تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى - شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
www.dudu-book365.com

ISBN 978-7-5469-8672-2
9 787546 986722 >
定价：50.00 元